

# چولپان

3



يازغۇچى قەييۇم تۇردى (سولدىن ئىككىنچى) ئۆتكەن يىل 9 - ئايدا جوڭگو يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

سۈرەتتە: قەييۇم تۇردى «كراسنايا» نەشرىياتىدىكى مۇھەررىرلەر بىلەن بىللە.




شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، شائىر ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن (ئوڭدىن بىرىنچى) ئۆتكەن يىل ياپونىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولدى.

سۈرەتتە: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن ئىككىنچى قېتىملىق ئىلمىي لېكسىيەدىن كېيىن ياپونىيە ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا جاۋاب بەرمەكتە.

# چولپان

(ئەدەبىي مەجمۇئە)

# 3

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

1987 - يىل  ئۈرۈمچى

# چولپان

ئومۇمىي 3 ـ سان

ئەدەبىي مەجمۇئە


## بۇ سانىدا


ئىزدىنىش ........................ (رومان) ............. زوردۇن سابىر (1)

ھاياتلىق يولىدا ........................ (پوۋېست) ............. ئېزىز ساۋۇت (89)

گىرىمسەن شولىلار ........................ (پوۋېست) ....... ئالىمجان ئىسمايىل (126)

مېنىڭ قەلبىم دالىلاردا ........................ (داستان) .......... ئىمىن ئەخمىدى (159)

تەسۋىرلەش سەنئىتى ۋە بەدىئىي گۈزەللىك ..... (ئوبزور) .......... ئەنۋەر ئابدۇرېھىم (172)

كېچىككەن سۆيگۈ ........................ (ھېكايە) ........... ئامانگۈل مامۇت (177)

«كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم» ......... (ھېكايە) ............. تېيىپجان ھادى (197)



مەسئۇل مۇھەررىر: توختى ئايۇپ

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوۋ، ئەخەت ھاشىم،
ئابدۇررۇسۇل ئۆمەر، ماخمۇتجان ئىسلام


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: قىز كۆچۈرۈش ئالدىدا    مەرۋايىت سىزغان، ئىلھام جىلان فوتوسى

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: مەشرەپ    پ. ۋورونكىن سىزغان (سوۋېت ئىنتىپاقى)




(رومان)

زوردۇن سابىر

## يه تتىنچى باب   تىغمۇتىغ ئىلىشىش

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۇ 1968 - يىلىنىڭ باھار ئايلىرىدىلا ئەسلىگە كېلەلىدى. ئۇ باش - ئۇچى يوق خىياللار بىلەن تالاي ئايلارنى ئۆتكۈزدى، ئۇنىڭ نە كۆلكىسى، نە پارىڭى ئاڭلانمىدى. كۆرگەنلەر ئۇنىڭ ئۇسكىلەڭ چاچ - ساقاللىرى، سولغۇن، خىيالچان چىرايىغا قاراپ، ئەقلىدىن ئادىشىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلاشتى. ياق، ئۇ پەقەت خىيال بىلەنلا شۇنچە ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەنىكەن. مانا بۈگۈن خىيالدىن ئەمەلىيەتكە قايتقان ئوخشايدۇ. ئۇ خۇددى مەستلىكتىن ئېسىلگەندەك، چېچەكلەر بىلەن تولغان باغقا قاراپ، ئۆزىچىلا ناخشا ئېيتتى، قىزنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ قاقاخلاپ كۈلۈپ:

— ياشاش كېرەك، دوستۇم، ياشاش كېرەك!

— دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇنىڭ خۇشاللىقى زۇلپىيا ئائىلىسىنىڭ خۇشاللىقى بولدى، زۇلپىيا شۇ ئاخشىمىلا ياشلارنى يىغىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بەردى. ئولتۇرۇشتا ئەلا تەمبۇر چېلىپ ئاجايىپ يېقىملىق ناخشىلارنى ئېيتىپ بەردى.

— ئۇھ، — دېدى زۇلپىيا ئولتۇرۇش تارقىغاندىن كېيىن قىزىل دۇخاۋا بۆكنى قولىغا ئېلىپ، شادلانغان كۆزلىرىنى ئەلاغا تىكىپ، — بېشىمدىن بىر تاغ غۇلىدى، ئېيتىڭا ئۆكام، نېمىگە ئۆيۈقسىزلا خۇشال بولۇپ قالدىڭىز؟

ئەلا كۈلۈپ قويدى - دە، گەپ قىلماستىن قېلىن بىر كىتابنى قولىغا ئالدى. كىتاب ئىنگلىز يېزىقىدا يېزىلغانىدى.

— مۇشۇ كىتاب ماڭا يول كۆرسەتتى، — دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، — بىلەمسىز، بەزىدە كىتابمۇ ئادەمنى قۇتقۇلدۇرالايدۇ. بەزىدە ئۆلتۈرەلەيدۇ.

— بۇ نېمە كىتاب ئۆكام!

— بۇ، — دېدى ئەلا كىتابنى ۋاراقلاپ ئولتۇرۇپ، — دۇنيادىكى مەشھۇر ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش پاجىئەلىرى توغرىسىدا يېزىلغان قىزىقارلىق ھېكايىلەر. دۇنياغا داڭ چىقارغان ئۇلۇغ ئادەملەرمۇ تۇرمۇشنىڭ خىلمۇ - خىل پاجىئەلىرىگە دۇچ كەلگەن، ئۇلار قىيىن ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە ھامانەم ئۆز ئىشىنى، ئۆز قەدىر - قىممىتىنى خەلق بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەن، ئۆز شەخسىي پاجىئەسىنى خەلقنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئە بىلەن سېلىشتۇرالىغان، شۇنداق قىلىپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەن. ئادەم ئۆزىنىڭ خەلق ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەندە ئۇنىڭ شەخسىي پاجىئەسى ئەرزىمەس بىر نېمىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن. بىر ئادەمنىڭ يارامىلىق ياكى يارامسىزلىقىنىڭ بەلگىسى مانا مۇشۇ مەسئۇلىيەتنى تونۇپ يەتكەن ياكى يەتمىگەنلىكىدە ئىكەن!

— بىز چوڭ ئىش قىلالمايمىز، — دېدى زۇلپىيا بېشىنى سىلاپ، — سىلەر چوڭ ئىشقا ئۆتۈش قىلىغاندا چىراغپاي بولۇشقا يارايمىز ئۆكام. سىلەرگە

بۇنداق ئادەملەرمۇ كىرەكمۇ- هە؟ ئۇي غېمى، تۇرمۇش غېمى دېگەنلىرىڭىزنى ماڭا ئىتتىرىۋېرىڭ. سىز ئوقۇيدىغانىنى ئوقۇپ، يازىدىغانلىرىڭىزنى يېزىۋېرىڭ، مەن سىز ئۈچۈن ھەر قانداق ئىشنى قىلىشقا تەييار. جېنىم ئامانلا بولسا كىرپىككىزگە ياش، كىيىمىڭىزگە چاڭ قوندۇرمايمەن. بىزنىڭ خەلقىمىزگە قورسىقىڭىزدىكى ھەممە ھۈنىرىڭىزنى كۆرسىتىڭ. مەن سىزگە ئۈستەل، يۇمشاق ئورۇندۇق ئۇيرۇتۇپ قويدۇم. ئىشلەڭ ئۇكام!

ئەلا زۇلىيانىڭ سەمىمىلىك، دوستلۇقتىن باشقا تاماسى يوق مېھرىبان كۆزلىرىگە قاراپ قويدى-دە، ئۇنىڭ يىرىك قاتمال قوللىرىنى قىستى.

«گۈزەل باھار مېنى ئۈز قوچىقىدا ئەركىلەتمەكتە. باغ گۈللىرى يۇپراقلىرى بىلەن ماڭا ئىلھام ۋە راھەت بەرمەكتە. قۇشلار چۇرۇلدىشىپ مېنىڭ خۇشاللىق ۋە تەلپۈنۈشلىرىمنى كۈچەيتمەكتە. تاغ سۇلىرى چۇقان-سۈرەت بىلەن مېنى خاتىرجەملىك، كۆڭلى توقلۇققا ئۈندىمەكتە... ماڭا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ تەقدىم قىلغان باھارنىڭ ئىللىق قوينىنى دوستۇمنىڭ قىممەتلىك يالدامىسىدەك خاتىرەمدە ساقلايمەن!»

ئۇ كەچتە بۇ گەپلەرنى خاتىرىسىگە يېزىۋېتىپ دوستلىرىنى قايتا ئەسلىدى: «ئۇلار نەدە؟ نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ؟»

ئۇنىڭ خىيالى دوستلىرىغا كۆچۈش بىلەن قولى ئىشقا بارمىدى. مېڭىسىگە ئوقۇغان كىتابىدىكى گەپلەر كىرمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھاشىر كەلدى. ئۇ ھاشىرنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ياشلىق تۇغرىسىدا ئويلىماقچى بولدى. لېكىن كۆز ئالدىدا تەشۋىق ۋاراقلىرى، كۆرەش يىغىنى قارا پەردە بولۇپ تۇرۇۋالدى-دە، ھەممىلا ئەسلىمىسى سىياغا چىلانغاندەك بولۇپ تۇيۇلدى.

— ھاشىر! — دېدى ئۇ بىر تەشۋىق ۋاراقىنى مىجىقلاپ تۇتۇپ، — ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدىمۇ دوستۇم!

مىجىپ تاشلانغان ۋاراقتە ناھىيەدە ئېچىلغان كۆرەش يىغىنىنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان. يىغىندا ھاشىر باشلىق ئادەملەر كۆرەش قىلىنغان. ھاشىرنىڭ گۇناھى مەركەزگە خەت يازغانلىقى. ھاشىر خېتىدە يېزا ئىگىلىكىدە ساقلىنىۋاتقان ئېغىر مەسىلەرنى ئىنكاس قىلىپ، يۇقىرىدىن قەرزدارلىق، ئاچارچىلىق كۆرۈنۈۋاتقان جايلاردىكى دېھقانلارنى قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. خەتتە پاكىتلار ئەينەن قويۇلغان. سەۋەبلەر تەھلىل قىلىنغان، ئۈز تەلەپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. لېكىن بۇ دوكلاتقا يۇقىرىدىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قىلىنغان ھۇجۇم!» دېگەن خەت قوشۇمچە قىلىنىپ ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمگە قايتۇرۇلغان!

ۋاراقىگە يەنە ھاشىرنىڭ نەق مەيداندا تارتىلغان سۈرىتىمۇ بېسىلغان. سۈرەتتە ھاشىرنىڭ كۆكرىكىگە قېلىن تاختا ئېسىلغان. تاختىغا تەتۈر قىلىپ ھاشىرنىڭ ئىسمى، ئىسمىنىڭ ئۈستىگە «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر» دېگەن خەتمۇ يېزىلغان. قوراللىق ئىككى يىگىت ئايىغى بىلەن ھاشىرنىڭ گەجگىسىدىن دەسسەپ، چېچىدىن كەينىگە تارتىپ تۇرغان، ھاشىرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ چىققان، ئاغزى يېرىم ئېچىلغان. قوللىرى گەجگىسىگە قايرىلغان!...

ئەلا پاكار ھۇجرىدا — كېگىزلەر ئۈستىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭدى. ئۇ خۇددى ئۆزى كۆرەش قىلىنىۋاتقاندەك ئازابلاندى. ھاشىرنىڭ پۇلتىيىپ چىققان كۆزلىرى خۇددى ئۆزىدىن ياردەم تىلەۋاتقاندەك، يېرىم ئوچۇق ئاغزى بىر نېمىلەرنى دەۋاتقاندەك بىلىندى. قۇلىقى خۇددى ھاشىرنىڭ ئازابىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، كۆزلىرى دوستىنىڭ مەردانە قەددىنىڭ پۈكۈلگىنىنى كۆرۈپ تۇرغاندەك بىلىندى-دە، ئازاب بىلەن ئۇھ تارتىپ كۆزلىرىنى بىر پەس يۇمدى. ئاندىن ھۇجرىنىڭ باغقا قارىغان دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ، پەردە مىجىلىپ ياتقان ۋاراقنى قايتىدىن قولىغا ئالدى.

دېرىزە ئالدىدىكى سىبىرىنگۈلدىن چېچەك پۇرىقى ئۇرۇلدى. باغنىڭ نېرىقى تېمىغا ياندىشقان تېرەكلەرنىڭ قارا سايىسى ئەينەكتە ئىرغاڭلىدى. باھار ئۇزىنىڭ يېقى، سىرلىق قىلىقلىرى بىلەن ئەلانىڭ ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن

ھەرىكەت قىلماقتا. باھارنىڭ شوخ، سالقىن شاماللىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەنجادا، لەنجۇدا، ناھىيىدە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قانداق يەڭگەنلىكىنى شىۋىرلىماقتا ئىدى: «چىدام، تاقەت، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد! — دەپ پىچىرلىدى ئەلا خۇددى بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى زوق بىلەن تىلغا ئالغان كۆيۈمچان ئانىدەك ھەر بىر سۆزنى بىرمۇ بىر، تەمكىن ئېيتىپ، — مانا بۇلار ماڭا ھەمراھ بولسۇن، چۈنكى ماڭا تىنچلىق، ئارام، خاتىرجەم ئەمگەك لازىم!».

ھۇجرىنىڭ ھويلىغا قارىغان دېرىزىسىدىن خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ يورۇق پېشايۋان ئاستىدىكى سۇپىغا قويۇلغان گازۋاينىڭ يورۇقى. ئۇ يەردە زۇلىيا كىگىزچىلەر بىلەن كىگىز پىشۇرماقتا. باش كىگىزچى مۇشتىنىڭ دۇكانغا «جىغ ـ جىغ، جاغ ـ جاغ!» قىلىپ ئۇرۇلۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ قىسقا ئۇدارلىق ئاھاڭدا ناخشا ئېيتماقتا:

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار.
غېرىب ئۇلسە كىم يىغلار؟
غېرىبقا غېرىب يىغلار.

ئەلا كىگىزچىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، ھاشىرنى ئۇنتۇماقچى بولۇپ ئۆيدىن چىقتى.

سۇپىغا تىكمەتلەر سېلىنغان، چوڭ داستىخان ئۈستىگە نانلار چېچىلغان، چىنىلەردە مۇزلىغان قايماقلىق ئەتكەن چايلار چالا ئىچىلگەن پېتى تۇرغان. داستىخان ئەتراپىدىكىلەر خۇددى ھېلىلا ماجرادىن ئاجرىتىلغاندەك تاتارغان، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى غەزەپلىك، كۆزلىرى ئۇمسە ئىدى.

— قۇربانجان! — دېدى زۇلىيا ئەلا جوزىغا كېلىش بىلەن ئۇۋەندە ئۆرە تۇرغان يىگىتكە قاراپ قويۇپ، — سەن ھازىرلا دادۇي ھەيئەتلىرىنى ئىشخانىغا يىغ، پىكرى بارلار ئىشخانىدا سۆزلىسۇن!

زۇلىيا قىزىل دۇخاۋا بۆكىنى قولىغا ئالدى ـ دە، كىگىزدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئەلاغا قارىدى. ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايى ئۆزگەرگەن، سېرىق بۇرۇتى تىكلىشىپ، كۆكۈش كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىماقتا ئىدى.

— مەن بىزنىڭ مۇشۇ دادۇيدە بولسىمۇ تىنچلىق، خاتىرجەملىكنى ساقلاپ قالىمەن دەپ ئويلىغانىدىم. ئۇكام ئەلا، بولمىدى. مەن بورانda چايقالغان دېڭىزنى كۆرگەن. پۈتۈن جۇڭگو ھازىر شۇنىڭغا ئوخشاپ قاپتۇ. دېڭىز چايقالسا، ئىچىدىكى ھەممە نەرسە تىنچ قالالمايدىكەن. سىز بەرىبىر ھەممىنى بىلىسىز. يوشۇرۇپ نېمە قىلىمىز. مېنىڭ پېشىمغىمۇ ئوت تۇتاشتى. دادۇيجاڭ ناھىيىگە بېرىپ ئۆزگىرىپ كەپتۇ. كۆردىڭىزمۇ. ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە ناھىيىدىن بىللە كەلگەن ئىسيانچىلار شىتاب قۇرۇپ ماڭا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم ئۇنى قوللاپ بىر نەچچە ئەسكەرنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مېنى ئاغدۇرماقچى. مەن ئۇلارغا ھوقۇق بەرمەيمەن. ھوقۇقنى بەرسەم پۈتۈن دادۇي ئۆزگىرىدۇ. ئەزالارنىڭ بىر گۆشىنى مىڭ بىر جاپا بىلەن ئارانلا ئىككى سوم ئاتمىش تىيىنغا چىقارغانىدىم. ھوقۇقنى تارتقۇزۇپ قويسام كۆزلۈككە تەقسىمات يوق. نورما يوق بولىدۇ. بىزنىڭ دادۇيمۇ باشقا دادۇيلەردەك ۋەيران بولىدۇ!

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېلىدى. داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقانلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى.

بىردەمدىن كېيىن ھويلىدا ئەلاغا ھەمراھ بولۇپ ئۈچ كىگىزچى — باج كادىرى، ئەدىنىدۇر قىيچىپ كەلگەن قىبرى ئارتىس. ئۇۋەنگە چۈشۈرۈلگەن «تاغىل ئۆكۈز» لەقەملىك كادىر. سىرتتىن كەلگەن جۇۋىچى قاتارلىق ئادەملەرلا قالدى.

— ھەر يەر، ھەر يەردىن كېلىپ بىرلا مەقسەت ئۈچۈن توپلاندۇق. — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» ھەيۋەتلىك بىلەن غۇژمەك قاشلىرى ئاستىدىكى خۇمار كۆزلىرىنى ئويнитىپ، — ھەر بىرىمىز ھەر يەردىن كەلگەن ھەر خىل كاسىپلار: كادىر، مۇئەللىم، باجگىر، جۇۋىچى، كىگىزچى، ئارتىس، دېھقان! مەقسەت بىر، يەنى جان بېقىش.

ئولتۇرغانلار كۈلۈشتى. ئارتىس — يوغان بۇرۇن، چاساقال، ئاقىر بېشىغا كىر، ئاق خەسە دوپپىسىنى چۆكۈرۈپ كېيىۋالغان، سوئال بەلگىسىدەك دۈمچەك ئادەم بېشىنى گىلدىڭشىتىپ قاتتىق كۈلدى ـ دە.

— بەلەن گەپ، — دېدى ئۇ، — هازىرقى كۈندە ئىككىلا ئادەم خاتىرجەم: بىرى خان، بىرى دىۋانە، خان هۆكۈمى بىلەن، دىۋانە رىزقى بىلەن خاتىرجەم. لېكىن ئۇلارنىڭمۇ مەقسىتى جان بېقىش!

— خاتا گەپ! — دېدى ئۇززۇنتۇرا، قويۇق چاچلىق باج كادىرى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئوينىتىپ سۆزلەپ، — هەممىلا ئادەمنىڭ مەقسىتى جان بېقىش ئەمەستە. ئەگەر ئۇنداق بولسا نېمشقا ئادەملەر بىر-بىرىگە غەمخورلۇق قىلىدۇ؟ زۇلىيا شۇجىنىڭ نېمىسى كەم؟ يەنە نېمشقا شۇجىلىقنىڭ ئالساڭ ئال، دېمەيدۇ ئەمسە؟

— بەلەن گەپ! — دېدى ئارتىس دەرهاللا باج كادىرىغا قوشۇلۇپ، — هەممىلا ئادەم جان باقالايدۇ، چۈمۈلە، قۇرت قوڭغۇز چېغىدا جان باقىدۇ. ئادەمنىڭ مەقسىتى جان بېقىش بولسا ئادەم قۇرت بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ-دە!

— جان باقماق پەرز! — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» باج كادىرىغا قاراپ قويۇپ، كالپۇكلىرىنى تىترىتىپ، — لېكىن سەن چۈمۈلىدىن باج ئالىدىغان ئاداش، جان بېقىش دېگەن سۆزنى قورساق بېقىش دەپ قارىما!

— مانا بەلەن گەپ! — دېدى ئارتىس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم قۇرتتىن قالتىس. ئادەم دېگەن يەيدۇ، كۈلىدۇ، بۇيرۇق قىلىدۇ، ئېزىدۇ، ئالدايدۇ، قەست قىلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ، ۋاي-ۋۇي... هەممىنى قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمگە بىر تاماقلا ئەمەس، مىسالى ياخشى كىيىم، ئۆي-جاي، ياخشى ئايال، مەنسەپ، هوقۇق، ئابروي-پۇل، راهەت-پاراغەت لازىم. مانا بۇلارنىڭ هەممىسى جان بېقىش!

— بىكار گەپ! — دېدى باج كادىرى داستىخانىغا شىپقاپ ئولتۇرۇۋېلىپ قوللىرىنى شىلتىپ، — چاكىنا گەپ. هايات دېگەننى بۇنداق تار چۈشەنسەك، راستىلا قۇرت بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىمىز. مەن جىق كىتاب ئوقۇيمەن، دۇنيادا راستىلا ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدىغان ئادەملەر بار. ئۇلار ئۆلتۈرسا-قويسا كۆپچىلىكنىڭ پايدىسىنى ئويلايدۇ. باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆلۈشتىنمۇ قورقمايدۇ. بۇنداق ئادەملەر كىتابلاردا كۆپ. مەسىلەن: بېتيۇن، پاۋىل كورچاگىن! ...

— بەلەن گەپ! — دېدى ئارتىس، — مەسىلەن: لېنىنمۇ، ماركسمۇ شۇنداق ئىدى. ماركس پۇل، مەنسەپ كۆرمىگەن.

— كىتاب دېگەن كىتاب! — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» بۇ قېتىم ئارتىسنى سىلكىپ، — يۇمىلاق تاۋۇز ئاداش، كىتابتا بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە بارمۇ زادى ئۇنداق ئادەملەر؟

— ئەمەلىيەتتە... هى، قېىن، — دېدى ئارتىس كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ، — زادىلا ئۆز پايدىسىنى كۆزلىمەيدىغان ئادەم بەلكى تېپىلماس.

— تېپىلىدۇ! — دېدى باجگىر قوللىرىنى شىلتىپ، — مىسالى هاشىر شۇجى، زۇلىيا شۇجىلارنى ئالايلى!

— تېپىلىدۇ! — دەپ تەستىقلىدى ئارتىس قوللىرىنى هاۋادا ئوينىتىپ، — مىسالى هاشىر شۇجى، دەسسەپ، چەيلىنىپ ئۆرسىمۇ راست گەپ قىلىدىغان، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم. كۆرەش يىغىنىغا بارغىنىم يوق، ناهىيىگە ئاغىنىلەرگە ئەگىشىپ ئويناپ باردىم. تازا ئىچتۇق، كېكەرگىچە يېدۇق. كىشى بېشىغا بەلكى بىر كېلىدىن جۇن ئىچكەندىمىز. غەرق مەست بولۇۋېلىپ سەهنىنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئاپتىمىز. بولۇۋاتىدۇ كۆرەش، توۋلىنىۋاتىدۇ شۇئار، قويۇلۇۋاتىدۇ سۇئال، شۇنداق گەپلەر بولدى: «دېھقانىنىڭ تۇرمۇشى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىدىن قانداق؟» دەپ سورىدى بىرى هاشىر شۇجىنىڭ قولىقىدىن تارتىپ، مەن ئەمدى توۋا قىلىدۇ دەپ ئويلاپ هاشىر شۇجىغا قارىسام، ئۇ ئادەم چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن ئۆرۈپ «كوپېراتسىيىگىمۇ يەتمەيدۇ؟» دېمەمدۇ، قورقۇپ جېنىم چىقتى. مانا راست گەپ، مانا يۈرەك! هاشىر شۇجى ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەن بولسا يالغان سۆزلىمەسمىدى؟

— هارۋا ئەپقاچمىغىنا يۇمىلاق تاۋۇز، — دېدى «تاغىل ئۆكۈز» ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، — خۇدايىم دۇنيادا ئەر، يىلەن ئايال، راست گەپ

قىلىدىغان بىلەن يالغان گەپ قىلىدىغان دەپ ئادەملەرنىڭ جىنسىنى ئىككى خىلغا، مىجەزىنى ئىككى خىلغا بۆلگەن. راست گەپمۇ، يالغان گەپمۇ ھەممىسىلا جان بېقىش ئۈچۈن، مەن چېغىمدا ھۆكۈمەتنىڭ قىرىق يىل كەتمىنىنى چاپتىم. يېڭى ھۆكۈمەتكە ئون توققۇز يىل، كونا ھۆكۈمەتكە يىگىرمە بىر يىل ئىشلەپتىمەن. ساناپ باقسام بىر مىڭ بىر يۈز دوست تۇتۇپتىمەن. ئىككى ـ ئۈچ مىڭ كىتاب ئوقۇپتىمەن. دىنىنىمۇ، پەننىمۇ ئوقۇدۇم، لېكىنزە گالنى بىرىنچى ئورۇنغا قويمايدىغان ئادەمنى كۆرمىدىم.

— نېمىشقا دېگەندە، — دېدى بۇ قېتىم ئارتىس ئۇنىڭغا ئەگەشمەي، — بىر مىڭ بىر يۈز ئاغىنەڭنىڭ ھەممىسى ھاراقكەش، ئۈزۈڭدەك گالغا ئامراقتە!

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ گال سۆزگۈچى، — دېدى «تاغىل تۈكۈز» تۈگۈپ ـ تاتىرىپ، — سىلىدەك گال ئۈچۈن تۈت پۇتلۇق بولۇپ ماڭمايمىز جۇما! بىر شاپاقتا بىر كۈن ساز چېلىپ ئەللىك نەچچىگە كىرگەن نېمىلەرسەن!

— بەللى! — دېدى ئارتىس كۈلۈپ تۇرۇپ، — تاغىل ئۈكۈز قارا تۈكۈزگە ئايلاندى مانا، ماتتەيگە كانىۋاي بوپتىكەنلا شۇڭا بالىلىرىنىڭ تىلى تۈڭگانچە چىقىپتۇ غوجام، ئۇنى ئاز دەپ شىڭ دوبەنگە ۋاسكىچى بوپتىكەنلا، چىشلىرى تېخىچە قارا، بۇلارغا قارىغاندا شاپاقتا ناخشا ئېيتقان بەلەن!

ئولتۇرغانلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى. كۈپچىلىككە ئەگىشىپ «تاغىل تۈكۈز»مۇ كۈلدى، كۈلكىدىن كېيىن قېرى ئارتىس چېكىۋاتقان ئاچچىق موخۇركىسىنى «تاغىل ئۈكۈز» گە تۇتتى. «تاغىل تۈكۈز» تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن تاماكىنى ئېلىپ شورىدى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن چىققان قويۇق ئىس ئاقارغان بۇرۇتلىرىنى يالاپ ئۆتتى، غۇژمەك قاشلىرى ئاستىدىكى خۇمار كۆزلىرىدىن چىققان ياشتا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

ئەلا ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى: شۇ چاغدا ئۇنىڭ قورۇقلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان گۈزەللىكى بىردىنلا نامايەن بولدى، ئۇ قاڭشالىق، خۇماركۆز، كەڭ پېشانە، ئەرلەر گۈزەللىكىگە كەم ـ كۈتىسىز توشىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇمۇ ئەلادەك چاغلىرىدا ھاياتتىن ئاجايىپ چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكەن. قورسىقىغا ئاجايىپ پىلانلارنى يۈككەن، ئۇرغۇن يۈرەك قېنىنى ئەنە شۇ پىلانلىرىغا سەرپ قىلغان ئۈمىدۋار، غايىلىك يىگىت بولغىيدى. بۈگۈنچۇ؟ ھېچنىمىدىن ئۈمىد يوق، زاغرانان بىلەن قايناقسۇغا رازى، تۇرمۇشنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ئۆرۈۋېلىپ ئۆزىدىن يۇقىرى تەرەپتە نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى بىلىشكىمۇ رايى يوق؛ جېنى بار، ئۈمىدى يوق. سۆزلىيەلەيدىغان ئىسكىلىتقا ئايلىنىپ قالغان. ئەلامۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەنە شۇنداق بولۇپ قالارمۇ؟ ئەلا «تاغىل تۈكۈز» توغرىسىدا ئاڭلىغان. بۇ ئادەم تۇنجى قېتىم چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بىرى. ئۇز ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلارغا پەن ـ بىلىم، مەرىپەت ئۆگەتكەن، نادانلىق، نامراتلىق دەستىدىن قۇل بولۇشقا قاراپ يۈزلەنگەن خەلقنى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن ئويغىتىپ، دۇنيا ۋە جەمئىيەتنىڭ سىرلىرىنى ئۇلارغا بىلدۈرۈش يولىدا ئەجرى سىڭدۈرگەن مۇنۇ ئادەمنىڭ بۈگۈن ئىسمىنىمۇ خەلقلەر ئۇنتۇشقان. ئەلا ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان مۇنۇ بوۋايغا ئىچى ئاغرىدى ـ دە، ئۇنىڭغا يانداشىپ ئولتۇرۇپ قولىنى مۆرىسىگە قويدى:

— ئاكا، ئىسمىڭىز زادى نېمە؟

«تاغىل تۈكۈز» ئەلاغا يالت قىلىپ قارىدى ـ دە، كۈلدى.

— قورۇنماستىن «تاغىل تۈكۈز» دەۋېرىڭ ئۈكام. خورلۇقىڭىز كېلىۋاتىدۇ. بىلدىم، بىلىم ئەھلىنىڭ يۈرىكى بىر. سىز بىلەن بىز سېبىق توققۇزىنچى. بۇ نام يۇەن سۇلالىسى دەۋرىدە قويۇلغان. ئادەملەر توققۇز دەرىجىگە بۆلۈنگەندە يەتتىنچىسى جالاپلار، سەككىزىنچىسى دىۋانىلەر، توققۇزىنچىسى زىيالىيلار ئىدى. زىيالىيلار جالاپلار بىلەن دىۋانىلەردىن تۆۋەن ئىدى. ھازىرمۇ شۇنداق. يەنە نېمىگە خورلۇقىڭىز كېلىدۇ. ئۈكام.

— بىلىگىم كېلىدۇ، سىز نېمىشقا بۇ قوپال

ئىسمنى قوبۇل قىلدىڭىز؟ — ئه‌لا مېھرىبانلىق بىله‌ن بوۋاينىڭ قولىنى تۇتتى.

— ئۇكام، — دېدى بوۋاي ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — كه‌پته‌رنى تۈلكىگه تۇۋلاشقا سالغانده‌ك كۈلكىلىك ئىش. مېنىڭ ئۆمرۈم كىتاب، گه‌پ بىله‌ن ئۆتكه‌ن تۇرسا، مه‌ن قانداق قىلىپ دېھقان بولالايمه‌ن. كه‌تمه‌ن بىله‌ن ئالته جاننى باقماق مه‌ن ئۈچۈن خۇددى كه‌پته‌رنى تۈلكىگه سالغانده‌كلا ئىش. نومۇرغا ئىشلىيه‌لمىدىم. قه‌رزگه بوغۇلدۇم. شۇڭا بىله‌ن «تاغىل تۆكۈز» دېگه‌ن له‌قه‌مگه رازى بولدۇم.

— نه‌ق تۈزى! — دېدى باجگىر كۈلۈپ، — دېھقان دېگه‌ن له‌قه‌منى باپلاپ قويىدۇ. بۇلارنىڭ ئىشله‌پچىقىرىش ئه‌رتىسىده بىر قېرى تۆكۈز بار. ئىشقا يارىمايدۇ. ئۇنى تۇرساڭ بىر چامداپ قويىدۇ. سوياي دېسه‌ڭ ئۇستىخانىدىن باشقا گۆش يوق. قىشچه ئاشقان-تاشقاننى يه‌پ تۈلمه‌ي قىشتىن چىقىدۇ. ئه‌تىيازدا بىر ئىككى ئاي كۆتۈره‌م بولۇپ ياتىدۇ. لېكىن تۈلمه‌يدۇ. ئېمىشقا دېگه‌نده ئۇنى كوممۇناغا قوشقان ئىگىسى ئاداپ بىله‌ن باقىدۇ. ئىگىسىگه جىق ئىشله‌پ، كۈچى تۈگىگه‌نده مۇنۇ كىشىده‌ك ئىشله‌پچىقىرىش ئه‌رتىگه ئه‌زا بولغان جانۋار-ده، ئۇ، ئه‌زالارغا خار بولغان بىله‌ن ئىگىسىگه ئه‌زىز، شۇنداق قىلىپ ئون يىلدىن بېرى تۈلمه‌ي كېلىۋاتىدۇ. مۇنۇ دانىشمه‌ن ئه‌په‌ندىم نه‌ق شۇ تۆكۈزگه ئوخشايدۇ! خىزىر قويغان ئىسىم بۇ!

كۆپچىلىك كۈلۈشتى. لېكىن ئه‌لا كۈلمىدى. ئۇنىڭ بوۋايغابىردىنلا چىن يۈرىكىدىن ھۆرمىتى قوزغالدى.

— ئىسمىڭىزنى ده‌پ بېرىڭ ئاكا! — دېدى ئه‌لا بوۋاينىڭ ئورۇق گه‌ۋدىسىنى قۇچاقلاپ، — تاغىل تۆكۈزنى ھىمايه قىلىدىغان ئاده‌م باركه‌ن، سىزنى ھىمايه قىلىدىغان ئاده‌م چىقمامدۇ؟

— ئىسمىم باراتجان، لېكىن مېنى سۇلتانوۋ دېيىشه‌تتى. ھازىر ئىشله‌پچىقىرىش ئه‌رتىسىنىڭ داڭزىسىدىمۇ بۇ ئىسىملار يوق. ھېچكىم مېنى سۇلتانوۋ دېمه‌يدۇ. يالغۇز ئايالىملا بۇ ئىسمنى په‌خىرلىنىپ تىلغا ئالىدۇ. ئېمىشقا دېگه‌نده، ئۇ قىز چېغىدا يىگىتله‌رنى چېكىپ يۈرۈپ ئاخىر، ئۇنجى قېتىم كاستىيۇم-بۇرۇلكا كىيىپ گالىستۇك تاقىغان، چىرايلىق، بىلىملىك سۇلتانوۋنى يارىتىپ ته‌ككه‌ن. دۆلىتىمنى كۆردى، ئه‌مدى مه‌ينه‌تكه پاتقاندا ئۇ مېنى سه‌تله‌مدۇ؟ ھه‌ي ئۇكام، دۇنيانىڭ قىزىقى قالمىدى دېگىن، لېكىن ئاشۇ ئوتتۇز نه‌چچه يىللىق ھه‌مراھىمنىڭ كۆڭلىنى ده‌پلا ئۆلگىم كه‌لمه‌ي تۇرۇۋېتىمه‌ن. بولمىسا ياشاپ نېمه قىلاتتىم؟

ئۇ كۆزىگه ياش ئالدى. ئه‌لا بىردىنلا ئورنىدىن تۇردى-ده، ھۇجرىسىغا كىرىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن بىر بوتۇلكا ھاراق بىله‌ن بىر سىقىم قۇرۇت كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ بۇرۇنقى ئورنىغا ئولتۇرۇپ پىچه‌تلىك بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى چوكا بىله‌ن ئېچىشقا كىرىشتى. سۇلتانوۋ ئاغزىنى تامشىتىپ قويدى، قېرى ئارتىس تۈكۈرۈكىنى يۇتتى، باجگىر كۈلۈپ قويۇپ ئه‌لاغا شىپىقىدى. جۇۋىچى بىله‌ن كىگىزچى بىر-بىرىگه قارىشىپ قويۇشتى.

— ھاياتنى بىر چوڭ بىنا دېسه‌ك، — دېدى ئه‌لا پىيالىگه ھاراق قۇيۇپ، — بىز شۇ بىنانىڭ ئه‌خله‌تخانىسى. به‌لكىم جه‌مئىيه‌تته جىنايه‌ت بىله‌ن تۈرمىگه كىرگه‌نله‌رنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىزدىن تۆۋه‌ن ھېچكىم يوق. مۇنداق قارىسام كىگىزچى، جۇۋىچى ئاكىلاردىن باشقىلىرىمىز زىيالىيلار ئىكه‌نمىز.

— بىزمۇ شۇ! — دېدى جۇۋىچى ئه‌لېكنى كه‌ينىگه سۈرۈپ قويۇپ، — مه‌نمۇ بىگىرمه ئۈچ يىللىق ماتېماتىكا مۇئه‌للىمى. مۇنۇ كىشى كىگىز-چىلىك قىلىپ يۈرگىنى بىله‌ن ئه‌سلى ناھىيلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ باش بوغالتىرى ئىدى.

— تېپىشىپتۇق! — دېدى باجگىر كۈلۈپ، — تازا تالىلىنىپتۇق. ئىنىمىز ئه‌لانى بىلمه‌يدىغانلار كۆپ. تونۇشتۇرۇپ قوياي. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىمى، نۇرغۇن ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان، كىتابلىرى چىققان. قىسمه‌ت بۇ كىشىنىمۇ ئه‌خله‌تخانىغا ئه‌كىلىپ تاشلىدى.

— قېنى، ئه‌مسه … — دېدى ئه‌لا جانلىنىپ، —

ئەخلەتخانىدا بولساقمۇ ئادەم بىز. ئادەم بولغىنىمىز ئۈچۈن خۇشال بولۇشقا ھوقۇقلۇق. بۇ ھوقۇقنى ھېچكىم چەكلىيەلمەيدۇ. تونۇشايلى، بېشىمىزدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىشەيلى، كىم بىلىدۇ، بىزنىڭ سۆھبىتىمىز «چاھار دەرۋىش» قىسسىدىكى تۆت دەرۋىشنىڭكىدىن ئېشىپ كېتەمدۇ تېخى. ھېكايە ئېيتىشايلى. بىزمۇ ئالتە دەرۋىش. قېنى ئالتە دەرۋىشنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن كۆتۈردۈم ئەمىسە!

دۇنيا مۈرەككەپ ۋە سىرلىق بولغىنىدەك ئىنسانلارمۇ ئادەمزاتسىز چۆلدەك سىرلىق بولىدىكەن، بىرلا قارىساڭ تۈزى ئاددى ئەسكى چاپانلىق. ئەمما ئىچى-قارنى بىلەن تونۇشساڭ ئۇ ئادەم ساڭا غەلىتە — ۋېنتا، پۈررىنىلاردىن قۇرۇلغان ماشىنىدەك مۈرەككەپ بىلىنىدىكەن.

ئالتە دەرۋىش بىر-بىرى بىلەن ياخشى تونۇشماستا بىر بىرىنى بىلىشەتتى، بىرى جوۋىچى، بىرى جازالىنىپ خىزمەتتىن ھەيدەلگەن كادىر، بىرى ئىشقا يارىمىغان ئارتىس، بىرى قىلىدىغان ئىشى يوق ئاقىنانچى باجگىر... مانا ئەمدى بىر بوتۇلكا ھاراق ئۇلارنىڭ كارنىيىدىن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ماغدۇرسىز بەدەنلىرى ماغدۇر تاپتىمۇ، ئۇلار بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلىگىلى تۇردى. سۆزلىگەنسېرى ئۇلار بىر-بىرىگە چۈشىنىكسىز، يات ۋە گۇمانلىق بولۇپ تۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— جوۋىچى ئۇستام، ئىسمىڭىز قۇدرىتاخۇن ئىكەن، مانىماتىكا مۇئەللىمى ئىكەنسىز، بەللى مۇنداق دەڭ، تېخى سىزنى ئېلىپنى تاياق دەمدىكىن دېسەم زىيالىي ئىكەنسىز-دە!

قارا قاش، قارا ساقال، بۇرۇتلۇق، ئاق يۈزلۈك جوۋىچى بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويدى:

— قىسمەت!

— كىگىزچى ئۇستام كۈنىگە ئىككى شاگىرتى بىلەن قىرىق-ئەللىك سوم تاپىدىكەن، ئەمدى بەش يىلدا تاپقان پۇلىنىڭ ھېسابىنى قانداقمۇ چىقىرىدىكىن دەپ ئويلاپ بېشىم قېتىپ پۈرەتتى،

— دېدى سۇلتانوۋ ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن يىگلەپ قالغان كاۋىدەك پۈررۈلگەن يۈزىنى سىلاپ قويۇپ،

— باش بوغالتىر ئىكەنلىدە، ھېسابلاپ كۆرسىلە، كۈنىگە تۆت كىلودىن يېسەك، ئالتە جاننىڭ توقسان كۈنگە قانچىلىك قوناق كېتىدىكىن ھى، ھى، ھى... قويە تۈكام ھارىقىڭنى!

ئەمدى كىگىزچىنى كىتابخانىلارغا سۈرەتلەيدىغان بولدۇق: ئۇ دوغىلاڭ، قىزىلىۈز، خۇددى ئۇۋ ماشىكىسىدەك يۈگلۈق، پەقەت مەگىزىنىڭ ئۆرۈكتەك جايى، قاڭشىرى، تار پېشانىسىلا يۆگسىز، دىقماق، تۇم بارماقلىرى خۇددى پايپاقلىق خورازنىڭ پۇتىغا ئوخشايدۇ. مەيدىسى بودۇلىۋاتقان ئۆكۈزنىڭ تېقىمىدەك...

— ھوشۇرجان! — دېدى ئۇ يوڭ ئېتىۋاتقان شاگىرتىغا ۋارقىراپ. — مەمۇتۇ يىگىرمە سومنى ئال، ماگىزىنچىنى ئويغات، كېلىشىگە ھاراق ئال. مەزىن ئاخۇننىڭ قولىدىكى بېقىلىۋاتقان پاخلاننى سويۇپ ئەكەلگىن، ھامىنى ئىچكەندىكىن يۈرەك چىلاشقۇچە ئىچەيلى!

ئۇلار ئىچىشمەكتە، يېيىشمەكتە. خۇددى تۈزۈن يىل كۆرۈشمىگەن يۇرتداشلار مەھەللىسىدىكى ھەممىلا نېمە توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەشكىنىدەك مۇتۇ تاشلاندۇق ئادەملەرمۇ ئىلىم، تارىخ، ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا شۇنچىلىك قىزىقىپ سۆزلەشتىكى ئۇلار ئاللىقاچان مۇنۇ كىچىككىنە بىر يۈز سەكسەن تۈتۈنلۈك مەھەللىدىن چىقىپ كېتىشكەن. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى دۇنيانى كەزمەكتە. ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئۈچ-تۆت يۈزىنچى يىللاردا ئۆتكەن ئادەملەر، ئاجايىپ كىتابلارنىڭ ئىسىملىرى، قىزىقارلىق ۋەقەلەر چىقماقتا. ئۇلار ئارستوتىل، ئەپلاتونلارنىڭ دىئالېكتىكىسى، «مېتافىزىكا»، «دىئالوگ» دېگەن ئەسەرلىرى، ھېكمەتلىك سۆزلىرى، ئارخىمېد، پىپاگور، گالىلى، نيۇتون قانۇنلىرى، پولشا ئاسترونومىيە ئالىمى كوپېرنىك توغرىسىدا، گېئورگى ۋاشىنگتوننىڭ 1775 ـ يىلدىن 1783 ـ يىلغىچە ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىگە

قارشى تۇرۇپ، ئاخىر غەلىبە قىلىپ ئۈنجى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغانلىقى؛ مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئۈچىنچى ئەسىردە مىسىرنىڭ ئىسكەندەرىيە شەھىرىدە دۇنيا ئىلىم مەركىزى — ئىسكەندەرىيە كۇتۇپخانىسى بولغانلىقى، كېيىن بۇ مۇقەددەس ئىلىم مەركىزىنى ئىلگىرى رىملىقلار، كېيىن ئەرەبلەر كۆيدۈرۈپ تۈگەتكەنلىكى، بۇ ۋەقەنىڭ چىن شىخۇاڭنىڭ كىتاب كۆيدۈرۈپ، مۆللىلارنى تىرىك كۆمۈشى، چىڭگىزخاننىڭ مەدرىس- خانىقالارغا ئوت قويۇشى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا كىتابلارنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكى بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەشتى. ئۇلار قەدىمكى شائىرلاردىن ئۆمەر خەييام، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەد يۈگنەكى، ئاتايى، سەككاكى، لۇتفى، ناۋايى، زەلىلى، غېرىبى، نازىمى، نىزارى، مەشرەپ، ھۇۋەيدالاردىن شېئىرلارنى؛ «شاھنامە»، «گۈلىستان»، «تارىخى ئەمىنە»، «تارىخى رەشىدىيە»، «ئىلى تارىخى»، «قەشقەرىيە تارىخى»... قاتارلىق ئەسەرلەردىن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى شۇنچىلىك قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەشتىكى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنى مۇشۇ ئەتراپتا ئەڭ بىلىملىك ئادەم ھېسابلاپ يۈرگەن باجگىرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ھاياتىدا بۇ گەپلەرنى ئۈنجى قېتىم ئاڭلاپ تۇرماقتا؛ شۇنداقلا بۇنچىلىك جىق نەرسىلەرنى بىلىدىغان ئادەملەرنىمۇ ئۈنجى قېتىم كۆرۈپ تۇرماقتا ئىدى.

كۆزنىدە بىرلا رومكا ھاراق بىلەن مەست بولۇپ قالىدىغان ئادەملەر بۈگۈن ئوت بوتۇلكىنى بوشاتتى، لېكىن تېخى ھېچكىم بىقىلمىدى. سۇلتانوۋ قىڭغاي- دى، كىگىزچىنىڭ گېپى كۆپەيدى. قېرى ئارتىس ھېلىدىن- ھېلىغا ناخشا ئېيتىپ باشقىلارغا ھاراق تۇتاتتى. جۇۋىچى خىيالچانلىق بىلەن تەمكىن ئولتۇراتتى. سورۇننىڭ ئاساسىي پاراڭچىسى بولغان ئەلا بولسا مۇنتو كۆپنى كۆرگەن، ئۆزلىرىنى ئۆز ساھەسىدە ئەڭدىشى يوق ھېسابلايدىغان جۇل- جۇل كىيىملىك بىلىم ئەھلىنى ھەيران قالدۇرۇپ ۋە ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، خۇددى ھەممىلا ساھەنىڭ ئەھلىدەك، تىل، ئەدەبىيات، تارىخ،

جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، پەلسەپە ھەتتامۇزىكا توغرىسىدا يېڭى، قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلماقتا ئىدى.

— زامانىمىزنىڭ فارابىسى! — دېدى قېرى ئارتىس ئەلاغا قايىل بولۇپ يېنىدا يېنىچە ياتقان «تاغىل ئۆكۈز» گە پىچىرلاپ، — ئىچى بىلىمگە تولغان يىگىتكەن!

— گېيتى! — دېدى سۇلتانوۋمۇ قايىل بولۇپ، — گېيتى گېرمانىيىنىڭ 19- ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ شائىرى. لېكىن ئۇ ئۇسسۇملۇكلەر، نۇر، مېخانىكا، پەلسەپە ساھەسىدىمۇ داڭلىق ئىدى. بۇ ساھەدە ئەسەر يازغانىدى. بىزنىڭ ئەلامۇ ئۆيغۇرلاردىن چىققان گېيتى بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— لېكىن، — دېدى جۇۋىچى ئۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئارىلىشىپ، — گېيتى تولىمۇ يۇللۇق ئۆتكەنمىش. ھازىر گىندىنبورگتا ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك جايى باركەن، بىزنىڭ ئالىمىمىزچۇ؟ ئۇنىڭ بېشىدىن دوپپىسى چۈشسە كىشىنىڭ يېرىگە چۈشىدۇ، كىتابلىرى قىغنىڭ ئارىسىغا تىقىلىقمىش تېخى!

خىيال بېسىپ، بوۋاشلاپ قالغان باجگىر ئۈنجى قېتىم «تاغىل ئۆكۈز» گە يېلىندى:

— ئاكا، بارات سۇلتانوۋ ئاكا، سىزمۇ ئۇرغۇن بىلىملىك ئادەمكەنسىز، ھەممىڭلارلا يېتىلگەن ئادەملەر ئىكەنسىلەر، بەنە قانداق قىلىپ بۇنداق چۈۋا- چۆپۈر ئارىسىدا قالدىڭلار- ھە؟

سۇلتانوۋ كۈلۈپ قويۇپ ئەرەبچە شېئىر ئوقىرى:

پەسسە ھەۋ، يەرنە ئۇ، پىررىيازى ۋە ئىنناماھۇ،

بىسەل ھىزارۇ، لىنەنەھۇ يە تەرەن نەمۇ!

سۇلتانوۋ قاقاقلاپ كۈلدى. باجگىر كۆزلىرىنى چىمىلداتتى:

— مەنىسىنى دەپ بەرسىڭىزا!

— مەنىسىمۇ؟ — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ، — مەن بۇ شېئىرنى قوپالراق بولسىمۇ ئۆيغۇرچە شېئىر قىلىپ ئوقۇپ بېرەي، سىز ئۆزىڭىز چۈشىنىۋېلىڭ.

رىيازى جەننەت ئارا قۇشقاچ ئۇچار، راھەتتە،

چۇرۇلدايدۇ، كۈلىدۇ، لېكىن ھامان بىنەزەر.

رىنىلە بۇلبۇللار بىر قەپەزدە تىترىلايدۇ زۇلمەتتە، ...

گۇناھى شۇ: چاراكى خۇش ئاۋاز ئۇ نەلھەزەر!

— يارايسەن، يارايسەن! — دېدى كىگىزچى قاقاقلاپ كۈلۈپ پىيالىنى كۆتۈرۈپ، — ئالامەت تەرجىمە قىلدىڭ ئۇكام، سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن ئىچىمەن!

پۈتۈن ئۆي بويى سۆھبەت بولدى، ناخشا، شېئىر ئوقۇلدى. سورۇندىكىلەرنىڭ كۆكسى ـ قارنى ئېچىلىپ، كۆڭۈللىرى يايرىدى زۇلىيانىڭ ئايالى مانا ئاخىر مېھمانلىرىغا چۆچۈرە ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن ئولتۇرۇش داۋامىدا داستىخاندىن كەتمەي گەپ ئاڭلىغان زۇلىيانىڭ ئونبەش ياشلىق ئوغلى، دادىسى ھويلا دەرۋازىسىدا كۆرۈنۈشى بىلەن دادىسىغا قاراپ يۈگۈردى:

— دادا، بۇلار قالتىس ئادەملەركەن!

2

ئۇنىڭ يەنە ساقىسى ئالچۇ چۈشتى: ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت تەركىبىگە كىرىدىغان ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسمى بار ئىكەنلىكى مۇقىملاشتى. بۇ خەۋەرنى ناھىيىنىڭ بۇرۇنقى شۇجىسى لۇ مىڭچۈن ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى. ئۇ ھەتتا رەھبەرلەرنىڭ ئالدى ـ كەينى تەرتىپىنىمۇ بىلىپ بولدى. قۇراللىق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى رىن بۇجاڭ ناھىيىگە بىرىنچى قول، سەۋەبى ئۇ ئازادلىق ئارمىيە مەسئۇلى ـ دە، لۇ مىڭچۈن ئىككىنچى قول (ئۇ ئەمەلىيەتتە بىرىنچى قول، سەۋەبى رىن بۇجاڭ ئۇنىڭ سىزىقى بىلەن ماڭىدۇ. رىن بۇجاڭ لۇشۇجىنىڭ قولىدا ئۆسكەن) ئاندىن قالسا ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى، ئۇلاردىن كېيىن ھەم ئىنقىلابىي كادىرلار ۋەكىلى ھەم مىللىي كادىرلار ۋەكىلى بولۇپ رەقىبنىڭ ئىسمى يېزىلغان. ئۇ تېخى يېقىندىن قۇرۇلغان ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ دائىمىي ھەيئىتى. ناھىيىگە نامزات قىلىنغان دائىمىي ھەيئەتلەر رەقىبنىڭ تۆۋىنىگە يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە رەقىبنىڭ كۆزى يەتتى. لۇ شۇجى بىرىنچى قوللۇققا كۆتۈرۈلمەي قالمايدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى ئاسانلا چۈشۈپ قالىدۇ. دېمەك لۇ شۇجىدىن كېيىنلا رەقىب تۇرىدۇ. بۇ ئورۇن رەقىبنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئېيتقاندا ئەرزىمەس ئورۇن، لېكىن ھازىرقى كۆتىدە بۇنداق ئورۇنغا ئىگە بولماقمۇ ناھايىتى چوڭ ئامەت. بۇ ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلغان قانچىلىغان ھاكىملار، شۇجى، بۇجاڭلار «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە بارىدىغانلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. يەنە بىرلىرى، مەسىلەن ھاشىرغا ئوخشاشلار بۇ ئورۇننى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قانچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ ئاخىرى ئەجرى بىكارغا كېتىپ ئۆزى تىنچاقىدى... رەقىبنىڭ خىيالى ھاشىرغا كۆچۈش بىلەن بەدىنىدە سوغۇق تەر پەيدا بولدى. ھاشىر ھازىر سولاقتا بولغان بىلەن ئۇنىڭ قول ـ چوماقلىرى قويۇپ بېرىلگەن. ئۇلار ھازىرمۇ ھەرىكەتتە. نامەتنىڭ دېيىشىچە ئىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئوبلاستلىق ساقچى خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى «ئادۋوكات» ئىسىملىك تەشكىلاتنى ئاممىۋى تەشكىلات دەپتۇ. ئۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىنى بۇيرۇق بىلەن قويغۇزۇۋېتىپتۇ. ئەنە شۇ سىياسىي كومىسسار ھاشىرنىمۇ قويغۇزۇۋېتىشى، گۇناھسىز دەپ ئاقلاپ چىقىشى مۇمكىنغۇ، ئۇ چاغدا رەقىبنىڭ ھازىرقى ئورنى ھاشىرغا قايتۇرۇلسا رەقىبنىڭ بەدىنىگە ئوت ئۇتاشقان بولمامدۇ.

ئۇ قويۇق تېرەكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان توپىلىق يولنىڭ چېتى بىلەن ياتىقىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ھازىر ياتىقىدىنمۇ، شەھەردىكى ئۆيىدىنمۇ ياتمايدۇ. ئۇ بىر كۈن ئۇنىڭ، بىر كۈن بۇنىڭ ئۆيىدە قونىدۇ. ھازىر ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىرى يىغىۋېلىنغان، ئۇنىڭ نە يان قورالى، نە مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئادەملىرى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەر بىر قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن باسىدۇ. كۆپىنچە لۇ شۇجىنىڭ ئۆيىدە ياكى ئۆزى قاتناشقان تەرەپنىڭ مەسئۇللىرىنىڭكىدە قونىدۇ. شەھەردىكى كاتتا ئۆيىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆزگەرتىلگەن، تاختايلىق، چېدىرى قاڭالتىرلىق بەش ئېغىز ئۆيدە ھازىر ئانىسى، ئىنىسى ۋە كېيىن ئېلىپ قويۇۋەتكەن ئايالىدىن قالغان ئۈچ ياشلىق ئوغلى تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆيى رەقىب ئۈچۈن تېخىمۇ قورقۇنچلۇق: ھېلىقى «ئادۋوكات» كۈنلەرنىڭ بىرىدە رەقىبنىڭ ئادىلەگە، ئەلاغا قىلغان زىيانكەشلىكلىرىنى يېزىپ چاپلىشى، ئۆينى ھاشىرنى قاماش قاتارلىق ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈشى مۇمكىن. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ قاملىشىدا

رەقبنىڭ قولى بارلىقنى بىلگەن «ئادۋوكات» ئەزالىرى رەقىبكە بولغان غەزىپىگە بەس كىلەلمەي رەقىبكە يوشۇرۇن زەربە بېرىشى، ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشمۇ مۇمكىنغۇ!

ئۇنىڭ خىيالى گۈزەلئايغا كۆچۈش بىلەن ۋۇجۇدى بىر يوشۇرۇن كۈچنىڭ تۈرتىشى بىلەن سىلكىندى. ۋۇجۇدى ئۈيقۇسىز ئوت ئالغان پۇرۇختەك پارتلاشقا تەييارلاندى. ئۇ ئازاب بىلەن تولغاندى. ھازىر ئۇ يەنە نېمىشقا ئۇزىنى قىينايدۇ. گۈزەلئاي ھازىر ئۇل، ھىمايىسىز، رەقىب ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشى، گۈزەل ئايال بىلەن ھاياتىدىكى كەمتۈك جايىنى تولدۇرۇشى، ئازابلىق خىياللاردىن ئۇزىنى قۇتقۇلدۇرۇشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇنىڭ بەختلىك بولۇشىغا يەنە نېمە توسقۇنلۇق باركىنتاڭ؟ ئۇنىڭ خىيالىدا گۈزەلئاي بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقان ۋاقتىدىكى كۆرۈنۈشى سۈرەتلەندى:

رەقىب كىچىك ماشىنا بىلەن يەكياخان قورۇسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ شوپۇرنى قايتۇرۇۋېتىپ تاختايلىق ئوچ ئېغىز ئۆينىڭ تاختايلىق پەلەمپىيىدىن كۆتۈرۈلدى. كۆك سىرلانغان، نەقىشلىك دېرىزە قاپقىلىرى مەھكەم ئېتىلگەن. لېكىن ئۇدۇلىدىكى دالانىڭ ئېگىز، قوشقاناتلىق ئىشىكى قىيا ئوچۇق ئىدى. رەقىب ئىشىكتىن قارىدى. دالانىڭ باغقا قارىغان ئارقا ئىشىكى ئوچۇق ئوچۇق باغدىن بۇلبۇل ئاۋازى، گۈللەر پۇرىقى كىلىپ تۇراتتى. رەقىب دالانغا شەپىسىز كىردى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى ھازىرلا قىپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تىپچەكلىدى. باغ ئىشىكىنىڭ يېنىدىكى چوڭ ساندۇق ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان، گىلەم ئۈستىدە گۈزەلئاي جەينىكىگە تايىنىپ سونايلىنىپ ياتاتتى. ئوغلى ئانىسىنىڭ بىقىنىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ ياتاتتى. رەقىب ئانا ـ بالىنىڭ ئاستا، تەمسىرلىك سۆھبىتىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

— ئاپا، ئەلا دادام ئەمدى كەلمەمدۇ؟

— كەلمەيدۇ بالام.

— كەلمىسە بىز بارساق بولمامدۇ؟

— بارساق ھەيدىۋېتىدۇ بالام.

— مەن ئۇنىڭ ئوغلى تۇرسام نېمىشقا ھەيدىۋېتىدۇ؟

— سېنى ھەيدىمەيدۇ، مېنى ھەيدىۋېتىدۇ.

— مەن ئاپامنى ھەيدىمە، دېمەمدىم؟

— سېنىڭ گېپىڭگە كىرمەيدۇ بالام.

— نېمىشقا، مەن بىر تال بالىسى تۇرسام؟

— ئۇنىڭ يەنە بىر قىزى بار بالام؟

— مېنىڭ ئۇكاممۇ، ھەدەممۇ؟

— ھېچنېمەڭ ئەمەس.

— ئۇ قىز دادامنىڭ قىزى ئەمەسمۇ ئەمىسە؟

— ئەمەس بالام.

— ئەمىسە نېمىشقا دادام باقىدۇ ئۇنى؟

— چوڭ بولغاندا بىلىسەن، ئۇزىنىڭ بالىسىنى كاككۇككا ئوخشاش باقمايدىغان ئادەملەرمۇ بار. ئۇنى ئاز دەپ بالىسىنى بېقىپ بەرگەن ئادەمنى دۈشمەن بىلىدۇ، ياخشى ئادەملەرگە يامانلىق قىلىدۇ، ئۇنداق ئەسكى ئادەملەرنى چوڭ بولغاندا بىلىسەن ئەلى.

رەقىبنىڭ يۈرىكىگە پىچاق سانچىلغاندەك بولدى. دېمەك گۈزەلئاي رەقىبتىن يىرگەنگەن.

بالىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەن چوڭ بولغاندا ئەسكى ئادەملەرنى ئاتىمەن ئاپا!

رەقىبنىڭ تېنى شۈركەندى. ئۇ پۈتىنىڭ ئۇچى بىلەن مېڭىپ دالاندىن قايتىپ چىقتى، لېكىن كەينىچە ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئاپتۇۋىغا پۈتلاشتى. ئاپتۇۋا پېشايۋاندىن داراڭلىغىنىچە ھويلا ئوتتۇرىسىغا دۈملاپ باردى.

— سىزمىدىڭىز؟ — دېدى گۈزەلئاي قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىرايى تامدەك تاتارغان ھالدا دالان ئىشىكىدە پەيدا بولۇپ، — بىزنى ئىزدەپ كېلىۋېدىڭىزمۇ؟

رەقىب ئايالىنىڭ سوغ مۇئامىلىسىدىن، غەزەپلىك چىرايىدىن ئوڭايسىزلاندى:

— ياق، سىزنى، سىزدىن ھال سوراپ كېلىۋېدىم، — ئۇ سىناق نەزەرى بىلەن ئايالغا قارىدى. ئايالىنىڭ گۈزەل لەۋلىرى ھەم يېپىلغان، «ئۆيگە كىرىڭ» دەيدىغان تەكەللۇپ سۆزىنىڭ چىقىشىغىمۇ رەقىبنىڭ كۆزى يەتمىدى.

— سىزنى رەنجىتىپ قويدۇم، — دېدى ئۇ يەرگە

قاراپ، — بىخەستىلىك قىلىپ ئەلانى قوغدىيالمىدۇق. ئەمما ئۇنى ئۇرغان لۈكچەكلەرنى تۇتتۇق. ئاڭلىسام بەكمۇ ھار ئاپسىز، بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتىڭىزمۇ؟

گۈزەللاي بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ئېغىر تىنىدى:

— بىزنىڭ قوشنا گۈناھسىز، ئۇنى نېمىشقا سولايسىلەر؟ ئەلانى ئۇرغان ئۇ ئەمەس!

گۈزەللاينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلسە تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدىكەن. رەقىب ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەستىن قارىدى. ئۇنىڭ ئايالغا ئىسسىلغۇسى، ئۇنى باغرىغا باسقۇسى كەلدى. لېكىن ئايالنىڭ چىرايىدىكى غەزەپ بۇلۇتلىرى ئۇنىڭغا توسقۇق بولۇپ تۇراتتى. لېكىن سەۋر قىلسىلا ئايال ھامان يۇمشايدۇ. گۈزەللاي يۇمشاق كۆڭۈل، ھېسسىياتچان ئايال، رەقىب بىچارە بولىۋالسىلا ئايالنىڭ چىرايىدىن غەزەپ بۇلۇتلىرى كېتىدىغانلىقىغا ئىشەندى:

— ۋاقىتلىق ئىشمۇ؟ مەيلى كېيىنچە رەسمىلەشتۈرۈۋالىمىز. ئىشىڭىز سىزگە ياقامدۇ؟

گۈزەللاي جاۋاب بەرمىدى. شۇ چاغدا ئانىسىنىڭ يېتىدا ئەلى پەيدا بولدى. ئۇ ئانىسىنىڭ چىرايىغا بىرلا قارىدى ـ دە، كۆڭۈلسىز ئادەمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدى، ئۇ باغقا قايتىپ كىرىپ قولىغا كوسەي تۇتقان ھالدا قايتىپ چىقتى.

— ئىقتىسادتىن قىينالدىڭىز، — دېدى رەقىب يانچۇقلىرىنى كولاپ، — ئاز بولسىمۇ خىراجەت قىلىڭ. مەن سىزگە باشقا تەرەپتىن ياردەم قىلالمىسامۇ ئىقتىساد جەھەتتىن...

ئۇ پۇل تۇتقان ئوڭ قولىنى سۇندى. گۈزەللاي يالت قىلىپ رەقىبنىڭ كۆكىرىپ تۇرىدىغان چىرايىغا بىر قارىدى ـ دە:

— مەن نېمە ئۈچۈن سىزدىن ياردەم ئالىدىكەنـ ـمەن! — دېدى.

— سەۋەبى، سىز ھازىر ھىمايىسىز، ياردەمگە مۇھتاج!

— خاتالىشىۋاتىسىز! — دېدى گۈزەللاي ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ، — مەن ھىمايىسىز ئەمەس. ئوررۇق ـ تۇغقاندەك يېقىن كىشىلىرىم بار، ئۇلار مېنى ھىمايە قىلىۋاتىدۇ — [illegible]

رەقىب قولىنى تارتىۋالدى. ئۇنىڭ ئەلەمدىن ئاۋازى تىترىدى:

— شۇنداقتىمۇ. بالىڭىز بىلەن تەس!

— بالامنى تىلغا ئالماڭ، ئۇنىڭ دادىسى ھايات، ئۇ ھەر قانداق يول بىلەن ئۆز ئوغلىنى ھىمايە قىلالايدۇ!

— سىزگە ئېيتىپ قوياي، — دېدى رەقىب ئەمدى غەزىپىنى يوشۇرالماي، — سىز خىيالىڭىزدىن ئەلانى چىقىرىۋېتىڭ، ئۇ خەتەرلىك، ئۇ يېزىدىمۇ تىنىچ تۇرغىنى يوق، جەمئىيەتنىڭ داشقاللىرىنى يېنىغا يىغىۋېلىپ ھەدەپ ئەكسىيەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ.

گۈزەللاي كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇنىڭ غەزەپتىن لەۋلىرى كۆكەردى:

— سىزگە ئىلتىماس قىلاي، بۇندىن كېيىن مېنى ئىزلىمەڭ، مېنى ئاشۇ ئەلا، ھاشىرلاردەك دۈشمەنلىرىڭىز قاتارىدا ھېسابلاڭ. مەن سىزنى كۆرۈشنىمۇ، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايمەن!

دەل شۇ چاغدا رەقىبنىڭ يۈزىگە كوسەينىڭ ئۇچى كېلىپ تەگدى. رەقىب چۆچۈپ يۈزىنى تۇتتى. ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇش ئۈچۈن كوسەي كۆتۈرگەن بالىسىنى گۈزەللاي قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى:

— ئۇرما بالام!

— ئۇرىمەن، ئۇ ئەسكى ئادەم!

ئايال ئوغلىنى قۇچاقلاپ يەردىن كۆتۈرۈۋالدى ـ دە، دالانىڭ ئىشىكىنى ياپتى. رەقىب ۋارقىرىدى:

— گۈزەللاي، توختاڭ، مەن سىزگە... مەن سىزگە يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتاي!...

ئۇنىڭغا جاۋابەن ئىشىك قاتتىق جالاقلىدى ـ دە، شاراقلاپ قۇلۇپلاندى.

رەقىب ئۆز ئىشىكىنىڭ قولۇپىنى ئېچىۋېتىپ خۇددى ھېلىقى ئېتىلگەن دالان ئىشىكىنىڭ قولۇپىنى ئېچىۋاتقاندەك ۋەھىمە بىلەن ئەندىكتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ چۆچۈپ كەينىگە داجىدى ئۇنىڭ كارىۋىتىدە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال قۇچاقلىشىپ يېتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى. رەقىب ۋارقىرىماقچى بولدى. لېكىن شۇ چاغدا بېشىنى پاكىزە قىردۇرىۋەتكەن نامەت ھېجىيىپ كارىۋاتتىن چۈشتى.

— سىزنى زادىلا كەلمەسمىكىن دەپتىمەن! ھى... ھى...

— مېنىڭ ياتقىمنى پاھىشىخانىغا ئايلاندۇرۇپسەنغۇ، ھوي قىلىقى سەت، بۇ ئۆيگە قانداق كىردىڭ؟

— دېرىزىدىن!، — دېدى نامەت يۈزىنى يۈركەپ يېتىۋالغان ئايالنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن نوقۇپ، — بىر كۆزىنىكنى چىقاردىم - دە، ئىچىدىن ئىلغۇچنى ئاچتىم.

— يوقات! — دېدى رەقىب پاقا يۇتۇۋالغان يىلاندەك كۆپۈپ، — بەش مىنۇتقىچە مۇنۇ قانجۇقنى يولغا سال، ساڭا گەپ بار!

ئۇ ئۆيدىن خۇددى بىرى ئىتتىرگەندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار ئىككىسى ئەل ياتقۇ بىلەن مەست ھالدا يەنە شۇ ئۆيدە پەيدا بولدى. يان ئۆيدىمۇ خىلىدىن بېرى رەقىب بىلەن دوستلىشىپ يۈرگەنلىكى ئاشكارا بولغانلىقى ئۈچۈن ئەنسىرەپ كەل- گەن بىر نامسىز تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئۆز ئادەملىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ - كۆلۈشۈپ ھاراق ئىچىشمەكتە.

— بۈگۈندىن باشلاپ، — دېدى رەقىب نامەتنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، — ئىككىمىز بىر- بىرىمىزگە دۈشمەن. سەن ھاشىر، قۇرماش، ئەلالار بىلەن يەنە دوست بولسەن، مېنى خالىغانچە تىللا، ھەتتا ئۇلار بار يەردە مېنى يۈزمۇ يۈز تىللا، لېكىن ھېلىقى پاش قىلىدىغان ماتېرىياللىنى ياخشى تەييارلا، ئىشەنچلىك بولسۇن! لازىم بولغاندا مەن سېنى ئۆزۈم چاقىرىمەن، قېنى رومكىنى ئال، مۇنۇ مىڭ سوم پۇلنى يانچۇقىڭغا سال، ۋاقىتلىق دۈشمەن، مەڭگۈلۈك دوستلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى ئەمسە!

ئۇلار رومكىلىرىنى كۆتۈرۈشتى. بىر- بىرىنىڭ قوللىرىنى قىسىشىپ خوشلاشتى. رەقىب نامەتنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇ سىمونت كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ ئەمدىلا تاماكا چېكىۋېدى، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۈچ ئادەم چىقتى.

— جۇرۇڭ رەقىب بۇجاڭ! — دېدى ئېگىز بويلۇق ئادەم قاراڭغۇدىن چىقماي تۇرۇپ، — ئازراقلا ئىشىمىز بار.

— سىلەر كىم؟ — رەقىب پارتكوم بىناسى تەرەپكە كەينىچە ماڭدى.

— ۋارقىرىماڭ! — دېدى دوغلاق، ئاۋازى سۈرلۈك بىرى ئۇنىڭ يولىنى توراپ، — ۋار - ۋۇر قىلسىڭىز ئاسانلا جىم قىلىمىز.

رەقىب دوغلاقنىڭ قولىدا تاپانچا بارلىقىنى كۆردى. پۇتۇن بەدىنى تىترەپ، پۇتلىرىدا جان قالمىدى.

— سىلەر، سىلەر زادى كىم؟

— چالۋاقىماي يۈرۈڭ! — دېدى يەنە بىرى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تارتىپ، — بارغاندا بىلىسىز.

— ۋاي!...

ئۇنىڭ ئاغزىنى بىرى ئالقىنى بىلەن ياپتى. تاپانچا پېشانىسىغا تەگلەندى.

— تىرىك قالىمەن دېسەڭ ئۈنىڭنى چىقارما!

ئۇلار رەقىبنى قولتۇقلاپ ئۈن- تىنسىز مېڭىشىپ ناھىيە سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ يەردە رەقىبنى ئۈچ ئات قېتىلغان رېزىنكا چاقلىق ھارۋۇغا سالدى. ئاتلار توپىلىق يېزا يولىدا يورتۇپ يۈرۈپ كەتتى.

— چۈشەندەك قانتى، يىلاندەك تىلى بار ئادەممۇ خەلققە بېرىدىغان ھېساباتىدىن قېچىپ قۇتۇلالماي- دۇ! — دېدى قۇيۇق نۇرمانلىق باغقا كەلگەندە ھېلىقى ئېگىز ئادەم رەقىبنى ھارۋىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، — راست گەپ قىلسىڭىز جېنىڭىز ساق قالىدۇ. يالغان گەپ بىلەن ئالدىماقچى بولسىڭىز ئۆلۈكىڭىز قوزغۇنغا يەم بولىدۇ. بىز بۈگۈن سىزدىن ھېساب ئالىمىز. سوئاللىرىمىزغا راستى بىلەن جاۋاب بېرىڭ!

ئۇلار رەقىبنى چىمەنلىككە تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇلاردىن بىرى قىسقىلا قىلىپ نۇتۇق سۆزلىدى:

— تارىختىن بېرى بىزنىڭ ئېسىل، يارامىلىق ئادەملىرىمىز خائىن، مۇناپىقلارنىڭ كاساپىتىدىن مۇرادىغا يېتەلمەي ھالاك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ مۇناپىقلارنىڭ بىرى نەق سىز. بىز ئۇزۇندىن بېرى سىزنى كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز. سىز بىر شۇمبۇيا، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ راست گەپ قىلسىڭىز يەنە كۈن كۆزىسىزلە [illegible]

ئۇ خۇددى كېزىك تەككەن ئادەمدەك قورۇپ-جۇدەپ ئۆيدە بىر ئاي مىدىر قىلماي ياتتى. ئۇ نە تاياق يېمىدى، نە تىل ئاھانەت ئاڭلىمىدى. ئۇنى سوراق قىلغۇچىلار خۇددى ھەممىلا جايدا ئۇنىڭ كەينىدىن يۈرگەندەك، قىلغان خىياللىرىنى يوشۇرۇن ئەسۋاب بىلەن ئاڭلىغاندەك، ئۇنىڭ قىلغان-ئەتكىنى، ئويلىغان-سۆزلىگەنلىرىنى بىرمۇبىر ئوتتۇرىغا قويۇشتى. رەقىب بۇ سىرلىق ئادەملەرنىڭ قولىدىن سالامەت قۇتۇلۇۋېلىش ئۈچۈن ھەممە قىلمىشلىرىنى راستى بىلەن ئېيتتى. ھەتتا ئاخىرىدا لىنتىغا ئېلىنغان سوراق خاتىرىسىنى قايتا ئاڭلىغاندا ئۆز قىلمىشىدىن ئۆزى قورقۇپ بۇقۇلداپ يىغلىدى. ئۇ بۇنىدىن كېيىن كىشىلەرگە قەست قىلماسلىققا، ئاۋادا يەنە بىرىگە زىيانكەشلىك قىلسا يوشۇرۇن ئوق بىلەن ئېتىلىشقا رازى بولۇشقا ۋەدە بەردى.

ئۇ تاڭ قاراڭغۇلۇقىدا شەھەردىكى قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ھارۋا بىلەن كەلدى. ھارۋىدىكىلەر كەتكەندىن كېيىن، ئۇ شۇنچىلىك قورقتىكى ئۇنىڭ دەرۋازىنىڭ تۆڭگىسىنى تاراقلىتىشقىمۇ ھالى يەتمىدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدىكى تاختاي سۇپىدا ئولتۇردى-دە، ھالسىزلىنىپ كەينىگە تاشلاندى. ئۇنىڭ بىر نەرسىنى ئويلاشقىمۇ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا ئەسلەشكىمۇ مادارى يوق، ئۇنىڭ ھېچنەرسە ئويلىماي ياتقۇسى، ئارام ئالغۇسى كەلدى.

ئەتىگەنلىكى كوچىغا سۇ چاچقىلى چىققان قوشنىلىرى ئۇنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئىنىسى دەرھال ناھىيىگە خەۋەر قىلدى. ناھىيىدىن كەلگەنلەر ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. چۈنكى ئۇ پارقىراپ قاراپلا تۇراتتى. سوئاللار جاۋابسىز قالاتتى.

ئۇ شۇ ياتقىنىچە ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىغىچە ھويلىدىن چىقماي ياتتى. ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ناھىيىگە ئېلىپ چىقتى. ناھىيە رەھبەرلىرى ئۇنىڭدىن ئالاھىدە ئەھۋال سورىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا بىلدى: ناھىيىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغان. رەقىب بۇ كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ بىرىكەن. ئۇنىڭغا تەقسىم قىلىنغان خىزمەت خەلق قوغداش گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇللۇقى ئىكەن. ئۇ جەمئىيەت تەرتىپىنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل ئىكەن. ئۇنىڭغا ئەمدى يەتمىش-سەكسەندەك قوراللىق ئادەملەرگە مەسئۇل بولۇشتەك ھوقۇق تەككەندىلا، ئىككى ئاي بۇرۇنقى ئىشنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە ئەسلىدى ۋە ئۆزىنىڭ «ئەكسىلئىنقىلابچىلار» تەرىپىدىن سوراق قىلىنغانلىقىنى ناھىيە رەھبەرلىرىگە سۆزلەپ بەردى:

— بۇ جەزمەن ھاشىرلارنىڭ ئىشى، — دېدى ئۇ خۇلاسىلاپ، — سوراقنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئۇلار ھاشىر بىلەن ئەلانى ئاقلاپ، ماختاپ سۆزلەشتى. ئۇلارنىڭ مەقسىدى مېنىڭ ئورنۇمغا ھاشىرنى سەپلەش.

— ھېلىقى «ئادۋوكات» بىلەن چېتىشلىقى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى لۇ شۇجى ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ، — ئاۋادا شۇنداق بولسا بۇ بىر ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت، بۇ ئىشنى دەرھال ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا دوكلات قىلىشىمىز كېرەك.

ھالال ئىش قىلغۇچىلار ئۆز ئەجرى ئۈچۈن قانچىلىك ئاسان جازالانغان بولسا، ھارام ئىش قىلغۇچىلار ئۆز رەزىللىكلىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك ئاسان ئىنئام ئېلىشتى. راست گەپ ئۈچۈن تۈرمىگە كىرگۈچىنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىدىغان ئەمەلدار چىقمىغىنى بىلەن رەزىللىكى ئۈچۈن سوراققا تارتىلغۇچىنى ھىمايە قىلغۇچىلار يەڭ تۈرۈپ ئوتتۇرىغا چىقىشتى. ئۇلار نەچچە قېتىملاپ قارارلار قوبۇل قىلىشىپ، نەچچىلىگەن گۇمانلىق ئادەملەرنى سوراققا تارتتى، مانا شۇنداق سوراققا تارتىلغانلارنىڭ بىرى قۇرماش. ئۇ ھويلىسىدا قوناق شېخى باغلاۋاتقاندا ئونغا يېقىن قوراللىق خەلق ئەسكىرى ئۇنىڭ ھويلىسىنى قورشىۋالدى. ئۆگزىگە پىلموت ئورنىتىلدى. تاملارغا ئاپتومات ئاسقانلار يامىشىپ چىقىشتى. ھويلىغا سۈرلۈك ئادەملەر قوراللىرىنى يالىڭاچلاپ كىرىپ كەلگەندە قۇرماشنىڭ بالىلىرى چۇقىراشتى. ئايالى قۇرماشقا ياماشتى. قۇرماش پاچىقىغا ياماشقان كىچىك بالىسىنى باغرىغا باستى-دە، كىرگۈچىلەرنىڭ مەسئۇلىغا قاراپ ئاچچىق كۈلدى:

— بۇنچىۋالا كۈچ زايە قىلىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق

ئىدى، چاقىرتساڭلارمۇ باراتتىمغۇ!

— باغلا!

ئىككى خەلق ئەسكىرى قۇرماشنىڭ قوللىرىنى قايرىپ باغلىدى.

قۇرماشنىڭ قوللىرى گەجگىسىگە چىقتى. گەۋدىسى مۈكچەيدى. پىشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقتى، چىشلىرى غۇچۇرلىدى:

— قانۇنسىز...لىق! — دېدى ئۇ ھەر بىر سۆزنى ئازاب بىلەن بىر-بىردىن ئېيتىپ. — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بار، چوقۇم بۇ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن جازالىنىسىلەر!

قۇرماش ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن تۇتۇلغانلىقىنى ئىككى كۈندىن كېيىن يەنى بىرىنچى قېتىملىق سوراقتا ئېلىپ چىقىلغاندىن كېيىنلا بىلدى.

— ھاشىر سىلەرگە قانداق يوليورۇق بەردى؟

— ئەلانى كىم يوشۇردى؟ ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— قانچە قېتىم ئەكسىلئىنقىلابىي قارا يىغىن ئاچتىڭلار؟ يىغىن خاتىرىسىنى قەيەرگە يوشۇردۇڭ؟

بۇ سوئاللار قانچە قېتىملاپ تەكرارلاندى. قۇرماش نۇرغۇن گەپ قىلىپ ھېچنېمىنى چۈشەندۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر سوئاللارنى جاۋابسىز قالدۇردى-دە، دەھشەتلىك قىين-قىستاقتا تەييارلاندى... تاسما يوتا، ئاق تاياق، مۇش، يۇت... ئۇنىڭ بەدىنىگە ھەممىلا نېمە تەگدى. ئۇنىڭ بەدىنىگە ھەممىلا نېمىنىڭ ئىزى چۈشتى. لېكىن ئۇ نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلمىگەچكە، سوراقچىلارنى رازى قىلالمىدى.

ئۈتىنچى كۈنگە بارغاندا بورا سېلىنغان تاختاي سۇپا ئۈستىدە ئون ئۈت ئادەمنىڭ ئارىسىدا يىنچە يېتىپ قېينىلىش، كۈنگە ئىككى ۋاخ قوناق نېنى يېيىش، سېسىق ھاۋالىق كامىرىدا قېينىلىپ نەپەس ئېلىش، ئاھارەت ئۆگىنى ئۈكۈش، قاتارلىق جانغا تېگىدىغان ئىشلارغا ئۇ چىدالمىدى. ئۇ ئەركىن يايلاقنى، قارىغايلار ئارىسىدىكى يامغۇردىن كېيىنكى نەم، يۇراقلىق ھاۋانى، تىترەپ تۇرىدىغان يىشىشىق گۆش، ساپ تاياقتا سۇنۇلىدىغان قىمىز ۋە غۇر-غۇر شاماللىق كېگىز ئۆيلەرنى قانچە ئەسلىدى. قانچە سېغىندى. ئەشنالىق، ئەركىنلىك ئۇنى ئەقلىدىن ئازدۇردى. ئۇ كەچتە سوراقچىغا خەت يازدى. سوراقچى خەتنى رەقىبكە بەردى.

رەقىب ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇدى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى: «مەن ھەممىنى تاپشۇرىمەن. لېكىن بىرلا شەرتىم بار: رەقىب ئۆزى مېنى سوراق قىلسۇن.»

كۆپ ئويلىنىش، مۇزاكىرىلەردىن كېيىن رەقىب قۇرماشنى سوراق قىلىشقا قوشۇلدى. لېكىن ئېھتىيات تەدبىرلىرى تولۇق قوللىنىلدى.

ئىككەيلەن قارمۇ قارشى ئالتۇردى. ئۇلار نۇرغۇن قېتىم مۇشۇنداق قارمۇ قارشى ئولتۇرۇشقان. لېكىن ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ھازىرقىدەك غەزەپ-نەپرەت جۇدۇنلىرى يوق ئىدى. ئۇلار كۈلۈپ، بىر-بىرىگە تاماكا سۇنۇشۇپ ئولتۇرۇپ يۇتۇن ناھىيىنىڭ ماتارىپ ئىشلىرى، ماتارىپ ئىنقىلابى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭلاشقان. بۈگۈنچۇ؟ ئۇلارنىڭ بىرى جان كۆيەر غايىلىك سەممىي-سادىق بولغىنى ئۈچۈن دۈشمەن — جاۋابكار، يەنە بىرى بولسا ھىيلىگەر، ساقتىپەز، مەنسەپخور بولغىنى ئۈچۈن ئىشەنچلىك — سوراقچى.

— قۇرماش، — دېدى رەقىب سۇرلۇك قىياپەتتە ھۆمىيىپ، — مەن تېما بەلگىلىمەيمەن. سوئال سورىمايمەن. قېنى سۆزلە، قۇلىقىم سەندە!

قۇرماش رەقىبنىڭ تېخىمۇ بۇرتۇپ چىققان قاپىقىغا، قوش ئىڭىكىگە، ئۈچ بۇرجەك، ھىيلىگەر كۆزلىرىگە قارىدى:

— مەن ئۇسسۇدۇم! — دېدى ئۇ خىقىراق ئاۋاز بىلەن.

ئۇنىڭغا خەلق ئەسكەرلىرى سۇ بەردى.

— قولۇمنى بوشىتىپ قويۇڭلار!

— ياق. قولۇڭ بوشىتىلمايدۇ.

— ماقۇل! — دېدى قۇرماش ئورنىدىن تۇرۇپ، — سەن ھاشىرنىڭ قانداق يوليورۇق بەرگىنىنى بىلمەكچىمۇ؟

— قېنى سۆزلە!

— ئۇنىڭ بۇيرۇقى ئاددى: سېنى يوقىتىش!

— تەشكىلات توغرىلىق سۆزلە! — رەقىب ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىشكە باشلىدى. قۇرماش كۈلۈپ قويدى:

— ۋارقىرىما! — دېدى ئۇ رەقىبنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — سېنى ئۇتۇپ ئاپىرىپ سوراق قىلغانلار تېخى هايات، هەرىكەتتە!

— ئۇلار قۇراللىق ئەكسىلئىنقىلابچىلار!

— ئۇلار هاشىرنىڭ بۇيرۇقىنى جەزمەن ئىجرا قىلىدۇ. سېنى جەزمەن ئاتىدۇ!

رەقىب ئىشىك تەرەپكە داجىدى. ئۇ خۇددى هازىرلا ئېتىلىدىغان ئادەمدەك ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى. قۇرماش سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەلانى ئۇتالمايسەن. ئۇ هازىر چەت ئەلدە! ئۇلار دۆلىتىدە كۈن ئالالمىغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇنى چەت ئەلگە قاچۇرۇۋەتتى!

رەقىب كاتىپلارغا قارىدى:

— تولۇق يېزىڭلار، «بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇنى چەت ئەلگە قاچۇرۇۋەتتى» دېدى - هە، ياخشى قۇرماش جۈيجاڭ، سىز پارتىيە تەربىيىسىدە چوڭ بولغان. پارتىيە قوينىدا ئۆسكەن كادىر. راستىنى ئېيتسىڭىز خىزمەت كۆرسەتكەن بولىسىز. سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارنىڭ ئىسمى نېمە؟

— «ئادۇۋكات»!

— پروگراممىسىچۇ؟

— بارلىق گۇناهسىز جازالانغانلارنى ئاقلاش!

— ئېنىق بولمىدى، قۇرماش ئەپەندى، ئۇچۇقىنى ئېيتىڭ، چەت ئەل بىلەن قانداق ئالاقە قىلدىڭلار، قەيەرنى بازا قىلماقچى، بازاڭلارغا قانچىلىك ئات، ئاشلىق، مىلتىق توپلىدىڭلار، نادىرۇۋ، ساۋۇتوۋ، ئىسرائىلوۋ قاتارلىق «قەهرىمان»لىرىڭلار قانداق يوليورۇقلارنى بەردى، پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدىكى هەرىكەت پىلانىڭلار قانداق، بىرىنچى نومۇرلۇق رەهبىرىڭلار كىم؟ قوماندانلىق شتابى نەدە؟ ئەسلىدە سۇئال سورىماي دېگەن، لېكىن سىزگە ياردەم قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ. قېنى بىر-بىردىن جاۋاب بېرىڭ!

— تولۇق يېزىڭلار كاتىپلار، كەلگۈسىدە ياخشى كۈنلەر كەلگەندە خەلقىمىز بىلىپ قويسۇن، رەقىب سۈيىقەستچى، مۇناپىق. ئۇ مەنسەپ ئۈچۈن هاشىرغا، ئايال ئۈچۈن ئەلاغا سۈيىقەست قىلدى. ئۇ بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئادەملىرىمىزنى يوقىتىش هېسابىغا پايدا تاپماقچى، هاشىر كىم؟ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى خەلققە بېغىشلىغان كوممۇنىزمچى كادىر! ئەلاچۇ؟ ئۇ بىلىم-مەدەنىيەتكە جېنىنى تىككەن قەيسەر جەڭچى. ئۇلارنى يوقىتىش خەلققە زىيان سېلىش، خەلق مەنپەئىتىنى يوقىتىش دېگەن گەپ. رەقىب دېگەن سۈيىقەستچى ئەلانى لۈكچەكلەرگە ئۇرغۇزدى. هاشىرنىڭ ئۈستىدىن، بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن يالغان ئەرزە يازدى. ئەۋلادلار بىلىپ قالسۇن، رەقىبتەك رەزىللەر بولمىغان بولسا جاهان تېزراق گۈلگە پۈركەنگەن بولاتتى!

— ئاغزىڭنى يۇم ئىت!

رەقىب سەكرەپ قوپۇپ قۇرماشنىڭ ئاغزىغا مۇشت بىلەن ئۇردى. قۇرماش سەنتۈرۈلۈپ توختاپ قالدى. ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى:

— مانا بۇ سېنىڭ ئاجىزلىقىڭ، رەزىللىكىڭ! — دېدى ئۇ ئاغزىغا تولغان قاننى رەقىبكە قارىتىپ تۈكۈرۈپ، — تۈفى، مانا ساڭا جاۋاب. شېڭ شىسەينىڭ دەۋرىدە ئىشلىگەن بولساڭ ئورنۇڭ يۇقىرى بولاتتىكەن، بىراق، بىزنىڭ هۆكۈمىتىمىز جاللاتنى يامان كۆرىدۇ - دە!

رەقىب يەنە ئۇرۇشقا يۈگۈرۈۋىدى، كاتىپلىق قىلىۋاتقان ئىككى يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى تۇرۇۋالدى.

— بۇ ئىشىڭىز بولمىدى، رە جۈرىن!

— راست قاملاشمىدى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن رەقىب پىكاپ بىلەن غۇلجا شەهرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. «بېيجىڭ» ماركىلىق پىكاپ ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت بىناسىنىڭ سېمونت پەلەمپىيى ئالدىدا توختىدى. رەقىبنى هەمراهى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئىككىنچى قەۋەتكە

ئېلىپ چىقتى- دە، «خەلق مۇھاپىزەت گورۇپپىسى» دېگەن ۋېۋىسكىسى بار ئىشىككە كېلىپ توختىدى.

رەقىب رەھبەرلەر، مەخسۇس خادىملار، مۇھىم ئورۇنلار بىلەن سۆزلەشتى ئۇنىڭ قولىدىن چىققان ماتېرىيال ئۇرغۇن نۇسخا باستۇرۇلۇپ يۇقىرىسى مەركەز، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقىچە تۆۋىنى ھەر قايسى ناھىيىنىڭ قوراللىق بۆلۈملىرىگىچە ئەۋەتىلدى. بۇ بىر ماتېرىيال ھەممىلا جايدا جىددىيلىك، ئەنسىزچىلىك ۋەھىمە پەيدا قىلدى: تولۇق قوراللانغان ئادەملەر ئاپتوموبىللارغا تولۇپ، ئۇياق- بۇياققا چېپىشتى. نەلەردىدۇر بىرلىرى باغلاندى. بىرلىرى تاياق يېدى، بىرلىرى قاچتى، يەنە بىرلىرى يوشۇرۇندى،... قانچىلاپ ئادەملەر خورلاندى، كۆز يېشى قىلدى، يىلىندى، ئېچىندى، غەزەبلەندى ۋە خۇشال بولدى، شادلاندى. خۇددى تۈپتۈز يەر تەۋرىگەندەك ياكى دەھشەتلىك مۆلدۈر چۈشكەندەك، ئادەملەرنى ھالاك- تالاڭ قالدۇرىدىغان بىر خىل ئاپەت پەيدا بولدى.

رەقىب مانا شۇنداق زور مۆجىزە پەيدا قىلالىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى تولىمۇ قابىلىيەتلىك، بارامەتلىك ۋە دەۋرگە لايىق «قەھرىمان» ھېسابلاپ ئاخشىمى ئۆيگە يېتىپ راھەتلىنىپ تاماكا شورىدى.

3

1969- يىل جۇدۇنلۇق ۋە ۋەھىمىلىك باشلاندى. قار ياغمايدىغان كۈنلەر ئاز، دالىلار مىتىردىن قېلىن قار بىلەن، شەھەر كوچىلىرى تەكلىماكان قۇم بارخانلىرىدەك قار دۆۋىلىرى بىلەن تولدى. يېزىلار بىلەن شەھەر ئارىسىدا قاتناش ئۈزۈلدى. شەھەر خەلقى ئەتىدىن- كەچكىچە ھويلا- ئارام، ئۆگزىلىرىدىكى كېچىچە ياغقان قارنى ئادالاش بىلەن ئاۋارە، دېھقانلار سوزۇلۇۋاتقان قاراڭغۇ قىشنىڭ دەستىدىن قوتانلىرىغا قامىلىپ ئۆگزىدىن كۆز ئۈزمەس بولۇپ قالغان. تۆت تۇياق مىلى بىلەن ئېچىرقىغان تۇخۇلىرىنىڭ غېمىدە، مالچىلارنىڭ قىشلاقلىرى قېلىن قار بىلەن كۆمۈلگەن، كۆزلەك ۋە مەيدانلارنىڭمۇ يوللىرى ئېتىلگەن، ماللار قىرىلماقچى، مالچىلار قاخشىماقتا، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم يوق. ھەتتاكى كۈنمۇ غىل- پال كۆرۈنۈپ قويىدۇ- دە، ئاق تۇتەك ۋە كۈلرەڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا يوقىلىدۇ، شاخلىرى قېلىن قارنىڭ بېسىمىدىن يەرگىچە ئېگىلگەن تېرەكلەرنىڭ ئۈچىدە شاخلىرىدا قاغا- قوزغۇنلار ئەنسىز ۋارقىرىشىپ تەبىئەتتىن زارلىنىۋاتقان ئادەملەرنىڭ غەم- قايغۇسى ئۈستىدىن كۈلۈشىدۇ. قېلىن مۇز ئاستىدا ياتقان ئىلى دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى شالاڭلاشقان توقايلىقلار ئارىسىدا سېغىنىزخان شاراقلاپ كېشىلەرگە ئېيتىمۇ «دەردى كۆپ مېھمان» — سۇ ئاپىتىنىڭ بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرمەكتە.

ئىلى ۋادىسى قار ۋە ۋەھىمە ئىچىدە.

1968- يىلى دېكابىردىمۇ ئىلى ۋادىسىغا قار ياغمىغان. كۈزگى بۇغدايلار مال ئېغىزى تەككەنلىكى ۋە قارا سوغ يەرنى چاك- چاك يېرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن كاردىن چىققان، شۇ سەۋەبلىك دېھقانلار ۋەھىمە ئىچىدە، شەھەر خەلقى بولسا توپلىغان كۆكتات زاپىسىنىڭ تۈگىگەنلىكى، ئايلىق ئۇن نورمىسىدا قوناق ئۇنىنىڭ ئاتمىش پىرسەنتتىن ئاشقانلىقى، بەش يۈز گرام ئايلىق گۆشىنىڭ ئورۇق كالا گۆشىگە ئايلانغانلىقى، بىرىنىڭ جىڭ مايىنىڭ كاپالەتسىزلىكى، بىر كىلو مايىنىڭ يەتتە يۈەنگە چىققانلىقى، شېكەرنىڭ يوقلىقى، ھاراقنىڭ تېپىلماسلىقى، رەخ بېلەتنىڭ ئازلىقى، كۆمۈرنىڭ قىسلىقى... قاتارلىق كۈندىلىك تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ئۈستىدە زارلانماقتا، ئىلىم ئەھلى ئىلىمنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى بىلەن ئازابلانسا، سىياسەت ۋە جامائەت ئەھلى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئۆزئارا ئىچكى ماجرا، ئەنسىزچىلىك ۋە رەسمىيەتچىلىك زەربىسىدىن بۇرۇقتۇم بولماقتا.

بىر ئايدىن بېرى ناھىيە تۇرمىسىنىڭ يىگىرمە تۆت كىشىلىك تار كامىرىدا، يېتىپ تېخى بەش كۈن بۇرۇن دۆملەكلىك قازاندەك قاراڭغۇ ماشىنىدا يۆتكەن بىر ماشىنا قوراللىقلارنىڭ يالىشى بىلەن كېچىدە ئوبلاستلىق تۇرمىگە يۆتكەلگەن ھاشىرنىڭ خىيال كەپتىرى ئىلى ۋادىسى ئۈستىدە پەرۋاز قىلماقتا. ئۇنىڭ خىيالى بىر

ئاي بۇرۇن ئۇزى كۇزدىن كەچۇرگەن يېزىلار، تاغ غوللىرىدىكى مالچىلار بىلەن بەنت. ئۇ خىيالىدا ئەترەت باشلىقلىرى بىلەن تەقسىمات، تىرىلغۇ، كەلگۇسى توغرىسىدا سۆزلىشەتتى. ئورۇقلۇقتىن يىتىپ قالغان قويلارنىڭ دۇمبىسىنى سىلايتتى، ئۇچ ۋاقلىقىغا تالقان يەپ، قىلىن جۇۋىغا ئوراۇنۇپ، ئىسلاشقان ئۇينىڭ ئۇڭگىلىكىگە قاراپ ئولتۇرغان مالچىنىڭ يىرىك قوللىرىنى چىڭ سىقاتتى ۋە باللىرىغا پىرەنىك تارقىتاتتى...

تۇمۇر ئىشىك ئىغىر ئىچىلدى. يەردىن يىرىم مېتىر كۇتۇرۇلگەن سۇپا ئۇستىدە قىستىلىشىپ يىتىشقان يىگىرمە نەچچە مەھبۇس كامىدا بىرىلگەندەك تەڭلا بېشىنى كۇتۇردى. ئاپتوماتنى خۇددى هازىرلا ئاتىدىغاندەك تۇتۇۋالغان يۇمۇق كۇز تورمە نازارەتچىسى چىقراق ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى:

— هاشىر!

هاشىر ئورنىدىن تۇردى.

— ماڭ!

ئۇ ماڭدى. پۇتۇن تۇرمىدىكىلەرنىڭ دىققىتى ۋە هۆرمىتىگە ئىگە ناهىيىلىك پارتكوم شۇجىسى پاكىز، قىردۇرۇلغان بېشىنى سىلاپ قويۇپ پۇرلاشقان كۇك شەپكىسىنى كىيىپ، توقۇلما ياقىلىق كۇك پاختىلىق چاپىنىنى ئۇستىدىن كەڭ رىمىنى چىڭ باغلاپ، باجىنگىر كىيگەن ئايىقىنى مەشىق قىلىغان ئەسكەرلەردەك جانلىق دەسسەپ ئىشىككە قاراپ ماڭغاندا ئۇنىڭ تۇرمداشلىرى قاپاقلىرى چۇشكەن هالدا ئۇنىڭ كەڭ ۋە مەزمۇت يەلكىسىگە قاراپ تۇرۇشتى. كامىرنىڭ تۇمۇر ئىشىكى قايتا ئىتىلىپ ئىغىر قۇلۇپ قايتا سىلىنغاندىن كىيىنلا بۇلۇڭدىكى تاهارەت تۇڭى يىنىدا — نەم يەردە ئەسكى مىشكاپ ئۇستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان ساقال ـ بۇرۇتى ئۇسكىلەڭ، دارداي كالپۇك مەھبۇس بىرىنچى بولۇپ كۇلدى:

— ئۇ نەمدى كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئەمدى مەن ياتىمەن، هى...هى...!

— مىدىرلىما، ئورنۇڭدا يات! — دېدى بىر يىگىت ئۇنىيگىغا قولىنى ئىلىپ، — ئۇ قايتىپ كىلىدۇ!

— ئۇنى چوقۇم ئاتىدۇ، — دېدى بايىقى دارداي كالپۇك بېشىنى گىلدىڭشىتىپ، — ئۇنىڭغا ئوق زايە، ئۇنى باغلاپ ئولتۇرۇش كېرەك!

— هايۋان! — دېدى بايىقى يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، — سېنىڭ ئاشۇ شۇم ئىغىزىڭنى داغلاش كېرەك!

— نېمە، سەنمۇ مەن بىلەن سىنىشىپ باقماقچىمۇ؟

دارداي كالپۇك ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ بىر كۇزىگە قان ئۇيۇپ قالغان، قاپىقى يىرىلغاندى. سۇپىدا ياتقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تەرەپ ـ تەرەپتىن توۋلاشتى:

— ئەمەت ئوغرى، سۇپىغا چىقساڭ دۇمباغا ئۇلىسەن!

— ئەمدى، سەنلەر ئىشىنىدىغان هاشىر توك يوق، ئاناڭنى!...

نەق شۇ چاغدا گۇندپاي ئىشىكنى ئاچتى. هەممە جىم بولۇپ قىلىشتى.

— نېمە بولۇشتىڭ؟ — گۇندپاي غەزەپلىك ۋارقىرىدى.

— ئەمەت ئوغرى يەنە جىدەل قىلىۋاتىدۇ!

— ئەمەت ئوغرى ماۋۇ ئۇڭگىنىمۇ ئۇكمىدى!

— ئەمەت ئوغرى يەنە هەددىدىن ئاشتى!

كۇپچىلىك ۋارقىراشتى، دارداي كالپۇك هىجايدى:

— هاشىر دىگىنى ئاخشام مىنى تۇردى، ئورنۇمنى تارتىۋالدى. مەن جىنايەتچى ئەمەس، تاپىسدا ياتمەيمەن، سەن پاسكىنا ئوغرى تاپىسدا ياتىسەن دېدى، ئورنۇمنى تۇرۇپ تارتىۋالدى، ئەمدى ئۇ يوق، مەن ئورنۇمدا ياتىمەن! — ئەمەت ئوغرى شىكايەت قىلدى. هېلىقى ياش يىگىت گۇندپايغا قاراپ يىلىنغاندەك ?ولۇپ قويۇپ:

— يالغان ئېيتىدۇ، ئۇنداق ئەمەس، هاشىر بۇ يەرگە كىرىش بىلەن ئەمەت ئوغرى ئۇنى مازاق قىلدى. «ئوغرى بىلەن شۇجى ئوپمۇ ئوخشاش.مانا قارا،سەن مىنى تۇتۇپ بىرىتۇيدىڭ، ئارقامدىن ئۇزەڭمۇ كىرىپسەن، كۇرسەن

سىنى ئاتىدۇ، مىنى قويۇۋېتىدۇ. بۇ ھۆكۈمەتكە ئوغرىلار دۈشمەن ئەمەس، ساڭا ئوخشاش شۇجىلار دۈشمەن. ھا،... ھا...ھا!... دەپ كۈلۈۋىدى ھاشىر بۇنى راسا ئۇچۇغدىدى. بۇ ئوغرى ھەممىمىزنى بوزەك قىلاتتى. ھاشىرنىڭ تۆمۈر مۇشتى بۇنى يۇۋاشلاتقان. مانا بۇ يەنە ئەدىگىلى تۇردى.

گۈندىپاي ئۇلارنىڭ گېپىنى خۇددى ھېكايە ئاڭلىغاندەك قىزىقسىنىپ ئاڭلىدى ۋە ئاخىر:

— ئەمەت ئوغرى، سەن مۇشۇ يەردە ياتسەن، ئەمدى جىدەل قىلساڭ قولۇڭغا كويزا سالىمەن! — دېدى تەرەت تۇڭىنىڭ يېنىنى كۆرسىتىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئوغرى جىمىدى. لېكىن تۈرمىنىڭ قىلىن تام ۋە تۆمۈر قاپقىلار ئىچىدىكى سوراقخانىسىدا ئېلىشىش ئەمدى باشلانغانىدى.

باش سوراقچى، ئىككى ياردەمچى سوراقچى، ئىككى خاتىرىلىگۈچى، بەش نەپەر قوراللىق مۇھاپىزەتچى ئېگىز، ئورۇق، قىڭغىراق بۇرۇن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان ئەمما سۈرلۈك ئادەمنى قورشىۋېلىشقان. ئۇلار جىددىيلەشكەن، سوئاللىرى تەرتىپسىز ھالدا جاۋابكارنى قىستىماقتا. جاۋابكار بولسا گويا ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ئۆز غېمىدا ئولتۇرغاندەك خاتىرجەم، ئېغىر بېسىق ۋە تەمكىن ئىدى.

خاتىرىلىگۈچى دەپتىرىگە «1969 - يىل 12 - ئاپرېل، بىرىنچى سوراق» دېگەن خەتنى يازدى - دە، ئاخىرىغا: «جاۋابكار ھاشىر، ئەر، ئۇيغۇر، ئوتتۇز يەتتە ياش، ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ غول ئونسۇرى...» دېگەندەك خەتلەر يېزىلدى.

سوراقچىنىڭ بىرىنچى سوئالى:

— جاۋابكار ھاشىر، سەن پارتىيىمىزنىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن.

— دەپ باقە؟

— بىرمۇ دۈشمەننى قالدۇرۇپ قويماسلىق، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ۋابال قىلماسلىق!

— سىنى قولغا ئېلىش دەل، توغرا بولغانمۇ - يوق؟

— يۈز پىرسەنت خاتا بولغان!

— جاھىللىقنىڭ ئاخىرى نېمىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئاخىرى غەلىبىگە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىمەن!

— سەن چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ جەمئىيەتتىكى بىر تۈچۈم ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئاكتىپ ھەرىكەت قىلغان جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان ئەكسىلئىنقىلابىي كاتتىباشسەن. سېنىڭ ھەممە جىنايى ماتېرىياللىرىڭ قولىمىزدا، سەن مۇتىھەملىك بىلەن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلالمايسەن. تۈلۈم ياكى ھايات يولىنى تاللىۋېلىش ئۆزۈڭگە باغلىق. قېنى ئېيتقىنا، تولۇغ داھىمىز ماۋجۇشى دۇيۇمىن قاتارلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا يازغان بۇيرۇقىدا نېمىلەرنى دېگەن؟

— ئۆزۈڭلەر ياد بىلىسىلەرغۇ!

— ئالىي يوليورۇقنى ياد ئوقۇشتىن باش تارتتىڭ - ھە؟

— ياق، ئۆزۈمنى گومىنداڭچىلارغا ئوخشىتىشتىن باش تارتتىم!

— سەن دۈشمەنمۇ ئەمەسمۇ؟

— مەن پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى!

— دۈشمەنسەن!

— مەن دۈشمەنلەرنىڭ دۈشمىنى!

— سېنىڭ دۈشمىنىڭ ۋەتەن، پارتىيە، خەلق!

ھاشىرنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، لەۋلىرى تۆمۈردەك كۆكىردى. ئۇ ئورنىدىن ئىختىيارسىز سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىرىماقچى، يوغان مۇشتۇمى بىلەن سوراقچىنىڭ ئالدىدىكى جوزىغا ئۇرماقچى بولدى. ئۇ جالاقلاپ تىترەپ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىشىغا ئىككى قولىغا تۈت مۇھاپىزەتچى ئېسىلدى. تۆت ئادەم ئۇنىڭ قاۋۇل قوللىرىنى تەستە قايرىدى - دە، گەجگىسىگە ئاپىرىپ بىرىنچى باغلاقتا باغلىدى. ھاشىرنىڭ نەپىسى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىدىن ئاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم باغلانماقتا، خارلانماقتا. ئۇنىڭغا ئازاب تۇيۇلغىنى جىنىنىڭ ئاغرىشى ئەمەس،

بەلكى سوراقچىنىڭ ئاخىرقى ھاقارىتى. ھاشىرغا دۈشمەن قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان ئۇ ئۈچ ئىسىم ئۇنىڭ ھاياتى، جېنى، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ، ئارمان قىلغان ئىشىنىڭ كۈچ ـ كاپالەت مەنبەسى. ئۇ شۇلار ئۈچۈن تۇغۇلغان، شۇلار ئۈچۈن ياشايدۇ. ئۇلارسىز ياشاش ھاشىر ئۈچۈن ئۆلمەكتىنمۇ ئازابلىق. ئۇ نېمىلا قىلمىسۇن ۋەتىنى، پارتىيىسى ۋە جانجان خەلقى ئۈچۈن قىلىشقا ئەدەتلەنگەن. ئۇ نەدىلا بولمىسۇن ئۆزىنى شۇنىڭ ئۈچۈن قەرزدار ۋە مەجبۇرىيەت ئىگىسى دەپ تونۇپ كەلگەن. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىرەر ئىنساندىن بۇ خىل ھاقارەتلىك گەپنى ئاڭلايمەن دەپ ھەرگىزمۇ ئويلىمىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ساداقىتى ھېسابىغا بۇ خىل ئاھانەتنىڭ ئىنئام بولۇشىنى زادىلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن...

ئۇ ئۇزاق ئۇخلاپ ئويغانغاندەك ھوشىغا كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئاياق يېگەنلىكى، قانچە ۋاقىت ئىېسىلغانلىقى، نەم يەردە قانچىلىك ۋاقىت ياتقانلىقىنى ئەسلەشنى خالىمايتتى. ئۇ ئۈچ مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆپە پەنجىرىدىن گىرسەن ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا قار ئۇچقۇندىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە قار بىلەن چۆمكەلگەن كىچىك، پاكار ياغاچ ئۆيلەرگە تىقىلىۋالغان چارۋىچىلار، ئېگىزىسىدىن ياغاچ گۈرجەك بىلەن قار تاشلاۋاتقان كورەك جۈۋىلىق قىرى تاغىسى، مەھەللىسىدىن يىراقتىكى مەكتەپكە كولتۇك قاردا تەستە مېڭىپ كېتىۋاتقان، قۇلاقلىرى خوراز تاجىسىدەك قىزارغان قىزچاق، شۇرغان ھۇۋلاۋاتقان دەريا بويى... تەرەپلەرگە كۆچتى. ئۇ شۇ يەرلەرگە بېرىشقا تەشنا، ئورۇنسىز قاملىپ، قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ زايە كېتىۋاتقىنىغا رەللى بولاتتى.

ئۇ كامېر تۈگۈلۈكىدىن كۆزىنى يېنىغا يۆتكىدى. ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا چىرايلىق بىر يىگىت مۇخۇركا چېكىپ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇپتۇ:

— قانداقراق ھاشىر ئاكا، — دېدى يىگىت مىيىغىدا كۈلۈمسىرەپ، — پۇتلىرىڭىز ساقمىكەن؟

ھاشىر پۇتلىرىنى قىمىرلاتتى ۋە يىگىتكە قولىنى سوزدى. يىگىت ئۇنىڭ يوغان قوللىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇۋېلىشىغا ياردەملەشتى.

— بېشىم ئېغىر، — دېدى ھاشىر داكا بىلەن تېڭىلغان بېشىنى ئېغىتىپ، — مېڭەم قوزغالمىغان بولسىلا مەيلىدى!

ئۇ موخوركا ئوراۋېتىپ ئۆزىچە سۆزلىدى:

— ئۆتۈپ كېتىدۇ. پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ. بىزنىڭ قايسىمىز ۋەتەن، خەلق، پارتىيە دەيمىز. قايسىمىز دېمەيمىز بۇنى نەلۋەتتە ئايرىيدۇ!

— نېمە دەۋاتىسىز ئاكا؟ — دېدى يىگىت كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — بىزنى بۇ تۈرمىگە ئەكىلىپ قامىغان شۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغۇ؟ سىز تېخىچە بۇ ئىنقىلابتىن ئۈمىدتىمۇ؟

— بولمايچۇ؟ ھاشىرنىڭ چىرايى تۈتۈلدى، — سەن نېمە ئادەمسەن؟ مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشىمۇ سەن؟

— مېنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا قارشى تۇردۇڭ دەپ سولىغان تۇرسا؟

— نېمە دەپ قارشى تۇرغانسەن؟

— مەسچىتنىڭ پەشتىقىنى بۇزغانلارنى رەگەتكە بىلەن ئاتقانمەن. كېيىن مېنى تۇتۇۋالغاندا ئاساسي قاتلامنىڭ جۇرنىنىڭ تۆت چېشىنى بىر باش بىلەن قومۇرۇۋەتكەن.

— يەنىچۇ؟ — ھاشىرنىڭ چىرايى سەل ئېچىلدى، — باشقى ئوخشىمامسەن؟

— يەنىمۇ؟ — دېدى يىگىت كۈلۈپ قويۇپ، — قىزىل قوغدىغۇچىلار مېنى تۇرغىلى تۇرغاندا «بۇ ئىنقىلاب ئەمەس، بۇلاڭچىلىق!» دەپ ۋارقىرىدىم.

— ۋارقىرىغىنىڭ قاملاشماپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە ئىنقىلاب. ئىنقىلابنى ھاقارەت قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ، دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئىنقىلاب؟

— شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا ئوخشاش ناھىيە شۇجىلىرى، لىۋشاۋچىدەك دۆلەت رەئىسلىرى، ماڭا ئوخشاش ئىسلام ئاچقۇچىلار بىلەن بىر تۆيگە سولىنىۋاتىدۇ ـ دە!

ئورۇن كۆرپىسى ئۈستىدە سۇنايلىنىپ ياتقان، قاڭشالىق، ساقىلى تولىمۇ قويۇق ۋە ئۇزۇن، يەلپۈگۈچتەك كورۇنىدىغان مەزمۇت گەۋدىلىك ئادەم

تەنە بىلەن ھىجىيىپ قويدى.

— سەن نېمە دەپ بىلجىرلايسەن ئاكا! — ھاشىر ئۇنىڭغا ھازىرلا تاشلىنىدىغاندەك ئەلپازدا ھۆمىيىپ قارىدى، — ئىسلام ئاچقۇچى ئىكەن تېخى! خەلقىمىزنىڭ بەدىنىدىكى مەرەز سەن، ئۆزۈڭنى مەن بىلەن قانداق سېلىشتۇرالايسەن؟ مەن سۈيىقەستكە ئۇچرىغان پاك كوممۇنىستمەن!

— بىلمەن، راست كەم ئۇمۇنسەن!

ھاشىر ئۆزىنىڭ قانداق سەكرەپ تۇرغىنىنى، ھېلىقى بومبا ساقاللىقنىڭ كانىيىدىن بوغقىنىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. ئۇنىڭ قوللىرىنى ئۈچ ئادەم قارىشتۇرۇپ ئاجراتتى. بوۋاي قانىغان بۇرنىنى كىر ياغلىق بىلەن ئېرتىپ كۈلۈپ ئولتۇراتتى:

— قويۇپ بېرىڭلار، بەربىر بىزنى ئاتىدۇ. ئۇقتا ئۆلگىنىمدىن شۇجىنىڭ تىرناقلىرىدا ئۆلگىنىم ئوبدانراق، — دېدى ئۇ ئاچچىق تەنە بىلەن، — سىزنى بىلىمىز، سەن تۈرمىگە كىرگەن كۈنۈڭلا بىلىپ بولغان بىز. ساڭا ئوخشاش ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدىغان سىياسىي جىنايەتچىنىڭ مۇشۇ ئۆيگە كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتۇق.

ھاشىر گەپ قىلمىدى. توغرىسى ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەك ھالى يوق، بېشى قېيىپ، پۈتۈن بەدىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە كۆيۈپ ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ تونۇغۇن قېنىچىلىك قاتتىق تاياق يېگىنىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئاغرىقى كۈچەيگەنسېرى ھېلىقى بومبا ساقال زەھەردەك ئاچچىق تىل بىلەن ئۇنىڭ نېرۋىلىرىغا ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى:

— يەر تەۋرەش باشلاندى، — دەيتتى چاڭگا ساقال، — سېنىڭ ئىشەنگەن پولات تاملىق قەسرەڭ قىڭغايدى. ئۇ، گۇم بولىدۇ. سەن قوتۇر كۈچۈك بۇ تاملارغا تىرەك بولالايتتىڭمۇ؟ بىز شەيخۇلئىسلامنىڭ غازاتچىلىرى ئاي يۇلتۇزلۇق ئىسلام بايرىقىنى ئۆز يېزىمىزنىڭ ئاسمىنىدا لەپىلدىتىمىز. بىزنى ئاتىدۇ. ئەمما بىزنىڭ ئادەملىرىمىز جاھاننى قاپلىغان. سىلەرنىڭ تىلىڭلار بىلەن ئېيتقاندا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە بار. سەن ئەخمەق، دۈشمەننىڭ بىلەن ئۆز ئادىمىڭنى پەرق قىلالمايسەن تېخى، پېشىمدا ناماز ئوقۇشنىڭ ئورنىغا كانىيىمغا قول سالدىڭغا. قالغان تارتقۇلۇقۇڭنى ۋەيلۇندا تارتىسەن تېخى!

ئەتىسىدىن باشلاپ ھاشىرنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىششىپ ـ كۆكىرىپ، قىزىپ كەتتى. ئۇ ھېچنېمە يېمەي ـ ئىچمەي، كۆزىنىمۇ ئاچماي سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. ھېلىقى ياش يىگىت ئۇنىڭ پېشانىسىغا لۆڭگە قويۇپ ھالىدىن خەۋەر ئالدى. ھاشىر جۆيلۈيتتى، ئۇ بىرلىرىنى چارقىراتتى، بىرلىرىنى تىللايتتى. تورۇپ ـ تورۇپ ئازاب بىلەن كۈلۈپ قوياتتى. بەزىدە يوغان كۆزلىرىنىڭ چاناقلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلەتتى. كامىردىكى قالغان ئۈت كىشى — ھېلىقى چاڭگا ساقال بوۋايدىن باشقىلىرى — تىنىمسىز ھالدا ئېغىزلىرىنى مىتىلدىتىپ قۇرئان ئوقۇيتتى. يالغۇز، چاڭگا ساقال بوۋايلا پات ـ پات:

— ئۇ تېخى جان ئۈزمىدىمۇ؟ ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئالدىراش ئوخشىمامدۇ، ئۇ ياكى بىرىگە تارتىشامدۇ؟ — دەپ قوياتتى.

— ئەلا، رازىيە دېگەنلىرى كىمىكى، باللىرىمدۇ ياكى ئايالى بىلەن دوستىمدۇ، پات ـ پات شۇلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرىدىغۇ؟

— بۇنىڭ خوتۇن، بالىسى يوق، — دېدى بومبا ساقال، — مەن بىلمەن، ئەلا دېگىنى بۇنىڭ دوستى ـ شېرىكى، ئۇنىڭ ھەممە شېرىكلىرى تۇتۇلغان، يالغۇز شۇ ئەلا دېگىنىلا تۇتۇلماپتۇ.

— سىز نەدىن بىلىسىز؟

— بىزنىڭ تەشكىلاتتىن بىرى مۇشۇ ئەلا دېگەننى چېكىپ كۆرگەن. ئۇ جازالانغان، بىلىملىك ئادەم. بىز ئۇنى ھۆكۈمەتكە قارشى ئادەم ھېسابلاپ تەشكىلاتقا تارتىش ئۈچۈن سىناپ باققان ـ دە!

— ھە، سىناقتىن ئۆتتىمۇ؟

— نەدىكىنى! ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىزىلباش، ۋەتىنىم، خەلقىم دەپ سۆزلەيدىغىنىدىكەن، بىزگە لازىمى بۇ ھۆكۈمەتنى چىش ـ تىرناقلىرى بىلەن تالايدىغان، دىنغا، مىللەتكە سادىق ئىسلام ئەھلى [illegible]

— ئەمدى سىلەرنى ئاڭلىدۇق. تەشكىلات قۇرغىنىڭلارغا ئىقرار قىلىسىلەرغۇ. ھە، دۆلەت بايرىقى، دۆلەت قانۇنى دېگەنلەرنىڭلارنىمۇ تاپشۇرۇپسىلەرغۇ؟ — ياش يىگىت بوۋاينى مازاق قىلىپ كۈلدى.

— بۇلارنى سەن نەدىن بىلدىڭ؟ سەن بىزنىڭ ئىشىمىزنى نېمىگە سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىسەن؟ خەپ توختا، مەن سېنى ئۆلتۈرگۈزىۋەتمىسەم!

بومبا ساقال قاتتىق ئاچچىقلاندى.

بىر ھەپتىدىن كېيىن ھاشىر ھوشىغا كېلىپ غىزالاندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆز چاناقلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ بۇرنى قىڭغىراقتەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ گەز باغلىغان لەۋلىرىنى ئەستە مىدىرلىتىپ چىرايلىق يىگىتتىن سورىدى:

— ئىنىڭ نېمە ئۇكام؟

— رەخمەتجان.

— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

— يىگىرمىگە.

— ئوقۇغانمۇ؟

— تولۇقسىز ئوتتۇرىنى تۈگەتكەن.

— نېمە ئىش قىلىسەن؟

— چورنىك. دادام ئىككىمىز ئۆيدە دۇكان ئېچىپ خۇرۇم چىگىرىن ياساپ، شلىيا ـ قامۇت، ئېگەر ـ جابدۇق تىكەتتۇق. قىزىل قوغدىغۇچىلار دۇكانلىرىمىزنى چېقىپ سۇندۇرۇپ، خۇرۇم ـ چىگرىنلىرىمىزنى بۇلاپ كېتىپ ئون بىر جان ئادەمگە جان باققۇدەك يول قويمىدى. مەن تۇرمىگە كىرگەندىن كېيىن دادىلارنى نىلقا ناھىيىسىگە تاغ ئىچىگە چۈشۈرۈۋېتىپ ئۆيىمىزنىمۇ تارتىۋاپتۇ.

— بۇلار توغرى ئەمەس، رەخمەتجان سەۋرى قىلايلى، ۋەزىيەت ئۆزگىرىدۇ. جاھان بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشى بولىدۇ. پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابي ئاخىرلىشىشقا ئاز قالدى. ئىنقىلابي كومىتېت قۇرۇلدىغۇ، ئەمدى بىزنىڭ ئۆز ھۆكۈمىتىمىز ھوقۇق يۈرگۈزىۋاتىدۇ دېگەن سۆز. بىز يېقىندا تۈرمىدىن چىقىمىز. بىزنىڭ تۈرمىمىزغا بىزگە قەست قىلغانلار قامىلىدۇ. مەن چوقۇم يەنە پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلەيمەن. شۇ چاغدا سېنىڭ ئاتا ـ ئاناڭنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۆيىڭنى، مۇسادىرە قىلىنغان مۈلكىڭنى قايتۇرۇپ بېرىپ زىيانلىرىڭنى تۆلىتىپ بېرىمەن. سەن ئىشەنگىن، بۇ ۋاقىتلىق ئوقۇشماسلىق، بىزنى ئاقلايدىغان ئادىل ئادەملەر ناھايىتى كۆپ. ئالدى بىلەن داھىمىز ماۋجۇشى ئۆزى بىزنى ئاقلايدۇ.

— ئۇ كىشى بېيجىڭدا تۇرسا.

— ئۆزى بېيجىڭدا بولغىنى بىلەن يولىيورۇقى، سىياسىتى كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيىنى بۇلاپ ـ تالىغانلارمۇ بىز ماۋجۇشىنىڭ يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتىمىز دېيىشىپ، ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۆزۈندە ئوقۇغانتىغۇ ئەمەسە؟

— ئۇ چاغدا خاتا لۇشيەننى ئىجرا قىلغۇچىلار داھىمىزنىڭ يوليورۇقلىرىنى بۇرمىلىغان. لېكىن پارتىيىمىز بۇ خاتا خاھىشنى ۋاقتىدا تۈزەتتى.

— ھازىرچۇ؟ تۈزەتكەن بولسا يەنە نېمىشقا دادىلارنى قايتۇرۇپ كەلمەيدۇ. بىزنى نېمىشقا قويۇپ بەرمەيدۇ؟

— سەن ئىشەنگىن، چوقۇم قويۇپ بېرىدۇ. ئىنقىلاب يولى ھامان ئەگرى ـ توقاي، بوران ـ چاپقۇنلۇق بولىدۇ. ماھىيەت بىلەن ماھىيەت بولمىغان نەرسىلەر، ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىم ئايرىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. لېكىن رەخمەتجان، ئىشەنگىن، كەلگۈسى پارلاق، گۈزەل!

ئۇ بۇ ئاخىرقى سۆزى بىلەن رەخمەتجاندىنمۇ كۆرە ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكتە، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە تەلپۈنگەن يۈرىكىنى سەۋر ـ تاقەت ۋە غەيرەت ـ شىجائەتكە ئۈندىمەكتە ئىدى. مۇشۇنداق چاغدا كۆڭۈل ئارزۇسىنى كىچىكلىك تىل بىلەن ئىپادىلەيدىغان شېئىر مىسرالىرى ھەجەپ زورۇر ئىدى، لېكىن ھاشىر شېئىر يادلاشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. ئۇ ئەلانى ئەسلىدى، ئۇ بولغان بولسا قانداق ئاجايىپ مىسرالارنى يادلىغان بولاردى ـ ھە؟

ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىدا يادلىۋالغان مىسرالىرىدىن ئۆز ھېسسىياتىنى

ئىپادىلىيەلەيدىغانلىرىنى ئاقتۇرۇپ كۆردى:

تېگىرقىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالىي تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرگەن بۇ بىلەكلەرنى.
مەرد باغۋەن غازاڭ قىلماس، ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيەسىز سۇلدۇرۇپ گۈل - چېچەكلەرنى!

— باغۋەنىنىڭ گۈل - چېچەك تۇگۈل، يۇمران مايسىلارنىمۇ تۇگەتتى، يەنە نېمە دەپ باغۋەننىڭ تىلغا ئالىسەنەي!

ھاشىر بوۋايغا ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە، گەپ قىلمىدى. بوۋايمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي ياماۋاتقان چاپىنىنى تىزىغا قويۇپ ئۇھ تارتتى - دە، ساقىلىنى تاتىلاپ خىيالغا پاتتى.

ھاشىر ئۆزىنىڭ سول يېنىدا ياتقان كەم سۆز، ياماندىن باش كۆتۈرمەيدىغان قارا ساقال ئادەمدىن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلدى: ئۇلار بىنەمگە چىقىپ قۇربان ھېيت نامىزىنى يوشۇرۇنچە ئوقۇۋاتقىنىدا بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ياشلار ئۇلارنىڭ قۇرئان، سەللىلىرىنى تىيىپ - يىرتىپ كۆيدۈرۈپتۇ. ئۆزلىرىنى باغلاپ - ئۇرۇپ كوچا چۆگىلىتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جىنىدىن جاق تويغان بۇ ئىسلام دىنىي مۇخلىسلىرى كونا قەۋرىستانلىق ئىچىگە توپلىنىپ خۇدا يولىدا جەڭ قىلىپ ئۆلۈشكە قەسەمياد قىلىشىپتۇ ۋە «شەيخۇلئىسلام» ناملىق تەشكىلات قۇرۇپتۇ. ئۇلار تېخى ئەمدىلا ھەرىكەت باشلىشىغا بىر دېھقان يىگىت ئۇلارنى پاش قىپتۇ-دە، يىغىن ئېچىۋاتقان يېرىدە ھەممىسى بىراقلا قولغا چۈشۈپتۇ.

— چۈمۈلىنىڭ دەرەخنى لىڭشىتىشى دېگەن شۇ، — دېدى ھاشىر ئوڭ تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ يېتىپ، — بۇلارغۇ جىنايەتچى ئىكەن، بىزچۇ؟ بىز نېمىشقا بۇلار بىلەن بىر كامېرغا سولاندۇق؟ بىزنىڭ قىلمىشىمىز نېمە؟ مېنىڭ دېھقانلار تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، خەلق گۈڭشېلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ماۋجۇشىغا يازغان ھېلىقى خېتىمنى بىرى قولغا چۈشۈرۈپ بۇرمىلىغانمىدۇ؟ ئۇلار مېنى ئەكسىلئىنقىلابچى دېيىشىنلا بىلدى، قىلمىشىمنى ئېيتمىدى،

مەن زادى نېمىلەرنى خاتا قىلدىم؟ ياكى ھېلىقى ئوسمانلارنىڭ «ئادۋوكات» دېگەن تەشكىلاتىدىن چاتاق چىقىپ، ئۇقۇشماي مېنى تۇتۇپ يۈرىشەمدۇ؟ لېكىن ئۇ تەشكىلاتمۇ تارقالغىلى بىر يىل بولدىغۇ! . . .

ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتۇلغان كۈنىنى ئەسلىدى: شۇ كۈنى ئۇ «شەرق قىزاردى — 75» دىن ئۇنى ئېلىپ تاغ ئېغىزىغا يول ئېچىشقا باردى. كەچكىرگىچە قار كۆرىگۈچىلەر بىلەن بىللە بولدى. كەچتە چانا بىلەن قايتىپ كېلىپ سىياسىي كومىسسارغا چارۋىچىلارنى قۇتقۇزۇشنىڭ تەييارلىق ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. ئۇ ياتىقىغا قايتىپ چىقىپ ئەمدىلا ياجىنىگىرىنى سېلىپ پايپىقىلىرىنى قۇرۇتماقچى بولغاندا دېرىزىسىگە يالت - يۇلت قىلىپ قول چىرىغىنىڭ نۇرى چۈشتى. ھاشىر ھاراقكەشلەر كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئىشىكنى يوغان ئېچىشىغا ئۆيىگە ئىككى دانە يېرىم ئاپتوماتنىڭ ملتىقىنىڭ ستۋولى كىردى - دە، ئۇشمۇئۇشتىن:

— قولۇڭنى كۆتۈر! — دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى ۋە ئىشىك دېرىزىلەردىن قوراللانغان ئادەملەر كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ھاشىرنىڭ قولىغا كويزا سېلىپ ئۇرۇن كۆرپىسىنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ياتاقتىن چىققاندا ھاشىر ئۇگزە، ھويلا، دەرۋازىلاردىكى تىكلەكلىك پىلىموت، تەگلەكلىك ئاپتومات - ملتىقلارنى كۆردى، ھېچكىم ئۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ئۇنى كىچىك ماشىنىغا ئولتۇرىپ كىرگۈزۈپ ئىككى يېنىدا ئىككى نەپەر يالىڭاچ تاپانچا تۇتقان يىگىت، ئالدىدا ئاپتومات بىلەن قوراللانغان بىر يىگىت قورال تەگلەپ ئېلىپ ماڭدى. ھاشىر ئالدىدا بىر ماشىنا كەينىدە بىر ماشىنا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ناھىيە تۈرمىسىگىچە بىللە ماڭغانلىقىنى كۆردى. «نېمانچە سۈرلۈك، — دەپ ئويلىغانىدى ھاشىر ئۇ چاغدا، — ماڭا بىرلا ئادەم كۇپايە ئىدىغۇ، مېنى تولىمۇ دەھشەتلىك دۈشمەن ھېسابلىغان ئوخشىمامدۇ؟...» ئۇ چاغدا گەرچە ئۇنىڭ تۇتۇلۇشى ۋەھىملىك بولسىمۇ ھاشىر زادىلا قورقمىغان: چۈنكى ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئۇقۇشماسلىق ئىكەنلىكىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. ئۇ قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەرگە

يېقىملىق كۈلكىسى بىلەن تىكىلىپ قاراپ ئۆزىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، ئۇلارنىڭ خاتالاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغانىدى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىمىدى.

ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلدى. كامىردىكىلەر ئىشىككە قاراشتى. ئىككى نەپەر تۈرمە مۇھاپىزەتچىسى كىردى ـ دە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ۋارقىرىدى:

— شامال يېيىشكە! — دېدى بىرى ئۆيغۇر تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ.

— فاڭ فىڭ! — دېدى يەنە بىرى ئەستە كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتۇپ.

سىياسىي مەھبۇسلارنى ئادەتتىكى مەھبۇسلاردىن ئايرىم جايدا ھاۋالاندۇرىدىكەن، ھاشىرنىڭ بىرىنچى قېتىم سىرتقا چىقىشى بولغاچقا سوغۇق، لېكىن، يېقىملىق باھار ھاۋاسى بۇرنىغا ئۇرۇلغاندا ئۇنىڭ بېشى ئايلاندى. قۇياش تازا چىڭقى چۈش بولغان. سۈزۈك ئاسمان ئاجايىپ يېقىملىق ۋە سىرلىق، ئېگىز تېرەكلەرنىڭ شاخلىرىدىكى كۆزنى چاقنىغان سۈزۈك قارلا ئۇنىڭغا كەڭرى ئىلى ۋادىسىنى، سىرلىق تاغ ئېتەكلىرىنى، چەكسىز بىنەملىكلەرنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭ جۇدەڭگۈ، خارلانغان يۈزىگە سېخى قۇياش نۇرىنى تۆككەندە ئۇنىڭغا ھايات، ئەركىنلىك، ئىنسانىي غورۇر شۇنچىلىك قىممەتلىك بىلىندىكى ئۇ ئۇرغۇن چاغلاردا ئۆزىنىڭ بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى قەدىرلىمىگەنلىكىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلدى. نېمىشقا ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ بەختىگە سەل قارىدى؟ نېمىشقا رازىيەنىڭ مۇھەببىتى، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى ئالدىدا مەردانىلىق بىلەن پەيدا بولمىدى؟ قىز ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغان ئاشۇ چاغلاردا ئۇ نېمە ئۈچۈن سەزنىشى قەيسەرلىككە بېرىلىپ ئۆزىگە ئەمەلنا قويۇپ كېرىلىپ گۈزەل ياشلىقنى سوغۇق چىراي كۆتۈۋالدى؟ ھاياتتا بىرلا قېتىم بولىدىغان ئۇ دەقىقىلەر ئەمدى تەكرارلىناتتىمۇ؟ ئەلانى نېمىشقا ھەدىسىلا ئەيىبلەۋەردى. ئەمدى نېمىشقا ئەق ئاشۇ «ئەيىبلىك» ئاغىنىسى ھەدىسىلا كۆز ئالدىغا كېلىۋالدۇ؟ ئاۋادا ھاشىر گۈزەللىكتىن ئەيىبلىكتىن نۇرمۇشتىن، — قۇياش نۇرى بىلەن گۈزەل تەبىئەتتىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلىپ مۇڭلۇق سېسىق، چۈشا ـ بۈرگىلىك، قاراڭغۇ زىندانغا تاشلانمىغان بولسا ئۇ ھايات، تەبىئەت، قۇياش ۋە ئىنسانىي مۇھەببەت توغرىسىدا شۇنچىلىك ئىچكىرىلەپ ئويلىمىغان، ئۆز ئەيىبلىرىنى بۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلىمىغان بولاتتى.

— ھاشىر ئاكا، — دېدى رەخمەتجان دۈپىدۈگەلەك، قوي كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ھاياجان بىلەن، — مەن ئاۋۇ ئىشىكتىن چوڭ ھويلىغا قايناقسۇ ئەكىرىشىپ بەرگىلى ساقچى بىلەن بىللە چىققانىدىم. قايناقسۇ ئېلىۋېتىپ چىرايلىق بىر ئايالنى كۆردۈم. ئۇ ئايال ماڭا ئېگىشىپ يېقىنلاپ «مەن رازىيە، ھاشىرغا سالام دەڭ» دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى.

— رازىيە! — دېدى ھاشىر ھاياجاندىن كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — تېخىچە چىقماپتىمۇ؟ ھە، يەنە نېمە دېدى؟

— مېنىڭ ئىسمىمنى ۋە ئادرېسىمنى سورىدى، ئېيتىپ بەردىم. ئۇ ئايال خېلى ئەركىن ئوخشايدۇ!

— ئۆزى قانداقراق؟

— چىرايلىقكەن، بولۇپمۇ كۆزلىرى، لېكىن چېچى ئاقىرىپ قاپتۇ.

ھاشىر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۆياقتىن ـ بۇياققا ماڭدى. ئۇ ھازىرلا مۇسابىقىگە چۈشىدىغان ئەنتەربىيىچىدەك جانلاندى. ئۇنىڭ رازىيەنىڭ ئىسمىنى تۇۋلىغۇسى، ئاخشا ئېيتقۇسى، بارلىق تارتقۇلۇقلىرىنى ئۇنتۇپ قاقاقلاپ كۈلگۈسى كەلدى. لېكىن ئۇنىڭغا يول يوق، چۈنكى بۇ تۈرمە.

4

گۈزەللىكاي ھالقىسىنى سېتىپ ئۆت ئاي قىشنى يېمەك ـ ئىچمەكتىن ئانچە قىينالماي چىقىرىۋالغانىدى. مانا مارت ئېيى كىرىپ، قار سۇلىرى ئۆگزىلەردە چوكا مۇز پەيدا قىلىپ ئېرىپ ئېقىشقا باشلىغان كۈنلەر كېلىۋىدى قىرىشقاندەك نە ئۇنى نە مېيى قالماپتۇ. ئوغلى ئەتىگەندىن بېرى ناننىڭ غەلۋىسىنى قىلىپ ئۇنىڭ ئېخىمۇ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋەتتى. ئۇ ئوغلىنى يېتىلەپ دائىم نان ئالىدىغان تونۇش ناۋايىنىڭكىگە ئامالسىز قۇرۇق قول بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

ناۋايخانىدىن پۇرقىراپ ھور چىقماقتا. ئۇچرەتتە تۇرغان ئادەملەر كۆپ، ئۇلار قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، قاراڭغۇ قىشنىڭ ئاخىرقى سوغۇقلىرى بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. مانا ئۇچرەت گۈزەلئايغا كەلدى. ئۇ تونۇش ئۇستامغا قاراپ قويۇپ بىر كىلو ئاشلىق بېلىتىنى سۇندى. بىر كىلو بېلەتكە بەش نان كېلىدۇ، بەش نان ئۈچۈن يەتمىش بەش تىيىن تۆلەش كېرەك. ئۇستام ئايال كىشىنىڭ ئىللىق قارىشىدىن ئەھۋالنى چۈشەندى - دە، ئىسسىق قولى بىلەن بېلەتنى ئالغان بولۇپ گۈزەلئاينىڭ مۇزدەك قولىنى قىسىپ قويۇپ بەش ناننى ئۇتقۇزدى. بالا خۇشال بولۇپ يېرىم ناننى ئۈشتۈپ يېيىشكە باشلىدى. «قۇرۇلۇشلاردا ئىش باشلاشقا تېخى بىر ئاي بار، — دەپ ئويلىدى گۈزەلئاي پوكىۋاي ياغلىقىنى كۆزىگىچە چۈشۈرۈۋېلىپ، نان سېلىنغان سومكىسىنى كۆكۈلسىزلا پۇلاڭلىتىپ، — بىر ئايغىچە نېمىنى خىراجەت قىلارمەن. ئۆتكۈزىدىكى قار ئېرىگىلى ئۇردى. قىشتىن بىرى بىرەر قېتىم قار ئادالمىدىم. كىمگە يىلىنسام بولار. ئەر خەق دېگەنىنىڭ قانداقىغا چىراي ئاچسا شۇسى ئادەمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارايدىكەن، ئەلى تېزراق چوڭ بولسىمىغۇ، ئوغلۇم قاچانمۇ ئاناڭنى غەمدىن قۇتۇلدۇرارسەن...»

ئۇ ناۋاينىڭ كىچىككىنە ياخشىلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ بەدىنىدىن ئۆز ھالاۋىتى ئۈچۈن نەپ ئىزدىگىنىگە غەزەپلەندى. دۇرۇس، گۈزەل ئايالنىڭ سوغۇق قولىمۇ بىر ئەرگە زور راھەت بېغىشلىيالايدۇ. لېكىن ئۇ ئەر بولغۇچى ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلىغۇچىنىڭ بۇ بەدىلى ئۈچۈن ئازاب چېكىدىغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمىدى؟ بولۇپمۇ گۈزەلئايدەك نازۇك، ھېسسىياتچان ئاياللار تېخىمۇ شۇنداق. ئۇ دائىم دوستلىرىغا: «مەن دۇنيادا ئەڭ يېرگىنىدىغان نەرسە ئەرلەر، ئۇلارنىڭ ھەر قانداقىدىن يېرگىنىمەن نېمىشقا دېسەڭلار، ئۇلار ئۆز نەپسى ئۈچۈن سىزنىڭ مەيلىڭىزنى بىر تىيىنسىز قىلىۋېتىدۇ. بۇ قىلىقى بىزنى ئادەم كۆرمىگىنى» دەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەلادىن ئايرىلغاندىن بېرى ئەرلەرگە ھاجەتمەن بولۇپ يىلىندى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەلەپلىرىگە سوغۇق جاۋاب بەردى. ئەرلەر جەمئىيەتتە باشقۇرغۇچى، يارىتقۇچى ۋە قوغدىغۇچى ئىكەن بىر ئايالنىڭ ئۇلارغا ھاجىتى چۈشمەي قالمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەرلەر يەنە شەخسىيەتچى، خىيانەتچى، بۇلاڭچى ئىكەن، ئاياللار ياشاش ئۈچۈن گاھىدا ئۆزى، يامان كۆرىدىغان ئادەملەرگە يىلىنىشقا، گاھىدا ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان ئادەملەرگە ئالىيشقا مەجبۇر بولىدىكەن... ئۇ بەش ناننى ئېسىگە ئېلىپ، ئۆزىگە تىكىلگەن كۆزلەرگە قىيا كۆزىنى سالماستىن، سوغدا قىزارغان يۈزىگە قاپقارا سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى چىملىدىتىپ، ئىڭىكىدىن چىگىۋالغان پوكىۋاي ياغلىقى تېخىمۇ ئۇماق كۆرسىتىدىغان نىپىز لەۋلىرىنى ھەم يۇمۇپ، پاتقاقلىق كوچىدا چېپىتىك - كالاچ كىيگەن ئاياغلىرىنى تېز - تېز يۆتكەپ كېتىپ بېرىپ، ئازاب بىلەن ئاشۇلارنى ئويلاندى. ئوي خىيالى چوڭقۇرلاشقانسېرى كۆز ئالدىغا يەنە بىر مۇنچە ئىشلار تىزىلىپ كەلدى. بىر تونۇنا كومۇر ئوتتۇز نەچچە سوم، مۇنۇ ئوقۇۋاتقان ئوغلىنىڭ يازلىق كىيىم - كېچەكلىكى ئۈچۈن يىگىرمە - ئوتتۇز سوم كېتىدۇ. ئۇن - ماي، يازلىق ئاياغ... بىرەر يۈز سوم بولمىسا ئەتىيازغا چىققىلى بولمايدۇ. مۇقىم ئىش ئورنى يوق، يازىچە يەنە قۇرۇلۇشتا ئىشلەش كېرەك. جاننى ئۇپراتماسلىق ئۈچۈن يەنە بىر ئۇستىغا يىلىنىشقا، شۇ يول بىلەن يەڭگىلرەك ئىش تېپىشقا توغرى كېلىدۇ. نېملا قىلمىسۇن بىر ئايال كىشى ئەرلەرسىز راھەتكە، ھەتتا بەختكە ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئېست، بۇ ھەقىقەتنى ئۇ نېمىشقا بۇرۇنراق، ھېچ بولمىسا بۇندىن ئالتە - يەتتە يىل بۇرۇن بىلمىدى - ھە؟ گۈزەلئاي بۇرۇن ئەر ئۆزگۈل، ئاتا - ئانامغا يۆلەنمەيمۇ جەمئىيەتتە ياخشى ياشىيالايمەن، ماڭا ھەر قانداق جايدا ئىستىقبالنىڭ ئىشىكى ئوچۇق دەپ ئويلايتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئۆزىنى ئالاھىدە قابىلىيەت ۋە پەزىلەت ئىگىسى ھېسابلايتتى. ئۇ ئۆزىلا جۈرئەت قىلالىسا بىرەر ناھىيىگە بېرىپ سەنئەت ئۆمىكىدە ناخشا ئېيتسا ئىككى - ئۈچ قېتىملىق ئويۇن قويۇشتىن كېيىن داڭ چىقىرىپ دەۋرىنىڭ نۇرلۇق چولپانلىرىدىن بولالىشىغا ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇ نېمە

ئۈچۈندۇر، 1961 ـ يىلى قايتىپ كەلگىنىدىن تارتىپلا بىرەر مەكتەپتە سەنئەت مۇئەللىمى بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ قالدى. دوستلىرى ئۇنىڭدىن:

— شۇنچە تالانتىڭ بىلەن نېمىشقا سەنئەت ساھەسىدە داڭ چىقىرىشقا تىرىشمايسەن؟ — دەپ سورىغاندا ئۇ مەيۈسلىنىپ:

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئارتىس بولىمەن دەپ ئوقۇدۇم، نېمىشقىدۇر سەھنىگە چىققۇم كەلمەيدۇ، — دەيتتى.

بىر كۈنى ئەلائۇر ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ:

— سەن كىمگە تارتىپسەن ئاتا ـ ئاناڭ بىلەن چەت ئەلگە كەتمەي قېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

گۈزەلناي بىردىنلا ئۆزگەردى ـ دە، سوغلا قىلىپ:

— ۋەتىنىمگە تارتىپسەن! — دېدى.

— نېمىشقا ئارتىسلىق قىلماستىن سەنئەت مۇئەللىمى بولىمەن دەيسەن؟

— تاڭ؟

— بىرىنى رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق قىلماقچىمۇ؟

— ھېچكىم بىلەن چاتىقىم يوق! — دېدى گۈزەلناي بىردىنلا قىزىرىپ، — نېمە، سەن ھە دېسىلا ماڭا غەلىتە سوئاللارنى بېرىسەن؟

— مېنى بىلمەيدۇ دېمە، ئاتاڭ شۇنچە زورلىسىمۇ بىللە كەتمەي قېلىپسىڭ، سەنئەت ئۆمەكلىرى ناخشىچىلىققا ئالىمىز دېسىمۇ ئارتىس بولماي مۇئەللىم بولىمەن دەپ تۇرۇۋېلىشىڭ بىر كىشى ئۈچۈن! سەن ئۇنى تولىمۇ . . .

— بولدى قىلە، نېمانداق ئەدەپسىزغاندۇ! . . . — گۈزەلناي كۆزىگە ياش ئېلىپ ئەتۇر قاردى. ئەلائۇر دوستىنى مەھكەم باغرىغا باستى.

بۇ گەپلەرنىڭ بولغىنىغا ئۈچ ـ تۆت يىل بولۇپ قالدى. مانا ھازىر گۈزەلناي ئوتتۇز ياشلىق راسا ھۆسنىگە، ئەقلىگە تولغان چوكان، ئوغلى ئەلى ئوقۇيدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا بولغان ئارزۇسىنى ئوغلىغا «مۇئەللىم» بولۇش بىلەن قاندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇيىنى قاتتىقلىقىدىنمۇ ياكى بولنى خاتا تاللىۋالدىمۇ ھازىرغىچە ئىشسىز. ئۇ تۇرغۇن قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئىش

ئىزلەپ باردى. جاۋاب ئاددىي:

— دۆلەت شتاتىدىكى ئادەملىرىمىز بىكار يۈرۈۋاتىدۇ، سىڭلىم كۈرۈپ تۇرۇپسىز!

راست، دېمىسىمۇ گۈزەلناي كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. مۇئەللىملەر ئۆي ئىشى، مېھماندارچىلىق بىلەن، ئارتىسلار، بىر ـ بىرىنى پاش قىلىش بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. ئۇلارغا قارىغاندا گۈزەلنايىنىڭ قورۇلۇشتا ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزگىنى كۆڭۈللۈك، لېكىن ئىنسان ئۆمرىنىڭ چېكى باردە، گۈزەلنايىنىڭ قىزلىق چاغلىرى قانداق تېز ۋە كۆڭۈلسىزلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى ـ ھە؟ئەمدى مۇنۇ قىران چاغلىرى لاي ـ كېسەك توشۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتسە موماي بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئەتىۋارلايدىغانلار قانچىلىك چىقار. ھېلىقى كامىسيۇنچى ئەجەپ چىرايلىق، پۇلدار، مۇلايىم ئادەمكەن. ئۇنىڭ ئەلچىلىرىنى قايتۇرۇۋەرگىنى ئۈچۈن كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالارمۇ؟ مانا بۈگۈن يۈز سوم ئۈچۈن قايسى كىيىمىمنى ساتسام بولاركىن دەپ باش قاتۇرۇۋېـ ـتىپتۇ. ھاياتتا باش قاتۇرمايدىغان، خۇشال ـ خۇرام كۈن ئۆتكۈزىدىغان يول كۆپ. بولۇپمۇ گۈزەلنايدەك چىرايلىق، خېرىدارلىق ئاياللارغا بۇنداق يول كەڭرى. راھەت ـ پاراغەت سارايلىرىنىڭ ئىشكى ئوچۇق. ئۇ نېمىگە تارتىنىدۇ؟

ئۇ باش ـ ئۇچى يوق خىياللار بىلەن ئۆيىگە كېلىپ ئوغلىغا ئەتىگەنلىك چاي بېرىپ مەكتەپكە يولغا سېلىش ئۈچۈن ياساندۇردى. ئوغلى چىرايلىق، ئەقىللىق، خۇشخۇي؛ گۈزەلناي بالىسىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. كېچىلىرى ئويغىنىۋېلىپ چىراغنى ياندۇرۇۋېلىپ ئۇماق ئۇخلاۋاتقان ئوغلىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە سۆيىدۇ، يۈزىنى ـ يۈزىگە ياقىدۇ، كېچە ـ كۈندۈز بىللە يۈرسىمۇ ئوغلىغا قانمايدۇ. يۈرىكىنىڭ بىر يېرى پىژىلداپ كۆيۈپلا تۇرىدۇ. مانا ھازىر ئوغلىنى ياساپ كىيىندۈرۈپ بولۇپ، قايتا ـ قايتىلاپ سۆيدى ـ دە، كۆزلىرىگە تىكىلىپ:

— ئەلى، ساڭا دادا تېپىپ بېرەيمۇ بالام، — دېدى ئۆزىمۇ ھېيىپىدە قىزىرىپ، — ئۆگەيدىكى قارنى كەم ئادالايدۇ، كۆمۈرنى كەم توشۇيدۇ، بىزگە كەم

پۇل تيپىپ بېرىدۇ؟ داداڭ بولمىسا بولمايدىكەن بالام!

ئوغلى ئانىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دەرھال چۈشەنىدى، ئۇ ئۈزۈن كىرپىكلىك كۆزلىرىگە غىلىلدە ياش ئالدى ـ دە:

— ئەلا دادام كېلىدۇ، يە بولمىسا بىز ئۇنىڭ يېنىغا يېزىغا كېتەيلى! — دېدى.

گۈزەلئاي بالىسىنى باغرىغا بېسىپ ئۇزاق يىغلىدى.

ئۇ ساندۇقتىن كىيىملىرىنى ئېلىپ كونا گىلەم ئۈستىگە يايدى، كاستۇم، پەلتۇلارنى كىيىش چەكلەنگەن. ئۇنى ئالىدىغان ئادەم يوق. يىپەك، دۇخاۋا، ئەتلەس، گىرېپتشىن، شىپۇڭ دۇخاۋىلار قانچىلىك پۇلغا يارىشى مۇمكىن؟ ئاۋۇ تامدىكى گىلەمنى ساتسىچۇ؟ ئۇ گىلەم ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ تويىغا قىلغان سوۋغا، گۈزەلئاي ئۇنى ئوغلى ئەلىنىڭ تويىغا ئاتاپ قويغان، ياق، ئۇنى سېتىشقا بولمايدۇ. ئۇنىدىن باشقا پۇلغا يارىغۇدەك ھېچنەرسە يوق. بىرىدىن يۈز سوم قەرز سورىسىچۇ؟ كىمدىن؟ يەنە ئەرلەردىنمۇ؟ ئۇ ئاياللارنى ئەسلەپ كۆردى. قەرز بېرەلىگۈدەك بىرىنى تاپالمىدى. ھېلىقى كامىسيۇنچىنىڭ ھەدىسىچۇ؟ ئۇ ئايالغۇ، بىراق ئۇنىڭ پۇلىنى ئالدى دېگەن سۆز، ئۇلاردا ئۈمىد پەيدا قىلدى دېگەن سۆز. شۇ چاغدا ئۇنىڭ يادىغا ئەلاتۇر كەلدى، ئۇ يېقىندا ئۈرۈمچىگە بېرىپ كەلدى. بىر نەچچە ئايلىق ماناشى يىغىلىپ قاپتىكەن، خېلى پۇل بىلەن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە زۇلخۇمارنىڭ دېيىشىچە تويىغا ساقلاۋاتقان پۇلىمۇ بار ئىكەن، گۈزەلئاي قەرز پۇل بېرەلەيدىغان ئايالنىڭ تېپىلغىنىغا خۇشال بولۇپ كىيىم ـ كېچەكنى رەتلەپ قايتىدىن ساندۇققا سېلىۋاتقاندا بىرى دالان ئىشىكنى چەكتى. گۈزەلئاي دەرھال ئەينەككە قارىدى. قاتلىشىپ قالغان ياقىسىنى ئوڭلاپ، قاشلىرىنى چىمدىپ ـ ھىمرىپ قويۇپ ئىشىككە ماڭدى.

— قارلىغاچ كەلدى، ۋىچىر ـ ۋىچىر قارلىغاچ، ئىشىك ـ دېرىزەڭنى ئاچ! ھا... ھا... ھا!... — قاقاھلاپ كۈلۈپ زۇلخۇمار كىرىپ كەلدى.

— ئەجەپ ياخشى كەلدىڭا! — دېدى گۈزەلئاي

ئۇنى يەڭگىل قۇچاقلاپ قويۇپ، — بالىلىرىڭ تىنچلىقمۇ؟

— بالىلارغۇ تىنچ، — دېدى زۇلخۇمار بىردىنلا كۆزىگە ياش ئېلىپ، — ئوسمانىنى ئۇتۇپ كەتتى. بىر ماشىنا قوراللىق ئادەم ئۆيىمىزنى قورشىۋېلىپ، بىچارە ئوسمانىنىڭ قوللىرىنى قارىشتۇرۇپ...، — زۇلخۇمار گۈزەلئاينىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى، — نېماندااق بەختسىز بىز دوستۇم، نېماندااق ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ قالدۇق، مۇشۇمۇ كۈنمۇ، مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ!

گۈزەلئايمۇ دوستىنىڭ دولقۇنلۇق ساغۇچ چاچلىرىنى سىلاپ بىللە يىغلىدى. ئۇلار كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ گەپ ـ سۆز قىلىشماي ئۇزاق يىغلاشتى، ئېسەدەشلەر تۈگىگەندىن كېيىن گۈزەلئاي تەسەللىي بەردى:

— ھەممىمىزلا شۇم پېشانە ئىكەنمىزغۇ تاڭ، يەنە كىملەرنى ئۇتۇپتۇ، رازىيە بىچارىچۇ؟

— تېخى ئاڭلىمىغان ئوخشىمامسەن؟ ئاۋۋال ناھىيىدىن قورماشنى، بىر ئاي بۇرۇن ھاشىرنى تۈرمىگە ئاپتىكەن، ساۋۇتوۋ، ھېلىقى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن نادىروۋ، يەنە بىر قانچە ياشلار بىراقلا بىر ئولتۇرۇشتىلا قولغا ئېلىنىپتۇ. ئەلانى قولغا ئالغىلى چىققان ماشىنا ھېلىقى زۇلىيا دېگەن شۇجىنى ئۇتۇپ كەپتۇ. زۇلىيا ئەلانى قاچۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ. بىر شۇم خەۋەر ئاڭلىدىم، بىر نەچچە ئاتلىق ياشلار ئەلانى چەتكە قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغانىكەن، چېگرا ساقلىغۇچىلار بىر قانچىسىنى ئېتىۋېتىپتۇ. ئۆلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەلامۇ باركەن دېيىشىدۇ، لېكىن جەسەتلەرنى كۆرگەن ئادەم يوق.

زۇلخۇمار ئالدىراپ خەۋەر يەتكۈزگىنىگە پۇشايمان قىلدى. ئۇ گۈزەلئاينىڭ ئەلا بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن، دەپ قارايتتى. شۇڭا گۈزەلئايدا بۇنچىلىك چوڭ ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئويلىمىغانىدى. بۇ ئىشەنچسىز شۇم خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن گۈزەلئاي تاملدەك تاتىرىپ ئەمارنجاندەك.

تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى باشقۇرالماي قالدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ-كاسىلداپ تىلى گەپكە كەلمىدى.

— يا... يا... بالغان!... — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا تىترەپ تۇرۇپ، — ئۇ قاچمايدۇ، ... ئۇ گۇناھسىز...

— تۇتۇلۇۋاتقانلارنىڭ قايسىبىرى گۇناھلىق-كەن؟ — دېدى زۇلخۇمار دوستىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، — ساپلا گۇناھسىزلارنى تۇتۇۋاتىدۇ. گۇناھكارلارنى قوغداۋاتىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرگەن، بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرغان، بۇلاڭچىلىق قىلغان، تۆھمەت قىلىپ گۇناھسىزلارنى سولاتقان ئادەم ئەسكىلىرى ئۆسمەكتە، ئەتىۋارلانماقتا. ئوسمان، ھاشىر، ئەلا، ساۋۇتوۋ، نادىروۋلار ھەتتا نى-نى قابىلىيەتلىك رەھبەرلەرمۇ قامالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھسىز!

— قويغان گۇناھى نېمىكەن زادى؟ — گۈزەلئاي ئاخىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ بولۇپ سورىدى.

— بىر مۇناپىق يالغان ئەنزە پەيدا قىپتۇدەك، ئۇنىڭ پاش قىلىشىچە بىزنىڭكىلەر «تەشكىلات» قۇرغانمىش، بۇ پۈتۈنلەي يالغان. مەن ئوسماننى بىلىمەن. ئۇنداق ئىشنى بولسا ماڭا ئېيتاتتى. «ئادۇۋكات» ئاممۇي تەشكىلات. ئۇ ئاللىقاچان تارقالغان!

ئۇلار خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى. زۇلخۇمار ئوچۇق سۆز، گېپى سەل قوپالراق ئاڭلانغان بىلەن مۇئامىلىسى سىلىق ئايال بولغاچقا گۈزەلئاي ئۇنىڭ بىلەن دائىم مۇڭدىشىپ تۇراتتى. ئۇلار بۈگۈنمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە بىللە ماڭغانلىقى، يوللاردىكى خاتىرىلەر توغرىسىدا، ئەلاتۇر، رازىيەلەر ئۈستىدە خېلى ئۇزاق سۆزلەشتى.

— ساڭا چاي قۇياي دېسەم يە نېنىم، يە چېيىم قالماپتۇ، — دېدى ئاخىرى گۈزەلئاي خىجالەت بولۇپ، — تۈل خوتۇننىڭ ئۆيىدىن رەنجىمەيسەنلا!

— ۋاي ساراڭەي، — دېدى زۇلخۇمار بىردىنلا كۈلۈپ، — ئېسىم قۇرۇسۇن، مەن ساڭا پۇل ئەكەلگەن ئەمەسمىدىم. ئىككى ئاي بۇرۇن ئەلا يۈز سوم كىرگۈزگەن ئىكەن. ئوسمان ساراڭ ئىشلىتىپ قويۇپ، تېخى يېقىندا ئورنىنى قىلىپ قويغان، ئوسماننى تۇتقاندا ئۇ ماڭا بۇ پۇلنى ساڭا يەتكۈزۈپ بېرىشىمنى

قايتا-قايتا تاپىلىغان. ئال، سانىۋال، نېمىگە قورۇنىسەن بالاڭنىڭ پۇلى بۇ!

گۈزەلئاي پۇلنى تەسلىكتە ئالدى.

زۇلخۇمار كەتكەندىن كېيىن ئۇ بازارغا چىقتى. كوچا-كوچىلاردا ئېگىز سۈيى ئاقماقتا. قارلىرى تازىلىنىپ، ھور چىقىپ تۇرغان ئۆگزىلەردە پاختەكلەر گۇگۇكلاشماقتا. شالاڭ بۇلۇتلۇق ئاسماندا توپ-توپ كەپتەرلەر ئۇچۇشماقتا. نەلەردىدۇر «تات تات-تات» قىلىپ ئاپتومات ئېتىلماقتا.

تاشلەپكە تۆت كوچىسى چېبەرقۇت چاپانلىق ئوقەتچىلەر بىلەن تولغان. تاقچى كوچىسىدا كىر جۇۋىلارغا يۆگىنىپ كۆمۈرچىلەر تۇرۇشاتتى. گۈزەلئاي بىر ئۆكۈز ھارۋىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. كۆمۈرچى ياش بالا ئىدى.

— بۇ كۆمۈرىڭىزگە نەچچە بەرسەم بولار ئۇكام؟ — دەپ سورىدى گۈزەلئاي يىگىتتىن.

— يىگىرمە بەش سوم بېرىڭ.

— ئون بەش سوم بەرسەم قانداق؟

نېرىدا دىشلودىكى كۆمۈرگە قارىشىپ تۇرغان بىر نەچچە ئادەم پىچىرلاشتى.

— ئەلانىڭ ئايالى.

— يا ھۇي، ئەجەپ چىرايلىقكىنا!

— ۋاي بىچارىلەرەي!

— ھەدە ماياققا كېلىڭا، — دەپ ۋارقىرىدى بىر يىگىت شۇ چاغدا. گۈزەلئاي قارىدى. بىر ناتونۇش، قايرىما ياقىلىق كۆك جۇۋا، ئوغلاق تېرىسىدىن تىكىلگەن قولاقچا كىيگەن دېھقان يىگىت ھارۋا قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن پىيمىسىنىڭ قونچىسىنى ئۇرۇپ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. گۈزەلئاي ئۇنىڭ تۇرقىدىن يامانلىق سەزمىدى. ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا باردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى يىگىت ئەدەپ بىلەن سالام بېرىپ، — سىز گۈزەلئاي ھەدەم بولىسىزغۇ دەيمەن، ھە، ئەلىجان ئۇكام تىنچلىقمۇ؟

— رەھمەت سىزگە، تىنچلىق، سىز؟

— مەن ئەلا ئاكام بىلەن تۇغقان بولىمەن.

كومۇردىن قىسلغان ئوخشايسىز، مۇنۇ كومۇرنى چوشورۇپ بېرەيمۇ؟

— مەن ئۈچ- تۆت يۈز كىلو سېتىۋالسام بولاتتى. سىزنىڭ كومۇرىڭىز بىر تونندىن جىق ئوخشايدۇ.

— قورقماڭ، ئەرزان بېرىمىز ھەدە!

— ئەرزان بولسا قانچە؟

— بىكىرىغا!

— بۇ نىمە دېگىنىڭىز؟

— بۇ كومۇرنى بىزنىڭ زۇلىيا ئاكام بىزگە، گۆزەلئاي ھەدەڭلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىڭلار دېگەچكە سىزگە ئەكەلگەن. ئۆيىڭىزنى قانداق تاپارمىز دەپ غەم قىلىپ تۇراتتۇق، تازا ۋاقتىدا ئۇچرىدىڭىز، يول باشلاپ مېڭىڭ ئەمسە!

— بۇ، بۇ، قانداق بولغىنى؟

— تازا جايىدا بولدى، ئەلىجان ئۆكىمىزنىڭ ھەققى!

ئىككى يىگىت گۆزەلئاينىڭ لەڭمىنى پىشقىچە كۆمۈرنى جايلاشتۇرۇپ بولۇپ ئۆگزىدىكى قارنىمۇ ئادالاپ بولۇشتى. چوكاراقى «ھەدىسى» گە چاقچاق قىلىپ:

— ئۆگزە يالاڭىشىپ قالدى. مۇزلاپ قالارسىزمىكىن ئەمدى؟ — دەپ كۈلدى. كىچىكى بىر خۇرجۇننى ئىنجىقلاپ كۆتۈرۈپ كىردى. خۇرجۇندىن سوت بىلەن يۇغۇرۇپ ياققان توغاچلار، قوي گۆشى، قىزا، ئۈن ۋە بەش كىلولۇق قەلەي ئۆكدا زىغىر مېيى، قورۇتۇلغان پەمدۇر- لازا قاتارلىقلار چىقتى. گۆزەلئاي نىمە دەپ رەھمەت دېيىشنى بىلمەي ھودۇقتى. يىگىتلەر ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ كۈن پىشىندىن ئاشقۇچە قايتىپ كەلمىگەن ئەلىدىن ئەنسىرەپ قايتىدىن كىيىندى.

«تۇۋا، — دېدى ئۇ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، — بىر دەمدە غەم- قايغۇ، بىردەمدىلا يىغا- زارە، يەنە بىر دەمدىلا خۇشاللىق، تېخى ئەتىگەنلا قانداق قىلارمەن دەپ قايغۇرۇۋېدىم، مانا ئەمدى ھەممىسى تەل، بىراق يەنە شۇ ئەرلەرگە تاياندىم. ياق، بۇلار — پۇلمۇ، نەرسىلەرمۇ بالامنىڭ ھەققى، لېكىن بالاممۇ ئەر- دە!» ئۇ بالىسىنى «ئەر» دەپ ئويلاپ ئىچ- ئىچىدىن خۇشال بولدى. ئۇ ئوغلىنى ئۆز دېمەتلىرى بىلەن ئىككىگە بۆلۈنۈپ «خۇگزاۋخوي»، «چىۋىنخوي» (1) بولۇپ ئېتىشىۋاتقان يېرىدىن، مەسچىت ھويلىسىدىن تاپتى. ئۇنى ئۈستىبېشى لاي، چىرايىدىن توپا يېغىپ تۇرغان، چاچلىرىدىن ھور چىقىپ تۇرغان ھالەتتە دەرۋازىنىڭ كەينىدىن ئۇتۇۋالدى:

— ماڭ خۇگزاۋخوي، قورسىقىڭنى تويغۇزۇپ ئىنقىلاب قىل، — دېدى گۆزەلئاي ئوغلىدىن خاپا بولۇش ئورنىغا پەخىرلەنگەن ھالدا بالىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ، — كۆزىڭگە قارايمۇ قويمىدىڭمۇ ساقام، ماڭ، جۈر، تاماق يە!

— نىمە ئەتتىڭ؟

— لەڭمەن.

— قايسى پۇلغا؟

— داداڭ پۇل، كومۇر، ھەممە نىمنى ئەۋەتىپ- تۇ، — گۆزەلئاي بالىسىنى كەينىدىن قۇچاقلاپ، قىزارغان يۈزىنى، تىترەپ چىققان ئاۋازىنى بالىسىدىن يوشۇرۇپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى- دە، «داداڭ» دېگەن سۆز ئېغىزىدىن چىقىش بىلەن ئىختىيارسىز يۈرىكى ئويناپ، ۋۇجۇدىدا بىر خىل تىترەش پەيدا بولدى. ئەتىگەن زۇلخۇمارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان «چېگرادا ئېتىلغانلار ئىچىدە ئەلامۇ بار ئىكەن» دېگەن شۇم خەۋەر دەرھال يادىغا كېلىپ بىردىنلا پۇتلىرى دىرىلداپ تىترەپ كۆزىنى تۇمان قاپلىدى. ئۇ بالىسىغا تايىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، نىمە بولدۇڭ، بېشىڭ ئاغرىۋا- تامدۇ؟ بولدى، ئوينىمايمەن، گېپىڭنى ئاڭلايمەن ئاپا!

ئەلى ئانىسىنىڭ ئالدىدا پەرۋانە بولۇپ بۇلبۇلدەك سايراپ يىلىناتتى. ئانا بىردىنلا شۇم خەۋەرنى يالغانغا چىقاردى- دە، بالىسىنىڭ مۇزدەك قوللىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

---

(1) ئىلى رايونىدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ئىسملىرى.

— يالغان، يالغان گەپ ساقام! — دېدى.

— نېمە يالغان ئاپا، دادام پۇل بەرمىدىمۇ، لەگمەن ئەتمىدىڭمۇ؟ نېمىنى يالغان دەۋاتىسەن؟

— تولار راست، بېشىمنىڭ ئاغرىقى يالغان بالام! — دەپ ئانا زورىغا كۈلۈمسىرەپ ئۆزىنى ئازابلىغان سېغىنىش ۋە ئىنتىلىش ھېسلىرىنى ئوغلىدىن يوشۇردى.

تۈن ۋەھىمىلىك، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك، تولىمۇ قاراڭغۇ. گۈزەلئاي دېرىزە قاپقىلىرىنى مەھكەم ئېتىپ، كېچىچە يەتكۈدەك كۆمۈرنى ئەكىرىۋېلىپ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقىدى ـ دە، ئادىتى بويىچە ئورۇندا يېتىپ ئوغلىغا ھېكايە ئېيتىپ بەردى. ئوغلى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن ساندۇقتىن ئەلبۇمنى ئېلىپ كۆزىدە كۆرۈپ تۇرىدىغان رەسىملىرىنى قايتا كۆرۈشكە باشلىدى: ئاتا ـ ئانىسى، دوستلىرى، ئۆزى، ئۆكىلىرى... ئالدىدىن كۈلۈمسىرەپ بىرمۇبىر ئۆتتى. ئەلا بىلەن ئىككىسىنىڭ تويىدا چۈشكەن خاتىرە رەسىمى چىقىش بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بىرلەكچىلا دولقۇنلاندى. ئۇ ئەلانىڭ خىيالچان، چىرايلىق كۆزلىرىگە، ئورۇق، مېھرىبان يۈزىگە ئۇزاق قارىدى. «ئۇ راستلا دۇنيادا ھايات بولمىسىچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن بۇ دۇنيادا نېمىگە سۆرۈلۈپ يۈرىمەن؟ ئۇنىڭ مۇشۇ كۈنلەرگە قېلىشىغا مەن سەۋەبچى ئەمەسمۇ؟ ناۋادا مەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا بارمىغان بولسام ئەلا بۇنچىلىك دۈشمەنلىك بولمىغان، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى ئەھمىيەتلىك ئىشقا تولۇق سەرپ قىلغان بولاريدى. مەن ئۇنى بەختلىك قىلىدىم دەپ ئويلىغاندىم. ئەمدى ئويلىسام ئۇنىڭغا زىيان سالىپتىمەن. ھېلىقى چاغدا باگچويداۋدا ئۇچراشقاندا نېمىشقا ھېسسىياتقا بېرىلدىم، نېمىشقا ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇپ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالمىدىم؟ مەن رەقىب ئىسمىلىك ھېلىقى ئەخلاقسىزنىڭ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشىنى بىلگەن، لېكىن ئۆز ۋەتىنىدە ئۇرالماس قىلىۋېتەر دەپ ئويلىمايتىكەنمەن: ھەي ئىسىت، ئەلانىڭ بەختى، بەختەرلىكى ئۈچۈن بولسىمۇ ئەلادىن ئاجراشقاندىن كېيىن ھەر قانچە ئەپرەتلەنسەممۇ ئەپىرىتىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئاشۇ رەقىبنىڭ ئايالى بولۇشقا رازى بولسام بوپتىكەن، ئۇ چاغدا بەلكىم مېنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلۇمنىڭ دادىسى دۈشمەنسىز، زىيان ـ زەخمەتسىز ياشىغان بولاريدى. مەن نېمىشقا مۇتتۇ كىشىلەرنى جەلپ قىلىدىغان، ئۆزۈمنى بەختسىز قىلىدىغان بەدىنىمنى بالامنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئايىدىم، ئۆز بەدىنىنى قۇربان قىلىپ، روھىنى، پەزىلىتىنى ساقلاپ قالغان ئاياللار كۆپ ئۆتكەنغۇ. ئەلا ھەر دائىم: بەدەن بىر جىسىم، تۇغۇلىدۇ، يوقىلىدۇ، ئۇ ھامان سېنىڭ ئەمەس. سېنىڭ نامىڭ روھىڭ بىلەن ياشايدۇ. روھىڭ ساغلام، روھىڭ قانداق بولسا نامىڭ شۇنداق بولىدۇ، دەيتتى. مەن بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى نېمىشقا ھازىرغىچە چۈشەنمىدىم ـ ھە؟» ئۇنىڭ مۇلاھىزىسىنى سىرتتىكى گۈركىرىگەن بوران ئاۋازى ئۈزۈپ تاشلىدى: ئېگىز تېرەكلەر ھۇۋلىماقتا، بىر نېمە ئىسقىرتماقتا، دېرىزىنى بىر نېمە قاقماقتا. ئىشىكنى بىرى جالاقلاتماقتا، ۋەھىمىلىك، قاراڭغۇ تۈن مۇتتۇ تول ئايالغا ھەيۋە كۆرسەتمەكتە. ئايال ئىختىيارسىز يوتقانغا شۇڭغۇپ بالىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. ئۇ قورقۇشتىن كاسىلداپ تىترەشكە باشلىدى. تاراقلاش، جالاقلاش، قاراس ـ قۇرۇس، شار ـ شۇر ئاۋازلار كۈچىيىشكە باشلىدى. «يەر تەۋرەۋاتامدۇ يە؟» دەپ ئويلىدى گۈزەلئاي ئەلنى ئاستا ئېغىتىپ، شۇ چاغدا كىمدۇر بىرى گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازدا دېرىزە قاپقىسى سىرتىدىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى. گۈزەلئاي تىترەپ تۇرۇپ روباشكا بىلەنلا دېرىزە يېنىغا باردى:

— كىم؟ — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ.

— بۇ، بۇ مەن.

— مەن دېگەن كىم؟

— بۇ مەن رەقىب!

گۈزەلئاينىڭ پۈتۈن قورقۇشلىرى بىردىنلا غەزەپكە ئايلاندى.

— نومۇس قىلمامسىز؟ كېچىلەپ تول خوتۇننىڭ دېرىزىسى يېنىدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟

— مەن سىزگە خەۋەر ئەكەلدىم. يامان خەۋەر!

گۈزەلئاينىڭ ۋۇجۇدى يەنە تىترىدى:

— نېمە خەۋەركەن ئۇ؟ — ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلدىدى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ، ئۆيگە كىرىپ ئېيتىمەن، قورقماڭ، مەن سىزگە دەخلى قىلمايمەن!

— يوقىلىڭ، تېز يوقىلىڭ!

— ئانداق بولسا ئاڭلاپ قويۇڭ، ئەلا ئۆلدى، ئۆلۈكى ئورمانلىقتا قوزغۇنغا يەم بولماقتا.

گۆزەلئاينىڭ خۇددى بىرى كارنىيىدىن بوغۇۋالغاندەك ئاۋازى ئۆچتى، بىرى كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بېشى قايدى، ئۇ ئوغلىنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى-دە، ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي بوقۇلداپ يىغلىدى.

لېكىن ئۇنىڭغا كەلگەن كۈلكۈن ئاغرىقى بۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشمىدى. جاھاندا نېمىلەر بولۇۋاتقىنىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن. ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خەلق ئەسكەرلىرى كىرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى ئاقتۇرۇپ، بارلىق زىننەت بۇيۇملىرىنى، رەسىم، سالام خەتلەرنى ئاھالىلەر كومىتېتىغا چۈشكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەتتى. گۆزەلئاينىڭ ئۆيىنى قولۇم-قوشنىلاردىن بەلگىلەنگەن مەخسۇس نازارەتچىلەر كۆزىتىدىغان بولدى. بۇ كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئەڭ ئاچچىقى يامىنى ھېلىقى ئوغلى قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغان تۇل خوتۇن ئىدى. بۇرۇنقى مېھرىبان، ساددا، ياۋاش قوشنىسى بىردىنلا باغلاقتىن بوشىغان ئىتتەك يامانلاشقان. ئۇ گۆزەلئاينىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ «ئورۇس خوتۇن» دەۋالدى. گۆزەلئاينىڭ ئوغلىنى «سېرىق كۈچۈك» دەپ چاقىرىدىغان بولدى. ئەمما ئەلى بوش كەلمەيتتى. ئۇ قوشنا ئايالنى: «قارا قانجىق» دەپ چاقىردى. ئانىسى خاپا بولسا ئەلى تېخىمۇ ئەدەيتتى:

— ئۆزى ئىت بولمىسا بىزنى ئىتقا ئوخشىتاتتىمۇ؟ — دەيتتى ئۇ ئانىسىدىن نارازى بولۇپ.

— مەيلى بالام ئۇلار بىلەن تەڭ بولما، ئىت ھاۋشىسا سەنمۇ دوراپ ھاۋشىمىسنا؟ — دەيتتى ئانا ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

قارلار ئېرىپ تۈگىدى. كوچىلاردىمۇ ئەگىز سۇلىرى ئېقىپ بولدى. باھارنىڭ تۇنجى ئەلچىلىرى — قارغۇجا-ھۆپۈپلەر كېلىپ ئۆرۈك شاخلىرىدا سايراشتى. ئەلىنىڭ لەگلىكى ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا «ئاسماننىڭ ئۇ چېتى»گە باردى. ئۆستەڭ بويلىرىدا چىمەنلەر كۆكىرىپ، تاللار چوكان-جالا چىقاردى.

باھارنىڭ بىر يېقىملىق ئەتىگەنلىكى ئەلى ئۇخلاۋاتقاندا ئانىسىنى خەلق ئەسكەرلىرى ھەيدەپ كەتتى. ئەلى ئويغانغاندا ئىككى خەلق ئەسكىرىنى قوشنا خوتۇن باشلاپ كىرگەنىكەن. بىرى ئەلىگە:

— داداڭ ئەكسىلئىنقىلابچى، ئاناڭ شىۋجىڭجۇيىچى، سەن ئۇلارنى دورىما، سېنى ماۋۇ چوڭ ئاناڭ باقسۇن! — دېدى.

— مەن قارا قانجىققا بالا بولالتىممۇ، كارىڭ بولمىسۇن! — دەپ ئۇنىڭغا ئالايدى ئەلى.

ئەلى ھەر كۈنى قورۇق نان بىلەن سوغ سۇ ئىچىپ، بويىندىكى ئاچقۇچ بىلەن ئۆي ئىشىكىنى ئېچىپ-تاقاپ خۇددى چوڭ ئادەمدەك ئۆز ئۆيىنى يالغۇز ساقلىدى. بالا نە يىغلىمىدى، نە قورقمىدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك شوخلۇق قىلمايتتى. پېشايۋاندىن نېرى كەتمەيتتى. بەزىدە پېشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئۇزاق-ئۇزاق ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى. ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىدە نېمىلەر بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چۈنكى ئۇنى قولۇم-قوشنا، ھەتتا دوستلىرىمۇ تاشلىغان. بالا ئەلۋەتتە «ئىنسان» ھەققىدە ئويلىسا كېرەك. «ئىنسان» ۋاپادىمۇ، يۈزسىزلىكتىمۇ ھەممە جانلىقلارغا ئۈلگە بولالايدىكەن. بولمىسا بالىنىڭ بېشىنى سىلايدىغان بىرى چىقماسمىدى؟

ئاخىرى ئەلىنىڭ نېنىمۇ تۈگىدى. بالا قورساق ئاچلىقىدا بىر كۈنى ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. بىر يۇمشاق قول ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئەلى قارىدى. ئۇ بىر ئايال ئىكەن، ئايال ئۇنىڭ توپا يىغىپ تۇرغان مەڭزىنى سىلىدى:

— كىمنىڭ بالىسى سەن؟

— ئەلانىڭ بالىسى.

— نېمە؟ ئاپاڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— گۆزەلئاي.

— گۆزەل؟ جېنىم دوستۇم گۆزەل، ئاپاڭ نەدە؟

ئايال بالىنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئالدى ۋە يۈزىنى يۈزىگە ياقتى.

— ئاپام ئاھالىلەر كومىتېتىدا سولاقتا، دادامنى ئېتىۋەتتى!

— دىلئاراچۇ؟ ئۇ نەدە؟

ئايال بالىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى. نېرىدا ئولتۇرغان خادىكتىن يېشى توختىغان، سالماقلىق بىر ئادەم چۈشتى:

— نېمە بولدۇڭ ئادىلە، بۇ كىمنىڭ بالىسىكەن؟

— سىزگە دائىم پارىڭىنى قىلىپ بېرىدىغان

ھېلىقى دوستلىرىم ئەلا بىلەن گۈزەلنىڭ ئوغلىكەن!

ئادىلە ئەلنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇ يولدىشىغا:

— سىز ئابرۇيلۇق، ھوقۇقلۇق ئادەمىكەن، ئاھالە كومىتېتىغا بېرىپ مەن ئۈچۈن تۆت ئېغىز گەپ قىلىڭ، گۈزەلنى قويۇۋەتسۇن! — دەپ يېلىندى. يولدىشى ھارۋىكەشكە ئاھالىلەر كومىتېتىغا مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى.

ئۇلار سوراپ يۈرۈپ ئاخىر ئاھالىلەر كومىتېتىنى تاپتى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئېگىز، ئاقساق، پېشانىسىدىن ئىككى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىنى بويلاپ چوڭقۇر ئىككى قورۇق يۈزىنى تىلغاندەك ئىگىككەچۇ-شۇپ-كەتكەن، سوغ چىراي، يوغان بۇرۇن ئادەم ئىكەن.

— سىزنىڭ نەرىگىز دۆلەت كادىرى؟ — دېدى ئادىلە سالام-سائەتسىزلا ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ، — ھىمايىسىز، گۇناھسىز تۇل ئايالنى قاماپ، نارسىدە بالىسىنى كوچىغا تاشلاپ قويۇپ نومۇس قىلمامسىز؟ گۈزەلئاي نەدە؟

باشلىق ئادىلەدىن قورقتى. چۈنكى ئۇنىڭ گېپى راست ئىدى. باشلىق ئۆزىمۇ گۈزەلئاينىڭ نېمە گۇناھى بارلىقىنى بىلمەيتتى. بالا بىلەن كارى بولمىغانلىقىمۇ راست ئىدى.

— گۈزەل قېنى؟ بىلمەمسىز ئۇ كىم؟ تالانتلىق ئارتىس، سىزدەك كالىلىسى ئىشلىمەيدىغانلاردىن يۈزنى ھاۋانچىدا يەنچىسە گۈزەلنىڭ بىر تال تىرنىقى تىرىلمەيدۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ باشلىقنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لەۋلىرى تىترىدى.

— ئادىلە، خاپا بولماڭ، — دېدى يولدىشى سال-ماقلىق بىلەن ئاندىن باشلىققا قاراپ كۈلۈم-سىرىدى، — مەن ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىپ كەلدىم. خەلق قوغداش بۆلۈمىگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرمەن. گۈزەلئاينى كۆرۈشكە بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئەلۋەتتە بولىدۇ! — دېدى باشلىق ئاقساپ مېڭىپ.

ئادىلە قاراڭغۇ، زەي، دېرىزىلىرى كىچىك بىلەن تورالغان ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىردى.

— دوستۇم گۈزەل قېنىسەن!

— ئادىلە! — قاراڭغۇدىن گۈزەلئاينىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلار ئاپسىدا قۇچاقلاشتى. خىزمەت گۇرۇپپا باشلىقى ئادىلەنىڭ يولدىشىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلار قايتىپ كىرگەندە سولاقخانىغا يورۇقلۇق پەيدا بولغان. زىغىر پاخىلى سېلىنغان كونا ئۆيدە ئەر-ئايال ئارىلاش، قوللىرى باغلانغان، يۈزلىرى كۆكەرگەن، روھى چۈشكۈن، چىرايى سولغۇن يىگىرمە نەچچە ئادەم تىقىلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئاياللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ئارىسىغا سېمونت خالتىلىرىغا پاخال تىقىپ توسۇق قىلىنغانىدى.

ئادىلەنىڭ يولدىشى ئادىلەگە چۈشەندۈردى:

— مەن ھازىر تېلېفوندا يۇقىرى بىلەن سۆزلەشتىم. ھازىرچە گۈزەلئاينى قويۇپ بېرىشكە بولمايدىكەن. شەھەرلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى بۇ ئىشقا مەسئۇل ئىكەن. تېخى ئەنزە تۇرغۇزۇلمىغان ئوخشايدۇ. نېمىلا بولمىسۇن يۇقىرىنىڭ، ئۆز ئالدىغا تۇرمە قۇرماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇقى بار. بىز سىياسەت بويىچە ئىش قىلايلى.

گۈزەلئاي چۈشەندى. ئۇ ئوغلىنى دوستىغا تاپشۇردى. ئۇ سۆيۈملۈك ئوغلىنى كۆز يېشى بىلەن ئۇزىتىپ قالدى. ئەمدى ئۇلار قاچان كۆرۈشەركىن؟

5

ئۇ پۈتۈن يازنى يېزىش، ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. كىشىلەر بىلەن كەمدىن-كەم ئارىلاشتى، ھەتتا زۇلپىيامۇ ئۇنىڭ دېرىزىسى باغقا قارايدىغان ئۆيىگە كەمدىن-كەم كىرەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆيىگە يېيىلىپ ياتقان ھەر خىل يېزىقتىكى كىتابلار، قول يازمىلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ خوتۇن-باللىرىنىمۇ ئەلانىڭ ئۆيىگە كىرگۈزمەيتتى. ئۇ ئەلانىڭ نېمە يېزىۋاتقىنىنى چۈشەنمەيتتى. لېكىن ئۇ كۆڭلىدە كېچىلىرى ئۇخلىمايدىغان، توي-تۆكۈن، ئويۇن-تاماشىلاردىنمۇ ئۆزىنى تارتىپ بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ بىكارغا كەتكۈزمەي ئوقۇش، يادلاش، يېزىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان ياداڭغۇ يىگىتنىڭ بىر ئۇلۇغ ئىش بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئۇ ئەڭ يېقىن دوستلىرىغا

ياكى ئەلانى پات-پات يوقلاپ كېلىدىغان تۆمەر تەمبۇرچىگە كۆسۈرلاپ تۇرۇپ ماختىنىش بىلەن شۇنداق دەيتتى:

— ئۇنىڭ، قەغەزلىرى مېنىڭ چىشىمدەك سارغىيىپ كەتكەن بولغان تاشلىق كىتابلىرىنى بىر مەنلا بىلىمەن. ئۇلارنى ئۆگىنىلگەن سەزگۈر ماشىكىلارمۇ تاپالمايدىغان يەردە ساقلاۋاتىمەن. قول يازمىلىرىنى دەمسىنا، ھېلىقى يازغانلىرىمۇ؟ ئۇلارنىمۇ يەتتۇس قېقىلغان كىچىككىنە ساندۇقتا ئۆتتۈرلۈق سىلىپ ساقلاۋاتىمەن. ئۇنىڭ نەدىلىكىنى خوتۇن بىلىدۇ. بىزنىڭ خوتۇننىڭ ئاغزى ئاچقۇچى يوقالغان قۇلۇپنىڭ ئۆزى. ھېچكىم ئاچالمايدۇ. ئۇ مەن تاپشۇرغانلا نېمىنى ئاپىسىدىن مىراس قالغان ئالتۇن سوۋغىدەك مەھكەم ساقلايدۇ!

ئەلا ئۆزىنىڭ، ۋاقتىنىڭ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ھازىر بىلىم، بىلىم ئەھلى ئازايماقتا، يوقالماقتا ئىدى. ناۋادا ئۇ ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلمىسا خەلقىغە زۆرۈر بولغان بۇ ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ يوقىلىپ تۈگەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەندى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلغان، ھازىر بارغانسېرى ئاجىزلاۋاتقان ئۆتكۈر بىلىش قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئۆرگەنگەن دەلىل-ئىسپات، بىلنامىلار، شېئىر-ھېكمەتلىك سۆزلەرنى يادلاپ بولدى. ئۇ چاغاتاي تىلى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، ئىنگلىز تىلىدىن ھازىر ياخشى پايدىلىنالايدۇ، پارسچە ئەسەرلەرنىمۇ «ئىنگلىزچە-پارسچە» لۇغەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئوقۇيالايدۇ. رۇس تىلىنى بولسا گەرچە ئوقۇشلۇق كىتابلىرى يوق بولسىمۇ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» نىڭ بىرىنچى تومىنى ئوقۇپ يۈرۈپ ئوبدانلا چۈشىنەلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېشى ھازىر ئوتتۇزدىن ئاشتى. ئەقلى قۇۋۋىتى تولغان راسا قىران چاغلىرى مۇشۇ. ئۇ بۇ تېپىلغۇسىز قىممەتلىك چاغلىرىنى ھەرگىزمۇ بىكارغا ئۆتكۈزمەسلىككە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مىنۇت ۋاقىت باھاسىز بايلىق. ئۇ بۇ كۈنلەردە كىچىك ئاپىسى ۋە قىزى دىلئاراغىمۇ كەمدىن-كەم كۆرۈنىدۇ. ئۇلار-پۈتۈنلەي زۇلىيا ئائىلىسىنىڭ ئەزاسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. ئەلا ئۆزىنىڭ ئايلىق مائاشىنىمۇ زۇلىيا ئائىلىسىگە تاپشۇرۇۋەتكەن. ئۇ ھازىر تۇرمۇش، دوستلىرى، ۋەزىيەت توغرىسىدا زادىلا ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ 1957 — 1958-يىللاردىكىدەك يەنە كىتابلار بىلەن سۆزلىشىدىغان، كىتابلاردىكى ئادەملەر بىلەن بىللە ياشايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئاماقىنىمۇ يالغۇز يەيدۇ، ئەتىگەنلىكى مەزىن ئاخۇندىنىمۇ بۇرۇن تۇرۇۋېلىپ، ئېتىز ئارىلىرىدىكى چىغىر يوللاردا ئۇزاقتىن-ئۇزاق يۈگۈرەيدۇ، مۇزدەك ئېرىق سۈيىدە يۇيۇنىدۇ. بەزى ئاخشاملىرى ئۆزىچىلا زۇلىيانىڭ يېنىغا كىرىۋېلىپ دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، ياكى بىر نەچچە رومكا ھاراق ئىچىپ قويىدۇ. شۇنداق چاغلاردىلا زۇلىيا ئۇنىڭ ئەقلى-ھوشىدىن ئازمىغان، راستىنلا ئىلىمگە بېرىلگەن ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ-دە، ئۇنى ئاسراشنىڭ مەنىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىدۇ.

— كەم-كۈتىڭىز بولسا تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ ئۇكام، سىز يات ئەمەس، مېنىڭ قېرىندىشىم بولۇپ قالدىڭىز، — دەيدۇ زۇلىيا بۇنداق چاغلاردا خۇشال بولۇپ، — بىز ئۆلسەك بىر سىقىم توپا قالىدۇ، سىزدىنچۇ، بىلىم كىتاب، ئەمگەك قالىدۇ. نام قالىدۇ. قانچە بايلار، پادىشاھلار، ئەسكەر باشلىقى، باتۇرلار ئۆتتى. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن نام-نىشانسىز بولۇپ كۆلدەك تۈزۈپ ئۆچتىغۇ. لېكىنزە، شائىرلار، ئالىملارنىڭ مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى گەپ-سۆزلىرى، كىتابلىرى ھازىرمۇ تىللاردا سۆزلىنىپ، مەكتەپلەردە ئوقۇلۇپ يۈرمەمدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەن: سىلەر ئادەم، بىز كۆك قۇرت، ئاشۇ ناۋايىنىڭ خىزمىتىنى قىلغان قول بابا دېگەن قېرىنىڭ نامى سۆرۈلۈپ يۈرۈپتۇ. ھەي ئۇكام، دەيمەنغۇ، بىز ئىككى ئانىدىن تۇغۇلغان بىلەن بىر ئانىنىڭ باللىرى، قالغىنىنى ئۆزىڭىز چۈشىنىۋېلىڭ، مەن سىز ئۈچۈن بىرەر ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەن كۈنۈم كەچكىچە ناخشا ئېيتىمەن ئۇكام!

زۇلىيا ئىشچان، ھەق سۆز، مېھرىبانلىقى بىلەن يۇرت ئىچىدە يۈز تاپقان. كۆيۈمچانلىق شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ. ئۇنىڭ گېپىگە كىرىدۇ. ھەر قانداق بىر ئائىلە

ئىشىنىمۇ ئۇنىڭ مەسلىھەتسىز قىلمايدۇ. ئۇمۇ قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىنى باشقىلاردىن ئايىمايدۇ. مانا شۇ سەۋەبتىن كۆپچىلىك ئۇنىڭ ھىمايە قىلغىنىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇنىڭ نەپرەتلەنگىنىگە بىردەك نەپرەت بىلدۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ رەھبىرىنى ئاسراپ، ھىمايە قىلىپ كەلمەكتە. بۈگۈن ئۇ ئۆز ئۆيىدە بۇ بېشىغا كۈن چۈشكەن مۇساپىرنى ئاسراۋاتقانىكەن، پۈتۈن يۇرتنىڭ ئۇنى ئاسرىشى، ئۇنى ھۆرمەتلىشى تۇرغان گەپ. يۇرت ئەلانى شۇنچىلىك ياقتۇرۇپ قالدىكى ھەتتا ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغول قىلىۋېلىش ئۈچۈن زۇلياغا ئەلچى قويغۇچىلارمۇ چىقتى.

ئەلا مانا شۇنداق ئەۋزەل ئائىلە، ياخشى شارائىتتا ئىللىق يازنى ئۆتكۈزدى. كۈز پەسلى ئىلھام پەسلى دەپتىكەن، ئۇ كۈز پەسلىنىمۇ يېزىش، ئوقۇش، ئارىلاپ مەكتەپنىڭ، بەزىدە زۇليانىڭ ئوت - چۆپىنى چېپىش، باغلاش، سامان - مەڭگىنى توشۇپ قويۇش بىلەن ئۆتكۈزدى. مانا قىشمۇ كىردى. ئۇ چوڭ ئىشلارغا زادىلا قىزىقمىدى: «ئوبلاستتا، ناھىيىدە، گۇڭشېدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپتۇ»، «رەقىب مۇئاۋىن جۇربىن بوپتۇ، ھاشىرنىڭ ئۈستىدىن تۆھمەت توقۇپ يۈرگۈزگۈدەك» دېگەن سۆزلەرگە پەسەنت قىلمىدى. ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇ ھاشىرنى، ساۋۇتوۋنى، نادىروۋنى، كۆپىنچە گۈزەلئاينى، ئەلىنى، تۇرمىدىكى رازىيەنى ئويلاپ قويىدۇ. لېكىن چۈشىدە كۆپىنچە گۈزەلئاي، ئەلەلەر بىللە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەمبۇرنىڭ تاپقان لايىقلىرى ئۇنىڭغا ياقمايدۇ. زۇليانىڭ مەھەللە قىزلىرى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇش ۋە ماختاشلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا غەلىتە ئاڭلىنىدۇ.

ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى شاۋقۇنسىز سۇدەك تىنچ مېڭىپ، ئۇ مانا قېلىن قارلىق قىشنىمۇ چىقاردى. ئارىلاپ - ئارىلاپ يېزا ئوتتۇرا مەكتىپى ئۇنى ئۆگىنىشكە چاقىرىپ ئادەم ئەۋەتىدۇ. لېكىن ئەلا ئۆگىنىشكە بارمايدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئەيىبلەيدىغان ھېچكىم يوق.

شۇنداق تىنچ - خاتىرجەم كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ كىچىككىنە ئائىلىنىڭ ھايات ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولۇپ چۈدۈن - چاپقۇنلۇق كۈنلەر باشلاندى. زۇليا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىلەن قوراللىق بۆلۈم تەرىپىدىن چاقىرىلغان يىغىنغا قاتنىشىپ قايتىپ كېلىپ ئەلانىڭ ياتىقىغا ئۆكسىلى ئۆچكەن ھالدا كىرىپ كەلدى:

— بولمىدى ئوكام، — دېدى ئۇ جىددىيلىشىپ، — ئۆزىڭىزنى دالدىغا ئالمىسىڭىز بولمىدى. مەن سىزگە دالدا بولۇشقا ئاجىزلىق قىلىدىغان ئوخشايمەن. ھاشىر، نادىروۋلار قولغا ئېلىنىپتۇ. سىزنى تۇتقىلى بۈگۈن كېچە قوراللىقلار كېلىدىكەن. ماڭا ئىشەنچلىك بىر رەھبەر بۇ گەپنى دەپ قويدى. يىغىن ئۆتمىدى، مەن بۇياققا چاپتىم!

ئەلا ئورنىدىن تۇرۇپ گەپمۇ قىلماستىن كىتاب - قەغەزلىرىنى يىغىشتۇردى ۋە زۇلياغا قاراپ:

— مەن بۇ كۈننى كۈتكەن، ئاخىر كەلدى. يامىنى، ئىشىم چالا قالدى. ئاكا، كىچىك ئاپام بىلەن قىزىم، مۇنۇ قوليازمىلىرىم سىزگە ئامانەت، مەن تاپشۇرۇپ ئالالمىسام تاپشۇرۇپ ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ. مېنى ھېلىقى كىگىزچى، جۇۋىچىلار بىلەن تېپىشتۇرۇپ قويالامسىز، مەن ئۇلار بىلەن سۆزلەشكەن، ئۇلار مېنى شاگىرت قىلىۋالماقچى بولۇشقان.

— شۇنداق قىلغان ياخشىمۇ ياكى مەن بىرەر دېھقاننىڭ ئۆيىدىن پاناھ جاي تاپايمۇ؟

— ياق ئاكا، مۆكۈنۈش خەتەرلىك، ئىشەنچلىكى كىگىزچى، جۇۋىچىلار بىلەن سىرت ناھىيىلەرگە كېتىش.

زۇليا بالىلىرىنى قېرى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى. ئۇ جۇۋىچى، كىگىزچىلەرنىڭ كەتكەن يېرىنى بىلەتتى. «بىرلا تور بىلەن ھەممىسىنى سۈزۈش» دولقۇنى شەھەردىن ناھىيىلەرگە، يېزىلارغا تارقالدى. ئىلى رايونىنىڭ بارلىق تاشيول، ئاچال، ئۆتەڭ، دەريا بويلىرىغا قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر قويۇلدى. ئۇلار بارلىق گۇمانلىق ئادەملەرنى تۇتتى. لېكىن بىر ئات، تۆت ئېشەك بىلەن ناھىيىمۇ ناھىيە كېزىپ كىگىزچىلىك، جۇۋىچىلىق قىلىپ يۈرگەن ئالتە كىشىنى ھېچكىم تۇتمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يول خەتلىرى ئىشەنچلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ

ئىچىگە يىگىدىن قىيىلغان بۇدرە ساقال، سەپكە يۈزلۈك، كىرلەشكەن تەلپەك بىلەن كۆرەك جۇۋا كىيگەن ئادەم بارلىق سوئال ـ سوراقلارغا «ھە ئە»، «ياق» دىن باشقىچە جاۋاب بەرمەيتتى. «ياق» سۆزىنى ئېيتقاندا «ق» نى، «ھە ئە»نى ئېيتقاندا «ئە» نى چۇشۇرۇپ قوياتتى:

— سەن نەلىك؟ — دېسە تونۇشتۇرۇش خېتىنى كۆرسەتتى.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دېسە ھەم تونۇشتۇرۇشنى چىقىراتتى.

— نەچچە ياش؟ — دېسىمۇ شۇنداق قىلاتتى.

— ئوقۇغانمۇ؟

— يا!

— تويلانغانمۇ؟

— ھە!

قارىماقتا ئۇ، بۇ تىجارەتچىلەرنىڭ ئەڭ قېرىسى ئىدى. لېكىن دۇكان ئاچقاندا ئۇ يۈك تىتىشتىن باشقا ئىش قىلمايتتى.

يۈك تىتىش ئۆت بارماق بىلەن بولىدىغان ئاددىي ئەمگەك بولغىنى بىلەن بۇ «بوۋاي» ئۈچۈن ئۇ بىر كۆڭۈللۈك ئەمگەك. چۈنكى «بوۋاي» جىمجىت ئۆيدە ياكى كوڭگەي پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ خالىغان ئىش ئۈستىدە ئويلىيالايتتى. خالىغان بىرى بىلەن خىيالدا سۆزلىشەلەيتتى. ھەتتا ھېچكىم يوق چاغدا ئەسكى جۇۋىسىنىڭ ئىچىدىن كىرلەشكەن ياغلىقىقا ئورالغان كىچىككىنە كىتابچىنى چىقىرىپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇيمۇ ئالاتتى. سىرتتىن بىرى كىرىش بىلەن كىتابنى يۈك ئارىسىغا يوشۇرۇپ قوياتتى ـ دە، بەھۇزۇر يۈك تىتاتتى. ئۇنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرىدىغان، نازارەت قىلىدىغان ھېچكىم بولمىغاچقا بۇ خىل خىيال ۋە كىتاب كۆرۈش بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. ھېچكىم يوق چاغلاردا جۇۋىچى، بەزىدە كىگىزچى ئۇنىڭغا ۋەزىيەت ياكى يېڭىلىقلار توغرىسىدا قىسقىچە بىر نېمىلەرنى دەپ قوياتتى. بەزىدە بولسا ئۇرغۇن شېئىرلارنى يادلىۋالغان جۇۋىچى ئۆزىچىلا پارسىچە، ئەرەبچە ياكى چاغاتايچە شېئىرلارنى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغىنىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. بۇدرە ساقاللىق «بوۋاي»لا بېشىنى گىلدىڭشىپ كۈلۈپ قوياتتى. بەزىدە جاۋابەن شۇنىڭغا ئوخشاش شېئىرلارنى ئوقۇپ قوياتتى. بۇ ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ئىدى.

ئۇلار تاغ ئىچىگە — چارۋىچىلارنىڭ كۆزلەكلىرىگە ئوقەت قىلغىلى كىرىپ بىر دادىۋى شۇجىسىنىڭ ئۆيىدە دۇكان قۇردى. دادىۋى شۇجىسى تاغدىن كۆۋەجەپ چۈشۈۋاتقان سۇ بويىغا كەڭرى قورۇجاي سېلىپ، تاغ قاپتىلىغا قويۇق ئالمىلىق باغ قىلغانىكەن. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئوتتۇز نەچچە ئۆيلۈك ئۆيغۇر، قازاق چارۋىچىلار بارىكەن. قالغان ئەزالار بولسا، يىراق غول ـ قىشلاقلاردا ئولتۇراقلاشقانىكەن. دادىۋى شۇجىسى ئۇزۇن سېرىق بۇرۇتلۇق، يوغان قوي كۆزلىرى ئوينىاپ تۇرىدىغان، مەڭزى قىزىل، يۈزى كەڭ، ئاغزى يوغان ئادەم ئىكەن. ئۇ ھاراققا ئىشتىھالىق، تاماكىغا خوشى يوق، گۆش يېيىشتە، قازاقچە ئۆلەڭ ئېيتىشتا داڭلىق ئىكەن، بەسلىشىپ پاقلان يېيەلەيدىكەن. كېلىنچەكلەر بىلەن پۈتۈن تۈن بويى «ئۆلەڭ» ئېيتىشالايدىكەن. ئۇنىڭ ئادەتتىكى گېپىمۇ ئۆيغۇرچە ـ قازاقچە تىلىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى تۇداخۇن بولسىمۇ كىشىلەر لەقىمىنى ئىسىم ئورنىدا ئاتاپ ئۇنى «قاسقىر ئاۋۇز»(1) دەپ چاقىرىشىدىكەن.

ئاخشىمى كىگىزچىلەر گۆش بىلەن شورپىغا تويدى. «قاسقىر ئاۋۇز» كىچىك بەكىسى بىلەن قوي بېشىنى قىرىپ ـ تازىلاپ بەۋېتىپ بۇدرە ساقاللىق «بوۋاي» غا قاراپ ـ قاراپ قويدى. «بوۋاي» شورپا ئىچىپ بولۇپ ساقال ـ بۇرۇتىنى ئاۋايلاپ سۈرتۈپ قوزغالماقچى بولۇۋىدى، «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم يالت قىلىپ قارىدى ـ دە:

— ياراشماپتۇ، چېنىپ قاپتۇ. بېشىڭ تىكە، ھەرىكىتىڭ ئوغلاق، ساقىلىڭ بوۋاي، چىرايىڭ يىگىت، قارىماقتا كىگىزچى، بارماقلىرىڭ خەتچى ـ مۆئەللىم ياكى كاتىپ، يۈك تىتىشلىرىڭ

(1) بۆرە ئېغىزى.

بېگىنباچى ئىكەنلىكىگنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئاله يالغان ساقلىگنى، نىمە ئادەمسەن؟ — دېدى.كىگىزچى ھەيران بولۇپ «قاسقىر ئاۋۇز» غا قاراپ:

— بوۋايغا چاقچاق قىلغىگىز كېلىۋاتىدۇ ـ ھە، شۇجى، — دېدى.

— راست گەپ قىلساگلار قۇتۇلىسىلەر، بولمىسا قورالليق ئەسكەرلىرىم سىلەرنى بىردەمدىلا ناھىيە تۈرمىسىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ يالغان ساقاللار بىلەن تۈيدىكى گالۋاگلارنى ئالدىيالايسىلەر، لېكىن بىز قىر خەلقى قوغۇن بىلەن كاۋىنى ئارىۋالالمىغان بىلەن تۈچكە ساقلى بىلەن ئادەم ساقلىنى بەك ئوڭاي پەرق قىلالايمىز. راست گەپ قىل، مەن ساقچى ئەمەس، ناھىيىدىن تۇتۇلغان ھاشىر، ساۋۇتوۋ، نادىروۋ گورۇھىنىڭ ئادەملىرىدىنمۇ سىلەر؟

— مەن شۇلاردىن، ئىشتىم ئەلا! — دېدى «بوۋاي» ساقىلىنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىپ، — ئاكا ئېيتقىنا، ھاشىرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا نىمە بىلىسەن؟

— ئەلا؟ — دېدى «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، — راستمۇ؟

— راست، تۇتۇپ بېرىپ مۇكاپات ئالاي دەمسەن؟

«قاسقىر ئاۋۇز» ئورنىدىن تۇردى. قوزۇقتا قامچىسى بىلەن بىللە ئېسىقلىق تۇرغان خۇرۇم سومكىسىنى ئېچىپ ئىچىدىن بىر تەشۋىقات ۋاراقىسىنى ئالدى ـ دە، بىر ئەلاغا، بىر ۋاراقىگە قارىدى، ئاخىر:

— راست سەن ئەلا ئىكەنسەن، مە، ماۋۇ دوستلىرىڭنىمۇ كۆرۈۋال، ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالغىنىڭ بولۇپ قالار. بۇلار ئېتىلىدۇ. مە، قېنىۋال! — دېدى.

ئەلا غالىلداپ تىترەپ «قاسقىر ئاۋۇز» نىڭ قولىدىن ۋاراقىنى ئالدى. ئۇنىڭ كۆزى بىرىنچى بولۇپ ھاشىرغا چۈشتى. ھاشىرنىڭ بېشى پاكىزە چۈشۈرۈلگەن، ئۇ ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ، يوغان، خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ئەلاغا تىكىلىپ تۇرۇپتۇ. مانا جىددىي چىراي نادىروۋ، ئۇ خۇددى ئاكۇپ پارتلىتىشقا ماڭغاندەك غەزەپلىك، جىددىي چىرايى بىلەن ئەلاغا قادالماقتا. ئۇندىن كېيىن ساۋۇتوۋ، ئۇ پۇشايمان، ئەپسۇس بىلەن بېشىنى چايقاۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىم، ئادىل ئىسمىلىك ئاكا ـ ئۇكا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرماش، ئوسمان... ئۇلار كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتۈۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراشقان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەلاغا تونۇش بولمىغان ھەر خىل چىرايدىكى ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئاياللار...

ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىسمى، يېشى، مىللىتى، قىسقىچە جىنايى قىلمىشى يېزىلغان. ئاخىرىغا كۆپچىلىكنىڭ ھۆكۈمى يېزىلغان. كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ ئولىسىغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ۋاراقىدە ئەلا توغرىسىدا بولسا قېچىپ كەتكەنلىكى، تۇتۇلغان زامان ئېتىلىدىغانلىقى يېزىلغانىدى.

ئەلانىڭ لەۋلىرى كۆكىرىپ، قوللىرى تىترىدى:

— يالغان، تۆھمەت، مەن بۇلارنى ئاقلايمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئەسەبىلەرچە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

— يىگىت، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، — دېدى «قاسقىر ئاۋۇز» يوغان ئالقىنىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، — ھاشىر سەن ئۈچۈن قانچىلىك ئەزىز بولسا مەن ئۈچۈنمۇ ئەزىز، ئۇنىڭ غەمخورلۇقى بولمىغان بولسا بىزنىڭ ئورغۇن چارۋىچىلىرىمىز قار كۆچكىسى ئاستىدا ئۆلگەن بولاتتى. ئۇنىڭ تەشكىللىگەن قۇتقۇزغۇچىلىرى بىزنى قوغداپ قالغان. مەنمۇ ئۇنىڭ پارتىيە، سوتسىيالىزمغا قارشى گورۇھ ئويۇشتۇرۇپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرمەكچى بولغىنىغا زادىلا ئىشەنمەيمەن. ئۇكام سەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى ئىكەنسەن، ئۇنداقتا سەن مېنىڭمۇ ئاغىنەم، ھەر نىمە قىلساق بىللە قىلىمىز، ئەكەلگىنە قولۇڭنى، ھەي ئىتنىڭ بالىسى!

ئەتىسى ئاڭ سەھەر بىلەن ئەلا قايتىدىن بوۋاي بولۇپ ياساندى. ياخشى ئاتقا نان ـ توغاچ، پىششىق گۆش سېلىنغان خۇرجۇننى غانجۇغلىدى. كىگىزچى بىلەن جۇۋىچى يېنىدىكى نەق پۇللىرىنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى:

— لازىمى بولىدۇ. ئەلاجان ئەپەندىم، — دېدى قۇدىرەتاخون يەنى جۇۋىچى، بىزمۇ پۇل تاپقىلى ئەمەس، جان ساقلىغىلى بۇ يەرلەردە ئەمترەپ يۈرۈۋاتىمىز. سىلى تېخى جىق رىيازەت چېكىلا.

پۇل ھەر قاچان لازىم نەرسە.

ئەلا ئاتاڭ سەھەر بىلەن شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنىڭ قولىنى قىسىپ:

— ئوكام، ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئال، ئەھۋالىنى بىل. ھەربىي رايونىدا، ئۈرۈمچىدە، ئىچكىرىدە ياخشى تونۇشلىرىم بار دەيسەن، ئۇلارنى ئاقلاپ قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىل، نېمە لازىم بولسا ماڭا خەت ياز. لېكىن ئۆزۈڭنى ئايا. ئاچچىقىڭنىڭ كۈچى بىلەن يولۋاستەك تەلۋىلىك قىلىپ قاپقانغا ئۆزۈڭنى ئۇرما، پەم بىلەن، ئەقىل بىلەن ئىش قىل! — دەپ قايتا - قايتا جېكىدى.

يوللار قارايغان، لېكىن كۈندۈزى ئەگىز سۇلىرى ئېقىپ، ئەتىسى - ئاخشاملىرى مۇز بولۇپ قېتىۋالىدىغان غىلتاڭ يەرلەردە ئات - ھارۋىلار قېيىنلىپ ماڭاتتى. كۆتەك ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى يېرىم قېتىشقان يولنى تىغدەك تىلىپ ماڭسا، ئاتلار تۇك يەردە مۇدۇرلۇپ، تۇشقاق چامداپ ماڭاتتى. ئەلا مىنگەن تۇزۇن يايلىق، كەڭ ساغرىلىق تورۇق ئات بىر دەمدىلا تەرلىدى، تەرلىگەندىن كېيىن ئاتنىڭ ئايىغى ئېچىلىپ، تېزگىن سىرىپ، يېنىك - يۇمشاق قەدەم تاشلاپ تاغ ئىچىدىن قىر ئارىلاپ، بەل ئېشىپ كېتىدىغان چىغىر يول بىلەن شەھەرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە غۇلجا شەھىرىنىڭ خەنزۇ بازىرىغا يېتىپ كەلدى. شەھەر سۈرلۈك ۋە كۆررۈمسىز ئىدى. ئاشخانا، دۇكانلار تاقالغان. بازاردا ھەر خىل تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر بۇلۇڭلاردا تەمتىلىشىپ يۈرۈشەتتى. ھېلىقى چاغدا ھاشىر بىلەن تاماشا قىلغان لەڭزى بېشىمۇ گۆڭگاراپ قالغان. ئورۇق، قوتۇر ئىتلار پاسكىنا ئەخلەتخانىلارنى پۇراپ - قېدىرىپ يۈرگەندىن باشقا بىرەرمۇ دۇكان ياكى تەڭزىچى قالمىغانىدى. ئۇ ئىتنىڭ بېشىنى غەربكە قاراتتى. غەرب دۇڭ مەھەللە تەرەپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۈرلۈك تۇمانلىق كۆرۈندى. مانا توغرا كۆۋرۈك، ئىلى مېھمانخانىسى، ئۇنىڭ ئالدى ماشىنا - تراكتورلار بىلەن تولغان. ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى بىناسىدىن كەينى - كەينىدىن ئۈچ ماشىنا قوراللىق باشلار چىقىپ يېڭى ھايات مەھەللىسى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. «ئۇلار مېنى ئۇتقىلى ماڭدىمىكىن» دەپ ئويلىدى ئەلا ئېتىنى يولنىڭ چېتى بىلەن ماڭغۇزۇپ ئاستا كېتىۋېتىپ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا غۇلجا گۈزەللىرى قاينايدىغان قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى ئالدىدا توختىدى. ئىككى قەۋەتلىك، قاڭالتىر ئۆگزىلىك، بۈك دەرەخ، گۈللەر ئىچىدە كىشىنى جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان مەكتەپ بىناسى يوق. ئۇنىڭ ئورنىدا ئوتتا قارايغان كېسەكلەر دۆۋىسى، تاملار ئىزناسىلا قالغان. ئەلا ئۆز ۋاقتىدا بۇ يەردىكى پاكىز، ئازادە مەكتەپ بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى زالدا ئالا - يېشىل قەغەزلەر، يورۇق لامپۇچكىلار ئاستىدا كىپىنەكتەك شوخ قىزلار بىلەن تانسا ئوينايتتى. ئۇ كۆلكىسى جاراڭلىق، شوخ ئوماق قىزلار ھازىر نە - نەلەردە ئانا بولۇپ يۈرىدىكىن؟ ئۇ ئېتىنى سوۋۇتقاچ غەربكە قاراپ يەنە ماڭدى. بانكا، ئاشلىق ئىدارىلىرى كۆيگەن، ئەسكى تاملىقتا ئايلانغان، مانا ئەكسىنىر(1) تۈن زاۋۇتى، ئۇنىڭ زاۋۇت بىناسى ئوقلار زەربىسىدىن بۇزۇلۇپ - چوقۇر بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ قارشىسىدىكى بىلىم يۇرتىنىڭ دېرىزىلىرى سۇنغان، ئىسلاشقان، جەنۇبقا قارىغان يان ئىشىكى بىلەن تۈيلەر كۆيگەن، ئۆرۈلگەن. ئۆز ۋاقتىدا بىلىم كانى، ئارزۇ - ھەۋەس، غايىلەرنى يېتىلدۈرۈپ چوڭ قىلىدىغان ئانا بۆشۈكى بولغان بۇ مۇقەددەس ئورۇنغا ئوق ئاتقان ئادەملەر ھاشىر، ئەلالارنى ئاياپ قويارمۇ؟ ئەلا ئېتىنى توختىتىپ مەكتەپنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مەيدانلىرىغا قارىدى: بۇ مەيداندا ئەلا، ھاشىرلار توپ ئوينايتتى. ھاشىر توپنى قانداق ئۇراتتى - ھە؟ ئۇ يەردىكى ئەلالار قىشتا قارنى تازىلاپ، يازدا ئەخلىتىنى سۈپۈرۈپ خۇددى چېچەن ئايالنىڭ قازان بېشىدەك قىلىۋېتىدىغان مەيدانلار ئەنە، غازاڭ - چۈۋا چىرىندىلىرى، ئەسكى - تۈسكى كېسەكلەر غۇۋا لامپۇچكا يورۇقىدا دۆۋىلەنگەنلىك كۆرۈنمەكتە. ئۆز ۋاقتىدا مۇدىرىيەت ئىشخانىسى، ئىلمىي باشقارما دېگەن ۋىۋىسكىلار قادىلىدىغان چىرايلىق رىشاتكىلىق بىر قەۋەت ئۈيلەر ئەمدى ئەسكى خۇمدانغا ئوخشاپ قاپتۇ.

(1) ئىلى تۈن زاۋۇتىنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى.

«بۇ قانداق ئىنقىلاب؟ — دېدى ئەلا ئۆز ـ ئۆزىگە، — مەكتەپلەر كۆيدۈرۈلگەن، ئىلىم ئەھلى سولانغان، دەپسەندە قىلىنىپ كېتىۋاتقان. ‹ئىنقىلاب› دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى خاتا چۈشەندۈرۈلگەنمۇ ـ يە؟ خاتا بولمىسا ئىنقىلاب جەمئىيەتنى ئىلگىرىلەتكۈچى، يېڭىلىق ياراتقۇچى ھەرىكەت بولۇشى كېرەك ئىدى. ھازىرقى ئىنقىلاب ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە بولۇۋاتىدىغۇ؟ ھەي قىممەتلىك دوستۇم ھاشىر، ئىككىمىز ئەمدى بۇ توغرىدا مۇنازىرە قىلالمايدىغان بولدۇق. سېنى راستىلا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلارمۇ؟ بۇنداق بولسا بۇ تولىمۇ جانغا پاتىدىغان ناھەقچىلىك بولىدىغۇ؟ مەن سېنى جىسمانىي كۈچۈم بىلەن قۇتقۇزالمايمەن. مەن ئۇنچىلىك قەھرىمان يارالماپتىكەنمەن. قورۇق ھېسداشلىق، قۇرۇق كۆز يېشى ۋە ھەسرەت بىلەن سېنى قۇتقازغىلى بولمايدۇ. دوستۇم، مەن نېمىمۇ قىلارمەن. قولۇمدىن بىرلا مەردلىك كېلىدۇ: سەن بىلەن بىللە ئۆلۈش. مەن ئوقۇغان كىتابلاردا يېزىلىشىچە فاشىستلار كاتتىباشلىرىدىن گىتلېر، مۇسسولىنىلارنىڭ ئاشنىلىرى چېغىدا گىتلېر، مۇسسولىنىلار بىلەن بىللە ئۆلۈشنى بەخت بىلگەن. كلارىتا(1) بىلەن ئەۋا. برائىن(2) لارچىلىك ساداقەت مەندە بولمىسا مەن ئۆزۈمنى نېمىگە ئادەم ھېسابلايمەن. مەن ھازىرلا ھاشىر يېتىۋاتقان تۈرمىگە كىرىمەن ـ دە، ئۆزۈمنىڭ ئەلا ئىكەنلىكىمنى مەلۇم قىلىمەن!»

ئۇ يۇقىرىقىلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، قەھرىمانلىق ۋە مەردلىكتە ئۆلگە قالدۇرماقچى بولۇپ ئوبلاستلىق ساقچى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ كوچىنىڭ ئىسمى نوۋئىگورىد. ئۆز ۋاقتىدا چار رۇسىيە غۇلجىنى بېسىۋالغاندا گوبېرناتور كالپاكوۋسكىي بىلەن بىللە غۇلجىغا كىرگەن چار رۇسىيە ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئۆي سېلىش بىلەن مەھەللە بولغانلىقى ئۈچۈن ئاشۇ نام (يېڭى شەھەر) بىلەن ئاتالغان. بۇ كوچىدا تەنھا ئۆزى خىيالەن قەھرىمانلىقى بىلەن مەغرۇر ئات ئوينىتىپ، ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسى ئورۇنلاشقان كوچىغا ئەگىشىدىغان يەرگە كەلگەندە تويۇقسىز ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتۈرۈلۈپ ئوقلار ئېتىلدى. ئەلا ئۆزىنى پاناھقا ئالماق بولۇپ ئېتىنى تېرەكلىككە بۇرىشىغا يېنىدىكى ئېرىقىقا بىرى دۈم يىقىلدى. كەينىدىنلا دەرھال تۆت نەپەر قوراللىق يۈگۈرۈپ كېلىشتى ۋە يىقىلغۇچىنى يەردىن يۆلىدى. ئۇ ئۆلگەن. ئەلا خىرە چىراغ يورۇقىدا قويۇق قاننى، ئۆلگۈچىنىڭ چېچى چۇشۇرۈلگەن دۈگىلەك بېشىنى، تاتىرىپ كەتكەن يۈزىنى كۆردى. ئۆلگۈچى تولىمۇ چىرايلىق ياش يىگىت ئىدى. ئەلا ئىختىيارسىز ئېتىنى بالىغا قارىتىپ شىپىقىدى. قوغلىغۇچىلاردىن ئىككىسى بالىنى سۆرەپ ماڭغۇزدى، يەنە بىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ:

— قوزغاتما، نەق مەيداننى ساقلا، تۈرمىدىن قاچتى، بەلگە ئوقى بەرسەك توختىمىدى، ئاتتۇق. ئۆلۈمگە مەھكۇم! — دېدى. ئەلا ئەھۋالنى دەرھال چۈشەندى. قوغلىغۇچىلاردىن بىرى ئەلانى كۆرۈپ قالدى.

— بوۋاي نېمىگە تۇرىسەن؟

— بۇ مېنىڭ بالام.

— نېمە؟ ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنىسۇر رەخمەتنىڭ دادىسىمۇ سەن؟ ئېتىڭ نېمە؟

— ئەخمەت!

— رەخمەت، ئەخمەت! — دېيىشتى قوراللىقلار بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇپ، — بالاڭنىڭ قېچىشىنى بىلەتتىڭمۇ دەيمەن؟

— ياق بىلمەيتتىم!

— ھە! قانداق دۇچ كېلىپ قالدىڭ ئەمىسە؟

— نان ـ توغاچ ئېلىپ كەلگەنىدىم.

— كېچىسىما؟

— ھەئە، كۈندۈزى كومموندا ئىشلەيمەن، رۇخسەت قىلمايدۇ.

— كۆردۈڭمۇ بالاڭ قاچتى. قانچە قىلساقمۇ توختىمىدى، ئاخىر ئامالسىز، مانا!

— سىلەر گۇناھسىز. بالام يامان بالا ئىدى. ئۆلگىنى ياخشى بولدى. ئۆلۈكنى بەرسەڭلار، مەن بۇنى

---

(1) مۇسسولىنىنىڭ ئاشنىسى، (2) گىتلېرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئاشنىسى ۋە ئۆلەر ۋاقتىدا نىكاھلانغان ئايالى.

دەپنە قىلىۋېتەي!

— بىزنىڭ رەسمىيەتلىرىمىز بار، ئۇنى ئۇتەيسەن.

— ئەتىلىككە كېلىپ ئۇتەي.

بالىنىڭ قانلىرى قېتىشقانىدى. ئەلا يەرگە چۈشۈپ بالىنى بېلىدىكى قارا رەخ پوتىسى بىلەن ئوبدان ئوراپ تاڭدى. ئۇنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى. ئۇ بوقۇلداپ يىغلىدى. قوراللىقلار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ «بالادىن قۇتۇلدۇق» دەپ ئويلىدىمۇ، بالىنى «بوۋاي» نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەردى ۋە ئەتىگەنلىككە جەزمەن كېلىشنى جېكىپ «بوۋاي» نى يولغا سېلىپ قويدى.

ئەلا جىمجىت كوچا بىلەن ئۇزاق، ئاستا ماڭدى. ئىنگەردە تۇغرىسىغا ياتقان بۇ يىگىت كىمنىڭ بالىسى، ئۇ نېمىشقا ئۆزمىگە كىرگەن، نېمىشقا ۋە قانداق قاچقان. ياش بالا بەلكى ئاتا-ئانىسىنى سېغىنغاندۇ؟ ئۆزىدەك چىرايلىق بىر قىز ئۈچۈن ئۆرمىدىن قاچقاندۇ، سېغىنىش، مۇھەببەت ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆلۈم، خەتەر دېگەنلەرنى كۆرسەتمىگەندۇ، ياكى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇيغان بولسا جانىنى قولىغا ئېلىپ بىر ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولغاندۇ ياكى بىرەر ئىشنى ئىجرا قىلماقچى بولغاندۇر...

ئەلانىڭ كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ قۇچىقىدىكى ياش يىگىتنى چىراغ ۋە ئاي يورۇقىدا قانغىچە، سىنچىلاپ كۆرۈپ چىقتى. ئۇنى ھېچنەدە كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

ئۇ چارچاش ۋە ئاچلىقتىن تىترەشكە باشلىدى. شۇ چاغدىلا ئېتىنى ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان، ھازىر ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئارۇپ ئىسىملىك دوستىنىڭ ئۆيىگە بۇرىدى. ئارۇپنىڭ ئۆيى شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپىدە، ئايدوڭ، ناغرىچى مەھەللىلىرىنىڭ چېگرىسىدىكى بىر خالتا كوچىدا ئىدى.

ئەلا قوش قاناتلىق ھويلا ئىشىكىنى قېقىشتىن بۇرۇن سۇ بويىدىكى قويۇق ئالۇچىلىققا ئېتىنى باغلاپ جەسەتنى چۈشۈردى ۋە يالغان ساقال-بۇرۇتنى ئېلىۋەتتى.

ئارۇپ ئۇنى خۇشاللىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئارۇپنىڭ ئايالىمۇ ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇلار ئەلانى ئۆزۈندىن بېرى بىلەتتى، ئۇنىڭ ياخشى يارىگىنى دائىم قىلىشاتتى. ئارۇپ تاشپولات بىلەنمۇ يېقىن ئاغىنە بولغاچقا ئەلا، ھاشىر، قۇرماش، ئوسمانلار تۇغرىسىدىكى ھەممىگە پەلەردىن خەۋەردار ئىدى. چايدىن كېيىن ئەلا ئوبدان ئىسسىدىدە، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ھىم يېپىۋېلىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئارۇپقا ئېيتىپ بەردى.

— مۇردا قېنى؟ — دەپ سورىدى ئارۇپ ھاياجانلىنىپ، — ئۇستەڭ بويىدا دەمسىنا، جۈر ئاداش جايلاشتۇرايلى!

ئۇلار جەسەتنى ئارۇپنىڭ ياغاچچىلىق قىلىدىغان ئۆيىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن ئارۇپ بالىنى دەرھال تونۇدى.

— ۋۇي، بۇ رەخمەتجان ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ ئەندىشە بىلەن، — بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان، دادىسى ئۇستا چورنىڭ ئىدى. قەيەرگىدۇر تارقاقلاشتۇرۇپتۇ دەپ ئاڭلىغان. ۋاي بىچارە بالا!

ئۇلار جەسەتنى بورا ئۈستىگە قويدى ۋە ئاندىن كېيىن بالىنىڭ يانچۇقلىرىنى ئاختۇردى. بالىنىڭ ئۈش يانچۇقىدىن قانغا مىلەنگەن خەت چىقتى. خەتنىڭ ئىملاسىغا قاراپلا ئۇلار دەررۇ تونۇشتى:

— ھاشىرنىڭ ئىملاسى! — دېيىشتى ئىككىسى تەڭلا.

ئۇلار ئىچكەركى ئۆيگە قايتىپ كىرىشتى. گېلىدىن غىزا ئۆتمىدى. ئارۇپ چىقىپ ئاتنى جايلاشتۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلار دېرىزىلەرنى مەھكەم قاپقىلاپ قانغا مىلەنگەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

6

ئەلا كىچىك ئانىسى تىكىپ بەرگەن پاختىلىق چىلتىكىسىنىڭ قوش ئەسترىنى سۆكۈپ خەتنى پاختا بىلەن ئەستەر ئارىسىغا ئېلىپ قايتىدىن تىكتى-دە، يىرىم كېچىدە يولغا تەييارلاندى.

— ئارۇپ ئاداش، — دېدى ئۇ دوستىنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ، — مۇنۇ رەخمەتنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تېپىپ دەپنە قىلىۋېتىڭلار، بۇ يىگىتنىڭ قەيسەرلىكى «ھەققىدە كەلگۈسىدە» سۆزلىشىمىز. ئۇ

بىزگە تۇرمىدىكى دوستلىرىمىزنىڭ ئارزۇ- ئارمانلىرىنى يەتكۈزدى. مەن ئۈرۈمچىگە، بولمىغاندا بېيجىڭغا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا بارىمەن. بىر سۇيىقەستچىنىڭ تۆھمىتى بىلەن بىزنىڭ ئاجايىپ ئادەملىرىمىز ئۆلۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. تېز ھەرىكەت قىلمىسام كېچىكىمەن. مەن ئىشەنچلىك ئادەملىرىم ئارقىلىق ھاشىرنىڭ مۇنۇ خېتىنى پارتىيىمىزنىڭ مەسئۇللىرىغا يەتكۈزىمەن!

ئارۇپنىڭ ئايالى ئۇنىڭغا يوللۇق تەييارلىدى. ئەلا ئاخىرقى قېتىم رەخمەتنىڭ جەستى بىلەن خوشلاشتى. رەخمەت ئۇنىڭغا تولىمۇ گۈزەل، سۆيۈملۈك كۆرۈندى: يىگىتنىڭ تاتارغان، باللىق بەلگىلىرى يوقالمىغان پاكىز يۈزىگە سايە تاشلاپ تۇرغان ئۇزۇن كىرپىكلىرى، چاناقلىرىدا قان قېتىپ قالغان، تولىمۇ چىرايلىق بۇرنى، ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان، بىر گېپىنىڭ يېرىمىنى دەپ بولۇپ يېرىمىنى دېيىشكە تەمشىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان نۇماق لەۋلىرى ئەلانىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈلۈك ئىزنا قالدۇردى.

ئەلا قايتىدىن بوۋايچە ياسىنىپ ئېتىنى ئوينىتىپ گۈزەللىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە سۈبھى كۆتۈرۈل- گەنىدى. ھويلا دەرۋازىلىرى مەھكەم ئېتىلگەن، ئاپئاق قىرولاردىن شاخلىرى ئۆگزىلەرگە ئېگىلگەن قېرى تېرەكلەر ئۈستىدە قاغىلار ئەنسىز قاقىلدىشىپ، ئىتلار خۇشياقماي ھاۋشىشىپ قويغاندىن باشقا ئەتراپتا ھېچقانداق ئاۋاز- شەپە يوق ئىدى. ئۇ ئوغلى ۋە دائىم خىيالىدىن كەتمەيدىغان گۈزەل ئايالنى كۆرۈۋېلىش ئىستىكى بىلەن ئېتىنى باغ قورۇغىنىنى ئەگىشىپ ئۆتۈپ پاكارراق شورىدىن باغقا، كېيىن باغقا قارىغان دېرىزە قاپقىلىرىغا قارىدى. ئاشۇ ھەم يېپىلغان قاپقىلار ئىچىدە ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئادەملىرى ئۇخلىماقتا، ئۇ ئۆز بالىسىنى كۆرۈشكە تەقەززا، ھاشىرلار بىلەن ئۇنىڭغۇ تۈرمە تاملىرى ئايرىپ تۇرۇپتۇ. مۇنۇ ئۆز ئوغلى بىلەن ئايالىنچۇ؟ ئۇلارنى ئايرىپ تۇرغان قايسى تام؟ ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە كۆڭۈلسىزلىككە ئوخشاش مەڭگۈلۈك جۇدالىق- ئايرىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىنسان سۆيگۈسىنىڭ دۈشمەنلىرى تام بولۇپ تۇرۇۋاتامدۇ؟

ياق. بۇنداق دېيىشكە ئەلانىڭ ھەرگىز تىلى بارمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەنمەنلىك، ئۆزۈمچىلىك، جاھىللىققا ئوخشاش ھەم ئەيىبى، ھەم خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدىغان مىجەز- خۇلۇق بەلگىلىرى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىللىق ھاۋانى تۈگىتىپ، مۇز پەيدا قىلدىمۇ؟ ناۋادا شۇنداق بولغان بولسا ئەلا مۇشۇ تۇرقىدا بۇ مۇزنى نەپسى، كۆز يېشى ۋە ھەتتا ئىسسىق قېنى بىلەن ئېرىتىشكە تەييار ئىدى. ئۇ ئەمدى جۇدالىق ۋە تەلمۈرۈش ئازابى بىلەن ئۆزىنى «ئاۋلاش» نى خالىمايدۇ. ئۇ ئۆزىدىن ئۆتكەن ئەيىبلەر ئۈچۈن ئايالىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كەچۈرۈم سوراشقىمۇ تەييار!

— ھەي بوۋاي، نېمەڭ يوق!

تام تۈۋىدىكى كېسەك بىلەن تورالغان ھاجەتخانىدىن بىر ئايالنىڭ بېشى كۆتۈرۈلدى.

— مەن گۈزەللىنى كورەي دېۋىدىم؟

— ئەمدى سەن قالغانىمدىڭ يوق ساقال! ئۇ سولاقتا، بالىسىنى بىرلىرى ئېلىپ كەتتى. ئۆيىگە بويىنۇڭ ئۈزۈلگىچە سوزۇلۇپ قارىغىنىڭ بىلەنمۇ بەربىر، چاشقاندىن باشقا ھېچكىم يوق، ماڭ يولۇڭغا ئېزىتقۇدەك مارىماي!

ئەلا ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلدى، يولغا ماڭدى. ئۇ ئوبلاستلىق تۈرمە ئالدىغا كەلگەندە قولاقچىسىنىڭ يۈڭلىرىغا ئاپئاق قىرو باغلىغانىدى. قوراللىق مۇھاپىزەتچى ئۇنىڭغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى:

— نېمە دەيسەن؟

— ئاخشام ئېتىلغان بالىنىڭ دادىسىمەن!

— نېمە، كىم ئېتىلىپتۇ؟ بۇنداق ئىش يوق، ماڭە، كەت!

«بەللى، — دېدى ئەلا ئۆز- ئۆزىگە، — بىر ئادەم ئېتىلىسۇنۇ، ئۇلارنىڭ يېنىغىمۇ كەلمىسۇن، بىر ئىت ئۆلسە پۈتۈن بىر يېزىدا غۇلغۇلا بولىدۇ- يۇ، پۈتۈن سۈرۈك بىر ئادەم ئۆلسە بۇلار غەم يېمەي يۈرۈشىدۇ. بۇلار قانداق ئادەملەر؟ مەن بۇلارغا ئۆزۈمنى ئۆتۈپ بېرىپ دوستلىرىمغا بولغان ساداقىتىمنى ئىپادە قىلماقچى بولغانىدىم، تازا ئەخمەقلىق قىلغانىكەنمەن. بۇنداق قىلغان بولسام ھاشىرلار ئۈچۈن كىم يىغلايدۇ؟

ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۇلار بىلەن بىللە ئۆلگەندىن ئەۋزەل. ھاشىر خېتىدە ماڭا قانداق چوڭ ئۈمىد باغلىغان - ھە؟ «دوستى ئۈچۈن قۇربان بولۇشنى شەرەپ بىلگەن ئادەم مەڭگۈ غالىب، ئۆزى ئۈچۈن دوستىنى ئۆتۈپ بەرگەن ئادەم ئۆلۈمگە مەھكۇم!» ھاشىرنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ تۇرمىگە كىرگەندىن كېيىنكى تەسىراتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدە بىر ئۇلۇغ ھەقىقەتنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرۇپتۇ. مەن ھەر قانداق يول بىلەن بولسىمۇ دوستلىرىمنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىمەن. مەيلى بۇنىڭ ئۈچۈن غورۇرۇم، ئىنسانىي قىممىتىم، ھەتتا ئىسسىق جېنىم سەرپ بولسىمۇ مەيلى!»

تۈرمە تاملىرى ئېگىز، دوقمۇش - دوقمۇشلىرىدىكى پوتەيلەردە قوراللىق يىگىتلەر بار. ئەلا ئاتلىق تۈرمىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى. دە، ئاخىر ئېتىنىڭ بېشىنى شىمالغا بۇرىدى. ئۇنىڭ يادىغا ھازىر ھەربىي رايوندا ئىشلەيدىغان بىر دوستى چۈشتى. جاۋ فامىلىلىك بۇ يىگىت بىلەن ئەلا مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدىلا يېقىن دوست ئىدى. جاۋ 1961 - يىلى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر تىلى كەسپىنى تۈگىتىپ ئىلى ھەربىي رايونغا تەقسىم قىلىنغان، ئۇ ئاۋۋال تەرجىمان ئىدى. ھازىر سىلىڭبۇدا مۇھىم خىزمەتتە ئىكەن. ئەلا ئۇنىڭ بىر ئەقىل كۆرسەتلىشىگە ئىشىنەتتى.

ئەلا ئۇنىڭ ئۆيىنى ئۇزاق ئىزلىدى. ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنى جاۋنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى پراكتىكا قىلغان ۋاقتىدىكى «دادىسى» دەپ تونۇشتۇردى (ئۇيغۇر تىلى ئۆگەنگەن خەنزۇ بالىلار ئۇزلىرى ياتقان ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرىنى «دادا»، «ئاپا» دەپ ئاتايتتى).

كۈن چىققاندا ئۇ جاۋنىڭ ئائىلىسىنى تاپتى. ئۇ ئېتىنى ئارقا دەرۋازا يېنىغا باغلاپ قويۇپ، خۇرجۇن - قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقتى. بىر ئەسكەر جاۋنىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا كەتكەنىدى.

— كىمنى ئىزلەيسىز؟ — دېدى ياش، خۇشخۇي ئايال كۈلۈپ تۇرۇپ، — مىللىي يولداشلارنىمۇ؟

— ياق ئەركىنىنى ئىزلەپ كەلگەن! — دېدى ئەلا ئۇيغۇر تىلىدا. ئايال جاۋاب بەرگىچە ئۆي ئىچىدىن جاۋنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىرىڭ، مانا مەن ھازىرلا...

ئەلا ئۆيگە كىردى. جاۋ ئۇنى دەسلەپ تونىيالمىدى. لېكىن قىزغىن كۆتۈۋالدى. ئەلا كونا تونۇشنى تاپقانلىقى ئۈچۈن خۇشال، لېكىن ئۇ قەلبىدىكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان جاراھەتنىڭ زەربىسىدىن غەمكىن ۋە سولغۇن ئىدى. ئۇ كۆرەك جۇۋىسىنى سالدى. جاۋنىڭ ھۇپپىدە ئىللىق ئۆيى، غەمسىز باللىرى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان ئائىلە بەختىنى پۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. يىغلىغۇسى، نالە قىلغۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ غەيرەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇرغان جاۋ «بوۋاي» نىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىدى:

— نېمە بولدى ئاغا، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن، — مۇزلاپسىز، چاي ئىچىڭ، سىز كېيە كىيىۋىدىڭىزمۇ؟

— ياق، — دېدى ئەلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن گەپنى چاقچاققا ئۇرۇپ، — مەن كېيە كىيىدىغان ئەمەس، جىرىسىيۇزىدىن!

جاۋ قاقاھلاپ كۈلدى ۋە «بوۋاي» نىڭ چاقچىقىنى ئايالىغا ئۇرۇپ بېرىۋىدى، ئايالىمۇ قاقاھلاپ كۈلدى. شۇ چاغدىلا ئەلا ئۇلارغا خەنزۇ تىلىدا تاڭ دەۋرىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر لەتىپىنى سۆزلەپ بەردى. ئەلا، خەنزۇچە سۆزلىگەندىن كېيىنلا جاۋ ئۇنى تونۇۋالدى.

— ئەلا، ئەلاغۇسىز؟ بۇ نېمىڭىز؟ — ئۇ ئەلانىڭ ساقلىنى كۆرسەتتى. ئەلا ساقال - بۇرۇتىنى يۇلۇپ ئالدى - دە:

— بۇ گىرىم، مەن ھازىر ئارتىس، مەن بىر ھايات تىراگېدىيىسىدە رول ئېلىۋاتىمەن! — دېدى. جاۋ ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى ئاچچىق تەنىدىن ئۇنىڭ قىچچىپ يۈرگەنلىكىنى دەرھال چۈشەندى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ دەرھال ئۆينىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— خەۋىرىم بار، — دېدى خېلى جىملىقتىن كېيىن جاۋ گەپ باشلاپ، — ئاغىنىڭىز ھاشىرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىم بار. يېقىندىلا ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق قوغداش بۆلۈمىدىكى

ساۋاقداشلىرىم ماڭا ھەممە ئەھۋالنى ئېيتتى. سىزنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆتمۈشىڭىز ئۈچۈن تېخىچە ئۇنتۇلماي قېچىپ يۈرگىنىڭىزنى ئاڭلىغانىمەن.

— ئۇنداقتا، باشقىلارنىڭ ئۇنتۇۋالغىنىدىن سىزنىڭ ئۇنتۇپ بەرگىنىڭىز ياخشى. مەن سىزگە ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كەلدىم.

ئەلا سىناش نەزەرى بىلەن جاۋغا قارىدى؛ جاۋ تاماكىسىنى ئوبدان شۈمۈرۈۋېلىپ ئەلانىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، دوستلارنىڭ تونۇش ـ سىرداش كۆزلىرى ئاۋازسىز سۆزلەشتى. جاۋنىڭ كۆزى: «ماڭا ئىشەن» دېسە، ئەلانىڭ كۆزى «سېنى ئايايمەن!» دېدى.

— ماڭىمۇ تەس، مەن سىياسىي بۆلۈمنىڭ بىر مەسئۇلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېڭىدىن تەشكىللەنگەن «بىرگە زەربە بېرىش، ئۇچىكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش قوماندانلىق شتابىدىمۇ ۋەزىپەم بار. ۋەزىپە نۇقتىسىدىن قارىغاندا سىزنى كۆرۈپ تۇرۇپ تۇتۇپ بەرمەسلىك بىر جىنايەت، لېكىن بىز ئادەم، بىز دوست، مەندىمۇ ۋىجدان، ھېسسىيات باردە. سىز مەندىن ياردەم كۈتۈپ كەپسىز. مەن تەشكىل ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزسەممۇ مەيلى، ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىش قىلالمايمەن. سىزگە ياردەم قىلمەن. مەيلى نېمە بولسا بولسۇن مەن سىزنى ئۆز ئۆيۈمدە بالايى ـ ئاپەت تۇتۇپ كەتكىچە ساقلىيالايمەن.

— لېكىن مەن سىزدىن يالغۇزلا پاناھلىق تىلەپ كەلمىدىم. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشتا ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلدىم.

جاۋ ئەلاغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنە سۆزلەشتى: جاۋنىڭ كۆزى: «مېنى تەڭقىسلىقتا قويدىڭىز» دېسە، ئەلانىڭ كۆزى: «مەن ئۇلار بىلەن بىر تەن، بىر جان» دېمەكتە ئىدى.

— سىزچە ئۇلار گۇناھسىزمۇ؟

— ماڭا ئوخشاشلا گۇناھسىز، لاۋجاۋ، بىز ھېلىقى رەقىب جۇرىنىڭ تۆھمىتى بىلەن قارىلانغان، بىلەمسىز، «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات» دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، سىز مۇنۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرۈڭ.

ھاشىر يەتتە قېتىم سوراق قىلىنغان، ئەڭ ئاخىرقى سوراقتا ئۇ نامەت بىلەن يۈزلەشتۈرۈلگەن. نامەت يۈزمۇيۈز قاراپ تۇرۇپ يالغان ئەنزە توقۇغان. ماناپ ئىسمىلىك بىرى تاياق، ئازابقا چىدىماستىن بۇ يالغان ئەنزىنى ئېقرار قىلىپ قول قويغان. سىز مۇنۇ قانغا مىلەنگەن خەتنى ئوقۇپ چىقىڭ. بۇ ھاشىرنىڭ تۈرمىدە تۇرۇپ يازغان خاتىرىسى. بۇ خاتىرىنى تۈرمىدىن ئېلىپ چىققان بالا ئۇنىڭغۇن كېچىدە قاچقۇن سۈپىتىدە ئېتىلغان!

ئەلا ھاشىر، رەقىب، ساۋۇتوۋلار توغرىسىدا، رەخمەتجاننىڭ ئېتىلىشى، ئۆزىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى توغرىسىدا لاۋجاۋغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. لاۋجاۋ خىيالچانلىق بىلەن ئەلادىن سورىدى:

— ھاشىر راستلا شۇنداق سادىق، رەقىب سۆيىقەستچى. ساۋۇتوۋ بىلەن سىز ئىلىمگە بېرىلگەن ئاقكۆڭۈل ئادەملەر بولدىغان بولساڭلار بۇ بىر جىددىي ھەرىكەت قىلمىسا بولمايدىغان ئەھۋالكەن. لېكىن ئوبلاستتا بۇ ئىش ھەل بولمايدۇ. مەن سىزنى ھەربىي ماشىنا بىلەن ھەربىيچە كىيىندۈرۈپ يولغا سالاي، سىز ئاپتونوم رايونلۇق «ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىش شتابى»ـ دىكى لى فامىلىلىك جوجاڭ بىلەن كۆرۈشسىز، لاۋلى مېنىڭ يېقىن دوستۇم. ئۇمۇ مىللىي رايوندا ئۇزاق ئىشلىگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر تىلىغا ھەۋەسى كۈچلۈك بىر زىيالىي. قەلىمى ياخشى بولغاچقىلا قوماندانلىق شتابىغا قويۇلغان. ئۇ سىزنى بىر ئامال قىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ھازىر جىنايەتچىلەرنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى ئاپتونوم رايونغا چۈشۈرۈلدى. ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقسا ئۇلار دەرھال ئۆزگەرتىشى مۇمكىن.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. ئەلا لاۋجاۋنىڭ ھىمايىسىدە كىچىك ماشىنىدا يۈرۈپ ئۈرۈمچىگە كەلدى. ئۇ يولدا ئويلىدى: ئۇلار ئۇرغۇن ئەھۋاللارنى ئۇقتى: گۈزەلئاينى ئادىلە قۇتۇلدۇرۇپ بالىسى بىلەن بىللە ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپتۇ. رازىيە قويۇپ بېرىلگەننىكەن، تۈرمىدىن چىقماي تۇرۇۋاپتۇ. ئۇ «تولۇق ئاقلىساڭلار چىقىمەن، كەچۈرۈلۈك بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى دېگەن خۇلاسىگە رازى

ئەمەسمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئوسمان قاراملىق بىلەن تۈرمىدىن قېچىپ، دېرەكسىز يوقىلىپتۇ. ھاشىر بىلەن رازىيە زازىدۇڭچە(1) ئالاقىلىشىپ ياشلىقىدا ئۈزۈلۈپ قالغان «مۇھەببەت رىشتىسى» نى قايتىدىن ئۇلىۋېلىپ قىيىن شارائىتتا «بەختلىك كۈن» ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. ساۋۇتوۋ بىلەن نادىروۋ ئۆزلىرى ئۈستىدىكى بۇ «ئۇقۇشماسلىق» قا قاتتىق نارازى بولۇشۇپ ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىگە كەينى-كەينىدىن ئەرز بېرىۋېتىپتۇ. ھاشىر خۇددى ئۆز خېتىدە يازغىنىدەك بۇ «ئەگرى-توقايلىق» نى سەۋر-تاقەت ۋە ئىشەنچ، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ. قۇرماش قاتتىق قىيىن-قىستاق زەربىسىدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويغان ئوخشايدۇ، ئۇ كەچ كىرگىچىلا بېشىنى چاتىرىسىغا ساڭگىلىتىپ ئۈن-تۈنسىز خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كۈنلەرنى ئۆتكۈزگۈدەك. تاشپولات يىگىرمە تۆت كىشىلىك ياتاقتا «ئەگەشكۈچىلەر» قاتارىدا ئىكەن، ئەلاتۇرنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ ئاپىرىپ ئۆز ئىدارىسىگە كۈرەش قىلىشقا تاپشۇرغانىكەن، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا قاچقان ئوخشايدۇ...

ئەلا بۇ خەۋەرلەرنى رازىيەنىڭ دادىسىغا چىقارتقان خەتلىرى، زۇلخۇمارنىڭ ئالدىراپ-تېنەپ كوچىدىلا ئېيتىپ بەرگەن سۆزلىرىدىن ئاڭلىدى.

ئەلا ئېتىنى خەنزۇ بازىرىدىكى ئەيسىرەم دېگەندە ئۇچراشقان يېزىلىق بالىدىن زۇلىيانىڭ ئائىلىسىگە (زۇلىيا ئۆزى ناھىيە تۈرمىسىدە ئىكەن) چىقىرىۋەتتى. زۇلىيا ئائىلىسى ئاتنى ئەلۋەتتە ئىگىسىگە تاپشۇرىدۇ. ئۇ شۇ كۈنى كېچىلەپ ئۈرۈمچىگە كېلەل يۆتكىگەن ھەربىي دوختۇر ماشىنىسى بىلەن يولغا چىقتى.

ماشىنا باياندايدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئەلانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئازابتىن تىترىدى: چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتقا مەنا ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى يېقىنلىرىنىڭ ھەممىسىلا مۇشۇ كەينىدە قالغان غۇلجا شەھىرىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك يەرلىرىدە تۇرماقتا. باغلىرى، پاكىز كوچىلىرى، ئازادە ئۆيلىرى، مېھماندوست، ئاقكۆڭۈل ئادەملىرى بىلەن كىشىلەرگە «جەننەت» بولۇپ تۇيۇلغان بۇ گۈزەل شەھەردىن بۈگۈن ئۇنىڭ دوستلىرى — يېقىنلىرىغا پاناھ جاي تېپىلمىدى. ئۆز ئاتا-بوۋىلىرى سېپىل چۆرۈپ، باغ ياساپ، ئۆستەڭ چېپىپ ئۆز تەرى بىلەن كۆكلەتكەن بۇ شەھەر بۈگۈن ئۇلارغا يات. مەنچىڭ ھۆكۈمدارلىرىنىڭ چەكسىز زۇلمى دەستىدىن قولىغا قورال ئېلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن سادىر، ئەلاخان ئەۋلادلىرى بۈگۈن پاناھسىز، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ چېكىدىن ئاشقان مىللىي زۇلمى جېنىغا پاتقانلىقى ئۈچۈن ئىنسانىي ھوقۇق، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ جەڭ قىلغان ئەزىمەتلەر بۈگۈن گۇناھكار! بۇنداق ئادالەتسىزلىكنى چەكلەيدىغان بىرەر كۈچنىڭ ئۆز يۇرتىدىن تېپىلمىغانلىقى ئەلا ئۈچۈن چەكسىز ئازاب!...

ئۇ بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان شەھىرىگە، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، پاكىز تۇپراق، ساپ ھاۋا، شوخ ۋە شىپالىق سۈيىدە ئۇنى چوڭ قىلغان ئىلى ۋادىسىغا تويماستىن قايتا-قايتىلاپ قارىدى. كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى، ئۇ ئۆزىنى زادىلا تۇتۇپ ئالالماي ئۆپكە-ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىدى.

يېشى چېكىلەنگەن، ھەربىيچە جۇۋىغا ئورىنىپ ماشىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كىگىز ئۈستىدە يېنىچە ياتقان ئادەم ئەلاغا قاراپ قويۇپ سورىدى:

— يىگىت، نېمىگە يىغلايسەن؟ ھەربىي دېگەنگە مۇنداق يىغا ياراشمايتتىغۇ؟

ئەلا شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ھەربىي كىيىمدە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان چاسا يۈز، لەۋلىرى قېلىن ۋە قاپقارا كەلگەن بۇ ئادەمدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ تەتۈر قارىۋالدى.

— ئېيتقىنا، قانداق بىر كۆڭۈل ئاغرىقىغا يولۇقتۇڭ؟

ئەلا قاتتىق ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ پەس

(1) «قىزىل قىيا» رومانىدىكى تۈرمە ئىسمى.

ئاۋازدا:

— ئاپام ئېغىر ھالدا ياتىدۇ، مەن قايتىپ كەلگىچە ھايات تۇرامدۇ ـ يوق! — دېدى ئۇنىڭ «ئاپام» دېگىنىنى بىر ئۆزىلا چۈشىنىدۇ. بۇ «ئاپا» تۇرمىدىكى يېقىنلىرى ئەلۋەتتە.

— قانداق ۋەزىپە بىلەن ماڭدىڭ يىگىت؟

— ئاپامغا دورا ئىزلەپ.

— نېمە، شۇنداق چوڭ شەھەردە تېپىلمىغۇدەك قانداق دورىكەن ئۇ؟

— تېپىلمىدى، ئاۋادا ئۈرۈمچىدىمۇ تېپىلمىسا بېيجىڭغا بارىمەن.

— ھىم، مۇنداق دېگىن، ئۇنداق بولسا يىغلىساڭ بولىدىكەن، يىغلىساڭ ماڭا دەخلىسى يوق، يىغلاۋەرگىن!

ئۇ ئادەم ئەلاغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئەلانىڭمۇ ئۇ ئادەمدىن گەپ سورىغۇسى كەلدى:

— سىز ياربىدارمۇ ئاكا؟

— ھەئە.

— قاچاندىن بېرى؟

— يىگىرمە ئۈچ يىلدىن بېرى.

— مىللىي ئارمىيىنىڭ كونا ئوفىتسېرلىرىدىن ئىكەنسىز ـ دە؟

— كونا ئوفىتسېر ئەمەس، كونا جەڭچىسى.

— شىخو سوقۇشىدا يارىلانغانمۇ؟

— ھەئە.

— باتالىيون كوماندىرىڭلار نادىروۋمىدى؟

— سەن نادىروۋنى نەدىن بىلىسەن؟ — ھېلىقى ئادەم چۆچۈپ، ھودۇقۇپ سورىدى.

— ئۇ ئادەم بىزگە يېقىن تۇغقان بولىدۇ.

— نادىروۋنى يوقلاپ تۇرۇۋاتامسەن؟

— ئەلۋەتتە، ئەمما ئەھۋالى ياخشى ئەمەس.

— بىلىمەن، ۋابال بولدى. ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى. ئامال قانچە، قولىمىزدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

— راست گەپنى قىلىشمۇ كەلمەمدۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ كوممۇنىستلىقىڭىز بىلەن ئۇنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە كېپىللىك قىلالمامسىز؟

— سەن ئۆزۈڭچۇ، سەن قىلالامسەن؟

— مەن قىلالايمەن. زۆرۈر تېپىلغاندا جېنىمدىن كېچىپ تۇرۇپ ئۇنى قوغداشقا تەييارمەن!

— مانداق دە، سەن ئۇلارنىڭ ئەقىلسىزلىق قىلىپ يەنە قولىغا قورال ئالماقچى بولغانلىقىنى يالغان دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق. پۈتۈنلەي يالغان!

— «ھاشىر، نادىروۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھى» يالغان دەمسەنا؟ بۇ بېكىتىلىپ بولغان ئەنزىنى ئاغدۇرالىغۇدەك سەندە قانداق پاكىت ـ ئاساسلار بار؟ مەن مانا نەق ئاشۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تۇتۇش جەريانىدا كونا جاراھىتىمنى قوزغىتىۋالغان. سەن بىلىپ قوي، بۇنداق بىلجىرلاش بىلەن بېشىڭغا بالا تاپىسەن!

ئۇنىڭ قېلىن، قارا قاپاقلىرى تىترىدى، ئۇ يۇقىرىقى گەپلەرنى ئېيتقاندا خۇددى ھازىرلا ئەلاغا ئېتىلىدىغاندەك ئورنىدىن تېپىرلاپ تۇرە بولدى. مۇشتۇملىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى.

— خاپا بولماڭ ئاكا! — دېدى ئەلا كۆڭلىدە پەيدا بولغان غەزىپىنى تەستە بوشۇرۇپ، — بىر ئادەمنى قارىلاش ياكى ئاقلاش ھېسسىيات بىلەن پۈتمەيدۇ ـ دە، يالغان دېگەن ئىكەنمەن مېنىڭمۇ ئۆزۈم ئايىندىغان پاكىتلىرىم باردۇر بەلكى.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس!

— سىز پاكىت دەۋالغان ھېلىقى ماتېرىيال يالغان، ياسالغان بولسىچۇ؟

— سەن ئۇ ماتېرىيالنى كۆرمىگەن تۇرساڭ نەدىن بىلىسەن؟

— كۆرمىگەنلىكىمنى سىز نەدىن بىلىسىز؟

— ئۆزۈڭ نېمە خىزمەت قىلىسەن زادى، ئېيتقىنا؟

— بۇنى بىلىشنىڭ سىزگە ھېچ زۆرۈرىيىتى يوق. سىز ھەربىي ئادەم، بۇنى چۈشىنىسىز.

ياربىدار ئادەم جىم بولۇپ قالدى. ئۇ شۇ جىم بولغىنىچە شىخودا ھەربىي مېھمانخانا ياتقىدا ئەلاغا قايتىلاپ گەپ قىلدى:

— سەن تېخى ياش. زەربىگە ئۇچرىمىغان. باتۇرلۇق قىلدىم دەپ ھەر قىسما گەپلەرنى

قىلىۋېرىسەن، بىزدەك سىنىپى كۆرەشنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىدا چېنىققان بولساڭ، ئابدۇغوپۇر، راخمانوۋ، ئېدرىسلارنى باستۇرۇش، پانتۈركىستلارنى تازىلاش، ئۆكچى، يەرلىك مىللەتچىلەر بىلەن كۆرەش قىلىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرگە قاتناشقان بولساڭ بىلەتتىڭ. پانتۈركىزم بىر كۈنمۇ ئۇخلىمىدى، ئېلىخان تۆرە بىلەن ساۋۇت داموللىنىڭ روھى ھەممە يەرنى كېزىپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئادەملىرى تېخىچە يەڭ ئىچىدە خەنجەر ساقلاپ يۈرمەكتە. مىڭ جاپا بىلەن قۇرۇپ چىققان قىزىل ھاكىمىيەتنى ئۇلاردىن قوغدىماق بىزنىڭ بۇرچىمىز. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى جەريانىدىكى قىسمەن قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ يوشۇرۇن ئالاقە ئورنىتىپ تەشكىلات قۇرغانلىقى راست، بۇ بىر پاكىت. ئۇلاردىن يۈزى، ھەتتا مىڭنى ئاتقانغا بىز خەق تۈگەپ كەتمەيمىز، بەلكى خاتىرجەم، ئېخمۇ بەختلىك بولالايمىز!

ئەلا ئالدىدىكى ئىسسىق چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ ئىچ- ئىچىدىن قوزغىلىۋاتقان ئىترەكنى ئاران باسالدى- دە:

— ئاۋادا بىز ئارتۇقچە گۇمانخور بولۇپ قالغان بولساقچۇ؟ ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ يارامىلىق ئادەملىرىمىزنى سۈيىقەستچىلەرنىڭ تۆھمەتلىرىگە ئىشىنىپ دۈشمەن قىلىۋالغان بولساقچۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇلاردىن يۈزنى ئەمەس، بىرنى ئۆلتۈرۈشمۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھ، سىز بۇ ئىشنىڭ مۇشۇ تەرىپىنى ئويلاپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

يارىدار ياتقان كارىۋاتنى غىچىرلىتىپ يېرىم ئۆرە بولدى، ئۇ تەرىنى تورۇپ مۇشتۇمنى پۇلاڭلاتتى:

— ئالايلۇق نادىروۋنى! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن، — مۇشۇ شىخودا بولغان سوقۇشتا قەھرىمانلىق قىلغانىدى. لېكىن ھازىرچۇ؟ ليۇشاۋچى، پېڭ دېخۇەيدەك ئادەملەر ئۆزگىرىپ پارتىيىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ دۈشمىنىگە ئايلانغان يەردە نادىروۋلار ئۆزگەرمەمدۇ؟ باشقا چوڭ دۈشمەنلەر نېمە قىلغان بولسا نادىروۋلار شۇنى قىلغان. ئۇلار ۋەتەننى پارچىلىماقچى، خەلقنى قۇللۇققا ئىتتەرمەكچى، قىسقىسى بىزگە بالايى- ئاپەت كەلتۈرمەكچى. ئۇلارنى ئاقلىماقچى بولغان ئادەم خەلقنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى!

— خاتالىشىۋاتىسىز! — دېدى ئەلامۇ ئىختىيارسىز ئەسەبىلىشىپ، — ئەكسىچە ئۇلارنى قارىلىغان ئادەم خەلقنىڭ دۈشمىنى!

— نېمە دەۋاتىسەن ئەشەددىي ئۆكچى!

— سەن نېمە دېگەن بولساڭ شۇنىڭ تەتۈرىسىنى!

— مەن سېنى تۇتتۇپ بېرىمەن. سەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرى ئەمەسسەن. خەتەرلىك دۈشمەنسەن، مەن سېنى جەزمەن تۇتتۇپ بېرىمەن!

— مەنمۇ سەندەكلەردىن بۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايمەن! سەنلەر تۇتتۇپ بېرىش، ئۆلتۈرۈش، قان ئىچىش ھېسابىغا مەنسەپ، ئورۇنغا ئىگە بولغانلار، خەلققە بالايى- ئاپەت سەندەكلەردىن كېلىدۇ!

قوشنا ئۆيدىن ئىككى كىشى كىرگەندىن كېيىن ئۇلار جىم بولۇپ قېلىشتى. يارىدار جالاقلاپ ئىترەپ، ئازاب بىلەن ھاسىراپ تاماكا چېكەتتى. ئەلا بولسا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قولىدىكى كىتابنى مەقسەتسىز ۋاراقلايتتى.

ئەلانىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ ئۈرۈمچى- غۇلجا تاشيولىغا چىقىپ مەقسەتسىزلا ئۇزاق ماڭدى. ئۇنىڭ يادىغا نادىروۋنىڭ شىخو ئۇرۇشى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى كەلدى: مۇشۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى سازلىقتا مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى گومىنداڭنىڭ جاھىل قوشۇنى بىلەن جەڭ قىلغان. دۈشمەن پوتەيىنى پارتلىتىش ئۈچۈن قانچە يىگىتلەر قۇربان بولغان. خەلقنى زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئەلنىڭ ئېسىل پەرزەنتلىرى قانچىلىك قانلارنى تۆككەن. قانچىلارنىڭ جەسەتلىرى چۆللەردە نام- نىشانسىز قېلىپ قالغان... بۈگۈن شۇ جەڭلەردە يارىلانغان بىر جەڭچى ئۆز سەپداشلىرىغا، ئۆز خەلقىغە ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالغان. ئۇنى شۇنداق ئىشەنچ ۋە سەمىمىيەتتىن مەھرۇم قىلغان قانداق بىر كۈچ؟ بۇ كۈچ ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئىلھامى ئەمەسمىدۇ؟ يەنە مۇشۇنداق «ئىنقىلاب» بولۇۋېرىدىغان بولسا دوستلار، بىر ئائىلىدىكى ئاتا- ئانا،

بالايۇ ۋاقىلار... مۇ بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەيدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان بولۇپ كېتەرمۇ ـ ھە؟ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەنلەشتۈرۈشنىڭ جەمئىيەت، ھاياتلىق ئۈچۈن پاجىئەدىنمۇ باشقا رولى بارمىدۇ؟ ئەلانىڭ ساۋاقداشلىرى، يۇرتىدىكى دېھقانلار نادىرۋۇنىڭ سەپداشلىرى بۇرۇن ئىناق سەممىي قېرىنداشلاردىن ئىدى، بۈگۈن ئۇلار نېمىشقا بىر ـ بىرىگە دۈشمەن. بىر ـ بىرىنى يوقىتىش، ئۆلتۈرۈش كويىدا؟

ئەلا كوچىدا مېڭىپ يۈرۈپ ئۆزى ياشاۋاتقان ئاشۇ «ئىنقىلاب شارائىتى»، بۇ «شارائىت» نى پەيدا قىلغان ئادەملەر توغرىسىدا ئۇزاق ئويلاندى.

ئۈرۈمچىدە ئۇ لاۋجاۋنىڭ تونۇشتۇرۇشلىرىنى ئىشلەتمەستىن «داۋالانغىلى كەلتىم» دېگەن تونۇشتۇرۇش بىلەن ئوتتۇرا كۆۋرۈكتىكى «ئاممىۋى مېھمانخانا» نىڭ ئىككىنچى قەۋەتىدە ئىككى كارىۋاتلىق بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتى. مېھمانخانا پاسكىنا، تەرتىپسىز ۋە ھەر خىل ئىش بىلەن كەلگەن خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئۇ ئەتىسى پىيادە يۈرۈپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت بىناسى ئالدىغا كەلدى. نەيمىن، داشىمىن، بەيخۇاسۇندىكى ئەخلەت دۆۋىلىرى، ئاشخانىلاردا بىر قاچا ناچار تاماق ئۈچۈن ئۆچرەت تۇرۇشقان، ئۇرە تۇرۇپ تاماق يېيىشىۋاتقان، ناچار كىيىنگەن ئادەملەر، ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدىكى قالايمىقانچىلىق، ئىدارىلەردىكى رەسمىيەتۋازلىق، ئادەملەر مۇناسىۋىتىدىكى قوپاللىق ... ئۇنى بۇ شەھەردىن ئۆگايلا زېرىكتۈرۈپ قويدى. ئۇ لاۋجاۋنىڭ خېتىنى ئېلىپ لى فامىلىلىك ئادەمنى ئىزدىدى. لېكىن تاپالمىدى. پەقەت يېرىم ئاي ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇ يەنىلا غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ ھەربىي رايونغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان «ساۋاقداش» لىرىنىڭ ياردىمى ئارقىلىق لى فامىلىلىك ئادەم بىلەن كۆرۈشەلىدى. ئۇ خام سېمىز، پاناقراق، ئىككى قوۋۇزى سالپىيىپ تۇرىدىغان، قىرىقتىن ئاشقان قىزغىن، ئېغىر بېسىق ئادەم ئىكەن.

ئەلا ئۇنىڭغا دوستلىرى، نادىرۋۇ، ساۋۇتوۋلار توغرىسىدىكى ھەممە گەپلىرىنى، ـ ھاشىرنىڭ خېتىدىكى ئۇزلىرىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىدىغانلىق توغرىسىدىكى يامان خەۋەرنى يېرىم كۈن سۆزلىدى. لاۋلى ئەلانىڭ سۆزلىرىدىكى پىكىرنىڭ ئېنىقلىقى، ئىخچاملىقى، ئاتالغۇلارنى جاي ـ جايىدا قوللىنىشى قاتارلىق تىل سەنئىتى جەھەتتىكى ماھارىتىگە دىققەت قىلىپ، قويۇلغان مەسىلەرنىڭ جىددىيلىكى، تېز ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قاتارلىق تەرەپلەرگە دىققەت قىلمىدى. ئەلا سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئۇ چوڭقۇر ئويلانغان بولۇپ تۇزاقىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاتماكا چېكىپ جىم ئولتۇردى. ئاخىر ئۇ ئەلانىڭ «ھاشىر ـ نادىرۋۇ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى دېگەن باسالما ئويۇننىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا» دېگەن ماۋزۇلۇق يازما دوكلاتنى قولىغا ئالدى. دوكلات ئىككى خىل يېزىقتا يېزىلغانىدى. لاۋلى دوكلاتلارنى چىرايلىق قاتلاپ، ئالدىرىماستىن قارا سومكىسىغا سالدى:

— ماقۇل، مەن لاۋجاۋنىڭ دېگىنى بويىچە بۇ ئەھۋالنى ئاساسلىق رەھبەرنىڭ ئۆزىگە يەتكۈزەي، مەن شۇ رەھبەرنىڭ كاتىپلىرىنىڭ بىرى، ۋەزىپەم نەق مۇشۇنداق ئىشلار بويىچە ئۇ كىشىگە ياردەم قىلىش، — دېدى.

— لاۋلى، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. ئاڭلىسام ھۆكۈم مۇشۇ يەردىلا چىقىرىلغۇدەك، شۇنداقمۇ؟

— ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشنى بېكىتىدىغان گۇرۇپپا بار. گۇرۇپپا مۇزاكىرە قىلىدۇ. ئاساسىي رەھبەر قول قويىدۇ. مەن يېقىندا بولغان مۇزاكىرىلەرگە قاتناشتىم. ھاشىر، نادىرۋۇ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ ماتېرىيالى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن تېخى مۇزاكىرىگە قويۇلمىدى. مۇزاكىرىدىن بۇرۇن مەن باشلىققا بۇ ئىشنى چۈشۈم مەلۇم قىلىمەن. ھېچبولمىغاندا ئەزنىنى قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە بولىدۇ.

كەم سۆز، پىكرى ئېنىق بۇ ئادەمگە ئەلا ئىشەندى. ئۇ «ئاممىۋى مېھمانخانا» دىن باشقا مېھمانخانىغا — بېيمىڭغا يۆتكىلىپ كېلىۋالدى. چۈنكى بۇ مېھمانخانىنى تەكشۈرۈش كۆپ بولمايتتى. بۇ يەر بىخەتەر ئىدى. لېكىن بىخەتەر بولغىنى بىلەن زېرىكىشلىك ئىدى. ئۇنىڭغا نە ئوقۇغۇدەك كىتاب، نە ئۆگەنگۈدەك چەت ئەل تىلى ماتېرىيالى يوق ئىدى.

ئۇ لاۋلىدىن ئېلىۋالغان قېلىن دەپتەرگە خاتىرە
يېزىشقا باشلىدى. ئۇ خاتىرجەملىكتىن ئايرىلغاندىن
بېرى خاتىرە يېزىشنى توختىتىپ قويغانىدى. خاتىرە
يېزىش ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭۈللۈك، چۈنكى ئۇ خاتىرە
يېزىش جەريانىدا دوستلىرى، يېقىنلىرى بىلەن
سىردىشالايدۇ. ھايات توغرىسىدا، كەلگۈسى
توغرىسىدا قىلغان خىياللىرىنى قەغەز يۈزىگە
چۈشۈرۈپ كۆڭۈل دىمىقلىقىدىن قۇتۇلالايدۇ.

ئۇ بەش كۈن خاتىرە يازدى. خاتىرىسى تۇيۇقسىز
يەنە ئۈزۈلۈپ قالدى، چۈنكى لاۋلى ناھايىتى بىئارام ھالدا
كىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا شۇم خەۋەر يەتكۈزدى. ھاشىر،
نادىرۇۋ گۇرۇھى توغرىسىدىكى ئەنزە مۇزاكىرە قىلىنغان،
ھاشىر، نادىرۇۋ، ساۋۇتوۋلارغا ئۆلۈم جازاسى
بېرىلگەنىدى. ئەلا خۇددى تۇيۇقسىز ئوق
تەككەندەك گاڭگىرىدى، ئازابلاندى:

— لاۋلى مېنى ئاشۇ ئاساسىي رەھبەر بىلەن
كۆرۈشتۈرۈڭ، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ھېچبولمىسا
ئىككى يىل كېچىكتۈرۈشكە قوشۇلىدۇ!

لاۋلىنىڭ بېشى چۈشتى، ئاخىر ئۇ ئەلانى باشلاپ
ماڭدى. ئەلا ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغىنىنى
بىلمەيتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنى ئاتقىلى ئېلىپ
كېتىۋاتقاندەك خۇدىنى يوقىتىپ قويغان. لاۋلى قوڭۇر
خۇرۇم مىخلانغان ئېغىر ئىشىكنى كۆرسىتىپ:

— كىرىڭ، ھەممە ئىش قائىدە بويىچە بولسۇن! —
دېدى.

ئەلا ئىشىكنى چەكتى، ئىشىك ئىچىدىن:

— ھە! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىشى بىلەن ئەلا
ئۆيگە كىرىپ ھەربىيچە چاس بېرىپ:

— دوكلات! — دېدى.

— ھە نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى پاكىز
كىيىنگەن، ئېگىز بوي، ئاق يۈز، قاراقاش، ئەللىك
نەچچە ياشلىق ئادەم ئالدىدا تىك تۇرغان «جەڭچى»-
گە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ.

— مەن سىزگە جىددىي بىر ئىشنى دوكلات
قىلغىلى كىردىم.

— نېمە گەپ؟ — باشلىق ئەلاغا تىكىلىپ
قارىدى.

— غۇلجىدىن «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ
ئەيىبلىنىپ، ئەنزىسى بۇ يەرگە كەلگەن ھاشىر،
نادىرۇۋ، ساۋۇتوۋلار پۈتۈنلەي گۇناھسىز!

— ساراڭمۇ سەن؟

— ياق ساقمەن، يۈز پىرسەنت ئىشەنچ بىلەن
ئېيتىمەن: ئۇلار ياخشى ئادەملەر، ئۇلار خاتا ھالدا ئۆلۈمگە
ھۆكۈم قىلىندى!

باشلىقنىڭ ئاچچىقى كەلدى، ئۇ قوپاللىق بىلەن
قولىنى شىلتىدى:

— كاللىسى جايىدا ئەمەسقۇ بۇنىڭ!

— ياق، مېنى ئېتىۋېتىڭ، مەن راست گەپ
قىلىۋاتىمەن. كېيىن پۇشايمان قىلىسىز، پارتىيە،
خەلقنىڭ ئەڭ ياخشى ئوغۇللىرىنىڭ جېنىغا زامىن
بولۇۋاتىسىز. ئۇلار تېپىلغۇسىز ياخشى ئادەملەر!

باشلىق «جەڭچى» نىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ
قارىدى:

— مىللىتىڭ نېمە؟

— ئۇيغۇر!

— سەن قايسى قىسىمدىن؟

— مەن ھەربىي ئەمەسمەن! — دېدى ئەلا
بېشىدىن ھەربىيچە شەپكىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ، —
مەن ئوقۇتقۇچى، سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈنلا ھەربىيچە
كىيىنىۋالدىم. مانا بۇ مەن ئاقلاۋاتقان جىنايەتچىلەرنىڭ
تۈرمىدىن چىقارغان خېتى!

ئەلا قانغا مىلەنگەن خەتنى ئېچىپ باشلىققا
ئىككى قوللاپ سۇندى. باشلىق ئورنىدىن تۇرۇپ ئەلاغا
تىكىلگەن پېتى ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ
قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قاپىقىدىن مۇز ياغاتتى. ئۇ
ئەلانى دەرھال قولغا ئېلىش توغرۇلۇق بۇيرۇق بېرىشى
مۇمكىن ئىدى. نەق شۇ چاغدا بىر ئايال ئىشىكتىن
ئىتتىلىپ كىرىپ كەلدى.

— سىلڭيۈەن! — دېدى كىرگەن ئايال ئەلاغا
يالت قىلىپ قاراپ قويۇپ، — بۇ بىر جىددىي
ئىشكەن، مەن سىزگە يالۋۇراي، مۇنۇ يالغان جەڭچىنى
كەچۈرۈڭ!

باشلىق بىردىنلا يۇمشىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئەلاغا چىقىپ كېتىشنى ئىشارە قىلدى. ئەلا چىقىپ كېتىۋېتىپ چىرايلىق ئايالغا مىننەتدارلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قارىدى:

— رەھمەت شياۋلى! — دېدى ئۇ ئۇيغۇر تىلىدا.

ئەلا باشلىقنىڭ:

— شياۋلى، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز. ھە، يولدىشىڭىز قېنى؟ — دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

سىرتتا ئۇنى لاۋلى كۈتۈۋالدى. ئۇ ئەھۋالنى ئەلاغا قىسقىچىلا ئۇقتۇردى: ئەلا بىلەن غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىللە ئىشلىگەن، ئەلاغا خەنزۇ تىلى ئۈگەتكەن، ئەلانى تولىمۇ قەدىرلەيدىغان لى مۇ-ئەللىم هازىر بىر مۇھىم ئادەمنىڭ ئاياللىكەن. ئۇ ئادەم مۇنۇ باشلىقنىڭ بىردىنبىر گەپ يېگۈزەلەيدىغان دوستى ئىكەن، ئەلانىڭ ساۋاقداشلىرى مەسلىھەتلىشىپ بۇ جەددىي پەيتتە بۇ ئاخىرقى «كوزىر» نى ئاتقانىكەن.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى بۇ ئەنزە قايتىدىن تەكشۈرۈلىدۇ، — دېدى لاۋلى ئەلا بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرەپ، — لاۋ ئەي، بۈگۈن بىزنىڭكىدە دوستلار بىلەن تاماقتا بىللە بولۇڭ، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ. شياۋلى بىزنىڭ باشلىقنى بەك ئوڭاي گەپكە كىرگۈزەلەيدۇ.

بۇ گەپكە ئەلا ھەيران. چۈنكى ئۇنىڭ بارلىق پاكىتلىرى، تىرىشچانلىقلىرى چىرايلىق ئايالنىڭ بىر يېقىملىق كۈلكىسىچىلىك رول ئوينىيالمىغانىدى.

## سەككىزىنچى باپ    قىساس

### 1

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرىدا ئىلى باغلىرى چېچەكلەر بىلەن چۈمكەلدى. ئاق، ھال رەڭلىك ئالما چېچەكلىرى، قىزغۇچ ئۈرۈك چېچەكلىرى، قارىياغاچ پۈرلىرى، سۆگەتلەرنىڭ ئۇزۇن يېشىل يوپۇرماقلىق چوكان-جالالىرى، قىرلاردىكى يۇمران مايسىلار بىلەن قوشۇلۇپ كىشىگە زوق بېغىشلايدىغان مەنزىرە پەيدا قىلدۇ: غۇلجا شەھىرى مانا شۇ باھار مەنزىرىسى ئىچىدە قاراڭ-غۇلىشىۋاتقان باغلىرى، گۈزەللىشىۋاتقان كوچىلىرى، چېچەك سۈيى بىلەن شادلانغان ئېرىق-ئۆستەڭلىرى، تەنتەنە قىلىشىۋاتقان قۇشلىرى بىلەن ھەر يىلقىدەك مەغرۇر، شەھەر باھار شادلىقى بىلەن چىراي ئاچقان.

ھاۋا ئوچۇق، قۇياشنىڭ نۇرى ئىللىق بىر ئەتىگەن-لىكى يوغان دەرۋازىلىق ھويلىدىن بۇدۇر چاچلىق، كۆزلىرى چىرايلىق لېكىن غەملىك، قويۇق ساقال-بۇرۇتى دۈگىلەك يۈزىنى كىرپە تىكىنىدەك قاپلىغان بىر قىران يىگىت ئالدىراپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزىگە نە شەھەر گۈزەللىكى، نە باھار شادلىقى، نە قۇشلارنىڭ تەنتەنىسى كۆرۈنمەيتتى، قۇلىقىمۇ ھېچ نەرسە ئاڭلىمايتتى. ئۇ يىگىلا سۈپۈرۈلۈپ قويۇق سۇ چېچىلغان كوچىلاردىن ئۆتۈپ شەھەرنىڭ ئوتتۇرى-سىدىكى مەيدانغا قاراپ ماڭدى. كوچىلارنىڭ دوقمۇشلىرى قوراللىق ھەربىيلەر، خەلق ئەسكەرلىرى بىلەن تولغان، تەرەپ-تەرەپتىن رەتلىك تىزىلغان، ھەر خىل جاراڭلىق شوئارلار يېزىلغان پلاكاتلارنى كۆتۈرۈشكەن ئادەملەر دۆشمەنلەرگە بولغان غەزەپ-نەپرەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شوئارلارنى يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىشىپ، داقا-دۇمباق، جاڭ-جۇڭلار بىلەن مەيدانغا قاراپ ئاقماقتا. «باشلار مەيدانى» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ قاقاس مەيداننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سەھنىسى ھەر رەڭ بايراقلار بىلەن چۈمكەلگەن، شەرق تەرىپىدىكى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن غەرب تەرىپىدىكى «قىزىلبايراق» سودا ماگىزىنىنىڭ ئۈگزىسىگە پىلموتلار ئورنىتىلغان، ئاپتومات ئۇتقان جەڭچىلەرمۇ قاتۇرۇپ قويغاندەك تىك تۇرۇشاتتى. باھار بىلەن ماسلاشمىغان بۇ سۈرلۈك مەنزىرە بايىقى بۇدۇر چاچ يىگىتنى تېخىمۇ چۆچۈتتى. ئۇ مەيدانغا كىرىدىغان ئېغىزدا ئالاقزادە بولۇپ، گاڭگىراپ خېلىغىچە تۇردى.

— ئوسمان ماكە! — دېگەن تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندىن كېيىنلا ئۇ كىرىپ كېتىپ بارغانلارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ ھېلىقى ئۆزىنى چاقىرغان دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئالدىدىن تىزىلغان سەپنى يەتتە قىلىپ تىزىلىۋالدى، دوستى ئۇنىڭغا پىچىرلىدى:

— دىشلۇ ئايرودروم تەرەپتە ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇ ياقتا ئاتقىدەك.

ئۇ ئوسماننىڭ قولىنى ئاستا سىقىپ قويدى. ئوسمان ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشلىق ئىدى.

— ئارۇپ ئاداش، — دەپ پىچىرلىدى ئوسمان تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن، — مەن پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، نېمىشقا تۈرمىدىن قاچتىم، ئۇلار بىلەن بىللە ئېتىلغان بولسام بولمايتتىمۇ؟ ماڭا بۇ جاننىڭ لازىمى نېمە؟

— ئاڭلىدۇق، ئوڭۇشلۇق قېچىپسەن، لېكىن ھېلىمۇ خەتەر ئىچىدە سەن، تېز قاچ، سېنى ئەمدى تۇتۇۋالسا ئېتىۋېتىدۇ. ئەلادىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ شۇ بولسىمۇ ئامان قالسا بولاتتىغۇ!

— تەس، ئامان قالىمىقى تەس جۇمۇ، ئاڭلىسام ئەلانى كۆزگەن يېرىڭلاردا ئېتىۋېتىڭلار دەپ ئىزدىگۈچىلەرگە بۇيرۇق بېرىلگەن ئوخشايدۇ.

ئۇلار بەلگىلەنگەن ئورۇندا داق يەردە ئولتۇرۇشتى. تەرەپ-تەرەپكە قارىتىلغان يۇقىرى ئاۋازلىق كانايلاردىن «ماۋجۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» نىڭ دۈشمەنگە قارشى كۆرەش توغرىسىدىكى قىسىملىرى ناخشا قىلىنىپ كۆتۈرەڭگۈ- جۇشقۇن ئاۋازدا ئېيتىلماقتا، يىغىن باشقۇرغۇچىلار پلاكات ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ مەيدان تەرتىپىگە رىياسەتچىلىك قىلماقتا، مەيدان ئادەمگىمۇ تولدى. پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ كۆزى سەھنىدە، يالغۇز ئوسمانلا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن غالىلداپ تىترەپ كۆز يېشىنى ھېلىدىن- ھېلىغا سۈرتۈپ ئازابلانماقتا. ئۇنىڭغا بۇ داغدۇغىلىق يىغىن بىر جازا مەيدانى، ۋىجدانى ئۇنى ئەيىبلىمەكتە، ئازابلىماقتا، ئۇنىڭ ئىقراسى مۇشۇ بىر نەچچە مىڭ كىشىنى ئالدىماقتا، ئۇزى تازا ياخشى كۆرىدىغان يىقىنلىرىنى بىگۇناھ ھاياتىدىن مەھرۇم قىلماقتا. ئۇ نېمىشقا ھېلىقى ئاخىرقى قېتىم ئېسىلغاندا ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقتى - ھە؟ ئۇنىڭ قۇلىقىغا سوراقچىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى:

— ھاشىر، نادىروۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ ئارقا تىرىكى كىم؟

ئوسمان ھازىرلا ئۈزۈلۈپ كېتىدىغاندەك سۆزۈلۈپ ئاغرىۋاتقان ئىككى باشمالتاق بارمىقىنىڭ ئازابىغا چىدىمىدى.

— بىلمەيمەن! — دېدى ئۇ تىلىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئازاب بىلەن.

— تۇرۇڭلار!

ئوسمان بەدىنىگە نېمىلەر تەككەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى دېگىنىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇ كېيىن بىلدى، ئۇ جان ئاچچىقىدا نامەتنىڭ پاش قىلغىنىنى تەكرارلاپتۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن قىلغان سۆزىنى ئەستىقلاپ قول قويۇپتۇ. مانا شۇ بىر ئېغىز سۆزى، دوستلىرىنىڭ بېشىغا چىقىشىنى ئۇ نەدىن بىلگەن؟ ئۇ ئەتىسى ھەممە ئىقراسىنى رەت قىلدى. لېكىن ئېغىمۇ قاتتىق جازالاندى. ئۇنى نېمىشقا ئەپچىقتى. ئۇ ئۇستىلىق بىلەن قاچتى. مانا ھازىرمۇ ئۇ قاچقۇن. ئۇ تېخى ئۇيىگە كىرمىدى. دوستلىرىنى دەپنە قىلىپ بولۇپ قاچىدۇ. ئارۇپ ئۇنى نوقىدى. ئوسمان سەھنە تەرەپكە قارىدى. سەھنىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتا قاتار ماشىنىلار پەيدا بولغان. ماشىنىلارنىڭ ئۈستىدە ئۆزىگە تونۇش چىرايلار، پاكىز چۈشۈرۈلگەن باشلار كۆرۈندى. ئۇلارنىڭ مەيدىلىرىگە ئاق قەغەزگە يېزىلغان ئىسىملىرى بىلەن سۈپەتلىرى چاپلانغان. ئەنە نادىروۋنىڭ مەيدىسىدىكى ئېتىش بەلگىسى ئۇرۇلغان قەغەزگە «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ غول ئۇنسۇرى نادىروۋ» دەپ يېزىلغان. نادىروۋنىڭ قوللىرى كەينىگە باغلانغان. ئىككى ئەسكەر قولىنى قايرىپ، گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرۇپتۇ. ئەنە بىرى ئۇنى تەپتى، ئوسمان نادىروۋدىن كۆزىنى قاچۇرۇپ ھاشىرنى ئىزلىدى. ئۇنىڭ بېشى قىيسىپ كۆڭلى ئايلىنىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ نېمىشقىدۇر ھاشىرنى كۆرەلمىدى. چەتترەك بىر يەردە يىراقتا قاراپ قوللىرى باغلانغان قورماش تۇراتتى. ئۇ ساۋۇتوۋنى ئىزلىدى. ساۋۇتوۋ مۆكچەيگەن، ئىككى ئەسكەر ئۇنى يۆلەپ تۇراتتى. ئوسمان بۇ قابىلىيەتلىك، بىلىملىك ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغالغانلىقىنى بىلدى.

ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت قوغداش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى، باشلىغان ھەربىي ھۆكۈمنى ئېلان

قىلدى. شۇ چاغدا ئوسمان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ: «بۇلارغا تۇۋال بولدى، بۇلاردا گۇناھ يوق!» دەپ ۋارقىرىماقچىمۇ بولدى. لېكىن ئۇ ۋۇجۇدى ئاۋاز چىقىرىشتىن مەھرۇم بولغاندەك. گويا ھاۋا ئورنىغا قوم-چاڭ يۇتۇۋالغاندەك دېمى سىقىلىپ ئازابلانماقتا ئىدى. ئارۇپ بىر چاغدا ئۇنىڭ بېلىكىدىن چىڭ تۇتۇپ كۈيۈنچىلىك بىلەن بىللە ئورنىدىن تۇرغۇزدى:

— ئېلىپ ماڭدى، ھەي ئېسىت، ئاتقىلى ئېلىپ ماڭدى! — دېدى ئارۇپ ئوسماننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — بۇ جاھان نېمە بولۇۋاتىدۇ، قېنى بۇ ئادالەت؟!

ئوسمان ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىنى ئەستە يۆتكەپ شەھەرنىڭ شىمالىغا قاراپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئارۇپنىڭ جەينىكىگە ئېسىلىپ مېڭىۋەردى. ئۇلار ئايرودروم يولىغا كەلگەندە قوراللىقلار ئۇلارنى توراپ ماڭغۇزمىدى. ساي كۆۋرۈكى ئۈستىدىكى كانايدىن ئېغىنچىلا ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېت باشلىقىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلانماقتا. دېمەك ئوچۇق سوت يىغىنى ئېغى داۋاملاشماقتا ئىدى.

— ھاشىرچۇ، ئۇنىمۇ ئاتقىلى ئېلىپ ماڭدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان بىردىنلا چۆچۈگەندەك.

— ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— ياق.

— ھاشىر يوشۇرغان قورالنى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئېتىلغۇدەك.

— نەلاچۇ؟

— ئۇنىڭغا ھۆكۈم ئېلان قىلىمىدى.

— ئۇنىڭ نەدىلىكىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ ئارۇپ؟

— ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن بېرى ھېچ خەۋىرى بولمىدى.

— ئۇتۇلغانمىدۇ؟

— ياق ئۇتۇلغان بولسا دەرھال سوتلىناتتى.

— ئارۇپ ئاداش، — دېدى ئوسماي تولىمۇ چۈشكۈن، روھسىز ھالدا ئۈمچەرەپ تۇرۇپ، — بىز نېمە قىلغان گۇناھىمىز ئۈچۈن بۇنچە جازالىنىمىز؟ بىزنىڭ قىران چاغلىرىمىز مۇشۇنداق جازا، ۋەھىمە، سەرسانلىق بىلەن ئۆتۈپ تۈگەپ كېتەرمۇ- ھە؟ بىزنى سولىمىغان، جازالىمىغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى- ھە؟ ھاشىر بۇ ناھىيىنىڭ ئىشىغا زور تۆھپە قوشاتتى. ئەلا بىر نەچچە ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازاتتى. قالغانلىرىمىزمۇ تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىشىۋېتەتتۇق. ئارۇپ ئاداش، بىز تۈگەشتۇق، بالىلىرىمىز نېمە بولار؟ ئېمىشقىمۇ يىگىرمە يىل كېيىن تۇغۇلمىغاندىمەن؟

ئارۇپ دوستىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرمەستىن خىيال بىلەن يەرگە قاراپ ئالدىراپ ماڭاتتى. ئۇنىڭ ئەس-يادى يۇرۇنراق بېرىپ ئىگىسىز جەسەتلەرنى ھارۋا بىلەن ئېلىپ كېتىش، ئىرىكلىكىدە رازى قىلالمىغان ئۇستازى ساۋۇتوۋ، پۈتۈن بالايۇ- ۋاقىسى ئۈرۈمچىدە، ئۇرۇق- تۇغقىنى يېزىدا قالغان نادىرۇۋلارنىڭ جەسىتىگە ئىگە بولۇپ ئۇلارنى ئۆز ئادىتى بويىچە يەرلىكىگە قويۇپ، بېشىغا تاش- كېسەك بىلەن بەلگە ياساپ قويۇش، ئاندىن كېيىن ئۆز شەھىرىنى تاشلاپ قېچىش، قېچىش يولى بىلەن ھاياتىنى ساقلاش! ئۇ مۇشۇنداق بىر ئادىدىي لېكىن ياخشى نىيىتىنىڭ تۇسقۇنسىز ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. مۇشۇ نىيىتى ئۈچۈن چىن قەلبىدىن خۇدادىن مەدەت ۋە يول تىلەيتتى...

ئۇلار ئۈچ دەرۋازا، قۇدۇق مەھەللە كوچىلىرىدا ئۇزاق ئايلىنىپ مېڭىپ ئاخىر ئايرودروم تەرەپكە ماڭىدىغان «تالالىق» قا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئېلى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا بۇ يەرگە دەرس تەكرارلىغىلى، ئوينىغىلى كېلەتتى. ئۇ چاغدا ئۇلار قانداق ئۇلۇغ ئىشلار توغرىسىدا سۆزلىشەتتى- ھە؟ ئۇلار ئۆزلىرىنى كەلگۈسىنىڭ لومونوسوۋ، مېندېلېۋ، نيۇتون، پوشكىن، بايرون، تولستوي، گوركى، لۇشۈنى... ھېسابلاشقان ئەمەسمىدى؟! ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھاياتقا ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارايدىغان ئەڭ ناچارلىرىمۇ كۆزلەرنىڭ بىرىدە سەپداشلىرىمىدىن بىرىسىنىڭ جەسىتىنى يەرلىكىگە سالامەت قويالىسام ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى دېگەننى ئويلاپ باققان بولمىغىدى- ھە؟ ئىنسانمۇ دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئوتلۇق دەۋرى، مېۋە بېرىدىغان، قاخشال

بولىدىغان دەۋرلىرنى بېشىدىن كەچۈردۇ. نوتا دەۋرى بىلەن قاخشال دەۋرىلا بولىدىغان دەرەخنى مېۋىلىك دەرەخ دېگىلى بولامدۇ؟ بىر سىنىپتىن چوڭ - چوڭ ئارزۇلار بىلەن جەمئىيەتكە چىققان ئوتتۇز - قىرىق يىگىتنىڭ تەگىدىن تولىسى يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەنلا مېۋىسىز دەرەخكە ئوخشاپ پالتا ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالسا، ئامان قالغانلىرى سەپداشلىرى ئۈچۈن ئېچىنمامدۇ؟

ئارۇپ — ئورۇق، قاڭشالىق، كەم سۆز يىگىت مانا بۈگۈن باشقىلارنىڭ ئۈششاق گەپلىرى، تەشكىلنىڭ كەلگۈسىدە قىلىدىغان سوئال - سوراقلىرىغا پەرۋا قىلماستىن ئۆزىنىڭ ساۋاقداشلىق، ئىنسانىي بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاددىي ئارزۇنى ئۇلۇغ ئىش بىلىپ تىپىرلاپ يۈرۈپتۇ. لېكىن ئوسمانچۇ؟ ئۇ نېمىلەرنى قىلالىدى؟ ئۇنىڭ ئۆز چاقىقانلىقىغا تايىنىپ تۇرمىدىن قېچىشى مەنپەئەت، ئۆز غېمى ئۈچۈن بولماي نېمە؟ رازىيە نېمە ئۈچۈن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت بېرىلىشىنى ھاشىرنى دەپ تۇرمىدىن چىقماي تۇرۇۋالدى؟ گۈزەللىكى نېمىشقا ئۆزىگە نېسىپ بولغان راھەت - پاراغەتنى ئەلا ئۈچۈن جەبرى - زۇلۇم تارتىشقا ئالماشتۇرۇۋالدى؟ ئەلا نېمە ئۈچۈن تونۇمايدىغان بىر يىگىتنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ بىر كېچە سىرتتا يۈردى؟ ئارۇپنىڭ ئۇ يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسىنى تېپىپ، ئۆز ئۆيىدە رەسمىي ھازا تۇتۇپ يىگىتنى ئادەمىي يول بىلەن يەرلىككە قويغانلىقىنى نېمە دەپ چۈشەنسە بولىدۇ؟...

ئوسمان «تاللىق» قا كىرگەندىن كېيىن ئۆز ۋاقتىدا دەرس تەييارلايدىغان قىرى تالنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇۋېلىپ يۇقىرىقىلارنى ئويلىدى. ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان نەپرىتى كۈچەيدى. نەپرىتى كۈچەيگەنسېرى، ئۇنىڭغا ھايات مەنىسىز، دۇنيا قاراڭغۇ، ياشاش ئۇياتلىق بىلىنىشكە باشلىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىپ قالدى. ئوڭاي ۋە تېزرەك ئۆلۈۋېلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزلەشكە باشلىغاندا ئۇنىڭ خىيالى ئىلى دەرياسى، بېغىدىكى قېرى ئۈجمىنىڭ شېخىغا سېلىنغان سىرتماق، ئىشتىك ئۇستۇرا، ئېگىز زاۋۇت تۇرخۇنى، «دى دى ۋى» دورىسى... قاتارلىق ۋەھىمىلىك نەرسىلەرگە

يۈتكەلدى.

باياتىن يولنى كۈزىتىپ كەتكەن ئارۇپ قايتىپ كېلىپ بېشى چاتىرىسىغا ساڭگىلاپ قالغان ئوسماننى مۈرىسىدىن ئېغىتىپ:

— جۆر، بىزنىڭ ھارۋىنى تاپتىم، ئادەملەرمۇ جەسەتلەرنى كۆرۈپ قايتىۋاتىدۇ. جەسەتلەرنى ئەكېتىشكىمۇ رۇخسەت قىلىندى، — دېدى.

ئۇلار يۈگۈرۈشۈپ، ئادەملەرنى ئارىلاپ شىمالغا قاراپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ماشىنا - ماشىنىلاپ قوراللىقلار كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. ئادەم ئېتىلغان تاشلىق سايدا بىر نەچچە قاراۋۇل تۇراتتى. ئارۇپ ئالدىن تەييارلانغان ئاق خەسىدىن ئۆزىگە ۋە ئوسمانغا پوتا باغلىدى. ئۇلار ئۈن سېلىپ يىغلاشتى. ئۇ يەرگە ئاللىقاچان ساۋۇتتوۋنىڭ سىڭلىسى، كويپوغلى، نادىروۋنىڭ بىر نەچچە تۇغقىنى (ئايالى ۋە باللىرىمۇ سولاقتا ئىكەن) كەلگەنىكەن. ئارۇپ بىلەن ئوسمان ئۇلار بىلەن بىرمۇ - بىر قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كۆرۈشتى. بىر قاراۋۇل ئۈن سېلىپ يىغلىغان ئوسماننىڭ مۈرىسىدىن قوپاللىق بىلەن سىلكىدى:

— يىغاڭنى ئۆيۈڭگە بارغاندا يىغلا، يىغلاشقا رۇخسەت يوق!

— نېمىشقا؟ — ئوسمان ئۇنىڭغا ئالايدى.

— يىغلاشمۇ تەشۋىقات، باشقىلاردا ھېسداشلىق پەيدا قىلماقچىمۇ؟

— ئاتىنىڭ، بۇلارنىڭ گۇناھى تۈگىدى. ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىپ بولدۇڭ ۋەزىپەڭ ئاخىرلاشتى، قانۇنلۇق گەپ قىل!

— نېمە م قانۇنسىزكەن؟ — قاراۋۇل ئوسمانغا گۆلەيدى.

— قايسى قانۇندا يىغلاشمۇ گۇناھ دېيىلگەن؟ كىمگە يىغلايمەن، كىمنى تىللايمەن بۇ مېنىڭ ئەركىنلىكىم، سەن بۇنچىلىك ئەركىنلىككىمۇ چەك قويماقچىمۇ؟

قاراۋۇل دۇدۇقلىدى، يەنە بىر قاراۋۇل قاتتىق تاشلىق دەپتىرىنى ئوسمانغا تەڭلىدى:

— مەيەگە قول قوي!

ئوسمان تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن دەپتەرنى

ئېلىپ ئارۇپقا تۇزاتتى. ئارۇپ دەپتەرلەرگە قول قويدى.

جەسەتلەرنىڭ پۈت ـ قوللىرىدىن كوپزا ـ كىشەن، ئاغزىدىن تىل قايرىغۇچ سىم ئېلىندى. ساۋۇتوۋ بىلەن نادىروۋ ئوڭدا ياتاتتى. ساۋۇتوۋنىڭ ئاغزىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى. لەۋلىرى بىر نىمە دېمەكچى بولغاندەك يېرىم ئوچۇق، كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، خۇددى چېگىش بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. نادىروۋ بولسا تىلىنى چىشلىرىپ كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا ياتاتتى. ئۇ خۇددى بىرسىنى مازاق قىلىپ كۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆكرىكىدە ئوق ئىزىدىن پەيدا بولغان قان ئۇيۇتمىسى تۇراتتى...

جەسەت ئىگىلىرى ئۇلارنى يەردىن ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ ئالدىن تەييارلانغان ھارۋىلارغا پاخال ۋە تاختاي ئۈستىگە ئوڭدا ياتقۇزۇشتى ۋە ئۈستىگە ئاق داكا يېپىشتى.

ئوسمان ساۋۇتوۋنىڭ جەسىتىنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇردى ـ دە، ئاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشلىرى يۇيۇپ تۇرۇۋاتقان يۈزىنى قۇياشقا قارىتىپ ئىككى قولى بىلەن بېلىدىكى ئاق پوتىسىغا تايىنىپ، بىرىنچى بولۇپ، بار ئاۋازى بىلەن ھازا باشلىدى:

— قېرىنىدىشىم، ئۇستازىم، ۋاقتىسىز كەتتىڭ، بىگۇناھ كەتتىڭ، ئارماندا كەتتىڭ، رازى بول مەندىن!

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن چۇقان ـ سۈرەن بىلەن ھازا باشلاندى.

ئۇرۇش، باغلاش، دەسسەش، خورلاش بىلەن شەھەردىن ئاخىرقى قېتىم چىقىپ كەتكەن خەلق ئوغلانلىرىنىڭ جەسىتى داغدۇغىلىق يىغا ـ زارە، ھۆرمەت ـ رەسمىيەت بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۆز شەھىرىگە قايتىپ كىردى. ئەل ھۆرمىتىنىڭ بۇ تەنتەنىسى شۇ كۈنىلا پۈتۈن غۇلجا شەھىرىگە تارالدى.

ئەتىسى جۈمە كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى ئەڭ شۆھرەتلىك مەسچىت بولغان بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ ھويلىسىغا يېپەك گىلەملەر يوپۇق قىلىنغان ئىككى تاۋۇت كەلتۈرۈلدى. تاۋۇتنى ياشلار قولدىن قولغا ئېلىشىپ تالىشىپ تۇرۇپ كۆتۈرۈشتى. يۈزتىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر قېرىلىرى ئاق سەللىلىرىنى ئوراپ بۇ مېيىتلارنىڭ نامىزىنى چوشۇرگۈچىلەرنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇشتى. سەپراس بولۇشقان ياش ـ قېرىلار نەچچە مىڭغا، بەلكى ئاق پۈتا باغلىغانلار يۈز نەچچىگە يەتتى. نامازدىن كېيىن مېيىت ئۈزۈتىپ ماڭغان ئادەملەر بىلەن ماشىنلار مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ھەر قانداق بىر نامايىشتىن ئاز بولمىدى. شەھەر ئىچىدىن چوڭ كوچا بىلەن قارا دۆڭ تەرەپكە ماڭغان بۇ ئادەملەر تاۋۇتلارنى تاكى قارا دۆڭنىڭ سىرتىدىكى ئېدىرلىقنىچە مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈشۈپ بېرىشتى. تاۋۇتقا قولى يەتمىگەنلەر ئۇزۇن ئاغامچىلارنى تاۋۇت پۈتلىرىغا باغلاپ ئاغامچىنى تۇتۇپ مېڭىشتى. تەنتەنىلىك ئۈزىتىشتىن ھاياجانلانغانلار:

— ئۆلۈم ئەمەس، توي، رەھمەتلەرنىڭ تويى بولدى!

— خەلقنى ھېچقاچان نامايىشقىمۇ بۇنچىلىك قوزغىتالمىغان ئىدى. ئادەمنىڭ ياخشىسى دېگەننىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ ئابرويى، ئىناۋىتى ئۆلمەيدىكەن! — دېيىشتى. لېكىن بۇ ئىشنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ۋەھىمىلىك خەۋەر يەتكۈزگۈچىلەرمۇ بولدى: بۇلارنىڭ بىرىنچىسى رەقىب. ئۇ ھازىر گەرچە تېزلا ناھىيىدىن ئۇيۇلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتقا يۆتكىلىپ كېلىپ مۇھىم ئورۇنغا خىزمەتكە ئورۇنلاشقان «تەلەيلىك ئادەم» بولسىمۇ ئېمىشقىدۇر ئۇ ھازىر تولىمۇ جىددىگىگو، غەمكىن ۋە ئالاقزادە ئىدى. ئۇ ئامەتتىن پەيدا بولغان ئەنسىزچىلىك ۋە ۋەھىمىنىڭ ئارامسىز زەربىسىدىن بولسا كېرەك، يۈزلىرى تاياق يېگەندەك كۆكەرگەن، ئاۋازىمۇ غاراڭ ـ غۇرۇڭ، قوللىرى پىيەنچۇكنىڭ قولىدەك تىترەپ تۇراتتى. ئۇ ھەربىي رايون دەرۋازىسىغا ئالدىراپ كىرىپ سىياسىي باشقارمىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا ئۇنىڭغا لاۋجاۋ ئۇچراپ قالدى. ئۇ لاۋجاۋ بىلەن كونا تونۇش، ھازىر خىزمەتداش، بىر سەپتىكى ئادەم بولغاچقا ئۆزى تاپقان «ئەڭ يېڭى خەۋەر» نى لاۋجاۋغا يەتكۈزمەكچى بولدى:

— لاۋجاۋ، كۆردىڭىزمۇ؟

— نېمىنى؟

— ئىككى ئەكسىلئىنقىلابچىنى قانداق

كۆمۈشكىننى دەيمەن! پۈتۈن شەھەر مۇسۇلمانلىرى كوچىغا ئاق باغلاپ چىققان، دوقمۇش- دوقمۇشلارغا مەرسىيە دەپ ئىما قويۇلغان ئەكسىيەتچى شېئىرلار چاچلانغان، ھەتتا بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى خەلققە ماختاپ تونۇشتۇرىدىغان تەشۋىقات ۋاراقىلارمۇ تارقىتىلغان، بۇ ئەھۋال بىزنىڭ دۈشمەنگە قارشى كۆرەشكە خەلقنى ياخشى قوزغىمىغانلىقىمىزنى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ ھەيۋىسىنىڭ چۈشمىگەنلىكى، يوشۇرۇن ھەرىكەتنىڭ توختىماي كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

لاۋجاۋ جىم بولۇپ قالدى. ئۇ لاۋلىدىن ئەلا توغرىسىدا ئاتالمىش «گۇرۇھ» نىڭ گۇمانلىق ئىكەنلىكى، بۇ ھەقتە ھۆكۈم مۇزاكىرە قىلىش گۇرۇپپىسىدىكى مەسئۇللارنىڭ قاتتىق تالاشقانلىقى، بولۇپمۇ مەلۇم رەھبەرنىڭ ھاشىرنىڭ خېتىنى كۆرۈپ ھەرىكەتتە خاتالىق بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتقانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ھاشىر توغرىسىدىكى جىددىي بۇيرۇقنىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىسى كەلگەنلىكى، شۇڭا ھاشىرنىڭ ئېتىلمىغانلىقى، نادىرۋۇ بىلەن ساۋۇتوۋنىڭ بولسا يەنە بىر باشلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا قول قويۇشى، يوليورۇقى بىلەنلا ئېتىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا خەت تاپشۇرۇۋالغان. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئۆز پىكرىنى ئوبلاستلىق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ بىرىنچى مۇدىرى بولغان كومىسسارغا ئېيتقاندى. لاۋجاۋ لاۋلىنىڭ مەخسۇس ئادەمدىن ئەۋەتكەن خېتىنى ئوقۇغاندىن كېيىن كېچىچە ئازابلىنىپ ئۇخلىيالمىغان. ساۋۇتوۋنىڭ بىلمى، نادىرۋۇنىڭ ئۇھپە- ئابرويى توغرىسىدا ئەلادىن ئاڭلىغانلىرى بۇ بىلىم ۋە تالانت ئىگىلىرىگە ھېرىسمەن زىيالىنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاندۇرغان بولسا ئۇنىڭگۇندىن باشلاپ قاتتىق ئازابلىغان. ئۇ ئۆزۈلدۈرمەي تاماكا چېكىپ پۈتۈن كېچىنى خىيال ۋە كۆز يېشى بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا رەقىبىنىڭ مۇنۇ يېڭى خەۋىرى ئاغرىۋاتقان چىشىغا تەككەن تاشتەك بىلىندى:

— يەنىچۇ؟ — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن رەقىبكە ئالىيىپ، رەقىب ئۇنىڭ غەزىپىنى ئۆز مەنپەئەتى بويىچە چۈشەندى- دە:

— يەنىمۇ، — دېدى ئۇ ئىچىمۇ كۆڭۈلگەنچىلىك تۇرۇپ، — يەنە بىرەر مىڭ ئادەمنى ئۇتتۇرساق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ نوخۇلىسىنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

— پۈتۈن كادىرلار بىلەن زىيالىلارنى قىرىۋەتسەك، يالغۇز سىزنىلا ئېلىپ قالساقچۇ؟ — دېدى لاۋجاۋ غالىلداپ تىترەپ، — نېمىشقا ئۆز ئادەملىرىڭىزگە شۇنچە ئۆچسىز؟ سىزدەك ئۆز خەلقىنى چۈشەنمەيدىغان، چۈشىنىشنى خالىمايدىغان، سۆيمەيدىغان ئادەمدىن ھېچقانداق ئادەمگە، قىسقىسى ھېچقانداق تىرىك جانغا ياخشىلىق كەلمەيدۇ! بىلىپ قويۇڭ، مەن كوچىدىكى ھازىدارلار بىلەن بىللە يىغلاشقا تەييار. ئەگەر ماڭا ئىرىيال بەرسىڭىز بېرىڭ، مەنمۇ سىزدەكلەر بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلىنىپ قويدۇم!

رەقىب تۇرغان يېرىدە مىقلاپ قويغاندەك قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ قوللىرى ھاۋادا پولاڭلىدى- يۇ، پۇتلىرى قىمىرلىمىدى. ئاغزى مىدىرلىدى- يۇ، ئاۋازى چىقمىدى. خېلىدىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەلدى. مۇنۇ يېڭى باش كۆتۈرۈپ چىققان «خەتەرلىك، قاۋۇل دۈشمەننى» نى يوقىتىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئۇزاق ئويلاندى- دە، ئاخىر ئۆزى ياخشى چۈشىنىدىغان يېڭى مۇئاۋىن كومىسسارنىڭ ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى.

ئوسمان تۇپراق بېشىدىن قايتىپ كېلىپ ئارۇپنىڭ خىلۋەت مېھمانخانىسىدا زۇلخۇمارنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغلىدى. زۇلخۇمار ئۇنىڭ مەس ئەمەسلىكىنى، ساق ۋاقىتتا ھېچقاچان كۆز يېشى قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئوسماننىڭ يۇدۇر چاچلىرىنى سىلاپ، خۇددى ئوغلىنى ئەركىلەتكەندەك باشلىرىنى مەيدىسىگە بېسىپ بەزلىدى. لېكىن ئوسمان ئېسەدەپ زادىلا يىغىدىن توختىمىدى:

— بولدى قىلىڭ ئوسمان، سىزنىڭ نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەن، يىغا بىلەن ئۆلگەننى تىرىلدۈرگىلى بولاتتىمۇ؟ بولدى قىلىڭ، سەۋر قىلىڭ، — دېدى ئۇ ھېچنېمە چۈشەنمىگەندەي ھەيرانلىقتا.

ئوسمان يىغلاپ تۇرۇپ ئايالىنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدى ۋە بېشىنى زۇلخۇمارنىڭ كۆكسىگە قويۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىز بىلمەيسىز، مېنىڭ نېمىگە يىغلاۋاتقىنىمنى بىلمەيسىز، سىز ئۈچۈن، باللىرىم ئۈچۈن، قېرى دادام بىلەن ئاپام،ئاكا ـ ھەدەم،سىڭىللىرىم ئۈچۈن مەن يىغلىۋېتەي، سىلەر مەڭگۈ كۆز يېشى قىلماڭلار، كۆز يېشى ئەرزىمەس نەرسە، ماڭا ئوخشاش كېرەكسىز ئادەملەرلا كۆز يېشى قىلسا بولىدۇ. زۇلخۇمار رازى بولۇڭ!

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى زۇلخۇمار ئۇنىڭ بېشىنى سىلىكىپ، — نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسىز؟

— جۆيلىمىدىم، راست سۆزۈم زۇلخۇمار!

— قانداق راست گەپكەن بۇ، قانداق دېگەن قاملاشمىغان گەپ بۇ!

زۇلخۇمار ئەندىشە ۋە ۋەھىمە بىلەن ئوسمانىنىڭ قوللىرىنى ئىتتەردى. دائىم خۇشخۇي، ناخشا غىڭشىپ يۈرىدىغان يىگىتىنىڭ تۇرمىدىن شۇنچە ئازاب بىلەن قېچىپ چىققانلىقى، بىردىنلا ئادەم چۆچۈتىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ سەۋدايى مىجەز بولۇپ ئۆزگەرگەنلىكى ياش ئايالنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەكتە ئىدى. ئۇ ئوسمانىنىڭ قوللىرىدىن بوشاندى ـ دە، كۆرسەتكۈچ قولىنى يېگىز قىلىپ تۇرۇپ ئوسمانغا ۋارقىرىدى:

— دادامنى باشلاپ كېلىمەن، مىدىرلىماي يېتىڭ، توختاپ تۇرۇڭ مەن سىزنى ئالىجوقا سۆزگە تويغۇزمىسام!

زۇلخۇمار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئوسمان چېچىلىرىنى غۇچۇرلىتىپ يىغىدىن توختىدى. ئۇ يانچۇقىدىن باللىرى بىلەن ئايالىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمىنى ئېلىپ سۆيدى. ئۇ شۇندىن كېيىن يېنىغا ئېسىۋالغان غىلاپتىن خەنجىرىنى ئالدى ـ دە، بارماقلىرى بىلەن تىغىنى تەكشۈرۈپ باقتى. ئاندىن كېيىن ئۆستەلدىكى خاتىرە دەپتەردىن بىر ۋاراق قەغەز يىرتىۋېلىپ ئالدىراپ بىرنېمىلەرنى يازدى ـ دە، خەتنى ئۈستەلگە ئىستاكان ئاستىغا قويۇپ ئالدىراپ ھويلىغا، ئاندىن كېيىن باغقا چىقتى. دەريا تەرەپكە قاراپ قاراڭغۇ تۈن ئىچىگە شۇڭغۇدى. ئۇ كىچىچە ماڭدى. لاي تۈپىغا مىلەندى. ئەتىسى ئېتىزلاردا، ئېرىقلاردا ياتتى. كەچقۇرۇن بولغاندا شەرققە — ناھىيە مەركىزىگە قاراپ ماڭدى. ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش ئۇنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چاپىنىنىڭ غولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئۆتۈكى ئاشلىق يولدا خۇددى بىر خىل تۇرۇلغان سوقما تاشتەك ئاۋاز چىقىرىپ باراتتى. قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ چاپىنى ئاستىدىكى مىستىن نەقىش بېرىلگەن غىلاپى يالت ـ يۇلت قىلىپ ئاربلاپ ـ ئاربلاپ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئۇ قاراڭغۇ چۈشكەندە روزىمەت يۈزىنىڭ ... چىپچەكلەر بىلەن تولغان بېغىدىن چىقتى ـ دە، سا... كېسىپ ئۆتۈپ، كۈن چىقىش تەرەپكە — قورۇق تاملىق باغقا قاراپ ماڭدى. ئەتراپتا ھېچكىم يوق، ... ئايلىرى باشلىنىش ئالدىدا ئۇرغاچقا ھاۋا سالقىن. ئۆللىق باغلاردىن بۇلبۇل ئاۋازى بىلەن قىزىلگۈل ھىدى كېلەتتى. لېكىن ئۇنىڭ قىساسخورلۇق ۋە قاتىللىق ئىستىكى بىلەن كۆيۈۋاتقان يۈرىكىنى تەبىئەت ئۆز گۈزەللىكى بىلەن ئېرىتەلمەيتتى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن سوقما تامغا ياماشتى. چاققانلىق بىلەن مېۋىلىك باغقا سەكرەپ چۈشتى. بۇ باغ نامەتنىڭ بېغى، نامەت يالغاندىن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خوتەندە ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالى بۇ قورۇغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغان، نامەت تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيگە چىقىپ يەنە بۇرۇنقى ئايالى بىلەن نىكاھلانماستىنلا بىللە تۇرماقتا ئىدى. ئوسمان قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن بۇ ئۆيگە چىقىپ ئۇنى يوقلىغانىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا بۇ ئۆينىڭ ھەممە تەرىپىگە ياخشىلاپ زەڭ قويۇۋالغان. ئۇ چاغدا نامەت ئوسمانغا ھاراق قۇيۇۋېتىپ:

— ئاداش بەك قورقۇۋاتىمەن، بىرسى كېچىلەپ كىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەكلا قىلىدىغۇ تاڭ. نېمىشقا دەمسىنا؟ رەقىب بىزنىڭ پېيىمىزدە يۈرۈيدۇ. ئۇ بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن بىزنى ئۆتۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا پۇسۇرلاپ يۈرگەنلىكى

مېنى بەكمۇ ئەنسىرىتىدۇ. ئۇنىڭ يېتەرلىك كۈچى بار، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ئۇنىڭ ئادەملىرى، — دېگەنىدى. ئۇ چاغدا ئوسمان ئۇنىڭ ئېمىشقا ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. لېكىن خۇپسەنلىك قىلىپ:

— خاتىرجەم بول، سېنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى قوغدايدۇ، — دەپ قويغانىدى.

ئۇ مانا بۈگۈن كېچىلەپ بۇ يەرگە ئىككىنچى قېتىم كەلدى. بۇ ئۇنىڭ بەلكىم ئاخىرقى قېتىم كېلىشى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇندىن بېرى قويۇق دوست بولۇپ كەلگەن ساۋاقدىشى بىلەن ئاخىرقى قېتىم دىدارلىشىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بۈگۈن «دوستى» بىلەن ۋە ئۇنى بەخت بېرىمەن دەپ ئالداپ قويغان ھاياتلىق بىلەن خوشلاشماقچى. ئۇ بۈگۈن ۋەھشىلىك بىلەن كۆڭۈل كىرىنى يۇماقچى، ئۇ بۈگۈن قان تۆكۈش بىلەن ئۆز ۋىجدانىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرماقچى، ئۇ بۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ نامەتتىن پەرقلىق ئىنسان ئىكەنلىكىنى، دوستلىرى، خەلقى ئالدىدا ئۆز ۋىجدانىنى قوغدىيالايدىغان ياراملىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى. ھاياتىدا ئاخىرقى قېتىم مەردلىك، قەھرىمانلىق كۆرسەتمەكچى. لېكىن نامەت قاچان يېڭىغا چىقىدۇ. ئۇ ئاۋۇ ئالما تۈۋىدە ياتقان قويلىرىنى قوتانغا سولىغىلى چىقىشى لازىم ئىدىغۇ، ئوسمان ئالدىرىغان بىلەن نامەت ئۆلۈشكە ئۈنچىلىك ئالدىرىمىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۆيى يوروق، ئىشىكلىرى ھەم، ھېچبىر ئىشىكىدىن نامەتنىڭ دوغلاق گەۋدىسى چىقمايدۇغۇ تاڭ. . .

ئوسمان ۋەس- ۋەسىگە چۈشتى. ئۇ: «ھامىنى بىر ئۆلۈم، ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئىشىمنى تامامىلىسام بولمامدىكەن» دېدى ئۆز- ئۆزىگە كاسىلداپ تىترەپ تۇرۇپ. شۇ چاغدا كۈن چىقىشتىكى ئىشىك ئېچىلىپ يۆتىلىپ تۈكۈرگەن پېتى نامەت ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى. ئوسمان باغ ئىشىكىگە يېقىنلاشتى. نامەت باغ ئىشىكىنى ئاچتى، ئوسمان قېرى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈندى. نامەت قوينىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ قېقىلىپ يۆتەلگىلى تۇرغاندا ئوسمان ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ھەش- پەش دېگىچىلا نامەتنى يەرگە يېسىۋېلىپ مەيدىسىگە ئىككى قېتىم دەسسىدى. نامەت تىپىرلىدى، لېكىن ۋارقىرىيالمىدى. ئوسماننىڭ بىر قولى ئۇنىڭ كارنىيىدىن بوغۇۋالغان، خەنجەر تۇتقان قولى نامەتنىڭ بېشى ئۈستىدە دەھشەت ياغدۇرۇپ قادىلىپ تۇراتتى. نامەت قارشىلىق قىلىسىلا ئۇكايىلا دۇنيا بىلەن خوشلىشىدۇ، يالۋۇرسىچۇ؟ ئوسماننىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ، شەپقەت، رەھىمدىللىك ۋە كەچۈرۈمچانلىق بىلەن ئالمىشىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ.

— مەن، مەن ...، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، يېلىنىپ، — ساڭا ئىيتسام رەقىبىڭ ئىشى ... مەن ساڭا ... رەقىبنى ئۆلتۈرۈپ بېرەي ... رەھىم قىل!

— قىلغان- ئەتكىنىڭنى بىلدىڭمۇ ئىپلاس، سەن يۈز قېتىم ئۆلسەڭمۇ ساۋۇتۇڭ، نادىرووۇلارنىڭ ئېلىۋەتكەن لىرىنىقى ئىرىلمەيدۇ. قىساس ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئۆلۈك ئىتسەن، بىراق ئۆز قولۇم بىلەن جېنىڭنى ئالمىسام زادى يۈرىكىمدىن چىقمايمەن، تېزرەك ئۆل!



ئۇ خەنجەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇردى، لېكىن خەنجەر تۇتقان قولى ھاۋادا پۇلاڭلىشىپ قالدى. ئىككى مەزمۇت قول ئۇنىڭ تىغ تۇتقان قولىنى ئامبۇردەك مەھكەم تۇتۇۋالغانىدى. ئوسمان ئۇ ئىككىسىگە قايرىلدى، ئۇ ئېلىشماقچى بولۇۋېدى، بىرىنچى ئۇتۇش ئاۋاز ئاستا،

ئەمكىن ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىردى:

— ئوسمان!

ئوسماننىڭ قولىدىن خەنجەر چۈشۈپ كەتتى. باياتىن چەيلىنىپ قىيىنىلىنىپ ھالسىرىغان نامەت سۇنايلىنىپ يېتىپ ئاسايىشلىق ھالدا ئىڭرىدى ...

2

ئەلا ئۈرۈمچىدىن يەنە ھەربىي كىيىم، ھەربىي ماشىنا بىلەن قايتتى. ئۇ لاۋجاۋنىڭ ئۆيىگە كېچىدە كەلدى. لاۋجاۋ ئۇنىڭغا قايغۇلۇق خەۋەر يەتكۈزدى: ساۋۇتوۋ بىلەن نادىروۋ ئېتىلغان، ئەلانىڭ ئىشىكمۇ ئىشىك دوقۇرۇپ يېلىنىشلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ دوستلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن قىلغان ھەرىكەتلىرى ئاران كىچىككىنىلا ئۈنۈم بەرگەن: ھاشىر ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ، تارىخىدا ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزۈپ جازالانمىغان. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن بۇرۇن كۆپ قېتىم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، جياۋيۇلۇچە كادىر بولۇپ باھالىنىپ كەلگەن. مانا شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭ تۈرمىدىن يازغان خەلققە، پارتىيىگە، ۋەتەنگە ساداقىتى يالقۇنجاپ تۇرغان خېتىگە ئاساسەن ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش قارار قىلىنغان. ئەمما «ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» توغرىسىدىكى يالغان ئەنزە يەنىلا راست ئەنزە دەپ مۇقىملاشتۇرۇلغان. لاۋجاۋ بۇ ئەھۋالنى ئەلاغا ئېيتقاندا ئەلا نە يىغلىمىدى، نە نالە قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپلىك ئۇچقۇنلار يانغاندەك بولدى. لەۋلىرى نامەلۇم بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى - دە، لاۋجاۋغا قاراپ تىترەڭگۈ ئاھاڭدا:

— لاۋجاۋ، ھاراق بولسا بىر ئىستاكان قۇيۇپ بەرسىڭىزچۇ، — دېدى.

لاۋجاۋ دىۋاندىن تۇرۇپ ئالدىدا تىك تۇرغان ئەلانىڭ ئىككى مۈرىسىگە ئىككى قولىنى قويدى:

— ئىرادىسىزلىك قىلماڭ ئەلا، ھاراق بىلەن كۆڭۈلدىكى قارا بۇلۇتلارنى ھەيدەش ئىرادىسىزلىك. ھازىر بىزگە چىدام، سەۋر - تاقەت زۆرۈر. تۇرمۇش سىزگە قانچىلىك مەنىسىز تۇيۇلسىمۇ ماڭىمۇ شۇنچىلىك مەنىسىز. لېكىن ياشاش كېرەك، ئىرادە، غەيرەت بىلەن ئالدىمىزدىكى ياخشى كۈنلەرنى كۈتۈۋېلىشىمىز كېرەك!

— سىزچە ئالدىمىزدا ياخشى كۈنلەر بارمىدۇ لاۋجاۋ؟

— ئەلۋەتتە بار، مەن پارتىيىمىزنىڭ خاتالىقلارنى تونۇپ يېتىپ توغرا يول بىلەن ماڭىدىغانلىقىغا قاتتىق ئىشىنىمەن.

ئۇلار يېرىم كېچىگىچە ۋەزىيەت، تۇرمۇش، ئىستىقبال ۋە دۆلەت، خەلقنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئەلا كىتاب ئوقۇش ۋە يېزىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ دۆلەت، پارتىيە، رەھبەرلەر توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئىشلاردىن بىخەۋەر قالغان ئىكەن. لاۋجاۋ ئارمىيە ۋە پارتىيىمىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەر، خەلقئارادىكى پارتىيىلەر ئارىسىدىكى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەشلەر توغرىسىدا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بەردى. ئەلا لاۋجاۋنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزى ئەندە بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ گەرچە 1937 — 1938 - يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيىسى خاتالىشىپ لېنىننىڭ نۇرغۇن سەپداشلىرىنى، سىناقلاردىن ئۆتكەن بولشېۋىكلارنى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالىغانلىقى توغرىسىدا كىتاب - ماتېرىيال كۆرگەن بولسىمۇ بۇ ئىشنىڭ بىزنىڭ دۆلىتىمىز، پارتىيىمىز ئىچىدە تەكرارلىنىشىنى ئويلاپمۇ قويمىغانىدى.

— لاۋجاۋ، — دېدى ئۇ ئاخىر ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن روھلىنىپ، — بىزنىڭ پارتىيىمىزمۇ ئۆز خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلارمۇ؟

— ھازىر قىلمىغان بىلەن كەلگۈسىدە قىلىدۇ، — دېدى لاۋجاۋ ئۆۋەن ئاھاڭ بىلەن سۆزلەپ، — تارىخ ھەر قانداق بىر ئادەم، ھەر قانداق بىر پارتىيىنىڭ تۆھپىسى بىلەن خاتالىقىنى يالغان يازمايدۇ، سەۋەبى، تارىخنى مىليونلىغان خەلق يازىدۇ ئەمەسمۇ!

كۆزلىرى يوغان، قېشى قوۋزىمەك، ئورۇق - ئېگىز لاۋجاۋنى ئەلا خۇددى بۈگۈنلا تونۇۋاتقاندەك چىرايىغا

سىنچىلاپ قاراپ چىقتى. كەم سۆز، خىيالچان بۇ يىگىتنىڭ ئەلا ئويلىمىغان ئىشلارنى ئويلايدىغانلىقى، ۋەزىيەت، كەلگۈسى توغرىسىدا بۇنچىلىك چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغانلىقى ئەلانىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى. ئەلا لاۋجاۋنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزى ھېس ۋە گۇمان قىلغان بەزى ئىشلارنى ئۆزىدىن باشقىلار، ئۇرغۇن ئادەملەرنىڭمۇ ھېس ۋە گۇمان قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

ئادەملەر جىم يۈرگىنى بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرىكى، مېڭىسى زادى جىم تۇرمايدۇ، كىشىلەرنى خىيال، پەرەز، گۇماندىن ھېچكىم چەكلىيەلمەيدۇ. كىشىلەر نېمىنى خالىسا شۇنى ئويلىيالايدۇ، لېكىن ئويى بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك چوڭ ئارىلىق بولسا ئويلاش بىلەن سۆزلەش ئوتتۇرىسىدىمۇ شۇنچىلىك پەرق بار ئەمەسمۇ. ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىغىنىنى كۆرۈنگەن بىرسىگە ئېيتىۋەرمەيدۇ، پەقەت ئادىمىنى تاپقاندىلا ئېيتىدۇ.

— ئەلا ئاداش، — دېدى لاۋجاۋ كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇپ، — مەن ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ كېتىمەن، مەن بۇ يەردىكى تەڭسىزلىك، ناھەقچىلىقلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ چىدىيالمىغىدەكمەن.

— بۇ ئىشىڭىز ئىرادىسىزلىك ئەمەسمىكەن لاۋجاۋ؟

لاۋجاۋ جىم بولۇپ قالدى. ئۇلار باش توخۇ چىللىغاندىن كېيىنلا ئۇخلاپ قىلىشتى.

ئەتىگەنلىكى ئەلا يەرگە يورۇق چۈشۈش بىلەن ئارۇپىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ئارۇپ چالا ئويغۇلۇق ھالدا ئىشىك ئاچقىلى چىقىپ ھەربىي كىيىم بىلەن ئالدىدا پەيدا بولغان دوستىنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

ئۇلار ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ چۈشكىچە كۆزگەن. بىلگەن. ئاڭلىغانلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشتى. ئەلا ئۇرۇمچىدىكى ئەھۋاللاردىن؛ ئارۇپ، ساۋۇتوۋ بىلەن نادىروۋنىڭ دەپنە قىلىنىشى، ئوسمانىنىڭ تۈرمىدىن قاچقانلىقى توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى:

— قورماش ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلىشقا، تاشپولات ئونبەش يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئاداش 1957- يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلاردىن ساناپ باقسام ھازىر جەمئىيەتتە سېنى قوشقاندا ئالتىمىز قاپتىمىز. ئوقۇش پۈتتۈرگەن شۇ يىللا ئون ئىككىسى ئوڭچى بولۇپ قولغا ئېلىنغان، سەككىزى چەت ئەلگە كەتكەن. قالغانلىرى بۇ قېتىم تۇتۇلۇپتۇ. ئاداش ئەلا، ئەڭ ياخشى ساۋاقداشلار زەربە يەپتۇ. ئويلاپ باقسام ئۇلارنىڭ بىرلا مەسىلىسى باركەن. ئۇ بولسىمۇ ئويلىغىنىنى ئېيتالىغانلىقى. ماڭا ئوخشاش مۆرىمەس، پەرۋاسىزلارلا زەربە يېمەپتۇ. مەن ئويلاپ- ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىدىم: نېمىشقا قولىدىن ئىش كېلىدىغانلا ئادەم دۇمبا يەپ، كېرەكسىز ئادەملەر قەدىرلىنىدۇ- ھە؟ بۇنداق كېتىۋەرسە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى نېمە بولماقچى؟

— مەنمۇ خېلىغىچە ساڭا ئوخشاش چۈشەنمىگەنىدىم، — دېدى ئەلا خېلى جىملىقتىن كېيىن ئارۇپقا قاراپ قويۇپ، — بۇ قېتىم ئۈرۈمچىگە بېرىپ بىر نەچچە ئاساسلىق رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن نۇرغۇن چۈشەنمىگەن مەسىلىلەرنى چۈشەندىم. مەن ھاشىر، ساۋۇتوۋ، نادىروۋلارنى ئاقلايمەن دەپ نۇرغۇن پاكىت- دەلىللەرنى توپلاپ، تەييارلىق قىلىپ باردىم. لېكىن بۇ رەھبەرلەردىن مېنىڭ پاكىتلىق سۆزلىرىمنى ئاڭلايدىغانلىرى چىقمىدى. يالغاننى، تۆھمەتنى ئاڭلايدىغانلار بولسا ئەكسىچە نۇرغۇنىكەن. ھەممىلا جايدا بار ئىكەن. مەن ساڭا ئېيتسام ئاداش مېنىڭ پاكىت، قائىدە- قانۇنلۇق گەپلىرىم بىر چىرايلىق چوكاننىڭ پىشىكىدە كۆلۈپ قويغىنىچىلىك رول ئويناليالمىدى. بۇ بىر گەپ، قالغىنىنى ئۆزۈڭ چۈشىنىۋال، ھاشىر، نادىروۋدەك ئۆۋالچىلىققا قالغانلار بەكمۇ تولىكەن، ئىككىمىز ئۇلارنى ئاقلاپ بولالمايدىكەنمىز. ھاشىرلاردىن چوڭلار، مەسىلەن: لىيۇ شاۋچى، پىڭ دېخۇەيدەك دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئاقلايدىغانلار يوق تۇرۇۋاتسا ھاشىر، نادىروۋلارنى كىممۇ ئاقلاپ چىقالايدۇ دەيسەن؟ مەن بۇرۇن دوستۇم، ئۇستازىم دەپلا ئۆز يېقىنلىرىمنىڭلا يېغىسىنى يىغلاپتىمەن، پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ، ئەڭ

ياخشى كادىرلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالايى ـ قازانى بەكمۇ تار مەنىدە چۈشىنىۋاپتىمەن. ماقۇل، ھاشىر، ساۋۇتوۋلارنى ئاقلىدۇق، رەقىب، نامەت ـ لەرنى ھەتتا جازالىتىۋەتتۇق دەيلى، بۇنىڭ بىلەن بالايى ـ ئاپەتتىن ساقلانغىلى، رەزىللىك، قەبىھلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىلى بولامدۇ؟ ياق، ئاداش، بۇ بىر ئۆزىگە كەلگەن زىيانغا چىدىماي بالىسىنى تۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغانغا ئوخشاشلا ئىشكەن!

— سۇ باشتىن لاي دېگىنە؟

ئەلا بېشىنى لىڭشىتىپ ئارۇپنىڭ بۇ خۇلاسىسىنى ماقۇللىدى.

— قانداق قىلىمىز ئەمىسە؟ — ئارۇپ ئەلاغا گۇناھكاردەك تەستە قارىدى، — ماشىنىدىن قورقۇپ قاچقان كۈچۈكتەك دەۋرنىڭ چاقىنىڭ مىجىۋېتىشىدىن جان ساقلاپ، كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتۈپ جىم ياتىمىزمۇ؟

— مەنمۇ بىلەلمىدىم، خېلى سىياسىي كالىلىسى بار ئاغىنىلىرىم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىسام چىدام ـ غەيرەت بىلەن كەلگۈسىدىكى ياخشى كۈننى كۈتۈش كېرەككەن.

— مەن مۇئەللىملىكىمنى قىلاي، سەن كىتابىڭنى ئوقۇپ، ئەسىرىڭنى يېزىۋەر، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق دېيىشكە بولاتتى. لېكىن بۇنىڭغىمۇ يول قويۇلمايۋاتامدۇ؟

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى. كەچقۇرۇن بىرسى ئىشىك ھالقىسىنى قاتتىق جاراڭلاتتى. ئارۇپ يۈگۈرەپ چىقىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن زۇلخۇمارنى باشلاپ كىردى. زۇلخۇمار يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلىدى:

— قاراڭلار بۇنىڭ قىلغىنىنى! — ئۇ قولىدىكى مىجىلغان خەتنى ئەلاغا ئۇزاتتى. ئەلا خەتنى ئېلىپ ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق گەپلەر يېزىلغانىدى: «ئۆز دوستلىرىنى ئۆلۈمگە تاشلاپ، ئۆز بېشىنىڭ غېمىنى يەپ تۇرمىدىن قاچقان رەزىللەرنىڭ بىرسى بولۇپ ياشىغىنىمدىن، ناھەق ئۆلگەنلەرنىڭ بىرسى بولغىنىم مىڭ ئەلا ئىكەن. خەير زۇلخۇمار، بالىلار، ئامان قالغان دوستلىرىم ئىياكا ئامانەتتىن...

ئەلا ئامدەك ئاتىرىپ ئارۇپقا قارىدى. ئارۇپ بېشىنى ئېغىتىپ:

— قايسى بىرسىنى قۇتقۇزغۇلۇق، ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى پاھ! — دېدى. زۇلخۇمار كۆزىگە چۈشكەن ئۆششاق چاچلىرىنى كۆز يېشى بىلەن ھۆللەپ:

— دەرياغا سەكرىگەنمىدۇ، ياكى ھېلىقى خەنجىرى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانمىدۇ؟ ۋاي قانداق قىلارمەن. تىنچراق يۈرسەك بولماسمىدى، ئېمىگىمۇ باشقىلارنى ئاقلايمىز دەپ «ئادۋوكات» بولغان بولغىدۇق! ئېمىشقىمۇ ئۇنى ئۆيگە سولاپ ياغاچچىلىق قىلىڭ دېمىگەندىمەن!

ئەلا زۇلخۇمارغا ئالىيىپ قاراپ قويدى:

— ئەيىبلەيدىغان ئادىمىڭىزنى تاپالمايۋاتامسىز نېمە؟ پۇشايمان بىلەن نېمىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. خەنجەر دەمسىز؟ ھېلىقى ئەتىۋارلىق خەنجىرى يېنىدىمۇ؟ سىز ئۆيگە بېرىڭ، بىز ئارۇپ ئىككىمىز ئۇنىڭ دېرىكىنى ئالايلى.

زۇلخۇمار كەتكەندىن كېيىن ئەلا ئارۇپقا:

— بۇ جەزمەن نامەتنى ئۆلتۈرگىلى كەتتى. ئۇنىڭ ئىچى كۈچلۈك، ئۇ يېقىنلىرىنىڭ ناھەق ئۆلۈمىگە چىدىمىدى. بىز دەرھال نامەتنى ئۆيگە بارايلى. تېز ھەرىكەت قىلساق قۇتقۇزۇۋېلالايمىز. — دېدى.

ئۇلار ھېچنەدىن قاتتىق قورالىي ھەل قىلالمىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندىلا لاۋجاۋنىڭ ياردىمى بىلەن ماشىنا ھەل قىلىپ نامەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

بايىقى ئوسماننىڭ بىلىكىدىن ئۇتۇۋالغان قوللار مانا مۇشۇلار ئىدى.

— ئەلا، قويۇۋەت! — دېدى ئوسمان تىپىرلاپ، — سەن قاپچانغىچە بۇلارنىڭ دەردىنى تارتىسەن، يا ئۆزۈڭ قىساس ئالمايسەن، يا باشقىلارغا يول قويمايسەن!

نامەت «ئەلا» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېشىنى كۆتۈردى:

— ئەلا! — دېدى ئۇ غالىلداپ تىترەپ، — ئاۋۇ خەنجەرنى ئال، ئۆز قولۇڭ بىلەن يۈرىكىمگە سال، ئەزىرايىل خۇدا، مەن بۇنداق بولارنى بىلمىدىم، مەن

سىلەرنى تۇرمىگە كىرگۈزۈشنىلا ئويلىغان. ماڭا ئالا تاغ - قارا تاغلارنى ۋەدە قىلغان رەقىبمۇ ئەزبىرايى بۇنداق بولارنى ئويلىمىغان!

ئوسمان ئۇنىڭ ئاغزىغا ئەپتى، ئەلا بىلەن ئارۇپ ئۇنى قاتتىق سىلكىپ تۇتۇۋالدى. نامەت تۇمىلەپ كېلىپ ئەلانىڭ ئايىغىغا ياماشتى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئاققان قان ئاغزىغا كىرىپ جاۋغايلىرىدىن سىرغىپ تۇراتتى. ئارۇپ قول چىرىقى بىلەن ئۇنىڭ چىرايىنى يورۇتقاندا ئەلا ئۇنىڭ قان يۇتۇۋاتقاندەك يىرگىنىشلىك بەشىرىسىنى كۆرۈپ ئەتور قارىۋالدى. ئۇ ئوسماننى ھويلا ئەرەپكە سۆرىدى:

— جىر، قولۇڭنى پاسكىنا قان بىلەن بۇلغىما! — دېدى ئۇ نامەتكە غەزەپ بىلەن قاراپ، — بىزنىڭ ئارىمىزدىن مۇنداق بىرسىنىڭ چىققىنىغا نومۇس قىلىمەن، خورلۇقۇم كېلىدۇ!

ئۇلار ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ كوچا ئىشىكىگە ماڭغاندا پېشايۋاندا گازنۇاي لامپا تۇتۇپ تۇرغان ئايال كىشى خىرقىراپ سۆزلىدى:

— نامىتەك ئۆلدىمۇ، جىگىرىنى ئىت يېسۇن ئۇ شاپاقچى ئوغرىنىڭ!

— ئۆلمىدى! — دېدى ئوسمان غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — زامانى رەنجىتىپ نېمە قىلىمىز، زامان ئاشۇنداقلارنىڭ بولغانلىكىن ئۇ كۈن كۆرسۇن - دە!

ئۇلار قويۇق ئۇرۇكلۈك سەيناغا كېلىپ چىرىقى يورۇق تۇرغان ماشىنا يېنىدا توختاشتى. ئەلا شوپۇر يىگىتكە قاراپ خەنزۇ تىلىدا:

— بىزگە رەھمەت، لاۋجاۋغا نىيىتىڭ، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولدى، سىز قايتىپ كېتىڭ، بىز ئەمدى ئەتە ئۆزىمىز كېتىۋالالايمىز؟! — دېدى.

شوپۇر كەتكەندىن كېيىن ئۇلار شىغىللىق يولغا چىقتى. كېيىن ئەلا ئوسماننى قولتۇقلىۋالدى ۋە:

— سەن ئۆزۈڭنى خائىنلار قاتارىغا قويۇۋېلىپ ئازابلىنىۋەرمىگىن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمىگە سەن سەۋەبچى ئەمەس، نامەتمۇ بىردىنبىر سەۋەبچى ئەمەس، نامەت بولمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسى چىقىپ يالغان ئەنزە ياسايتتى. سەن بۇ ئەنزىنى قىستاق بىلەن ئىقرار قىلمىغان بولساڭمۇ باشقا بىرسى ئىقرار قىلاتتى. ياخشى كۈن كۆرۈش ئۈچۈن ئۆز دوستلىرىنى سېتىش، باشقىلارنىڭ سۆڭەكلىرىنى دەسسەپ تۇرۇپ يۇقىرىغا ئۆرلەش بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ تالانتى ئاداش. سەن ھەرگىز ئۇنداقلاردىن ئەمەسسەن. بىز ئاشۇ تالانت ئىگىلىرىدىن ھېساب ئېلىشىمىز كېرەك.. بۇنىڭ ئۈچۈن ياشاش كېرەك، ئۆز ئۆمرىمىز يەتمىسە باللىرىمىزنى بۇ قىساس ئۈچۈن تەربىيىلىشىمىز كېرەك! — دېدى.

ئۇلارنى قۇرماشنىڭ ئايالى بىلەن بالىلىرى يىغا - زارى بىلەن كۈتۈۋالدى. خوتەننىڭ يىراق نېيە ناھىيىسىنىڭ تەكلىماكان قۇملىرىغا ياندىشقان بىر كىچىك يېزىدا تۇغۇلغان ۋە 1962 - يىلقى «29 - ماي» ۋەقەسىدىن كېيىن ئىلى رايونىدا يۈز بەرگەن كادىر يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ چىققانلار قاتارىدا يولدىشى قۇرماش بىلەن بىللە چىقىپ ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بۇ چىرايلىق ئايال ئۆز يولدىشىنىڭ دوستلىرىنى كۆرۈپ ئىچ - قارنى بوشىغىچە يىغلىدى:

— نېمىشقىمۇ چىققان بولغىيدۇق، — دېدى ئۇ ئاخىر ئېسەدەپ يىغلاپ تۇرۇپ، — چىقمىغان، خوتەندە تۇرۇۋەرگەن بولساقمۇ بۇ كۈنلەرگە قالماسىدۇق. قۇناخۇن ئۇنىمىۋېدى، مەن زورلاپتىمەن. مېنىڭ سۆزۈمگە قىيالماي ماقۇل دەپ چىققىۋېدى، مانا ئەمدى پۇشايمان ئالدىغان قاچا يوق!

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. ئاخىر ئەلا ئايالغا تەسەللىي بېرىپ:

— غەيرەت قىلايلى، ئالدىمىزدا ياخشى كۈنلەر بار، ھاشىر، قۇرماشلار چوقۇم تۈرمىدىن ئاقلىنىپ چىقىدۇ. ئۇلار گۇناھسىز، ئۇلارنى قۇتقۇزىدىغانلار چىقىدۇ. خوتەندىن چىقمىغان بولساق بۇ كۈننى كۆرمەيتتۇق دەيسىز، بۇمۇ ناتايىن، ھەممىلا جاي ئوخشاش، رۇس يازغۇچىسى ل. تولستوي «تىرىلىش» دېگەن ئەسىرىدە شۇ چاغدىكى روسىيىنى قانغاپ «روسىيە بىر

چوڭ تۈرمە» دېگەنىدى. بىزدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشراق بولۇۋاتىدۇ، مەنمۇ ھەربىي كىيىم كىيىۋالغان مەھبۇسمەن. قورماشتىن پەرقىم قاچقۇنمەن. ئوسمانمۇ قاچقۇن. ئارۇپچۇ؟ ئۇمۇ ئوخشاش. كۆڭۈل ئازادىلىكى، ئىنسانىي ئەركىنلىك بولمىغان ھايات تۈرمە ھاياتى. بىزنىڭ راست گېپىمىز جىنايەت، ياخشى نىيەت، ئالىي غايىمىزمۇ جىنايەت، بىزنى پاكلىقتىن رەزىللىككە، ئىنسانلىقتىن ياۋايىلىققا ئۆزگەرتمەكچى. ئۆزگەرمىسەكلا بىز جىنايەتچى، بىزنى قاتىللىق قىلىشقا، چەت ئەلگە قېچىشقا، باشقا جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىماقتا. بىز ئۇنداق قىلمىساقلا جىنايەتچى!

ئۇلار ياشلىق، ئۆتمۈش، دوستلار، كەلگۈسى ۋە ھايات توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭ قىلىشتى.

ئەتىگەنلىكى تېخى غۇلجا شەھىرىدە تۈنجى لالما ئىشلار كوچىغا چىقماستا ئۇلار شەھەردە پەيدا بولدى. ئۇلار ئەلا بىلەن ئوسماننىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىدىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەھەرلىكى باشقىلار قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقاندا ھەرىكەت قىلىش زۆرۈر ئىدى. ئوسمان ئۆز كوچىسىنىڭ ئېغىزىدا ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىۋىدى، ئەلا يېرىم چاقچاق بىلەن:

— ئىشەنچلىكمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئىشەنگەندەك سەنمۇ ئىشىنەرسەن؟

— لېكىن ئادەملەردە ئىشەنچ قالمىدى، — دېدى ئارۇپ مەقسەتسىزلا.

— تەنە قىلما ئارۇپ ئاداش، — دېدى ئوسمان دەرھال خاپا بولۇپ، — شۇنىڭ ئۈچۈن كۆزۈڭلاردىن يىراقلا يوقىلاي دېگەن، لېكىن يەنە مۇشۇ ئەلانىڭ گېپى بىلەن پەيلىمدىن ياندىم.

— مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ زىيان تارتمىدىڭىزمۇ، — دەپ چېقىشتى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ، — گېپىمگە كىرىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۈرۈمچىگە بېرىپ زۇلخۇمار بىلەن تېپىشىۋالدىڭ، تونۇغىنىمۇ مېنىڭ گېپىم بىلەن نامەتنى ئۆلتۈرمىدىڭ، بولمىسا خەلقىمىز چوڭ شۇم بۇيىدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتى.

ئۇلار ئارۇپنىڭ ئۆيىگە بىللە كېلىشتى. ئارۇپنىڭ ئۆيى ئىشەنچلىك، ئۇ مەكتەپ ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپى، مەكتەپتىكى بارى-يوقى ئۈچلا پارتىيە ئەزاسى ئىچىدە مەسىلىسى يوقىمۇ شۇ ئارۇپلا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھېچكىم ئۆيىدە ئادەم يوشۇرىدۇ دەپ گۇمانلانمايتتى. قولۇم-قوشنىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە دائىم ھەربىيلەرنىڭ كىرىپ چىقىپ يۈرگىنىنى كۆرگەچكە «گۇمانلىق ئادەم كەلدى» دەپ ئاھالە كومىتېتىغا دوكلات قىلىدىغانلارمۇ بولمايتتى. لېكىن كوچىلار ۋەھىمىلىك، ئۇلارنىڭ ھەرقاچان تۇتۇلۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. كوچىدا ئۈستىنى بېرزېنت بىلەن يېپىلغان بىر ماشىنا تۇراتتى. ئوسمان دوستلىرىدىن ئايرىلىپ ماشىنىغا ياماشتى. ئەلا ئۇنى تۇتۇپ يەرگە تارتتى. ئوسمان ئۇنىڭ قولىدىن سىلىكدى:

— تەۋەككۈل قىلغىلى قوي! پۇلۇڭ بولسا بەرگىنە!

ئەلا دوستىغا پۇل بەردى. ئۇلار ئەمدىلا خوشلىشىپ بولۇشىغا ماشىنا شوپۇرى چىقىپ قالدى-دە، بېرزېنتنى مەھكەم چۈمكىدى. ئوسمان دوستلىرى بىلەن ئۈن-تىنسىز خوشلاشتى. ئەلا بىلەن ئارۇپ ماشىنا ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىنلا ئۈن-تىنسىز ئارۇپلارنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. بۇ چاغدا يەرگە ئەمدىلەتىن يورۇق چۈشمەكتە ئىدى. ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن ئەلا ئارۇپقا قارىدى:

— تاشپولاتنىڭ ئايالى گۈلچېمەن بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئامالىنى قىلساڭ بولاتتى. ئۇ بىر ئاقكۆڭۈل، ساددا ئايال، ئۇ تاشپولاتقا تولىمۇ ئامراق ئىدى. تولىمۇ ئېغىر زەربىگە يولۇققان بىچارە. ئۇنى ئۈمىدلەندۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر. ئۇنى يالغان گەپ بىلەن بولسىمۇ ئۈمىدلەندۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭ خۇشخۇي چىرايى، باللىرىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. مانا بۇ ئۆلۈم جازاسىدىنمۇ تېخىمۇ ئېغىر پاجىئە. كىچىككىنە باللارنىڭ قەلبىگە جۇدالىق دېغى چۈشتى. مېنىڭ ئەلى ئوغلۇم بىلەن دىلنارا قىزىمچۇ؟ ئۇلارنىڭ گۇدەك

قەلبگە چۆشكەن جاراھەتنى ساقايتماق مېنىڭ بۇرچىم ئىدىغۇ؟ ئارۇپ ئاداش، قىلىدىغان ئىشلىرىم تولىمۇ كۆپكەن، ئويلايدىغان، يازىدىغان، ئوقۇيدىغان ئىشلىرىمچۇ تېخى؟ ئۆزۈن بولدى خاتىرەمۇ يازالمىدىم، كىچىك ئانام قانداقراقكىن، زۇلىيا ئاكىنىڭ ھالى قانداق؟ سەندىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، گۈزەللىكنى تولىمۇ ئويلايمەن. سەن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئال. ئىمكان بولسا مەن ئۇنى بىر كۆرسەم بولاتتى. رازىيەچۇ؟ ھاشىرنى بىر كېچىدىلا ئۇرۇمچىگە يۆتكەپ كېتىپتۇ. لاۋجاۋ ماڭا خەۋەر بەردى. نەگە يۆتكىگەنلىكى نامەلۇم. رازىيەنى .مەجبۇرىي ھالدا ئۆيىگە ئەچىقىپ تاشلىغانىكەن، ئۇنى ئەقلىدىن ئادىشىپلا قاپتۇ دېيىشىدۇ. ئۇمەر ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە بېرىشىنىڭ ئىلاجىسى بولارمۇ؟ دوستۇم مېنىڭ ھازىر سەن بىلەن لاۋجاۋدىن باشقا يۆلەنچۈكۈم قالمىدى. ئاۋادا مەن ئۆتۈلۈپ كېتىپ قالسام مېنىڭ بايا ئېيتقان ئادەملىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن...

ئارۇپ دوستىنىڭ ھەممىلا گېپىگە «ماقۇل» دىن باشقىنى دېمىدى. ئەلا ئارۇپنىڭ تېكىمەتلەر بىلەن تولغان مېھمانخانىسىغا كىردى-دە، يېكەنداز ئۈستىدە يۆكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۇن-تۈنسىز خىيال قىلدى. ئارۇپ بولسا كېچىچە ئۇيقۇسىز بولغاچقا ئاشخانىسىغا چىقىپ باللىرىنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قالدى.

ئەلا خىيالىدا گۈزەللىك بىلەن سۆزلەشتى. ئۇ مۇشۇ سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىنى تولىمۇ سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئايالى بىلەن بىللە ئۆتكەن كۆڭۈللۈك چاغلىرىنى، دالىەن، باڭچۇيداۋدىكى دېڭىز ساھىلى، ئۇلارنىڭ ھۆل قۇمغا چۈشكەن يالاڭاياق ئىزلىرى، دېڭىزغا دۈگىدىن ساڭگىلاپ چۈشكەن قارامتۇل يوپۇرماقلىق ياش دوپ دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى چىمەنلىكتە ئۇلارنىڭ ئېغىناشلىرىدىن يەرگە چاپلىشىپ قالغان چىمەنلەر، گۈزەللىكنىڭ چەكسىز بوخەي دېڭىزىغا قاراپ تۇرۇپ ھاياجان بىلەن ئېيتقان ئىتالىيانچە ناخشىلىرى، لەنجۇدىكى ئاستى تاختايلىق، ئەتىر پۇراپ تۇرىدىغان ئۆيى، گۈزەللىكنىڭ يىغىرىم كېچىدە

ئويغىنىۋېلىپ ئەلانى ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە قىستاشلىرى، ياش ئايالىنىڭ بەدىنىدىن، تىنىقىدىن، سۆز ۋە قەلبىدىن كېلىدىغان لەززەتنى چەكسىز ھارارەت... بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ئۇ ھېچكىم يوق ئۆيدە ئىختىيارسىز ھالدا بوقۇلداپ يىغلايتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنى بەزلەيدىغان نە كىتابى، نە ئىلمىي ئەمگىكى يوق. ئۇ شېرىن ئەسلىمە، ئاتلىق خىيال بىلەنلا ۋاقىت ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ياشلىق خاتىرىلىرىدىن ھازىرقى سەرگەردانلىقىغا قايتقاندا ئازاب ۋە ئەلەم بىلەن بوراندا قالغان يالغۇز نوتىدەك تولغىناتتى، لېكىن بۇ ھالەتنى، بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئۆزگەرتىشكە ئۇنىڭ چامى-قۇربى يەتمەيتتى. ئۇمۇ نۇسماندەك بۇ كۆڭۈلسىز، ئازابلىق دۇنيا بىلەن بىراقلا خوشلىشىشنى ئويلايتتى. لېكىن ئۈمىد، ئىشەنچ ئۇنى ساقلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ياشاۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. ئۆزىنى خۇددى سەپەر ئۈستىدە جۇدۇن-چاپقۇنغا يولۇقۇپ ۋاقىتلىق پاناھ جايدا تۇرۇۋاتقان يولۇچىدەك ھېس قىلاتتى.ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پاناھ جايىغا زىيان-زەخمەت يەتمەسلىكىنى چىن يۈرىكىدىن ئۈمىد قىلاتتى.شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تولىمۇ ئېھتىياتچان، تولىمۇ سەزگۈرلۈك بىلەن ياشايتتى. ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنى ئوبدانراق يوشۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەممە ئىلاجنى قىلاتتى. ھاشىر تۈرمىدىن چىقارغان بىر خېتىدە: «ئەلانى قوغداڭلار، ئۇ تۈرمىگە كىرمىسۇن، كىرسىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئەلانى قوغداش خەلقنىڭ بايلىقىنى، مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى قوغداش بولىدۇ. ئەلا ئاۋاقچا ئېيتىڭلار تاغىنىڭ ئۆڭكۈرىگە كىرىپ بولسىمۇ ھېلىقى ئىلمىي ئەسەرلىرىنى يازسۇن، بىزدىن ئەنسىرىمىسۇن، بىز چوقۇم قاراڭغۇلۇقنى يېڭىمىز، بىز چوقۇم سۈيىقەست، تۆھمەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ گۈزەل كەلگۈسىنى قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالالايمىز!» دەپ يازغانىدى. «ئادۋوكات» نىڭ ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن ياش ئەزالىرى ئەلانى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇش نىيىتىدە بىر كېچىدە شەھەرنىڭ دوخمۇشلىرىغا چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ «ئەكسىلئىنقىلابچى ئۆنسۇر

ئەلانىڭ چەت ئەلگە قېچىش ئۈچۈن چېگراغا قېچىپ بېرىپ قەھرىمان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىلىرىمىز تەرىپىدىن ئېتىلغانلىقى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تولۇغ غەلىبىسى!» دېگەن شۇئارلارنى چاپلاشتى. ئەشۇنقات ۋارىقىگە قاچقۇنلارنىڭ قېچىش، ئېتىلىش ۋە تۇتۇلۇش جەريانىنى توقۇلما بىلەن ئەپسلىي يېزىپ ھەممە جايغا تارقاتتى. بۇ ۋاراقنى ئەلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ ئۆز ھىمايىچىلىرىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولۇش بىلەن بىللە بۇ ئىشلاردىن ئۆزىگە غەم ـ ئەدىشىمۇ تېپىۋالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالنى بىلمەيدىغان يېقىنلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئازابلىنارمۇ؟ مەسىلەن: كىچىك ئانىسى، بالىلىرى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھازا قىلىشار. زار ـ زار قاقشاپ ئەلەم چېكەر، گۈزەلئايچۇ؟ ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئازابلىنارمۇ؟ ئاۋادا ئۇ ئەلادىن ئۈمىد كۈتۈپ يۈرگەن بولسا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەۋەككۈل قىلىپ بىرسىگە تۇرمۇشقا چىقىپ كېتەرمۇ؟

ئەلا گۈزەلئاينىڭ تۇرمۇشقا چىقىپ كېتىشىنى ئويلىغاندا بىردىنلا بوشىشىپ، پېشانە تەرنى سۈرتتى. «ئۇنى ئادىلە ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلانىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا ئىشىندۇ. گۈزەلئاينىڭ بۇ شەھەردە ئەلا بىلەن ئوغلىدىن باشقا ھىمايىچىسى يوق. قولىدا چەت ئەل پاسپورتى بولغان بىلەن چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشكە ھازىر ئىمكانىيەت يوق. ئۇ ئۇمۇشتا باياشاتچىلىقتا ئادەتلەنگەن. مېنىڭ ئازغىنە ياردىمىم ھېچنەرسىگە دال بولمايدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى ئۇنى كىشىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئۇزۇن تۇرغۇزمايدۇ. ئۇ ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرسىگە تۇرمۇشقا چىقىپ كېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ...» ئۇ شۇنداق ئويلىدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئارۇپ ياتقان ئۆيگە كىرىپ ئارۇپنى ئويغاتتى:

— قوپ، ھوي تېرىر پاكار! (1) — دېدى ئۇ ئارۇپنى ئىتتىرىپ، — سەن ئايالىڭنى ئىشقا سال. زۇلۇنىمار ئارقىلىق ئادىلەنىڭ ئۇرار جايىنى تاپسۇن، مەن نېمىلا بولمىسۇن گۈزەلئاي بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمىدى.

— نېمە، چۈشۈڭگە كىردىمۇ؟ توخۇنىڭ چۈشىگە تېرىق كىرىپتۇ ـ دە!

— بىلەمسەن، ئۇ مېنىڭ ھايات ئىككەنلىكىمنى، ئۇنى تولىمۇ سېغىنىدىغانلىقىمنى بىلىشى كېرەك. بىلمەن ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى مەن. لېكىن ئۇنىڭ مىجەزىدىكى مەغرۇرلۇق ئۇنىڭ ئۆز ئۈمىدىنى ئاشكارىلىشىغا يول قويمايۋاتىدۇ. ئۇ مېنىڭ توغرامدىكى ھېلىقى ۋاراقنى ئوقۇسا ئازابلىنىدۇ. ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. ئۈمىدسىزلەنگەن ئادەم ھەر قانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدۇ. چۈشەندىڭمۇ، مەن ئۆزۈمنىڭلا بەختەرلىكىم بىلەن بولۇپ ئۇنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشمىسام قانداق بولىدۇ؟

دوستىنىڭ ھەر قانداق تەلىپىنى ئورۇنداشقا تەييار تۇرىدىغان ئاقكۆڭۈل مۇئەللىم كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، بېشىنى ئېغىتىپ ئەلانىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىدى. ئۇ ئايالى بار ئۆيگە ماڭغاندا يەرگە ئوبدانلا يورۇق چۈشكەندى.

شۇ كۈنى ئارۇپ ئەر ـ ئايال ئادىلەنىڭ يىراق تۇغقانلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىر كۈن يول مېڭىشتى. ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسىلا تۆۋەنگە تارقاقلاشتۇرۇلغان بولۇپ چىقتى. ئادىلە شەھەر تىرىكچىلىكىدىن ئاللىقاچان تۈگەرۈلگەن، دوستلىرىنىڭ يادىدىنمۇ ئاللىقاچان چىقىپ كەتكەن. بۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەلانىڭ بېشى چۈشتى. ئەمدى لاۋجاۋنى ئىشقا سېلىپ بارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئارمىيىسىگە قاراشلىق دېھقان ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ رەھبەرلىرىنى بىرمۇبىر قاراپ چىقىپ ئادىلە ئىسىملىق ئايالى بار مەيداننى بېشىلا تېپىشلا قالغانىدى.

لېكىن ئۇ ئادىلەنىڭ يولدىشى ھازىر مۇشۇ شەھەردە رەقىب بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلىقىنى ھەرگىز بىلمەيتتى.

(1) ئارۇپ پاكار بولغاچقا قويۇلغان لەقەم؛ تېرىر 19- ئەسىردىكى فرانسىيە پادشاھى.

3

— جاھىللىق قىلما گۈزەل، ئەمدى كىمنى كۈتىسەن، بۇ يىگىت تولىمۇ ئەخلاقلىق، قارىغىنا چىرايىمۇ ئەلادىن چىرايلىق، تېخى سەندىن ئۈچ ياش كىچىك، ئۆيلەنمىگەن يىگىت. ئۇ ساڭا كۈيۈپ كۆمەچ بولايلا دەپتۇ. ئۇنىڭ دادىسى قىز تاللا-تاللا، ئاخىر لايىق تاپالماي ئۆلۈپ كەتكەن. ئانىسىچۇ؟ بالىسىنىڭ ساڭا كۈيۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ بىزنىڭ بوسۇغىمىزدىن كەتمەيدىغان بولۇۋالدى. بالاڭ ئەلى كەچ كىرگىچە شۇلارنىڭكىدە، رىشات ئاكا دېسە، رىشات ئاكا دەپ ئۇ بالا بىلەن ئىرماش-چىرماشلا بولۇپ كەتتى!

— قويغىنە ئادىلە، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— ساراڭ بولدىڭمۇ گۈزەل، ئۇل خوتۇن ئەرگە تەگمەي نېمە قىلاتتى. بېشىڭ ئۈگە-ئۈگىسىدىن ئاجراپ كەتسىمۇ دېمەيمەن، مەن ئەمدى سېنى غۇلجىغا ئەۋەتمەيمەن. مۇشۇ يىگىتكە تېگىسەن! ئەمدى ئۆتمۈشنى ئۇنتۇيمىز. خالىساق ناخشا ئېيتىمىز، خالىساق سەيلە قىلىمىز. بىزنى باشقۇرىدىغان، ئېرى ئۆر، بېرى ئۆت دەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. ئەرلىرىمىز خوجايىن ئەمەس، بىزگە مالاي بولىدۇ. خالىساق ئۇسما سىقتۇرىمىز، پايپاق يۇغۇزىمىز، خالىساق يۇندا پۈرۈچلۈقىغا سېلىپ ئالدىمىزدا سوكۇلدىتىمىز. ئەرلەر دېگەننى پايتىما-پېتەك قىلىش، مۇھەببەت دېگەننى يۇندا قىلىپ ئەۋرەزگە ئۆكۈش كېرەك. مېنى مۇشۇ ئېرىنى ياخشى كۆرىدۇ دەمسىنا؟ بۇ ئۆلۈمتۈك قېرىدىن بىزگىنىمەن، ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق، لېكىن سىقىپ سۈيىنى ئىچىش، تەشمەي قېنىنى ئېلىش ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ياتلىغاندىن ھېجىيىپ، قاپىقىمنى سۈزۈپ نازلىنىپ قويىمەن. قېرىنىڭ بەزىدە يىگىتلىكى تۇتۇپ كۈرسۈك ئىتتەك قۇيرۇقىنى ئوينىتىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ. مەن شۇنداق چاغلاردا ئۇنى ئۈمىلىتىمەن، پۇتۇمنى سۆيدۈرىمەن. پۇتۇمنىڭ تىرنىقىنى ئالغۇزۇپ كىرىنى تازىلىتىمەن. ئۇ مېنىڭ تېنىمدىن ھوزۇرلىنىپ قېرى جېنىنى ياشارتىمەن دەپ دېگىنىمنى قىلىدۇ. بىزگە نېمىدى، كۆزىمىزنى يۇمساقلا بولىدى، روھىمىز پاك، قەلبىمىز گۈزەل بولسىلا بولدى، بەدەن دېگەن لاي-توپا. ئۇنىڭ ئايىغىدەك نېمىسى بار دەيسەن؟ رەقىبەك نىجىستىن ئاشقان بەدەننىڭ ماڭا قانچىلىك قىممىتى بولاتتى. مەيلى دەيمەن، قېرىنى مۇشۇ نىجىس باسقان بەدىنىم بىلەن ھوزۇرلاندۇرىمەن-دە، ئۇنىڭ روھىنى ئۆپرىتىمەن، خورلايمەن، مازاق قىلىمەن، خالىسام بارلىق ئەرلەرگە بولغان غەزىپىمنى مۇشۇ قېرىدىن ئالىمەن: يۈزلىرىگە تۈكۈرۈپ، كۆزلىرىگە قولۇمنى تىقىپ قورسىقىمنى راسا بوشىتىۋالىمەن.

— قويغىنا ساراڭ، شۇمۇ ئىشمۇ؟

— ساڭا تەلىم بەرگىنىم ئەمەس بۇ، سەن دېگەن گۈزەل، مەن بولسام ئادىلە. بىزنىڭ زۇۋۇلىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ. بىز باشقا-باشقا يەرلەرنىڭ توپىلىرىدىن ياسالغان. مەن نېمە قىلسام سەنمۇ شۇنى قىل دېمەيمەن. سەن بىر يىگىتنى بەختلىك قىلالايسەن، سەندە مۇھەببەت، ھايات بار، مەندىچۇ؟ مۇھەببەت يوق. جېنى چىقمىغان ئۆلۈك مۇردىمەن. سۆزلەپ تۇرىدىغان سېسىق گۆشمەن. مەن باشقىلارنى تۇگۈل ئۆزۈمنىمۇ بەختلىك قىلالمايمەن. مېنىڭ بوۋىسىم تېخى «بىر تۇغساڭ بالا يۈزى كۆرسەم بولاتتى» دەپ يىلىنىپمۇ قويىدۇ. ئىككى قېتىم ھامىلدار بولدۇم. لېكىن قېرىغا بىلدۈرمەستىن دورا بىلەن شۇملارنىڭ گېلىنى بوغۇۋەتتىم. مېنىڭ بەدىنىمدە بۇ قېرىنىڭ شۇملىرى چوڭ بولارمىش تېخى. ياق، مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز نەسىل-پەرزەنت قالدۇرۇپ بەرمەيمەن. سەنچۇ؟ جېنىم گۈزەل، گېپىمگە كىر، ئاشۇ رىشات بىلەن يۈرۈپ باق، قولۇڭنىڭ ئۇچىنى ئۇنتۇزماي سىناپ باقمامسەن؟ ھېچ بولمىسا دۇتارى بىلەن ناخشىسىنى ئاڭلاپ باقە، يۈرەكنى خېلى تىترىتىدۇ، كىم بىلىدۇ، ياخشى كۆرۈپ قالامسەن تېخى!

— بولدى قىلغىنا، بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ.

— ھا، ھا، ھا ... يىگىتنى ئويلاپسەن-دە؟ بولمىسا نېمىشقا ئاغرىيدىغان باش بۇ؟

— ئەمدى سۆزلىسەڭ ئۆيۈڭدىن كېتىمەن. ئادىلە، قولاق-مېڭەمنى يەپ كەتتىڭغۇ!

— بوپتۇ گۈزەل سۆزلىمەي كەلگىنە. بىردەم قۇچاقلاي، يۈزلىرىڭگە يۈزۈمنى ياقاي، يادىڭدىمۇ لەنجۇدىكى چاغدا ئىككىمىز بىر ئورۇندا ياتاتتۇق. ئاھ، گۈزىلىم، سەن كېتىپ قالساڭ مەن ئۆلۈۋالىمەن. مەن سېنى ھېچنەگە كەتكۈزمەيمەن!

— ئاپا مېھمان، ئاپا مېھمان! — ئەلى تالادىن يۈگۈرەپ كىرىپ ئۇلارنىڭ سۆھبىتىنى بۇزۇۋەتتى. ئەلىنىڭ كەينىدىن ئېگىز قارا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ قامەتلىك، چىرايلىق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

باباتىن ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى سۇپىدا كىگىز كۆرپىلەر ئۈستىگە تاشلانغان مامۇق ياستۇقلاردا ئېغىناپ يېتىشقان چوكانلار مېھماننى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە چاچ، يوپكىلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ مېھماننى تۆرگە تەكلىپ قىلىشتى.

— سالامەت كەلدىلىمۇ؟ — دېدى گۈزەلئاي بىردىنلا ھۇپپىدە قىزىرىپ، — قېنى تۆرگە.

مېھمان تۆرگە ماڭغاندىن كېيىن ئادىلە مېھماننىڭ مېڭىشىنى دوراپ ئارقىسىدىن ئېغاڭلاپ مېڭىۋىدى، گۈزەلئاي دوستىنىڭ بىلىكىنى چىمدىۋالدى. ئۇلار ئاپسىدا پىچىرلاشتى:

— كىم؟

— كامسيۇنچى.

— ھە، تىنچلىقمۇ، سالامەتمۇ، ئۆي ـ ئىچى، بالايۇ ۋاقا، ھويلا ـ ئارام، قورۇق ـ تام، ئىشىك ـ كېشەك، كېلىن ـ كاتەك، قوشنا ـ قولۇم، كامسيۇن! ...

ئادىلەنىڭ ھەييارلىقى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلار ھەممىسى قاقاھلىشىپ كۈلۈشتى. ئادىلە كامسيۇنچىغا قاراپ قويدى:

— كۆرپىگە چىقسىلا، ئارتىنمىسىلا، گۈزەل مېنىڭ قىزىم ئەمەس، بۇنچىلىك قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇرمىسىلا، قېنى ئەمسە ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ، ئوبدان يېشىنىپ، كۆرپە بېسىپ، ئازادە ئولتۇرسىلا.

ئۇنىڭ قول، بەل ھەرىكەتلىرى درامىدا رول ئېلىۋاتقان ئارتىسقا ئوخشايتتى. ئاۋازى ئېلانچىلارنىڭكىدەك يېقىملىق ۋە جىلۋىلىك ئىدى. ئارتىس بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ ئوقۇشقا بارغان، ياشلىق ئىستەكلىرىنىڭ ئالدىشى بىلەن مۇرادىغا يېتەلمىگەن بۇ دەردمەن ئايال، ئۆزىنىڭ بارلىق ئازابلىرىنى كۈلكە، چاقچاق، خوشخۇيلۇق بىلەن يوشۇراتتى ـ دە، ياشلىقىدا ئارزۇ قىلغان ئارتىسلىقىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باشقىلارنى كۈلدۈرۈپ ئۆز كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

— ئىسمىڭىزنى ئاللىقاچان ئاڭلىغان. بىزنىڭ گۈزەل سىزنىڭ گېپىڭىزنى جىق قىلىدۇ. مەن سىزنىڭ دۆكىنىڭىزدا نېمىلەر بارلىقىنىمۇ بىلىمەن تېخى. گۈزەلئاي تولىمۇ سىنچى، دۆكىنىڭىزدىكى سېتىلماي تۇرۇۋاتقان پەلتو، كاستيۇم، بۆرتمە شال، ھالقا، ئۈزۈك، مارجان، سائەت ھەتتا كوپتا ـ روباشكا، ناسكى ـ باسونچكا، مېداليون، بۇلاپكا ... ۋايجۇي ھېچنېمىنى قويماي ماڭا تونۇشتۇرۇپ بولغان!

كامسيۇنچى تەرلىگەن بويۇنلىرىنى چۈچۈلۈق يىپەك ياغلىق بىلەن سۈرتۈپ يۈزىنى يەلپۈدى ـ دە، ئالتۇن چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلدى:

— ئۇنداقتا، مېنىڭ نېمىشقا سىلەرنى يوقلاپ كەلگەنلىكىمنى چۈشەندۈرمىسەممۇ بولىدىكەن ـ دە؟

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، بىزنىڭ گۈزەل يولىڭىزغا قاراپ، كۈندە بېشىنى تاراپ، قالغاچتەك سايراپ، سىزنى كۈتكىلى نىكەم.

— ياخشى نىيىتىڭىزگە رەھمەت. ئىنلىڭىزغا قەنت سىڭلىم، راستىنى ئېيتسام ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئاخىر نېمە بولسا بولسۇن دەپ ئىزدەپ ـ سوراپ تېپىپ كەلدىم.

— قانداق تاپتىڭىز؟

— ھېلىقى بىزنىڭ ئاھالىلەر كومىتېتىغا چۈشكەن ئاقساق كادىرغا يولۇقۇشىڭىز ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرىپتىكەن. شۇنىڭ ياردىمى تەگدى.

— ئۇ قىبرى بۆرە تېخى ئۆلمىدىمۇ. مېنىڭ قاغىشىمغا ئادەم ئۆلمەيدىغان چېغى. شۇ ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالغان كۆتۈرەلمە چېغىدا قار ـ يامغۇر ياغدۇرۇپ قاغىغانلىرىمغا مىت قىلىپ قويماپتۇ!

— نېمىشقاقاغايسىز سىڭلىم، ئۇنىڭ ئۆز مەيلى ئەمەسقۇ؟

— سىزمۇ گۈزەلگە ئاغزىڭىزدىلا كۆيىدىغان

ئوخشايسىز، ئۇنى سولاپ قويغىنىنى بىلىپ تۇرۇپ نىمىشقا قۇتۇلدۇرۇۋالمىدىڭىز؟

— مېنىڭ قولۇمدىن نىمە كېلەتتى، گۈزەلئاينى قۇتۇلدۇراي دەپ شەھەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئۆيگە چاقىرىپ ئولتۇرۇش قىلىپ بەردىم. گۈزەلئاي نەگە قاچتى؟ ئانچە-مۇنچە بازارلىقمۇ ئاچىققان ئەرزىمەس نەرسىلەر بولسىمۇ قوبۇل قىلار.

كامىسيونچى سومكىسىنى ئاچتى-دە، سوۋغا-سالاملىرىنى كىگىزگە يايدى: سارجا، يىپەك رەختىلەر، ئالتۇن ھالقا، باللار كىيىمى، باللار ئويۇنچۇقلىرى، قەنت، پىرەنىك ...

— ۋايىەي! — دېدى ئادىلە قاقاھلاپ كۈلۈپ ۋە تالادا چاي قاينىتىۋاتقان گۈزەلئايغا قاراپ ۋارقىرىدى، — بول گۈزەل، ساڭا رەھمەت-تازىم چىپىي كەپتۇ!

كامىسيونچى قىزاردى:

— ئۇنداق دېمەڭ سىڭلىم، زاڭلىق قىلماڭ. تومۇ بولۇپ قالار، خۇدايىم بۇيرۇسا ...

گۈزەلئاي ئادىلەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. راستىنلا ئۆزىگە ئىككىنچى بىر ئەركىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ ئەلانىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئۇ بۈگۈنلا بىلدى. مۇنۇ ئىسمىز كامىسيونچى غۇلجىدىكى چېغىدا زىرىكمەي ئەلچى كىرگۈزۈپ، ئۆيىنى ئايلىنىپ جىق ئاۋارە بولغان. لېكىن كېيىن ئۇ ئەلانىڭ گۈزەلئاينى ئىزلەپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تارتقان. بۈگۈن ئەلانىڭ ئۆلۈم خەۋرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆلگەن ئۈمىدلىرى قايتا تىرىلىپ يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراق-لىقتىكى مۇنۇ ئورۇننى ئىزدەپ تېپىپ، سوۋغا-سالاملار بىلەن يەنە كەپتۇ. ئۇنى قوپاللىق بىلەن قايتۇرسۇنمۇ؟ ئۇنداق قىلىش بىر كىشىنىڭ ياخشى نىيىتىگە يامانلىق بىلەن جاۋاب بەرگەنلىك بولىدۇ. كامىسيونچى نىمىلا بولمىسۇن گۈزەلئاينى بەختلىك قىلىشنى ئويلايدۇ. ئۇ گۈزەلئاي ئۈچۈن ھەر نىمە قىلىشقا تەييار. گۈزەلئاينىڭ ھاياتىدىكى بارلىق كەم-كۈسلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ. گۈزەلئاينىڭ ھاياتتىن كۆپرەك لەززەت ئېلىشى ئۈچۈن ئىمكان يارىتىپ بېرىدۇ. بۇلار ئۇنىڭ ياخشى نىيىتى. بۇنداق ياخشى نىيەت بىلەن كەلگەن ئادەمگە قوپاللىق قىلىش تولىمۇ ئۇياتلىق، ھەتتا رەزىل بىر ئىش. گۈزەلئاي زادى بۇنداق قىلالمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭغا سىلىق-يۇمشاق مۇئامىلە قىلىسچۇ؟ ئۇ چاغدا كامىسيونچى تېخىمۇ ئۈمىدلىنىدۇ. گۈزەلئايدىن تېخىمۇ كۆپ، ھەتتا گۈزەلئاي قوبۇل قىلالمايدىغان نىمىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ يامىنى ئۇ ئەلانىڭ ئورنىغا چىقىۋېلىش ئۈچۈن گۈزەلئاينىڭ قەلبىگە قول سالىدۇ. لېكىن گۈزەلئاي ھاياتىدا ھېچكىمنىڭ بۇنداق قىلىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭ ھايات توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى شۇنداق. بىر قەلبتە بىرلا ئادەمنىڭ نامى بولۇشى كېرەك. بۇ نام مەڭگۈ سېنىڭ، سەنمۇ مەڭگۈ شۇ نامنى يادلايسەن. مانا بۇ مۇھەببەت. قەلبىگە تامغا بولۇپ ئورناشقان بۇ نامنى يادىدىن چىقىرىش ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغانلىق. ئۇ نامنىڭ ئورنىغا باشقا بىرسىنىڭ نامىنى يېزىپ قويۇش ئۆز ۋىجدانىنى ئۆزى خورلىغانلىق! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ رەقىبىنىڭ پۈتۈن ياخشىلىقلىرىنى ئاخىرىدا نەپرەت ۋە كۆز يېشى بىلەن ئىنكار قىلدى. چۈنكى ئۇ زومىغۇ گۈزەلئاينىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالماقچى بولغانىدى. رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاھاللەر كومىتېتىنىڭ قاماقخانىسىدا ياتتى، ھاقارەتلەندى، قارىلاندى، ئۆز ۋىجدانىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن يامان ئاتلىق جىنايەتلىك بولۇپ قالدى. لېكىن گۈزەلئاي بۇ تارتقۇلۇقلىرى ئۈچۈن زادىلا ئۆكۈنمىدى، چۈنكى ئۇ بۇ تارتقۇلۇقلارنى قەلبىدىن ئورۇن ئالغان ئادىمى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پاك مۇھەببىتى ئۈچۈن بېشىدىن كەچۈردى. گۈزەلئاي بۇ كەچۈرمىشلىرى بىلەن خۇشاللىنىدۇ ۋە پەخىرلىنىدۇ. بۈگۈنچۇ؟ ئۇنىڭ قەلبىنىڭ يالغۇز ھۆكۈمرانى بۇ دۇنيادا يوق. ئىككى ئايدىن بېرىقى كۆز يېشى، نالە-پەريادى ئۇنىڭغا جۇدالىق، مەڭگۈلۈك جۇدالىقنىڭ ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. لېكىن جۇدالىق، قەلب يارىسى ھېلىقى قەلبىدىكى ئادەمنىڭ ئىسمىنى ئۆچۈرۈۋېتەلىدىمۇ؟ گۈزەلئاينىڭ يۈرىكىدىكى ئىنىمسىز يېنىۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈپ-مۇزغا ئايلاندۇرۇپ قويالىدىمۇ؟ يۈرىكنى-مۇز

قاپلىغان بىر ئايال مۇئتو دوستى ئادىلەگە ئوخشاش دۇنياغا نەپرەت بىلەن قاراپ ئادەملەرنى ئويۇنچۇققا ئايلاندۇرۇپ ئەخمەق قىلىش، ئۆزىدە يوق نەرسىلەر بىلەن باشقىلارنى ئۈمىدلەندۈرۈپ ئالدىشى لازىممىكەن؟ ...

— گۈزەل مەيەرگە كەلگىنە، ئاجايىپ سوۋغىلار، ها ... ها ... ها! ... — ئادىلە كۈلمەكتە،

گۈزەلئاي يىغلىماقتا، ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ بەختسىز، بىچارە ھېس قىلماقتا. ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى بولغان مۇئتو باي، چىرايلىق كامىسيونچى. ئەمەلى ئۇسۇۋاتقان تەلەيلىك رەقىب، يەنە ئاللىكىملەر خىبەردار. گۈزەلئاي يۈلارنىڭ ھېچقايسىسىنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدە بىرلا ئادەمنىڭ نامى بار. ئۇ بۇ نامنى مەڭگۈ يادلايدۇ. لېكىن ھايات ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىغا يول قويمايدۇ. مۇھىت، ئادەملەر ئۇنىڭ بىرلا ئادەمنىڭ نامىنى يادلاپ بىر ئۆمۈر ياشىشىغا قارشى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۇ نامنى ئۈچۈرۈۋېتىش، ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ گۈزەلئاي قەلبى تازا بولغانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلىك، ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىك ۋە ئىغۋا، پىتنە ـ پاساتنىڭ ئوبيېكتى. بىرلىرى:

— بەك ئۇستا، ئەرلەرنى دەرياغا ئاپىرىپ ئۇسسۇقىنى ئەم قىلماي قايتۇرۇپ كېلىدۇ. — دېسە، بىرلىرى:

— خىزمىتى ـ مۇئاشى يوق ئايال. ئەرلەرنىڭ ياردىمىسىز كۈن كۆرەلەمدۇ؟ گۈزەللىكمۇ تەييار تاماقكەن ...، — دېيىشىدۇ. بۇ گەپلەرنى نومۇسسىز ئەرلەر كوچىغا يايىدۇ، قىتىغىر ئاياللار تارقىتىدۇ. بىرلىرى خۇددى تويغا باغاق تارقاتقاندەك ئۆيمۇئۆي قىدىرىپ يۈرۈپ گۈزەلئاينىڭ ئۈستىدىن گەپ ـ سۆز تارقىتىدۇ. گۈزەلئايدىن دەككە يېگەن ۋىجدانسىز ئەرلەرچۇ؟ «ئوينىاپ ـ ئوينىاپ تاشلىۋەتتىم»، «كەينىمگە تولا كىرىۋالدى، ماقۇل دەپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قويدۇم!» دېگەندەك يارىماس سۆزلەرنى كەپتەرگەدان چاچقاندەك سېخىلىق بىلەن چاچىدۇ ...

ئەلا ھايات بولغان بولسا ئۇنىڭ نامى بىلەن ئۆزىنى ھىمايە قىلالايتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇ يوق، غۇلجا شەھىرىدە قالغان «دۈشمەن» لىرىدىن قۇتۇلۇپ ئەمدىلا ئىنچىقاپپ

قىلىشىۋىدى، بۈگۈن مۇئتو يېڭى ماكاندىمۇ ئۇنىڭ يېڭى كۈشەندىلىرى پەيدا بولماقچى. ياشىماق نېمانداق تەس. گۈزەل ئايال ئۈچۈن بۇ دۇنيا قاچقۇنىنىڭ كۆزىدىنمۇ تەس، تار ئىكەن.

— نېمىگە يىغلايسەن گۈزەل، خۇشاللىقتىنمۇ؟ — ئادىلە ئۆيدىن بېشىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى.

گۈزەلئاي گەپ قىلمىدى. كامىسيونچى گۈزەلئاي ئاڭلىسۇن دېگەننى قىلىپ ۋارقىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— سىڭلىم ئادىلەخان. مەن پۇلنى دوست تۇتمايدىغان سېخى ئادەممەن. دادام رەھمەتى ماي ئىچىدىكى بۆرەكتەك ياشاپ دۇنيادىن ئۆتكەن. ھۆسەنباي، ۋېلىباي، تۇداخۇن باي، داموللا جالالاپ، ھۆسەيىن قازان، ئەختەم باي، ئۇسرەتباي. ھاكىمبەك خوجا دەمسىز، كېيىنكى بايلاردىن ئابلا باي، نەسرۇللا باي، روزى قارى، مامۇت ھاجى، سۇسەر ھاجى، پاتىخ ئاللىگارۇپ دەمسىز، غۇلجا بايلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ دادامنىڭ دوستى، شېرىكى، ئولپىتى ئىدى. باشقىسىنى ئېيتماي، دادامنىڭ ئاياللىرىنى مىسالغا ئالسام يەتمىش ـ سەكسەنگە يېتىدۇ. نى، نى چۆرى قونمىغان، شامالمۇ سۆيەلمىگەن گۈزەل قىزلار ماڭا ئانا بولغان. مەن چوڭ خوتۇننىڭ بالىسىكەنمەن. دادام رەھمەتى چىرايلىق، خۇشخۇي ئادەم بولغاچقا خوتۇن ـ قىزلار تولا كۆيەتتىكەن. دادام رەھمەتى ئاپقان دۇنياسىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئاياللارغا خەجلەپ ئۆتكەنىكەن. ماڭا دادامدىن جىق دۇنيا مىراس قالمىغىنى بىلەن دادامنىڭ خۇي ـ پەيلى مىراس قاپتىكەن. گۈزەل ئاياللارغا پۇل خەجلەشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن، مۇنداق دېسەم پوخخوركەن دەپ ئويلاپ قالماڭ، مەن ئۈچ قېتىملا ئۆيلەندىم، ئىككىسى ئۇغۇتتا ۋاپات بولدى، بىرسى چەتئەلگە چىقىپ كەتتى. كېيىن ئۆيلەنەي دېسەم بىزنىڭ غۇلجىدا گۈزەللەر ئازلاپ كەتتى. ئۇۋا. جاڭگالدا ئۇشقان ئۆزگەندەك شەھەردە گۈزەللەرمۇ ئۆزگىدى. بۇ نېمە كارامەت دەپ يۈرسەم ئۇشتۇمتۇت بۇ سىڭلىم گۈزەل شەھەردە پەيدا بولۇپ قالدى. گۈزەلئاينىڭ ئاتىسى يەھياخان ئاكا. ئولپەتچىلىككە

تەلەپپۇزدا ئېيتىپ، ئاندىن رىشاتقا قارىدى، — بۇ كىشى، بابا سىزگە پارىڭنى قىلغان ئاكمىز بولىدۇ. مېھرىبان، كۆڭلى ياخشى مېھمان. ئۇكام رىشات، مېھماننى ئۆيگە باشلاڭ، بىز غىزاغا ئۇتۇش قىلايلى.

گۈزەلئاي شۇنداق دېدى- دە، ئەلنى يېتىلەپ ئۆي تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇنى باغ ئىشىكىدە بولەكچىلا شادلانغان ئادىلە كۈتۈپ تۇراتتى:

— بەختلىك دوستۇم، — دەپ گۈزەلئاينى قۇچاقلىدى ئادىلە، — بىر يېنىڭدا ئۇرلۇق ئاي، بىر يېنىڭدا ئالتۇن. بىرسى گۈزەل، بىرسى باي، ساڭا خۇشتارلاردىن يەنە ھوقۇق ئىگىلىرىمۇ بار ئىبخى. پۇل، چىراي، مەنسەپ، ھەر ئۈچلىسى قالتىس. قېنى گۈزىلىم سىناپ باق، بۇ ئۈچىنىڭ قايسىسى نوچىكەن؟ سېنىڭ ئورنىڭدا مەن بولسام ھەممىسنى قولدىن بەرمەيتتىم. ھەممىسنى ئەخمەق قىلىپ ئايىغىمدا ئۇملىتەتتىم!

— قويساڭچۇ ئادىلە، مېنى ئارامخۇدا كۆن كورگىلى قويغىنا، مېنىڭ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، نومۇس كۈچىدىنلا ئۆزۈمنى ئۇتۇپ تۇرۇۋاتىمەن دېگىنە ئاداش.

گۈزەلئاي ئۇمچەيگىنىچە ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى. ئادىلە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەلنىڭ قولىدىن ئۇتتى:

— ئاپاڭ نىمە دەيدۇ. ئەلى، ئېيتقىنا ئاپاڭ نېمىشقا يىغلايدۇ؟

— دادامنى ئويلاپچۇ! ... — بالا يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق كىرپىكلىرىدە ئۈنچىلەر پىلدىرلىدى.

— داداڭنى سەنمۇ ئويلامسەن ساقام؟

بالا بېشىنى ئۇۋەن سالدى:

— مېنىڭ دادام ئالىم ئىدى، مېنىڭ دادامنى ھەممە ئادەم ئويلايدۇ.

— راست ئېيتىسەن ئوغلۇم، ھەممە ئادەم ئويلايدۇ. داداڭ ئالىم ئىدى. ۋىجدانلىق، كۆڭلى دەريا يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئاۋۇلاردەك پۇلدارلار، مەنسەپدارلار، چىرايلىقلار ھەرگىزمۇ باسالمايدۇ. لېكىن ئامال قانچە؟ قانىتى سۇنغان لاچىن يەردە ماڭىدۇ. پەرۋاز قىلالمايدۇ. ئۇ توخۇ، ئۆدەكلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

ئادىلە ئۆيگە كىرگەندە گۈزەلئاي تىكلىمە ئەينەككە قاراپ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى.

— نېمىگە كۆڭلۈڭنى بۇزاتتىڭ، بايىقىدەك قاقاھلاپ كۈل، كۆڭۈل باراڭنى ئۆزەڭلا بىل، سەن ئېبخى ئەمدىلا ئوتتۇزغا كىردىڭ، ئاتمىش، يەتمىشكە يەنە ئوتتۇز- قىرىق يىل بار. بۇنچە ئۇزاق ۋاقىتنى كۆز يېشى بىلەن قانداق ئۆتكۈزەتتىڭ. بۈگۈن دۇتار چالىمىز، ناخشا ئېيتىمىز. مەن بىزنىڭ چىرايلىققىمۇ تېلېفون بېرىپ قويدۇم. شەھەردىن ھېلىلا يېتىپ چىقىدۇ. مەن تېلېفون بەرسەم ھەر قانداق مۇھىم يىغىنلارنىمۇ تاشلاپ چىقىدۇ. شەھەردىن ئۇملەپ چىق دېسەممۇ ياق دېمەيدۇ ئۇ ئەۋرەز پاقىسى ھا ... ھا... ھا ...!

گۈزەلئايمۇ ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلدى.

رىشات بىلەن كامىسسيونچى باغدا ئولتۇرۇپ نېمىندۇر ئۇزاق تالاشتى. ئۇلارنى ئادىلە نەچچە قېتىم چايغا چاقىردى، لېكىن ئۇلار كىرمىدى. ئۇلار بىر- بىرىگە گەپ بەرمەستىن نېمىندۇر تالىشاتتى، مۇنازىرىلىشەتتى.

— بۇلار خۇڭزاۋخوي بىلەن چۇڭخوي (1) ئوخشايدۇ،— دېدى ئادىلە قاپاقلىرىنى سۈزۈپ، — گۈزەل، دەرھال پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ بىر تەرەپنى قوللىمساڭ ئەلەم كورىشى يۈز بېرىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇكام سىز، نېمىنىڭ ،ھۆرمەت، نېمىنىڭ تەكەببۇرلۇق ئىكەنلىكىنى تازا ئاڭقىرالمىغان ئوخشايسىز! — دەپ سۆزلىگىنىچە باغدىن چىقىپ كەلدى. كامىسسيونچى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن رىشاتمۇ ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپ كىرىپ كەلمەكتە:

— سىزچە بولغاندا ياشلار ھۆرمەتنى ئۆگىنىشى، ياشانغانلار غادىيىشنى ئەخلاق دەپ تونۇشى لازىم

(1) ئىلى رايونىدىكى ئىككى تەرەپ.

ئىكەن ـ دە؟ — دەيتتى رىشات كامىسسىيونچىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بۇ تازا قاملاشمىغان گەپ، پۈت ئىرەپ تورالمايدىغان مەنتىقە!

— سىز گەپنى بۇرمىلاشقا خېلى قابىلىيەتلىك ئىكەنسىز ئۇكام، — دەيتتى كامىسسىيونچى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىپ. — مەن نېمە دېدىم؟ غادايغانغا غادايغىن بېشىڭ كۆككە يەتكىچە، ئېگىلگەنگە ئېگىلگىن بېشىڭ يەرگە يەتكىچە، دېدىم. بۇ گەپ سىزنىڭ ماڭا قىلغان سوغۇق مۇئامىلىڭىزگە قارىتىلغان ئۇكام. تاج خورازدىمۇ بار، لېكىن ئۇ پادىشاھ ئەمەس!

— پۇل دېگەن ئەخمەقتىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇمۇ ئەۋلىيا ئەمەس ئاكا! لېكىن شائىر ئىنسان ھۆسنىنى مەدھىيەلەپ نەچچە مىڭ مىسرالاپ شېئىرلارنى يازغان: «ھۆسنى ئىقلىمدا يوق ئەرمىش سەندەك كىشىنىڭ دىلبىرى» دېگەندەك مىسرالار تولىمۇ كۆپ. سىز ھەدېسىلا چىراي ئۇنداق، چىراي بۇنداق دەۋەرمەڭ ئاكا، مەن سىزگە چىرايىم بىلەن ماختانغىنىم يوق. ئۆزىڭىزچىلا ماڭا تاپا ـ تەنە ياغدۇرغىلى تۇردىڭىزغۇ؟

— سىزچۇ؟ ماڭا پۇلدار، زېمىندار، مۈلۈكدار دەپ ئاز ھۇجۇم قىلدىڭىزمۇ؟ مەن قاچان سىزگە پۇلۇمنى دالۋاي قىلدىم؟ لېكىن بىلىپ قويۇڭ، پۇلسىز گۈزەللىك بولمايدۇ.

سەن ھىرات شەھرىگە بارساڭ بىر دەرەمسىز بارمىغىل، بىر دەرەمسىز رەڭگىرويى ئاچماس ھىراتنىڭ خوتۇنلىرى ... دەرەم پۇل!

ئۇلار بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمەستىن مەنمەنلىك شۇتىسى بىلەن بالداقمۇبالداق ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇلار تىللاشقان، ياقىلاشقان ھەتتا مۇشتلاشقان بولاتتى. گۈزەللىكى ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويۇشى بىلەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغان ئۆچمەنلىك، نەپرەت تۇيغۇلىرى ئوتنى كۆرگەن ئۇچقە مېيىدەك ئېرىپ دەرھال يوقالدى ـ دە، ئۇلار بىر ـ بىرىنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك:

— قېنى ئاكا، ئۇيگە، قېنى، قېنى مېھمان ئەمەسمۇ سىز!

— مېنىڭ ئۇكام، بۇ ئۆز ئۆيىمىز، سىز مېھمان! — دېيىشىپ بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.

كەچقۇرۇن ئادىلەنىڭ يولدىشى شەھەردىن يېتىپ چىقتى. ھاۋانىڭ تىنجىق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ھەربىيلەرگە خاس ئادەت بويىچە كاكارسىز ھەربىي شەپكىسىنى تۈپتۈز چۈكۈرۈپ كىيىپ، ھەربىي بەلگىسى يوق ناسۋالرەڭ چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى تولۇق ئەتكەن، پۈتىغا چېبەرقۇت خەي كىيگەن ھالدا ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ مەيدىسىگە قادالغان ھەربىي كىيىملىك داھى ئىزنىكى ئۆزىنىڭ ھەللىرى بىلەن كىشىنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە چېلىقاتتى. رىشات ئۇنىڭغا چاي بەردى. كامىسسىيونچى سالامدىن كېيىن كونا تونۇشىدەك ئىككى قولىنى كۆرۈشۈشكە سۇندى. گۈزەللىكى ئۇنىڭ مۇرىسىگە سېلىۋالغان كىتاب سالىدىغان سومكىسىنى ئالدى. سالام ـ سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭغا كامىسسىيونچى تونۇشتۇرۇلدى. ئۇ شەپكىسىنى ئېلىپ ھەربىيچە چاپىنىنىڭ ئېگىكى ئاستىدىكى بىرلا تۈگمىسىنى ئېچىپ قويۇپ كامىسسىيونچىنىڭ يېنىدا كۆپە ئۇستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى:

— ئىشلار ئالدىراش، — دېدى ئۇ قېلىن قاپاقلىرى ئاستىدىكى بۇرتۇپ چىققان كۆزلىرىنى كامىسسىيونچىغا تىكىپ. — ئىككىنچى تۈركۈمدە ئېتىلىدىغانلارنىڭ ئەنزىسىنى جىددىي تەييارلاۋاتىمىز.

— جىقمۇ؟ — كامىسسىيونچى ئەنسىزلىك بىلەن خۇدۇكسىنىپ سورىدى.

— جىق، جىق، — دەپ بېشىنى ئېغىتتى ئادىلەنىڭ يولدىشى سۈرلۈك قىياپەتتە قورۇق يۈزلىنىپ قويۇپ، — يەنە بەش قېتىم چوڭ ئېتىش بولىدىغان ئوخشايدۇ. جاھىل، ئەڭ ئەكسىيەتچىلەردىن يىگىرمە ئالتىسى ئېتىلدى، بىر نەچچە يۈزى ئېتىلمىسا بۇ ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسى چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ. ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىشنىڭ ئاخىرىدا نەچچە يۈزى ئېتىلدى. 1957 ـ، 1962 ـ، 1964 ـ، 1965 ـ يىللىرى يەنە نەچچە يۈزى، ياق بەلكىم نەچچە مىڭى قامالدى، باستۇرۇلدى. يەنە پەندىيات دېمىگەن قانداق خەقكەنمىزكىنتاڭ! شۇنداق ـ دە.

تۈزەلمەيدىكەنمىز، ئەسكى خەقكەنمىز، ھۇش-كاللىمىزنى بىلمەيدىكەنمىز ئەمەسمۇ، قويۇڭ بۇ گەپنى، قاراڭ ماۋۇ بالىنى، — ئۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە دىققەت قىلىپ تۇرغان ئەلنى كۆرسەتتى، — ئىرىك يېتىم، ئاتا-ئانا قىلسا بالىلىرىغا قىلىدۇ. بۇ بالىنىڭ ئانىسى ئەلا ئۈزىگە قىلمىدى. بالىلىرىغا قىلدى-دە!

— ھە راست، ئەلانىڭ چىگرادا ئېتىلغانلىقى راست بولۇپ چىقتىمۇ؟

— گۇمانلىق! بۇ ئەنزە مۇرەككەپلىشىۋاتىدۇ. ھاشىرنىڭ ئېتىلمىغانلىقى بىر سىرلىق ئىش. بۇقىرىدا بۇلارنىڭ بىر مۇھىم ئادىمى بولمىسا ئېتىلىشقا ھۆكۈم قىلىنغان ھاشىر تۇيۇقسىزلا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلەتتىمۇ؟ بىرىنچى پاي ئوق شۇنىڭغا تېگىل ئىدى. لېكىن ئۇ ئامان قېلىپ بىزنىڭ نادىروۋ رەھمىتى بىلەن ساۋۇتوۋلار ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. باشقىسىنى بىلمەيمەن، نادىروۋنىڭ ئەكسىيەتچى ھەرىكىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇ بىر باھاسى يوق ئادەم ئىدى.

— ساۋۇتوۋچۇ؟ — دېدى كامىسسىيونچى ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ، — مەنمۇ ئۇنى تازا بىلمەيمەن. ئۇمۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ غول ئۇنسۇرى بولۇپ قالمىغان بولسا ۋىجدان، ئادەمگەرچىلىك، ئەقىل-بىلىمدە تېپىلغۇسىز ئادەم ئىدى. بۇ دۇنيادىن بويتاق كەتتى-دە!

— مۇنداق دەڭ، دېمەك ئەلانىڭ يېقىن ئادىمى بولغاچقا بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاي دەپ چىققان ئىكەنسىز-دە، چوشىنىشلىك.

ئۇ كامىسسىيونچىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. كامىسسىيونچى ھودۇقۇپ دەرھال پەدە ئۆزگەرتتى:

— يوقسۇ، يوقسۇ، خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، مەن ئەلالار بىلەن بىر سەپتە ئەمەسمەن. پەقەت بۇ يەرگە، نېمە دېسەم بولار، سىزدىن يوشۇرۇپ نېمە قىلاي: تەقدىر-پېشانە گۈزەلئاي بىلەن، ھېلىقىدەك...

— ھە، چۈشىنىشلىك، — دېدى ئادىلەنىڭ يولدىشى سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — مۇنداق دەڭ، بۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق، ئەلۋەتتە ئەلى دادىسىز چوڭ بولالمايدۇ، ئۇنىڭغا دادا كېرەك، لېكىن...

— مېنىڭ ئەلا دادام بار! — ئەلى بىردىنلا قاتتىق ۋارقىراپ ئالاغا قاراپ يۈگۈردى، — ئاپا، ئاپا، دادام ئۆلمەپتۇ!

ئۇلار ھەممىسى ھاڭ-تاڭ بولۇشتى، گۈزەلئاي ئوغلىنىڭ يۇملاق بېشىنى باغرىغا باستى:

— دېگىنىڭ بولسۇن، ئاغزىڭغا ناۋات بالام!

— لېكىن، — دېدى ئادىلەنىڭ يولدىشى ئەنسىزچىلىككە چۈشكەن كامىسسىيونچىغا قاراپ قويۇپ، — گۈزەلئايغا كۆزى چۈشكەنلەر خېلى كۆپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ خىزمەت ئورنى خېلى يۇقىرى.

— مەسىلەن، كىملەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز؟ — باياتىن جىم ئولتۇرغان رىشات بىردىنلا جانلىنىپ ھەيران بولۇپ سورىدى.

— مەسىلەن بىزنىڭ رە فۇجۇرېن، ماڭا ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر قېتىم ئېغىزلىنىۋاتىدۇ.

— رە فۇجۇرېن دېگىنىڭىز ھېلىقى يېڭىدىن ئوبلاستقا ئۆسكەن باشلىق شۇمۇ، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمى نېمىكەن؟ — كامىسسىيونچى ئالدىراپ سورىدى.

— رەقىب! — ئادىلەنىڭ ئېرى بۇ ئىسىمنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالدى، — رەقىب جۇرېن بىزنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىمىزنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرسى، ئۇ ئادەم ئىشخانىمىزنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل، تولىمۇ بىلىملىك، قابىلىيەتلىك ئادەم.

— رەقىب؟ — دەپ تەكرارلىدى كامىسسىيونچى ئاسمانغا قاراپ ئۆزىچىلا دۇدۇقلاپ. بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ كامىسسىيونچى تامدەك تاتاردى. چۈنكى بۇ ئىسىم شەھەردە بولۇۋاتقان ھەر بىر ناھەقچىلىك بىلەن دېگۈدەك چېتىشلىق. رىشاتمۇ خۇددى بۇ ئىسىمنى ئۇياتلىق گەپتەك سەسكىنىپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. چۈنكى ئۇ بۇ كىشىنىڭ گۈزەلئاينى ئەگىپ يۈرگەن قارا سا ئىكەنلىكىنى ئادىلەدىن ئاڭلىغان. نەق شۇ چاغدا تەخسىلەر تىزىلغان پەتنۇس بىلەن تاپسىغا قەدەم باسقان ئادىلە بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ ئىشىك بېشىغا ئۇسسۇۋالغاندەك ئېگىراپ كەينىگە داجىدى. ئۇ پەتنۇسنى تاشقارقى ئۆيگە قويۇپ بېشىنى تامغا كەينىچە يۆلەپ بىر دەم تۇردى-دە:

— هەي مەيەرگە چقىگا! — دەپ يولدشىنى ئاچچىق بىلەن چاقىردى. ئالاقزادە بولغان يولدشى يېنىغا چىققاندىن كېيىن:

— ئاۋۇ بوداق ئۈكۈز تىلغا ئالغان ئىسمىنى قايتا تەكرارلىساڭلار يۈزۈڭلەرگە قايناق سۇ چاچىمەن، مەڭ مۈنۈزاكۈسكىلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز نەكىرىڭ! — دېدى.

گۈزەلئاي ھويلىدىكى باراڭ ئاستىغا ياسالغان سۇپا ئۈستىدە ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ خىيال بىلەن سۇنايلىنىپ ياتاتتى، ئۇ نامازشام بىلەن شۇنداق ياتقىنىچە ئادىلەنىڭ تاماق، چايغا زورلاشلىرىغا قۇلاق سالماي ئاسماننى قويۇق يۇلتۇزلار قاپلاپ بولغىچە مىدىر قىلماي ياتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئوتتا ئۆرتەنمەكتە. ۋۇجۇدى ئازاب بىلەن كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ ئاۋۇ خېرىدارلىرىنىڭ ئۆزىگە ئاڭلىتىش ئۈچۈن ۋارقىرىشىپ قىلىۋاتقان سۆزلىرىنى، ئوغلىنىڭ چۈشكۈن ھالدا بويۇن قىسىشلىرىدىن ئۆز ھاياتىدىكى ئورنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان بوشلۇقنى، ئۆزىنىڭ بۇ بوشلۇقنى پەيدا قىلىشتىكى خاتالىقنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ ئۆز خاتالىقنى ئىقرار قىلغانسېرى يۈرىكى پۇچۇلىناتتى، ۋۇجۇدى كۆيەتتى. ئۇ ئادىلەدەك سۆيۈنۈشلۈك خۇشال بولۇش بىلەن ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئالدىيالمايتتى. لېكىن خاتالىقنى تونۇتتىشىنىڭ پۇرسىتى كەتكەن، ئاۋادا يېرىم يىل بۇرۇن ئۆز خاتاسىنى بىلگەن بولسىدى، ئەلا ئۆلمىگەن بولاتتى. گۈزەلئاي ئەلانى ياخشى بىلىدۇ، ئۇ ھېچقاچان ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ. ئۇنى دۈشمەنلىرى قاچتى دېگەن باھانە بىلەن ئۆلتۈرۈشكەن. ئۇ جەزمەن ئۆلۈش ئالدىدا بىچارە ئوغلى بىلەن گۈزەلئاينى ئەسلىدى ...

— گۈزەلئاي، بىر رومكا قىزىل ھاراق ...، — ئۇنىڭ ئالدىدا رىشات ئىگىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سۇس لامپۇچكا يورۇقىدا قارامتۇل كۆرۈنگەن چىرايىدا غورۇر ۋە ئىشەنچ جىلۋە قىلاتتى:

— ياق، ئەپۇ قىلىڭ، مەن ئىچەلمەيمەن، — دېدى گۈزەلئاي سۆيۈپ ئولتۇرغان پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ، رىشات ھازىر ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدىغاندەك ھالەتتە ئۇنىڭ مۇرىلىرىنى تۇتتى:



— گۈزەلئاي، جېـ ...

ئۇنى كامسىيۇنچى قاتتىق سىلكىدى:

— ياشلىقىڭىزغا ئىشەنمەڭ يىگىت، باغنىڭ ئىگىسى بار!

— گۈلنىڭ خېلى بۇلبۇل، ئاكا، — دېدى رىشات مەسلەرچە تەلۋىلىك بىلەن، — قاغنىڭ گۈلگە قونغىنى كۈلكىلىك!

— نېمە دەپ قاقىلدايدۇ، ماۋۇ قۇزغۇن!

— ھەي ئاغىنىلەر، بىجۇرۇڭلار ئۆيگە، ھەر ئىككىڭلار بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىسىلەر، باغنىڭ ئىگىسى باشقا، قورۇقچىسى مەن، قېنى ئۆيگە! قېنى گۈزەلئاي سىزمۇ كىرىڭ، ئاخشا ئېيتايلى، ئۇسسۇل ئوينايلى، مانا بۇنىڭغا ھەممىمىز ئىگە!

مەسلەر كېچىچە ئاياللارغا ئارام بەرمىدى، ئۇلار ھېلىدىن ھېلىغا ئاياللارنىڭ يېنىغا چىقاتتى، ئاياللارنى تۇتاتتى، تارتاتتى، ئاخىرى ئادىلەنىڭ غەزىپى كەلدى:

— ۋۇي چۇپرەندىلەر، نېمىگە ھۆكۈرەيسىلەر، ھەممىڭلارنى يۇغۇرسا بىزنىڭ ئەلانىڭ بىر تال تىرنىقى تىرىلمەيدۇ. سىلەر تېخى ئۆزەڭلەرنى گۈزەلنىڭ خېلى دەمسىلەر.

گۈزەلئاي دوستىنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

## 4

«... قىممەتلىك ھاشىر، ئىشىنىڭ، مەن ساراڭ ئەمەسمەن، ئۇلار نېمىشقىدۇر مېنى ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا باغلاپ ئەكىلىپ تاشلىدى. ئۇلار بىزنىڭ بىر سوتكىدا بىر قېتىم دىدارلىشىپ ھاياتتىن خۇشاللىق تېپىۋاتقىنىمىزنى سېزىپ بىزنى بۇ خۇشاللىقتىن مەھرۇم قىلماقچىمۇ؟ گۇناھسىز سولاندىم، گۇناھسىز ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كەلتۈرۈلدۈم، يەنە قانداق جازا، پاجىئەلەر مېنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇنى بىلمەيمەن. لېكىن مەن بىرلا نېمىنى ياخشى بىلىمەن، بىز يورۇق دۇنيادا ئۇچرىشىمىز، بەلكى مەڭگۈ بىللە بولىمىز ...

ھاشىر، ساقمۇ ساق بىر ئادەمنىڭ ساراڭلار ئارىسىدا تۇرۇشى قانچىلىك ئازاب؟ ھەمراھلىرىمنىڭ بىرلىرى يىغلايدۇ، بىرلىرى كۈلىدۇ، بىرلىرى تىللايدۇ، بىرلىرى باغلاقتىن بوشىنىش ئۈچۈن تىپىرلايدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى قورقۇنچلۇق، كۆزلىرى غەزەپلىك، ئۇلار نېمىدىندۇر نارازى. نېمىگىدۇر غەزەپلىك، ساراڭ بولۇش بىر خىل پسىخولوگىيىلىك ھادىسە، لېكىن ئۇ فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا تەرەققىي قىلىدىكەن، ياكى يوقىلىدىكەن. مەن مۇشۇ ھەمراھلىرىمنى كۆرۈپ ئازابلىنىش جەريانىدا راستىنلا ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن. مەن ساراڭ بولمىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كۆتكۈچى دوختۇرلار تولىمۇ قىينالماقتا. مەن ئۇلار بىلەن ساق ئادەمدەك سۆزلىشىشنى خالايمەن، لېكىن ئۇلار ماڭا ساراڭلارغا قىلىدىغان مۇئامىلىنى بويىچە قوپاللىق قىلىدۇ، ساددا ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. مەن قانداقمۇ خاپا بولماي تۇرالايمەن؟ مەن تونۇگۈن مانا ئەمىسە دەپ ‹ساراڭلىق› قىلدىم، بۇ نېمە گەپكىن دەپ قالماڭ. مەن كوللېكتىپ ياتاقتىن زورلۇق بىلەن يالغۇز كىشىلىك ياتاققا چىقىۋالدىم. ئۇلار مېنى مەجبۇرلاش يولى بىلەن كوللېكتىپ ئاياللار ياتىقىغا ئەپچىقماقچى بولۇشتى. مەن بۇنداق قىلساڭلار بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن ئۆلۈۋالىمەن دېدىم. مەن ھازىرچە يالغۇز كىشىلىك ياتاقتا. بۇ ياتاق تۈرمىدىن، كوللېكتىپ ئاياللار ياتىقىدىن ياخشى. بۇ يەردە ھازىر يىغا-زارە، جېدەل-ماجرا يوق، ئامىقىمۇ يامان ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئۆتكەن ئىشلارنى كەڭ-كۇشادە ئەسلىۋالغىلى بولىدۇ. جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال قىلىش قانداق راھەت، خۇددى تىياتىر كۆرگەندەك، ياخشى بىر كىتابنى ئوقۇۋاتقاندەك راھەتلىنىمەن. مانا كۆز ئالدىمغا سىز كەلدىڭىز: سىزنى ھېلىقى كۈنى ھويلىدا، پۈتۈن مەھبۇسلارنى يىغىپ تۈرمىنىڭ يېڭى تەرتىپىنى ئېلان قىلغان كۈنى بىرىنچى قېتىم كۆردۈم. كۆردۈم-دە، ئىسمىڭىزنى ئاتاپ ئىختىيارسىز سىزگە قاراپ يۈگۈردۈم (مەن راستىلا ساراڭ ئوخشايمەن)، بىكاردىن-بىكارغا بىر يۈز ئون سەككىز كۈن تۈرمىدە يېتىپ بۇنچىلىك ئەقلىمدىن ئاداشمىسام بولاتتىمۇ؟ سىز بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەن شۇ كۈنۈمنى ئەسلەيمەن. شۇ چاغدا مەن سىزنى بىر يۈز ئون سەككىز كۈن ئويلىغاندىن كېيىن كۆرۈشكەن ئەمەسمىدىم. سىزگە تاشلىنىپ ھوشۇمدىن كېتىپتىمەن. كۆزۈمنى ئاچسام ئاياللار كامېرىدا يېتىپتىمەن. ھېلىقى بىزنىڭ خېتىمىزنى توشۇيدىغان بالىنىڭ قاچىمەن دەپ ئېتىلىپ كەتكەنلىكى تولىمۇ ئېچىنىشلىق، سىلەرگە تۈرمە ھويلىسىدا ھۆكۈم ئېلان قىلغان كۈن بىر قورقۇنچلۇق چۈشتەك كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. سىلەرنى تامغا قارىتىپ تىزدى، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەرنى بىرمۇبىر ئىسمىنى چاقىرىپ جىنايىتىنى بىرمۇبىر ئوقۇدى، سىزنىڭ جىنايىتىڭىزنى شۇ كۈنى ئاڭلىدىم: قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئۈچۈن تەشكىلات قۇرۇپ چېگرادا بازا تەييارلاپسىز، مىڭ ئات، ئون يەتتە توننا ئۇن، گۆش، كىيىم-كېچەك تەييارلاپسىز، شەخسەن ئۆزىڭىز ئون ئىككى ئەزا تەرەققىي قىلدۇرۇپسىز ... پاھ، نېمانچىلا يۈرىكىڭىز چوڭ؟ مەن ئۇمۇمەن بىز توغرۇلۇق ئېيتىلغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى يالغان دەپ ئويلاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنمەن. شۇ كۈنى سىلەرنى قارىلاپ ئوقۇغان ماتېرىيالنى ئاڭلاپ كۈلگۈم كەلدى. ھاشىردىن باشقىسىنى بۇنداق سۆزلەر بىلەن قارىلاشقا بولىدۇ، لېكىن ھاشىرنى بۇ گەپلەر بىلەن قارىلىسا تولىمۇ چاندۇ. تولىمۇ ۋابال بولىدۇ، چۈنكى ھاشىر پارتىيىگە شۇنچىلىك سادىقكى، مۇشۇ ئەركىنلىشىشقا قارشى تۇرغۇچىلار ئۈچۈن قاتتىق ئىدەئوللوگىيىلىك ئىنقىلابچى دەپ

قارىلىنىۋاتقان مىنۇتىمۇ چوقۇمكى ئۇ پارتىيە،خەلقنىڭ ئىشىنى ئويلاۋاتىدۇ دەپ ۋارقىرىغىم كەلدى. ھاشىر، راستىلا سىز شۇ كۈنى مەن دېگەندەك پارتىيە، خەلقنى ئويلىغانمۇ؟ ئويلىغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئۆز ۋاقتىدا مېنى چۈشىنىشىنى خالىمىغان، ئاۋادا سىز ئۆز شەخسىي ھېسسىياتىڭىزغا ئاز ـ تولا ھۆرمەت قىلغان بولسىڭىز ئىدى، ئۇ چاغدا سىز غۇلجىنى تاشلاپ كەتمەيتتىڭىز، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا بۈگۈنكىدەك پاجىئە يۈز بەرمىگەن بولاتتى. بىر مەسۇمە قىز ئۆزىنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىنى ئاشكارىلاپ تەلمۈرۈپ تۇرغاندا ئۇ قىزنى سوغۇق مۇئامىلە بىلەن (گەرچە ئۆزى ئوخشاشلا قىزنى ياخشى كۆرسىمۇ) كۆتۈۋالغان بىر رەھىمسىز يىگىت ئۆلۈم ئالدىدا ئۆز ھاياتىنى ئويلايدۇ دېسە مەن زادىلا ئىشەنمەيمەن. لېكىن سىزنىڭ ئۆرۈمچىدە ئۇچراشقىنىمىزدا قىلغان قوپال مەردانىلىقىڭىز ھەممە رەھىمسىزلىكىڭىزنى بېسىپ چۈشتى. مەن ئۇ چاغدا بىرسىنىڭ ئايالى، بىر بالىنىڭ ئانىسى ئىدىم. چوڭ زالدا دوكلات بولۇۋاتىدۇ. مەن سىزنىڭ ئىشارىتىڭىز بىلەن زالدىن چىقتىم. بىز ئىككىنچى قەۋەتكە ئۆرـ تىنىز چىقتۇق، نېمىشقا سىزنى ئەگىشىپ يالغۇز زالدا كېتىۋاتىمەن؟ بۇنى زادىلا ئويلىمىدىم. مېنىڭ ياتىقىمنى ئىچىپ ياتاققا كىردۇق. مەن نېمىشقا سىزنى يالغۇز ياتاققا باشلاپ كىردىم؟ بۇنىمۇ بىلمەيمەن. سىز مېنى خۇددى ئالدىن ۋەدىلىشىپ قويغاندەك ئىشەنچـ لىك تۇتتىڭىز، مەن قارشىلىق قىلالمىدىم... مەن ئېسىمگە كېلىپ چۆچۈپ كەتتىم. مەن باشقا بىرسىنىڭ ئايالى تۇرۇپ نېمىشقا يات بىر ئەرنىڭ قۇچىقىدا ... مەن ئاياللىق بۇرچۇمنى ئويلىدىم ـ دە، خۇرسىندىم. سىز قاقاھلاپ كۈلۈپ چاچلىرىمنى سىلىدىڭىز:

— قانۇنىي جەھەتتە بەھرام ئەپەندىنىڭ ئايالىسىز،لېكىن سىز مېنىڭ،ۋىجدان ئالدىدا بىز بىرـ بىرىمىزگە قەرزدار، بولۇپمۇ مەن! — دېدىڭىز، سىزنىڭ بىر ئېغىز سۆزىڭىز بىلەن مېنىڭ كۆز يېشىم قۇرىدى. مەن ئۆتكەنكى خاتالىقنى تۈزەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ھازىرقى ماڭا ئوياتلىق تۇيۇلغان ئىش خاتالىقىم ئەمەس، خاتالىقىمنى تۈزىتىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى دەرھال چۈشەندىم. توققۇز يىل بىرـ بىرىگە تەلپۈنگەن ئىككى يۈرەكنىڭ ئۇچرىشىشىنى قانداقمۇ خاتا بىلەن چەكلىگىلى بولسۇن؟ ھاشىر مەن يالغۇز كېشىلىك سارايلار ياتىقىدا ئولتۇرۇپ شۇ كۈنكى بىزنىڭ تۇنجى خۇشاللىقىمىز، بەختلىك مىنۇتلىرىمىزنى ئويلايمەن. مەن مانا شۇ كۈن بىلەن ئۆز ھاياتىمدىن رازىمەن. مەن شۇ كۈننىڭ تەكرارلىنىشىنى، بىزنىڭ بەختلىك بولۇش، ھوقۇقىمىزنىڭ تېزرەك قولىمىزغا كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتىمەن. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ساراڭ بولمىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈمىدۋارمەن ...»

دۇم قازاندەك قاراڭغۇ ماشىنا ئىچىدە نەچچە ئادەم بارلىقى تۇنگىغا قاراڭغۇ. ئۇنى پۈتىغا كىشەن. قولىغا كويزا سېلىپ كامىردىن ئېلىپ چىقتى. ھويلىداكۆزىنى قارا لاتا بىلەن تاڭدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ باھار قۇياشى تۇنگىغا بۇ ھايات پاجىئەسىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويامدۇـ يە؟ ئۇنىڭ قوناق شېخىدەك ئاقارغان يۈزىگە چۈشكەن ئىللىق قۇياش نۇرىمۇ ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ماشىنىغا ئىتتىرىلدى ـ دە، سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ قولىدىكى كويزىسىنى شاراقلىتىپ قاتتىق ئورۇندۇققا تايىنىپ قالدى. ئۇ پەقەت ماشىنىدىكى ناتونۇش ھەمراھلىرىنىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزىنىڭ غۇلجىدىن ئۈرۈمچىگە يۆتكەلگەنلىكىنى بىلىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، چۈنكى بۇ ئىش ئۇنىڭ يېقىندا ئۆلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۆلمىگەن ئىكەن، ئۇنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا، بەخت توغرىسىدا ئويلاش ھوقۇقى بولىدۇ ـ دە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ رازىيەنىڭ يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان، تولا ئوقۇلۇپ ياد بولۇپ كەتكەن خېتىنى خىيالدا تەكرارلىشىغا ھېچكىم دەخلى قىلالمايدۇ. ئۇ سۆيگىنىنىڭ ئاخىرقى خېتىنى يادقا ئوقۇش بىلەن مۇنتۇ باھار لەززىتىدىن مەھرۇم بولۇپ، ھايات سوئاللىرى بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنىڭ ئاغرىقىدىن ۋە روھىي ئازاب ئىسكەنجىسىدىن ئۆزىنى ۋاقتىنچە قۇتقۇزالايدۇ. ئۇ كەلگۈسى توغرىسىدا ئويلىشى، كەلگۈسى بىلەن

ئۆزىنى ئۈمىدلەندۈرۈشى لازىم. مانا شۇ خىيال ۋە ئۈمىد ئۇنىڭغا ئۆمىدە ھەمراھ بولالىغان، مۇڭلۇق قوپال، قاراڭغۇ ماشىنىدىمۇ ھەمراھ بولالايدۇ. ئىككى كۈن خىيال بىلەن ماڭسا، ئۇ ئۆزىنى سۆيگىنى بىلەن ئۇچراشقاندەك، دوستلىرى بىلەن مۇڭداشقاندەك بەختلىك ھېسابلىمامدۇ؟ ...

شۇنداق، شۇ چاغدا ھاشىر رازىيەنىڭ باشقا بىرسىنىڭ قانۇنىي ئايالى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغانىدى. ئۇ كېيىن ئۆزىنى جىملىدى، لېكىن يالغۇز ئۆيدە ئۆزىنى قوپاللىق ۋە قاراملىقى بىلەن بەختلىك، مۇرادىغا يەتكەن ھېسابلىدى. ئۇ شۇ چاغدا ئىنسانىيەت ھالاۋىتىنىڭ ئەڭ لەززەتلىك مىنۇتلىرىدىن بەھرىمەن بولدى. گەرچە بۇ قوپاللىق بەدىلىگە كەلگەن جان ئارامى ئۇنىڭ ھاياتىدا بىرلا قېتىم يۈز بەرگەن بولسىمۇ شۇ قىسقا دەقىقە ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ چەكسىز لەززەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇ كېيىن ئۆزىنى جىملىدى، لېكىن بۇ جىملەش سۆيگۈ بىلەن بەخت تاپقان قىزنىڭ نازىدەك كۈچسىز، سۈنئىي ئىدى. سەۋەبىنى ئۇ بىلىدۇ: تەلپۈنگەن ئىككى يۈرەكنىڭ بىر بولۇشى ھەممىنى يېڭىشكە قادىر. ئۇلارغا قىلىچ قىل بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئوتمۇ چىمەندەك تۇيۇلىدۇ، شۇنداق تۇرغان پەردە بىر نىكاھ بىلەن پەيدا بولغان خەندەك ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنەتتىمۇ؟ «سۆيگۈنىڭ كۈچى»، — دەپ ئويلىدى ھاشىر ئىغاڭلاپ كېتىۋاتقان قاراڭغۇ ماشىنىدا خىيال بىلەن ئۆزىنى بەزلەپ، — قەلبىدە سۆيگۈ ئوتى يانغان ئادەم ئۈچۈن دۇنيادا ۋەھىمە يوقكەن، مەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان شۇ كۈنىمۇ ئۆز ئۆلۈمىمنى ئاڭلاۋېتىپ ھويلىدىن كۆزلىرىم بىلەن رازىيەنى ئىزلىدىمغۇ؟ ئۇ ئاق ياغلىق ئاڭغان، ئاق كۆڭلەك كىيگەن ھالدا بىزدىن ئىبرەت ئالغۇچىلار قاتارىدا تۇرغانىكەن. مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇنى دەرھال تاپتى، ئۇنىڭغا يۈرىكىمدىكى ئۆلۈم ئالدىدا تىخىمۇ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان يالقۇنى كۆرسەتتى. كۆز ھەممىنى تاپىدۇ، ھەممىنى يوشۇرمايدۇ، ئۇ مېنىڭ ئاۋازسىز، كۆز بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىمنى چۈشەندى. ياشلىرى بولدۇقلاپ تېشىپ تۇرسىمۇ ئۇ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ساپ قەلب ئىگىسىنىڭ ئۆزى بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشىۋاتقان قەدىردان ئادىمىگە سۇنغان ئاخىرقى سوۋغىسى ئىدى. مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن يەلكەمگە قادالغان سوزلۇق مىلتىقلار ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۈلگەن بولاتتىم. بۇ كۈلكەم بىلەن بىر ئۇلۇغ، شەرقنىڭ قەدىمكى دۆلىتىدە يۈز بېرىۋاتقان نادانلىق، ئەخمەقلىق، جاھىللىقنى مازاق قىلغان بولاتتىم. لېكىن تاغ ھاۋاسىدەك تېز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەقدىر مېنى بۇ غەلبىدىن مەھرۇم قىلدى، مەن ئېتىلمىدىم. مانا ئەمدى ھايات قالدىغان ئوخشايمەن. رازىيەنىڭ سوۋغىسىغا سالامەت كۆرۈشكەندە، قۇچاقلاشقاندا قاقاھلاپ كۈلۈپ جاۋاب بېرىمەن. چۈنكى بىز ھامان بىر كۈنى ناھەقچىلىك قاباھەت ئۈستىدىن كۈلىمىزغۇ! ...»

— ئىنساپ قىلىڭلار ھەي ساقچى يىگىتلەر! — دېدى ماشىنىدىكى جىنايەتچىلەردىن بىرسى يېلىنىپ، — بىز ماڭغىلى ئۆت سائەت بولدى. كۈن ئاش ۋاقتى بولدى، بىز كەڭ سايغا كەلدۇق، كۆزىمىزنى ئېچىۋېتىڭ، ئۆلتۈرسىڭىزمۇ بىز قاراڭغۇدا!

— يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى شۇ، مەن كۆزۈكلارنى ئاچالمايمەن!

— سىز ئادەممىغۇ؟ ئادەم دېگەندە ھېسسىيات بولىدۇ. مەن بىر كىتابنى ئوقۇغان. بىر جاللات بىر قىزنى بۇيرۇق بىلەن چاپقان، ئەمما چىپىپ بولۇپ قىزنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلىغان!

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— چۈشىنىشلىك، سىزدىمۇ ھېسسىيات بولۇشى كېرەك دېمەكچىمەن. قاراڭغۇ ماشىنىدا كۆزلىرىمىزنى تېڭىش ئەخمەقلىق، ھېچ بولمىسا ئەخمەقلىقنى ھىمايە قىلماڭ ـ دە!

— سىز تولا ۋالاقلىماڭ!

—گەپ قىلىش قايسى قانۇندا چەكلەنگەن؟— ھاشىرنىڭ زەردىسى قايناپ گەپكە ئارىلاشتى، — راست گەپ قىلغان ئادەمنى ۋالاقلىدى دېسەڭ، بىر كۈن كەچكىچە يالغان سۆزلىگەننى نېمە دەيسەن؟

— سەن ھاشىر تولا گەپدانلىق قىلما. يالغان گەپ قىلغان دەپ كىمنى كۆزدە تۇتىۋاتىسەن؟ مېنى

ﻫ

بىلمەيدۇ دېمە!

— بىلسەڭ، شۇ بالىغانچىلارنى ئەيىبلە. كۆزىمىزنى ئاچ، مۈشۈك جىبىندا كۆزىنى تىكىپ ئاپىرىپ تىنىشۇەتسەڭ ئۆيىنى تېپىپ قايتىپ كېلىدۇ. ھېلىقۇ كۆزىمىزنى تېكىپ قويۇپسەن. كۆزىمىزنى ئويۇپ تاشلىساڭمۇ بىز ئۆزىمىزنىڭ ئورۇمچىگە يۈتكەلگەنلىكىمىزنى بىلىمىز!

— سەن ھاشىر، توختىماسەن يوق!

ساقچىنىڭ قوپال ئاۋازىدىن چۆچۈدىمۇ، ماشىنا توختىدى. كابىنكىدىن قوراللىق باشلىق سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ساقچىلىق قىلىپ كېتىۋاتقان قورالىقا بۇيرۇق بەردى:

— ئۇلارنىڭ كۆزىنى يەش، قولىدىن كويزىنى ئېلىۋەت!

— بۇ، بۇ ...

— نېمە بۇ، ئۇلار ئارقىغا ئۆتمەمدۇ، تاماق يېمەمدۇ؟ قوراللىق ئۆز باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدى. ھاشىر كۆزبۇشكەن قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئۇۋىلىدى ـ دە. ئەتراپقا قارىدى. ماشىنىدا ئۈچ ئادەم بار ئىكەن. بايا سۆزلىگەن سېرىق ساقال، كۆك كۆز تاتار ئىكەن.

— مەن ھايدار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — سىز ھاشىر، مەن سىزنى ياخشى تونۇيمەن.

— چۈشۈڭلار! — دېدى بايىقى باشلىق يەنە بىر قوراللىق بىلەن ماشىنىنىڭ كەينىدىكى بىرزېنتنى قايرىپ، — بەش مىنۇت توختايمىز.

— ئىنقىلابىي ئىنسانپەرۋەرلىك! — دېدى تاتار ھەيبارلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، كېيىن يېنىدىكى قىلىن جۇۋا، يوغان قاسقانلىق كەمچەت تۇماق ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۈگۈلۈپ ياتقان كىشىنى جەينىكى بىلەن تۈرتۈپ قويۇپ قازاقچە سۆزلىدى، — تۇرۇڭىز ئاغاتاي، ئازاتتىق!

ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە بىر قوراللىق يىگىتلەر چۈشكەن ماشىنا توختىدى. ماشىنا كابىنكىسىدىن قورالى يوق، ياش، چىرايلىق بىر ئۇيغۇر ئوفىتسېر چۈشتى ـ دە، ھاشىرغا قاراپ مەنىلىك باش لىڭشىتىپ قويدى. ھاشىرنىڭ يۈرىكى ئويىنىدى. پۇتلىرى تىترىدى: «بۇ نېمە كارامەت، بۇ ئەلانىڭ ئۆزىغۇ؟» ھەربىي ئاشخانىغا كېتىۋېتىپ ئەتەيلەپ شەپكىسىنى ئالدى ـ دە، ھاشىرغا تونۇش بولغان بېشىنى لىڭشىتىپ ھاشىر بىلەن خوشلاشتى. «دېمەك ئۇ ئۆزىنى چەك يەرگە يوشۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ھەربىي رايوندىكى دوستلىرى ھەقىقىي دوستلاردىن ئىكەن ـ دە، مېنىڭ ئېتىلماي قېلىشىم ئەلانىڭ يوشۇرۇنۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن ـ دە».

ماشىنا ئەگرى ـ بۈگرى يوللار بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەكتە. ماشىنىنىڭ دۈملەڭلىك بىرزېنت يوچۇقلىرىدىن سالقىن، قارىغاي يىلمى پۇرىقى ئارىلاشقان ھاۋا كىرمەكتە. مانا بۇ باھار!

بايا ھاشىر ياپيېشىل قارىغايلار بىلەن كۆكىرىۋاتقان يانباغىرلارغا قاراپ بۇ تونۇش يەرلەرنىڭ باھارى بىلەن روھلانغان، شادلانغان ئەمەسمىدى؟ باھار كىشىگە ھاياتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ بىر سىرلىق كىتابتەك دىل يارىلىرىغا مەلھەم بولۇپ، كۆڭۈلدىكى تۈگۈشلەرنى يېشىدۇ. ياپيېشىل قىرلاردا سۈزۈك ئاسمانغا قاراپ تۇرغىنىدا سەن ئۆزۈڭنى تەبىئەتنىڭ خوجايىنى، پادىشاھى ھېسابلايسەن. دۆلەت باشلىقىمۇ، ئۆلۈمدىن قېچىپ يۈرگەن بەختسىز ئۇتقۇنمۇ ئوخشاشلا بۇ ھېسسىياتتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت سېخى ئانا. باھار ئۆز بايلىقىنى كەڭ قوللۇق بىلەن ھەممىگە چېچىپ بېرىدىغان مەرد ئوغلان. ھاشىردەك بىر نەچچە ئاينى قاراڭغۇ كامىردا ئۆتكۈزگەن خىيالپەرەس ئۈچۈن ھازىر مانا مۇشۇنداق مەرد ئاغىنە، قويىنى كەڭ ئانا تولىمۇ زۆرۈر. ئاغىنە، باھار، ئەلانىڭ قەلبى ھەم ھاشىر ئۈچۈن باھاردەك گۈزەل. ئۇ خېيىم ـ خەتەر ئىچىدە. ئۇ ھەر قاچان ئۇتتۇلۇشى، ئېتىلىشى مۇمكىنغۇ؟ ئۇ جىمجىت، كىتابلار ۋە قالايمىقان قولىيازمىلار بىلەن تولغان ئۆيىدە ئويچانلىق بىلەن قوشۇما تۈرۈپ. جىددىي ۋە ئالدىراش ئىشلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشى لازىم ئىدى. كىتاب ۋە ئۈستىلىدىن ئايرىلىپ قېچىپ يۈرۈش ئۇنىڭغا تۈرمىدە ياتقاندىنمۇ ئازابلىق. ئۇ كىتابسىز، مۇلاھىزە ۋە يېزىقتىن مەھرۇم بولۇپ بىر كۈنمۇ ياشىيالمايتتى. نېمىشقا ئۇنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىشمىدى؟ تەبىئەتتەك رەھىمدىل، سېخى ئانا.

باھاردەك ئىللىق دوست ھاشىردىنمۇ كۆرە ئەلاغا زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ نەچچە يىللاپ ئوقۇغان كىتابلىرىدىن پەيدا بولغان بىلىمى ئەخلەت ئارىسىدا چىرىپ كېتەرمۇ؟ ئۈژمە يوپۇرمىقىنى راسا يەپ يېتىلگەن پىلە قۇرتى ئەمدى يىپەك چىقارماقچى بولغىنىدا ئۇنى بىر گىرى ئاياغ دەسسىۋەتمەكچى بولسا بۇنى كۆرگەن ھەر قانداق بىر جان ئىگىسى ئېچىنمامدۇ؟ ئىھ، ئەلا. سېنىڭ كىتابلىرىڭ نەدە؟ زۇلپا ئاكىنىڭ ھالى قانداق؟ ئۇ سېنىڭ كىتابلىرىڭنى ساقلاپ قالالىغانمىدۇ؟ بىر نادان ئالتۇن تەختكە چىققان زامان قەيەردىن بوشىغان تەلۋە ئارسلانغا ئايلىنىدۇ. تەلۋە ئارسلان ئىنسان ياراتقان ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى يوقىتىشنى ئۆز بۇرچى ھېسابلاپ قاباھەت توخمىقى بىلەن ھەممىنى ساۋايدۇ. مانا شۇنداق چاغدىمۇ ئۆز جېنىنى ئويلىماي، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى بايلىقىنى باغرىغا بېسىپ ئەۋلادلار ئۈچۈن مىراس تالىشىدىغان مەرد- مەردانىلار چىقىپ تۇرىدۇ. زۇلپا مانا مۇشۇنداقلاردىن. ھاشىر قولىدا ئاز- تولا ھوقۇقى بار ۋاقتىدا نېمىشقا ئەلانى ئويلىمىدى؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ كىتابلىرىغا غەمخورلۇق قىلىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالماي بۇ ئىشنى باشقىلارغا تاپشۇردى؟ ئۇ نېمىشقا ئەلانىڭ ئائىلىسى بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆز قولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرماي، ئەلانىڭ ئۆزىگە تاپشۇردى؟ ھاشىر سەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسىلا ئەمەس، ئۇنىڭ بىر رەھبىرىي كادىرىسەن، سەن باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى، باشقىلارنى ھىمايە قىلىشنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالدىڭ؟ ئەلادەك ئىلىم ئەھلى مانا بۈگۈن سەن ئۈچۈن جان تىكىپ خېيىم- خەتەر بىلەن ئېلىشىۋېتىپتۇ. سەن بولساڭ ئامان قالغىنىڭغا خۇشالسەن، بۇنداق خۇشال بولۇش ھەر قانداق بىر ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ- دە. سەن تەبىئەتتەك مەرد، باھاردەك ئىللىق بولىمەن دېسەڭ باشقىلارنىڭ ئامانلىقى، بەختى بىلەن خۇشال بول ...

— ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى چەكسىز، شەپقەت، ئىنايىتىمۇ چەكسىزدۇر! — دېدى باياتىن جۇۋىغا ئورىنىپ ياتقان موللاكوزىنى ئېچىپ، — ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى ئۇ، گۇناھ پاتقىقىغا پاتقان ھەر قانداق بەندىسىنى كەچۈرەلەيدۇ. گۇناھدىن ساقىت قىلالايدۇ. ئۇنىڭ بىرلا شەرتى بار، ئۇ بولسىمۇ ياراتقان ئىگىسىنى سېغىنىش. پۈتۈن بىر ناھىيە مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ قوراللىنىپ توپىلاڭ قىلماقچىمىش، مۇشۇنى ئىقرار قىلمىدىڭ دەپ قانچىنى ئاتتى، قانچىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، قانچىسىنى ھازىرمۇ قىيناۋاتىدۇ. مانا مېنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن چوڭراق يەرگە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. پۈتۈن بىر ناھىيىدە مۇشۇ ئاپەتنى پەيدا قىلغۇچى بىرلا ئاسىي بەندە. بۇ ئۆزىنىڭ دەۋزىقى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. لېكىن بۇ دۇنيانىڭ كىچىككىنە راھىتى ئۇنى دەۋزىقى قىلىۋەتتى. ناۋادا ئاشۇ ئاسىي ئىگىسىنى تونۇسا، يىغلىسىچۇ؟ ئۇنىڭ گۇناھى تاغ، ساۋابى مىسالى بىر پىنە قاسىرقى دەيلى. ئىگىسى جەزمەنكى ئۇنى كەچۈرىدۇ. مەندىن بىر كۇپۇرلۇق ئۆتتى. باياتىن خىيالىمدا شۇ ئاسىينى تىللىدىم- قاغىدىم، ئۇ مېنىڭ بالام ئىدى، مەن ئۇنىڭغا خۇدادىن ئاپەت تىلىدىم. لېكىن خۇدانى ئۇنتۇپتىمەن. خۇدادىن ئۇ ئاسىيغا ئىنساپ تىلىمەي بالايىقازا تىلىگەنلىكىم كۇپۇرلۇق بوپتۇ. لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللا. سۇبھان كاللاھۇممە ...

— ئىسلام پەلسەپەسىنىڭ مېغىزى ئەپۇچانلىق. — دېدى سېرىق ساقاللىق تاتار. — گۇناھكارنى ئەپۇ قىلىش ئىسلام ئەخلاقى. ھۆكۈمىتىمىز بۇ ئەخلاقنى ئۆگىنىۋالسا بولاتتى.

ھاشىر بۇرۇنقى چاغلار بولسا مۇنۇ، ھۆكۈمەت ئۈستىدىن بىلجىرلاۋاتقان ساقاللىقلارغا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتەتتى. لېكىن ھازىر ئۇ يۇقىرىقى ئاچچىق گەپلەر ئىچىدىمۇ ھەقىقەت بار ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ بېشىنى ئۇلارغا قاراپ لىڭشىپ قويدى.

ماشىنا سايرام كۆلىگە قاراپ پەسلەپ ماڭغان ئوخشايدۇ. سۈرئىتى تېزلىدى. بىرزىتىنىڭ كىچىككىنە تۆشۈكىدىن كىرگەن شامال ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئويناپ ئۇنىڭغا ھوزۇر بېغىشلىدى. ئىھ سېخى تەبىئەت! كۆلپەت ئىچىدىكى مۇنۇ دىلى سۇنۇق باللىرىڭنى ئۇنتۇماپسەن «سېخى خۇدا بەلكى مۇشۇ تەبىئەت بولسا كېرەك، ئۇلۇغ تەبىئەت، گۈزەل باھار- بىزنى ئۇنتۇما،

بىزمۇ خۇشاللىق، بەخت ئۇچۇن تۇغۇلغان، شۇڭا بىز ساڭا يېلىنماقتىمىز!» ھاشىر شۇنداق ئويلىدى ـ دە، ناخشا باشلىۋەتتى:

سايرامنىڭ كۆلى دەيدۇ،
بىز قايتقىچە تولۇقلايدۇ.
غەمدە قالغان بېشىمنى،
خۇدايىم ئۆزى تولۇقلايدۇ.

ئۇنىڭ ناخشىسى شۇندىن باشلاپ زادى توختىمىدى. ئۇ خۇددى 1957 ـ يىلى دوستلىرى بىلەن بىرىنچى قېتىم ئۈرۈمچىگە ماڭغاندا ئېيتقىنىدەك مۇڭلۇق، جۇشقۇنلۇق ناخشىسىنى ئېيتىۋەردى. ئىچ تۇيغۇر، سەن خۇشال بولساڭمۇ، مۇڭلانساڭمۇ، مەس بولساڭمۇ، كېسەل بولساڭمۇ ناخشا ئېيتىسەن، تويغىمۇ، ئۆلۈمگىمۇ ناخشا بىلەن ماڭىسەن. شۇڭا سېنىڭ كۆكسى قارنىڭ كەڭ، دىلىڭ ئاق! ...

ھاشىرنىڭ ناخشىسىنى قويندا يىگىدىن ـ يىگى شەھەر ـ يېزىلار بىلەن يىلان باغرى يوللار پەيدا بولۇۋاتقان مىسكىن جۇڭغار دالىسى تولۇق ئىككى كۈن ئاڭلىدى.

بۇ تۈرمىگە سىياسىي مەھبۇسلار قامالغانىكەن، ھاشىر مانا شۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلدى. غۇلجا تۈرمىسىدە بىللە بولغان ھېلىقى ئىككى دىندار ئۆلۈم جازاسى بىلەن ئېتىلدى. ھېلىقى يىگىت بولسا قاچىمەن دەپ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى. ئەمدى مۇنۇ يىگى «سەپداش» لىرى قانداق بولاركىن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەر خىل سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ ۋەكىللىرى بار: ھىندىستاندا ئوقۇپ بىلىم ئىگىلىگەن، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ «ئىستىقلالىيەت» ئۈچۈن ئەللىك نەچچە يىل تۈرمىدە ياتقان پان ئىسلامچىلار، ھېلىمۇ ئۆز باشلىقلىرى بولغان ساۋۇت داموللا، مەمتىمىن ھەزرەتلەرنىڭ ئەقىدىلىرىنى ھەر كۈنى تەكرارلايدىغان بوۋايلار، ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدا گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرى قاتارىدا چەت ئەلگە قېچىپ ئۈلگۈرەلمەي قالغان «چىنى تۈركىستان ۋەكىللىرى»، زۇلۇمغا قارشى تىغ كۆتۈرۈپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» نىڭ قەھرىمانلىرى ئىچىدىكى ئوفىتسېرلىرى، ئازادلىقنى خۇشال ـ

لىق بىلەن كۈتۈۋېلىشىپ دۇنيادا سوتسيالىزم ـ كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قەسەم بېرىپ پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا سەممىي ـ ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقان پارتىيە شۇجىلىرى، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن رەئىس، بۇجاڭلار، نازىرلار، شۇنىڭدەك «بۆلۈنۈش ئۈچۈن تەشكىلات قۇرغان» دەپ ئەيىبلەنگەن ياشلار، چەت ئەل ئىشپىيونلىرى ۋە ھەر خىل ئامىۋى، دىنىي گۇرۇھلارنىڭ رەھبەر ۋە ئەزالىرى ... ئومۇمەن ھەر خىل چىراي، ھەر خىل ياش، ھەر خىل ئېتىقاد، ھەر خىل مىللەت، ھەر خىل تامغا ـ جىنايەتلىك ئادەملەر بار ئىدى. ھاشىر ئۆزى بىلەن بىللە ياتىدىغان ئون ئىككى ئادەم بىلەن تېزلا تونۇشۇپ، بىللە موخوركا شورىشىدىغان، ئوخشاش كىيىنىپ بىللە ئەمگەك قىلىپ (كېسەك قويۇپ) زاغرا بىلەن مايسىز بەسەي شورپىسىنى بىللە يەپ ـ ئىچىپ تېز ئىناقلىشىپ كەتتى. ئۇ كامىردىكىلەر ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا پۈتۈن تۈرمىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ بولدى. ئۇ ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان بۇ ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ئۆز سالاھىيەت ـ سۈپىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئۇ ھېچقانداق بىر جايدا پارتىيە، ھۆكۈمەت توغرىسىدا نارازىلىق قىلمىدى. ئۆزىنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ «چوڭ يۈنىلىشى توغرا» دېگەن سۆزىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى. چەت ئەل رادىئوسىدىن تارقالغان «شۇم ھەرىكەت» دېگەن سۆز بەزىلەرنىڭ ئېھتىياتسىز ـ لىقىدىن چىقىپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ھاشىر مەيلى كامىردا بولسۇن ياكى ئىش ئورنىدا بولسۇن ئۇنداقلار بىلەن خۇددى «قىزىل قوغدىغۇچى» ياشلاردەك قايناپ ـ چېنىپ مۇنازىرە قىلىشاتتى. ئۇنىڭچە بۇ يەر «بۆرە بىلەن قوي، چۈجە بىلەن سا، كىرپە بىلەن يىلان ئارىلاش سولانغان بىر ئۇۋا» بولسىمۇ لېكىن بۇ ئادەملەر ئىككى سىياسىي كۈچكىلا يەنى «ئىنقىلابىي» ۋە «ئەكسىلئىنقىلابىي» كۈچلەرگىلا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى «ئىنقىلابىي» كۈچلەر ۋەكىلى ھېسابلاپ باشقىلارنى ئۆزىگە دۈشمەن يەنى «ئەكسىلئىنقىلابىي» كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى ھېسابلايتتى. قارىماققا ئۇلار بىلەن

«ئىناق» كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇ ھېسسىيات جەھەتتە تۇرمۇداشلىرىنى ناھايىتى يامان كۆرەتتى. سۆيۈپ تۇرۇپ نەگىمەي نەرەت تۈگىنىڭ يېنىدىلا نەم يەردە ئىككى ئايدىن بېرى يېتىپ كېلىۋاتقان بىر «خائىن» بىر كۈنى ھاشىرنىڭ ئورنىدا يېتىۋاپتۇ. ھاشىرنىشتىن قايتىپ كىرىپ گەۋدىلىك، ساقاللىق «خائىن» نى پۇتى بىلەن تۈرتتى.

— تۇرە، ئورۇنىنى بۇلغىماي! — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

— نېمە، سەن كوممۇنىست بولساڭ مەنمۇ كوممۇنىست، سەن ناھىيىگە شۇجى بولغان بولساڭ مەن ۋىلايەتكە شۇجى بولغان، نېمەڭگە چوڭچىلىق قىلىسەن؟

— ۋالاقلىما ئەكسىيەتچى خائىن! — دېدى ھاشىر مۇشتلىرىنى تۈگۈپ.

— ئەكسىيەتچى؟ سەنچۇ، سەن نېمىچى؟ سەن ئۆزۈڭنى ماركسىزمچى دەمسىنا؟ بىلىپ قوي، يۈز خائىندىن ساڭا ئوخشاش بىر كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار يامان، ئارىمىزدىكى ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن سەن! ئاغزىڭدىن «ئۆگىنىش ماسلىق»، «پارتىيە ھامان مېنى چۈشىنىدۇ» دېگەندەك سۆزلەرنى چۈشۈرمەيسەن. سەن ئۆزۈڭنى ئاھەق جازالانغان، سەي خېپسىن، بوگۇ، چۈي چۈبەيلەرگە ئوخشىتىسەن تېخى! بىلىپ قوي، مەيلى كەلگۈسىدە كىم بولساڭ شۇ بول، سەن ھازىر ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلىدىغان سىياسىي جىنايەتچى. مەنچۇ؟ تېخى كېسىلمىدىم، چوقۇم ئاقلىنىمەن. سەن تاپىسىدا يات، مەن سۆيىدا ياتىمەن، يات ئەكسىيەتچى، يات، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان دۈشمەن!

ساقاللىق ئادەم ھاشىرنىڭ ئورۇن - كۆرپىسىنى تىللاپ تۇرۇپ بىر مۇبىر تاپىسىغا ئاتتى. باشقىلار قاقاھلىشىپ كۈلۈشتى. ھاشىر جالاقلاپ تىترىدى - دە، بەردە چازانى قۇرۇپ ئولتۇرغان ساقاللىقنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ قاتتىق سىلكىپ تىنىڭ تۇرغۇزدى:

— نېمە دەپ غىڭشىۋاتىسەن خائىن ئىت؟

— ئاز كۈندە كۆرىسەن، ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرستىمەن ئىپلاس!

ھاشىر ئۇنى جالاقلىتىپ سىلكىپ تامغا ئاپىرىپ كۈچ بىلەن ئۇردى. لېكىن ئۇمۇ بوش كەلمىدى، ئۇ تۈگۈلۈنۈپ تۇرۇپ ھاشىرنىڭ قورسىقىغا تىزلىدى. ھاشىرنىڭ ئىچى قاراڭغۇلىشىپ مۈكچىيىپ قالدى. شۇ چاغدا ساقاللىق پۈتۈن كۈچى بىلەن ھاشىرنىڭ گەجگىسىگە ئۇردى. ھاشىر بىر ئىڭىردى - دە، ئۆت پۈتلۈق بولۇپ قالدى. ساقاللىق ھاشىرنىڭ ئاچ بىقىنىنى كوزلەپ تېپىش ئۈچۈن پۇت كۆتۈرۈشىگە ھاشىر تېگى نەرەپتىن چاققانلىق بىلەن سەكرەپ تۇرۇپ ساقاللىقنىڭ بۇلۇنى بىلەن تامقىنى كوزلەپ تۇۋەن ئېڭىكىگە كۈچ بىلەن مۇشت ئۇردى. ساقاللىقنىڭ پۇتلىرى ئارۋاڭ - سارۋاڭ بولدى - دە، قېرى ئۆزمە بوراندا يىلتىز بىلەن قومۇرۇلغاندەك ئىڭاڭلاپ بېرىپ تاپىسىغا ئوڭدىسىغا چۈشتى.

— جوخرايچە (1) مۇشت ئۇرۇش!

— ھىندىنىڭ تىلسىزنى (2) ئورۇشى ئەبنى شۇ! ھا، ھا، ھا!

تۇرمىدىكىلەر بۇ «قىزىق ئويۇن» دىن تاكى گۇندىپاي كىرگىچە كۈلۈشتى.

ئۇ كۈنى ھاشىر گۇندىپايدىن بىر كاچات يېدى. كىشەن ۋە كويزا بىلەن بىر سوتكا جازا ئۆيىدە ياتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ئايرىم ئازادە ئۆيگە سولاندى: بۇ ئۆيدىكى تاختايلىق سۇپىدا پاكىزە ئورۇن - كۆرپىگە چۈمكىلىپ ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ياتاتتى. بوۋاينىڭ چىرايى قەغەزدەك ئاقارغان، قاڭشالىق بۇرنى شۇنچىلىك ئىنچىكە، بۇ قانسىز بۇرۇنىنى بىر قاراشتا ئادەم قىڭغىراق بىسى دەپ قالاتتى. بوۋاينىڭ خىيالچان ۋەھىملىك كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، لەۋلىرى قۇرۇغان، بىلەكلىرى ئىنچىكە، كۆپكۆك تومۇرلىرى بىراقتىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

---

(1) ن. ئوستروۋسكىنىڭ «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىدىكى پېرسوناژ.
(2) كورولىنكونىڭ «تىلسىز» پوۋېستىدىكى پېرسوناژ.

— بۇ كىشىنى كۆرنسەن، — دېدى گۈندىپاي ھاشىرغا بوۋاينى تونۇشتۇرۇپ، — كىمكىن دەپ قالمىغىن، بۇ كىشى بىزنىڭ رەھبەرلەردىن بىرسى بولىدۇ. خىلىدىن بېرى تاۋى يوق، سىلگە مۇنۇ ھاشىرنى «ئادىيۇتانت» لىققا ئەكەلدىم. بۇ تولىمۇ نوچى، ئۆلگىچە توۋا قىلمايدىغان تونىسۇر ئىكەن. ئېھتىيات قىلمىسىلا بۇ سىلى بىلەنمۇ ئېتىشىدىغاندەك، بىلىپ قوي ھاشىر، بۇكىشى چوڭ دۈشمەن لىيۇشاۋچىنىڭ شىنجاڭدىكى گۇماشتىلىرىدىن بىرسى، ماۋۇ ئىنقىلاب مۇشۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن بولۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇلارنى مۇشت بىلەن ئەمەس، شۇئار بىلەن يوقىتىدىغان گەپ. تولىمۇ ماركسىزمچى ئىكەنسەن، مۇنۇ ئادەمنى يۈزمۇيۈز پىپەن قىل، ياخشى خىزمەت قىلساڭ ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلمايسەن، قانۇن بويىچە ئىككى يىلدىن كېيىن ئېتىلمىساڭ يىگىرمە يىل تۇشقاندا قويۇۋېتىمىز. ئوتتۇز توققۇز ياشقا كىرىپسەن، ئەللىك توققۇز ياشتا تۈرمىدىن بوشانساڭ، سەن ئۆلگىچە بالاڭ يىگىرمە ياشقا كىرىدۇ. غەيرەت قىلساڭ نەۋرىمۇ كۆرىسەن تېخى!

ئات يۈز، بىر كۆزى ئالغايراق گۈندىپاي، گەپچى، ئۇچۇق ـ يورۇق ئادەم ئىكەن. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھاشىر سۇپىنىڭ بىر چېتىگە ئورۇن راسلىدى. ئۇ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن بوۋاينىڭ يېنىدىكى گېزىتنى قولىغا ئالدى:

— رۇخسەت مىكىن؟

— ئېلىڭ ئۇكام، سىزنىڭكى، — دېدى بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ، ئورنىدا ئۆرە بولۇپ، — گېزىتتە ھېچ يېڭىلىق يوق، گېزىتتىكى ماقالىلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تىل ـ ئاھانەت، رادىئونى ئاچسام رادىئومۇ شۇ.

بوۋاي يېنىدىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو قويۇلۇغۇچنى كۆزى بىلەن كۆرسىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئاڭلىسام سىزنى ئەترەپتىكىلەر بىلەن دائىم مۇنازىرىلىشىدۇ دەيدۇ. ئۇكام، مەن سىزنى بىلمەن، سىز سەمىمىي سادىق ئىشلەمچان، ياخشى كوممۇنىست، بۇ يەردە سىزدەك ياخشى كوممۇنىستلار تولا، بۇ يەردىكى كوممۇنىست ئەمەسلەرنىڭمۇ تولىسى ياخشى ئادەملەر، ئۇلار پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئەمەس، كەلگۈسىدە بۇلارنىڭ تولىسى ئاقلىنىدۇ. پارتىيە، خەلق ئۈچۈن ئۇلار يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بېرىدۇ. بۇ يەردىكى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ ھەممىسىلا گۇناھسىز، بىز چوقۇم ئاقلىنىمىز. پارتىيىمىز ھامان ئۆز خاتاسىنى ئۆزى تۈزەيدۇ. ئۇكام، سىز بۇنىڭغا ئىشىنىڭ.

ھاشىر «پارتىيىمىز ئۆز خاتاسىنى ئۆزى تۈزەيدۇ» دېگەن سۆزنى ئۈنجى قېتىم ئاڭلىغاچقا بوۋايغا «يالت» قىلىپ قارىدى:

— پارتىيىمۇ خاتالىشامدۇ ـ ھە؟

— قىزىق ئىكەنسىز ئۇكام، ساداقەت بەزىدە نادانلىق بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدۇ. سىز ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟ مۇشۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابى «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىنقىلاب» مۇ؟ پارتىيىنىڭ بىر ئەزاسى، بولۇپمۇ بىر رەھبىرى پارتىيە تارىخىنى، كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىنى ياخشى ئۆگىنىشى، تارىخىي ساۋاقلارنى ياخشى يەكۈنلەپ ھەر بىر ئىشتىن ئۆزى مۇستەقىل خۇلاسە چىقىرىشى، قارىغۇلارچە ئەگەشمەسلىكى كېرەك. يولداش جېن يى تۇغرىسىدىكى تەشۋىق ۋەرىقىسىنى ئوقۇغانسىز، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىنى يوشۇرمىغانمۇ؟

ھاشىر بوۋاينىڭ ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ، ئالدىرىماي ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن، تارىخ دەرسىدە ئۆزىنىمۇ مۇئەللىمنىڭ بىلىمى بىلەن مەس بولغان بالا خىيالدا ئۆتمۈشكە قايتقانغا ئوخشاش، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە قايتىدىن چوڭقۇرراق ئويلاشقا باشلىدى.

شۇ چاغدا ياش قاراۋۇل ئىشىكنى ئۇردى:

— سۆزلىمە، سۆزلەشكە رۇخسەت يوق!

— مانا بىزنىڭ تۈرمىمىز! — دېدى بوۋاي ئاخىرىدا پەس ئاۋاز بىلەن، — چاروسىينىڭ سۈرگۈنلىرى بىزنىڭكىدىن ياخشى ئىكەن. 1898 ـ يىلدىن 1900 ـ يىلغىچە لېنىن ئوتتۇرا سىبىرىيىنىڭ مىنوشىنسكى دېگەن يېرىگە سۈرگۈن قىلىنغان.

ئۇنىڭ كىروپسكايانى يېنىغا چاقىرتىپ تويى قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان. لېنىنمۇ باشقا سىياسىي مەھبۇسلاردەك ئېيىغا توققۇز گوبى تەڭگە راسخوت ئېلىپ ئايالى بىلەن ئوبدان ياشىغان، بىللە كىتاب ئوقۇغان، ئىلىم ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن، چەت ئەلدىكى دوستلىرى بىلەن خەت- ئالاقە قىلىشقان. بەلگىلەنگەن رايون ئىچىدە ئوۋ ئوۋلىغان. لېنىن: «كاپىتالىزمنىڭ روسسىيەدىكى تەرەققىياتى» دېگەن كىتابىنى مانا شۇ يەردە يازغان. بۇ يەردىچۇ؟ بىزگە سىرتتىن كىرگەن سالام خەتلەرمۇ تەكشۈرۈلىدۇ. بىزگە ھاۋامۇ نورمىلىق...

ھاشىر خۇددى بىر قىزىقارلىق كىتاب تېپىۋالغاندەك، پۈتۈن سوئاللىرىغا جاۋاب تېپىلىدىغان بىر سىرلىق لۇغەتكە يولۇققاندەك، ئۇزۇن تەشنا بولۇپ ئىزلىگەن ئادىمىنى تۇيۇقسىز تېپىۋالغاندەك خۇش بولدى. ئۇ بوۋاينىڭ ھەر بىر سۆزىنى كۆڭۈل دەپتىرىگە ئەينەن خاتىرە قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنى بىلەن بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدى. ئاڭلىغانسېرى ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇماقتا ئىدى. لېكىن بۇ خۇشاللىق ئۇزۇنغا بارمىدى، بىر ھەپتىدىن كېيىن ھاشىرنى بۇ ئۆيدىن يەنە كوللېكتىپ ياتاققا ئەپچىقىپ قويدى. ئۇ ئەمدى كەمسۆز خىيالچان بولۇپ قالدى.

بىر ئايدىن كېيىن يەنى ئۈرۈمچىدە «ئەكسىلئىنقىلابچىلار» نى ئوچۇق سوت قىلغان كۈنى بوۋاينىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھاشىرنىڭ ئاۋازى ئىچىمۇ ئۈچتى. باشقىلار تۇيۇقسىز يوقالغان گۇندىپايغا ھەيران قېلىشقاندەك، ھاشىرنىڭ مىجەزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشكىمۇ ھەيران قېلىشتى.

5

«لاۋجاۋ مېنى ساقلىمىغان بولسا مەن بۇ چاققىچە نەدىدىم؟ مۇنۇ رەھبەرنىڭ ئۆيىگە لاۋلى ئەكىلىپ قويمىغان بولسا بۇنچىلىك خۇشاللىق، ئازادە ئۆي، كىتابخانا، ياخشى تاماق، ئىسسىق سۇيى ئۈزۈلمەيدىغان مۇنچىلار ماڭا نەدىدى؟ بۇ ئادەمنىڭ ئۆيىگە مېنى تۇتقىلى كىممۇ كىرەلەيتتى. مەن بۇ يەردە ئۆلۈم، تۇتقۇنلۇق ۋەھىمىسىدىن خالىمەن. بىرلا يامان يېرى بۇ ئادەم تولا گەپ قىلىدىكەن، تامامەن بىلمەيدىغان ئىشلار توغرىسىدىمۇ سائەتلەپ سۆزلىيەلەيدىكەن. بۇمۇ بىر قابىلىيەت، مەن بۇ قابىلىيەتتىن مەھرۇم، بىلمەيدىغان ئىشتىن، مەسىلەن: گۈزەلچىلىك ئىشىدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمايمەن. ئەمما مېنىڭ خوجايىنىم ئاتوم بومبىسىنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ماڭا بىر سائەت لېكسىيە قىلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئاتوم بومبىسىنى بىرىنچى بولۇپ ياسىغان ئادەم بىر ئورۇسكەن، ئۇ ئورۇس بىزنىڭ خوجايىنىنىڭ يېقىن دوستىكەن ... لېكىن مەيلى، ئۇ يالغان سۆزلىسە سۆزلەۋەرسۇن، ماڭا يامانلىق قىلمىسىلا بولدى. مەن نېمە؟ نېمىشقا ماڭا شەپقەت ياغدۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلىمەن؟ ...»

ئەلانىڭ خاتىرە يېزىۋاتقان قەلىمى توختىدى. ئۇ ئىككى سائەتتىن بېرى خەت يېزىۋاتاتتى. ئاۋال «خوجايىن»نىڭ تەلىپى بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەرغانە نۇسخىسىنى ئوقۇپ چىقىپ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى قىسقا، قىزىق ھېكايىلەشتۈرۈپ يازدى. ئاندىن كېيىن «خوجايىن» نىڭ ئاجايىپ خاراكتېرى ئۈستىدە يۇقىرىقى خاتىرىسىنى يازدى. ئۇنىڭ قەلىمى توختىغان بىلەن خىيالى توختىمىدى.

ئەلا جىنىنى قولىغا ئېلىپ شەھەرمۇ شەھەر قېچىپ يۈرگەندە بىر كۈنى لاۋجاۋ تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭغا:

— ئەلا سىزگە راسا ياخشى يوشۇرۇندىغان بىرجاي چىقتى. بىزنىڭ بىر مىللىي رەھبىرىمىز بىزنىڭ لاۋلى بىلەن يېقىن. ئۇ ئادەم لاۋلىغا، بىلىملىك بىر تەرجىمان كېرەك، ئۇ خۇسۇسىي كاتىپ، خۇسۇسىي تەرجىمانلىق قىلىدۇ. ئۆيۈمدە تۇرىدۇ. كىتاب ئوقۇيدۇ، مېنىڭ ماقالىلىرىم، ئىلمىي ئەسەرلىرىمگە ئىشلەيدۇ. ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ. مەن ئۇنى ياخشى كۈتىمەن دەپتۇ. لاۋلى سىزنى تونۇشتۇرغانىكەن، ئۇ كىشى خۇشال بولۇپ، تازا مەن ئىزلىگەن ئادەم ئىكەن دەپتۇ. بايىلا لاۋلىدىن تېلېفون كەلدى، ئەتىلا ئۈرۈمچىگە مېڭىڭ، جاھان تىنچلانغىچە شۇ «خوجايىن» نىڭ ئۆيىدە كىتاب ئوقۇپ، ماقالە يېزىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈڭ، — دېدى.

ئەلا «خوجاين» بىلەن مۇشۇ تۈيدە ھويلىلىرى كەڭ، بېغى چىرايلىق، كەڭ ـ كۈشادە زامانىۋى ئۈينىڭ مېھمانخانىسىدا ئۇچراشتى. مېھمانخانا دىۋان، گۈل تەشتەكلىرى بىلەن بېزەلگەن، يورۇق، ئازادە ئىدى. چاباش، يوغان كۆز، قېلىن كالپۇك، قوش ئېڭەك، ياشانغان ئادەم ئەلا بىلەن سوغلا كۆرۈشتى:

— ئەلامۇ سەن، نېمىشقا ھەربىيچە كىينىۋالدىڭ، بۇ جىنايەت بىلەمسەن، ماۋخۇي، لىگچاگلىرىڭنى دەرھال يۇلۇۋەت، تۈزىسەڭلۇ. يالغانمۇ، ھە بوپتۇ ئەمىسە، ئىنگلىزچە بىلىدۇ دەيدۇ راستمۇ؟

— بىلمەن.

— كونا كىتابلارنى ئىتتىك ئوقۇيالامسەن؟

— ياماك ئەمەس.

— ھىم، ئەرەبچە، پارىسچىدە قانداقراق؟

— پارىسچىنى يامدايمەن، ئەرەبچە بىلمەيمەن.

— بىلىدۇ دەيدىغۇ؟

— چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى چۈشىنەلەيمەن.

— قايسى كىتابلارنى ئوقۇغانسەن، كونا كىتابلاردىن دەۋاتىمەن؟

— «قۇتادغۇبىلىك» دىن تارتىپ موللا بىلالنىڭ «غازات دەرمۇلكى چىن» غىچە بولغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇغانمەن.

— موللا بىلال دېگەن خائىنغۇ؟ ئۇ پانتوسوۋقا خىزمەت قىلغان، ئۇنىڭ بابا سەن ئىسمىنى ئاتىغان ئەسىرىمۇ ئەكسىيەتچى.

— ئۇنداق دېيىشكە بولماس، موللا بىلال شۇ چاغدا يەتتەسۇغا كۆچكەن ئىلى ئۇيغۇرلىرى قاتارىدا زۇلۇم دەستىدىن چەت ئەلگە كەتكەن. «غازات دەرمۇلكى چىن» 1875 ـ يىلى يېزىلغان. 1863 ـ يىلدىن 1871 ـ يىلىغىچە بولغان فېئوداللىق زۇلۇمغا قارشى دېھقانلار ھەرىكىتىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن، قىممىتى زور رېئال ئەسەر.

— ھىم، تارىختا قانداقراق سەن؟

— ياماك ئەمەس، سىز قايسى تارىخنى دېمەكچى؟

— دۇنيا تارىخى، جۇڭگو تارىخى، ئۇيغۇر تارىخى ـ دە.

— قەدىمكى زامان تارىخى، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخى، يېقىنقى زامان تارىخى، دۇنيا تارىخى ... مۇشۇنداق بۆلۈنىدۇ. جۇڭگو تارىخى بولسا ...

— بولدى بىلمەن، قەدىمكى زامان، ھازىرقى زامان، دېموكراتىك ئىنقىلاب، پارتىيە تارىخى ... سەن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئاتوم بومبىسىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخى توغرىسىدا بىرنېمە يېزىپ چىق، ماڭا لازىم. جۇڭ ئەمدى ئاماق يەيلى، ئاماقتىن بۇرۇن قىرلىق ئىستاكاندا كوم قۇيىدىغان كېسىلىمىز بار دېگىنە، بۇنىڭغا قانداقراقسەن؟

— سىزلا خالىسىڭىز.

— ئۇنداقتا تېپىشتۇق، قېنى ئەمىسە ئاۋۋال بىر ئىستاكاندىن ئىچەيلى.

ئەلا «خوجاين» نىڭ كىتابخانىسىنى ھەم ياتاق، ھەم ئىشخانا قىلىۋالدى.

«مېنىڭ ئاتوم بومبىسىنىڭ كەشپ قىلىنىشى توغرىسىدا بىلىدىغانلىرىم مۇشۇ ئاق قەغەزگە يېزىلدى، ئۇنىڭدىن ئارتۇقىنى بىلمەيمەن. مەن بىر چاغلاردا ئەر ـ ئايال كىيۇرىلار، ئېينىشتېين توغرىسىدا ئوقۇغانمەن. مۇنۇ يازغانلىرىممۇ شۇ چاغدا ئالغان بىلىملىرىمگە ئاساسلانغان. ئاۋادا 1932 ـ يىلى روزۋېلت بىلەن گىتلېر بىرلا ۋاقىتتا ئىككى جاھانگىر دۆلەتكە باشلىق بولمىغان بولسا ئاتوم بومبىسى ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا پەيدا بولمىغان بولاتتى دېگەن جۈملىنىڭ تېگى نېمىشقا سىزىلىدىكىنە؟ ئىنسانىيەتنىڭ بۇ خىل رىياكىسىلىك ھادىسىنى بايقىغىنىغا تەخمىنەن ئاتمىش ـ يەتمىش يىل بولدى. 1931 ـ يىلى ئىككى ئەنگلىيىلىك ئالىم ئاتوم زەرىچىلىرىنى بايقىغان. بۇ زەرەت ئاتوم مولېكۇلا ئىچىدىكى ئېلېكترسىز دانىچە، يەتتە يىلدىن كېيىن ئىتالىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا ئالىملىرى ئاتوم زەرىچىسىنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى ئېچىشقا باشلىغاندىن كېيىن گېرمانىيىلىكلەر ئاتوم يادروسىنى پارتلىتىش يولى بىلەن ئۇنى پارچىلاشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتى. كېيىن 1939 ـ يىلىغا

كەلگەندە كۇلۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بەزى ئالىملىرى گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تەجرىبىسى بويىچە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بۆلۈنگەن ئاتوم مولېكۇلا (يادرو) نىڭ بىردىن كۆپ بولغان زەررەتلەرنى پەيدا قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. مانا مۇشۇنداق قىلىپ زەنجىرسىمان رېئاكسىيە كەشىپ قىلىندى. مانا بۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن قۇۋۋەت مەنبەسىنىڭ ئاتوم دەۋرى باشلانغاندى. لېكىن كېيىن قىرىقىنچى يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە (ئۇران — 235) تېپىلدى. بۇ پارتلىغۇچى ئاتوم ئېلېمېنتى بىر پارتلىغاندا سانسىزلىغان ئاتوم زەررىچىلىرىنى ئارقىمۇئارقا پارتلىتىدىغان (ئاكتىپ ئېلېمېنت) بولۇپ چىقتى. بۇ قورقۇنچلۇق پارتلاش ھادىسىسىنى تەجرىبىخانىدىن جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ چىقىشقا ئاداپ. گىتلېرنىڭ ئالىملىرىلا لاياقەتلىك ئىدى. لېكىن غورۇرى بايلىقىدىن ئۈستۈن بولغان روزۋېلىت ئۆزىنىڭ پارالىچ گەۋدىسى بىلەن ئاۋىستىرىيىلىك ئېمىس ئوفىتسېرنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆمىلەشنى ئۆلۈمدىن ئارتۇق پاجىئە بىلدى. ئۇ فيۇررىرغا مەنسۇپ بولغان بۇ غەلىبىنى ئۈستىلىق بىلەن ئاخبارات ئوغرىلاش يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئاتوم بومبىسىنى ياپونىيىنىڭ كىچىككىنە ئارىلىدا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ ھەربىي ئۈستۈنلۈكنى ئۆيۈقسىزلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. كېيىنچە ...»

ئەلا ئوقۇۋاتقان ماقالىسىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزىچە غوتۇلدىدى:

«نېمىشقا راستنى يازدىم؟ تارىخ توغرىسىدا سۆز بولغاندا ئاۋادا مانجۇ مىللىتىدىن چىققان ئۆزخايىش مىڭ سۇلالىسىگە خىزمەت كۆرسىتىپ ئىشەنچكە ئىگە بولۇۋېلىپ شەرقىي شىمالدا ئۆز مانجۇلىرىنى قوراللاندۇرمىغان بولسا ئىككى يۈز سەكسەن نەچچە يىل جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەنچىڭ سۇلالىسى بولمىغان بولاتتى، دېسەم بىزنىڭ (خوجايىن): بىلمەيدىكەنسەن، بىر كىشىنىڭ نېمە رولى بولسۇن، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ئاددىي: كونىنىڭ ئورنىنى يېڭى ئىگىلەيدۇ، مىڭ سۇلالىسى چىرىگەن، لى زىچىڭ، ئۇرخايىشلار بولمىغان بولسىمۇ بەرىبىر باشقا بىرسى ئۇنى ئاغدۇراتتى، دەپ جاۋاب بېرەتتى. ئوخشاشلا روزۋېلت بىلەن گىتلېرنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويغىنىغا قارىغاندا (خوجايىن): بۇ ئىككى فاشىست تەختكە چىقمىغان بولسىمۇ بەرىبىر ئاتوم بومبىسى سەھنىگە چىقاتتى، بىلمەيدىكەنسەن، ئاتومنى دەسلەپ بايقىغانلار ئىنگلىزلار، فرانسۇزلار، نېمىسلار، ئامېرىكىلىقلار ئەمەس، نەق مۇشۇ ئۇۋانلار. نېمىشقا دەمسىنا؟ چۈنكى مەن بۇ خەقنى بىلمەن! دېمەكچى، نېمىشقا ئۇ ئادەم بىلدىغان نەرسىلەرنى يازمىدىم ـ ھە؟ لېكىن ئۇ ئادەم نېمىنى بىلىدۇ؟ يالغان ئېيتىشنى بىلىدۇ، مەن بولسام يالغاننى يازالمايمەن! ...»

«ياق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن ناچار ئىكەنمەن، بولمىسا نېمىشقا ئۆزۈمگە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنىڭ ئەيىبلىرىنى ئويلايمەن؟ ۋاپاغا جاپا دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟ مەن بىر ھاكىمىيەت ئاتا قىلمىغان ياخشىلىقنى ئاتا قىلغان ئادەمنىڭ ئەيىبلىرى توغرىسىدا خاتىرە يازسام قارا يۈز بولمامدىمەن؟ ئۇ ۋاپادار، لېكىن بىلمىسىز، ئۇ جۈرئەتلىك، لېكىن يالغانچى. ئۇنىڭ بەدىنىدە ھەممە ئادەملەرگە ئوخشاش ياخشىلىق بىلەن ياماللىق، گۈزەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك ئارىلىشىپ كەتكەن ... لېكىن ئۇ نېمىلا بولمىسۇن ۋاپادار ...» خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە ئەلانىڭ يادىغا «قۇتادغۇبىلىك»-دىكى مۇنۇ مىسرالار بىرمۇبىر كەلدى:

كىشى قىزلىقى بولدى قايدا ئىلەگۈ،
ئىلەپ بولغۇ ئەرسە ئىلەيۇ كورەي.
قامۇغ ئارزۇ بولدۇم كىشى بولمادىم مەن،
قالى بولسا ئارزۇم يۈزىنە باقاي.
ۋاپا قەھتى بولدى جاپا تولدى دۇنيا،
ۋاپا كىمدە ئەركى مەن ئازراق قولاي...(1)

شۇ چاغدا گويا ئەقدىر ئۇنىڭ خىيال ئارزۇلىرىنى ئىسپات قىلماقچى بولغاندەك بىر ۋەقە يۈز بەردى. ئىرىقى ئۆيدىن ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

(1) «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 1342 — 1343 ـ بەتلىرى.

— بۇ بىر ئېغىر خاتالىق، بۇ بىر جىنايەت! — دەپ ۋارقىرىدى بىر يات كىشى خىرىلداق لېكىن ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن، — سىزگە ئوخشاش بىر ئىناۋەتلىك رەھبەر قىلىدىغان ئىشمۇ بۇ؟ بىر «رەھبەر بىر خەلق دۈشمىنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىنى ئۆيىدە يوشۇردى دېگەن قانداق گەپ بۇ؟

— يوشۇردۇم قانداق قىلىسىلەر؟ مەن ئۇنى ئاقلايمەن، ساقلايمەن، قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ قېنى؟ — مانا بۇ «خوجايىن» نىڭ ئاۋازى.

ئەلا پۇتلىرى غالىلداپ تىترىگەن ھالدا مېھمانخانا ئىشىكىگە كەلدى.

يات كىشىلەردىن يەنە بىرسى سۆزلىدى:

— ئانداق قىلمىسىلا، جىنايەتچىنى تاپشۇرۇپ بەرسىلە، ئىلى ھەربىي رايونىدىن جاۋ، بۇ يەردىن لى لار ئۇنىڭ كاساپىتىدىن ئىشتىن توختاپ مەسىلە تاپشۇرۇۋاتىدۇ. سىزگىمۇ گەپ كەلمىسۇن دەيمىز.

— ھەي، سەن تولا ماڭا سىياسىي دەرس ئۆتمەي بالىلىرىڭنى باشقۇرۇۋالغىنا، مەن كىم بىلەمسەن؟ ئوتتۇز قېتىم ئوق تەككەن، گومىنداڭنىڭ ئون مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسىنى يوقىتىپ مىدىرلىغۇسىز قىلىۋەتكەن ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسىنىڭ ئوفىتسېرىمەن. كىم دوست، كىم دۈشمەن، مەن بىلمەي سەن بىلەمسەنا؟ ئەلا سەندىن ياخشى. ئۇنىڭ ۋىجدانى، بىلىمى، ئەقلى بار، سېنىڭچۇ؟ نېمەڭ بار، ئېيتقىنا؟ قۇرۇق جۇۋا تاراقلاتماي ماڭ جۇگۇ!

— بىز سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن ئەرز قىلىمىز، سىز «بىرگە زەربە بېرىش، ئىچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلدىڭىز!

— ئاتوم بومباڭ بولسا تاشلىۋەت جۇگۇ، ماڭ كىرگەن ئىشىكىڭ تۇلۇغ ئوچۇق، تېز يوقال، تولا زەردەمگە تېگىشمە. مېنىڭ غەزىپىم يۇقىرى پەللىگە چىقىشتىن بۇرۇن تېز يوقىلىڭلار!

«خوجايىن» نىڭ قوپال ئاۋازى ھېچقاچان ئەلاغا ھازىرقىدەك يېقىملىق ئاڭلانمىغان، ئۇنىڭ ئاۋازى بايىقى تۇتقۇچىلارنى ئاخىر جىمىقتۇردى، ئەلا خۇشال بولۇپ كەينىچە مېڭىپ دەرھال ئۆز بۆلۈمىگە كىردى.

زالدىن ئاياغ ئاۋۇشلىرى، ئاندىن «خوجايىن» نىڭ:

— ھەربىي رايوننى بىلەمسىلەر، گەپ بولسا شۇ يەرگە بېرىڭلار، مېنىڭ ئۆيۈم سىلەرنىڭ قاچقۇن ئاقتۇرىدىغان ئۆڭكۈرۈڭلار ئەمەس! — دېگەن غەزەپلىك ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن «خوجايىن» قاپىقى سېلىنغان ھالدا ئەلانىڭ بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى:

— ئاڭلىغانسەن، سېنى ئۆتۈنۈپ كەپتۇ. لېكىن خاتىرجەم بول، بۇ ئۆيدىن ئاۋۇال مېنىڭ ئۆلۈكۈم چىقىدۇ، ئاندىن سەن چىقىسەن، ھۆكۈمەت جىنايەتچىلەرنى شەرت بىلەن ئىشلىتىدۇ. مەن نېمىشقا بىر قاچقۇننى ئىشلىتەلمەيمەن؟ تەلەيلىك ئىكەنسەن، ئون كۈن كېچىككەن بولساڭ ھېلىقى جاۋنىڭ ئۆيىدە ئۇتتۇلاتتىڭكەن. ئۇلارنىڭ پىيىگە ئاللىبۇرۇن ئادەم چۈشكەن. مەن بۇنى بىلىمەن. خەلق قوغداش گورۇپپىسىنىڭ ئۆزى كېلىپمۇ سېنى ئالالمايدۇ. بىلەمسەن، مەن ئۇنچىلىك بۇزەك ئادەم ئەمەسمەن. سەن قورقماستىن مەن كۆرسەتكەن تېمىلاردا ئىلمىي ماقالە يېزىۋەرگىن، جېنىڭغا مەن كېپىل! مەن سېنى ئەڭ پىچىقى كېسىدىغان باشلىقتىن سوراپ ئالغانمەن. بولمىسا ئېتىلاتتىڭ.

ئەلا كۈلۈپ قويدى: «ھەقىقىي چاپايېۋ، — دەپ ئويلىدى ئۇ (خوجايىن) دىن رازى بولۇپ، — بۇنداق قارام ئادەملەرنىڭ قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدۇ. ئۇ ئادەمدىن بىر چاتاق چىقمىسىلا بولاتتى. نېمىشقا ئىككىلىنىمەن؟ ماقالىلىرىمنى يېزىپ بولاي، ماتېرىياللىرىم يوق، ئۇنى بۇ ئادەم ئارقىلىق ئالدۇرسامچۇ؟ زۇلىيا ئاكىسىنىڭ ھېلىقى كىچىككىنە ساندۇقى. ھېلىقى يوشۇرۇپ قويغان كىتابلىرىم جايىدىمىكىن؟»

— چاغاتاي دەۋرىدىكى شائىرلار توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇنۇشتۇرۇش يازماقچىدىم، — دېدى ئەلا كۈلۈپ تۇرۇپ، — ماتېرىياللىرىم قىسلىق قىلىۋاتىدۇ.

— مېنىڭ مۇنۇ ئون نەچچە مىڭ پارچە كىتابلىرىم ئىچىدە سەن ئىزلىگەن كىتابلار يوقمىكەن؟ — دەپ

خاپا بولدى «خوجايىن» قاپىقىنى سىلىپ، — قانداق يېزىقتىكىسى لازىم بولسا شۇنداق يېزىقتىكىسى بار، يەنە ساڭا نېمە كەم؟ مانا رادلوۋ، مانا مالوۋ، ھىدايەتوۋ ...

— ساۋۇتوۋ ماڭا خېلى مۇكەممەل قولىيازمىلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئۇ قولىيازمىلارسىز ھېچنەرسە قىلغىلى بولمايدۇ.

— ساۋۇتوۋ؟ ھېلىقى ئېتىلغان ساۋۇتوۋمۇ؟ بىلىمى بار ئىدى، لېكىن سىياسىي جەھەتتە كور ئىدى. نادىروۋ مېنىڭ دوستۇم ئىدى، ئۇ ھەقىقىي ئادىمى ئىدى. ئىسسىت، ئىسسىت! — «خوجايىن» بىردىنلا ئەسەبىلەشتى، — ناھەق ئېتىلدى، مەن ئۇنى ئاقلاپ چىقالمىدىم. قانۇن يوق، قانۇن بار بولسىدى، مەن ئۇنى ئاقلىيالايتتىم. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى، ئۇنىڭ جەڭچى-ئوفىتسېرلىرىنى مەن چوقۇم ئاقلايمەن. ئۇلار بولمىغان بولسا گومىنداڭ قورال تاپشۇرمىغان بولاتتى. يى چىڭ، ماچىڭشاڭلار قاچمايتتى. گومىنداڭنى تىز پۈكتۈرۈشتە گەجگىسىدىن مىلتىق تىرەپ تۇرغان ماناستىكى قوراللىق ئارمىيەغۇ! بۈگۈن ئارمىيىنىڭ ئەڭ ياخشى ئوفىتسېر-جەڭچىلىرى ئەشەددىي دۈشمەن دېيىلمەكتە، ئېتىلماقتا! مەن ماۋجۇشى، جۇزۇڭلى، ۋاڭجېن، دېڭلىچۈنلەرگە ئەرز قىلىمەن، پېڭ دېخۇەي ھايات بولغان بولسىدى، ئۇ كىشىنى گۇۋاھلىققا تارتاتتىم! — «خوجايىن» ئەسەبىلىشىپ ئىلمىدىن سىياسەتكە ئۆتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى كۆكەرگەن، قانسىز يۈزى تېخىمۇ تاتىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ پۈتۈن تۇرقى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇ، بىر يۆتىلىپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ھە، ئەلا، چارۋىسىنىڭ شىنجاڭغا قىلغان تاجاۋۇزىغا دائىر ماتېرىياللار تەييار بولدىمۇ؟ مەن ئۆگۈنلۈككە سۆزلەيدىغان بولدۇم، پاكىتلار، يىل، ئاي، سانلىق رەقەملەر نەقىل ئېلىنغان كىتابلارنىڭ ئىسىملىرى، قايسى تىلدىكى، قاچانقى نەشىر ... قىسقىسى ھەممە ئۇجۇر-بۇجۇرى تولۇق يېزىلسۇن، مەن بىلىمەن، سەن: «مېنىڭ بىلىمىمدىن پايدىلىنىۋاتىسىز، نومۇس قىلمايدىكەنسىز» دەپ مېنى ئەيىبلەۋاتىسەن، لېكىن بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە ھېچكىم ئۆز بىلىمىگە، ئۆز ئەقلى-ھوشىغا، كاللىسىغا ئۆزى ئىگە ئەمەس، گېزىت-ژۇرناللاردىكى قايسىبىر قالتىس ماقالە باشلىقنىڭ دەيسەن؟ چوڭلار ئۈچۈن كىچىكلەر ئىشلەيدۇ، ئەزەلدىن بۇ ئىش بار. سەن ئۆزۈڭ قۇرئاننىمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز ئەمگىكى ئەمەس دەيسەنغۇ، ئۇ يەرلىرىنى ئويلاپ نېمە قىلاتتىڭ؟

— تاپشۇرمىڭىز تەييار، — دېدى ئەلا پاكىزە دانىمۇدانە قىلىپ كۆچۈرۈلگەن قېلىن قولىيازمىنى «خوجايىن»نىڭ ئالدىغا قويۇپ، — سىز بايا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى توغرۇق، خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ ئەسەر سىزگە مەنسۇپ، سىز ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان، ھەر خىل تىللاردىكى ماتېرىياللارنى ئەكېلىپ بەرمىگەن بولسىڭىز، مەن قانداقمۇ بۇ ئەسەرنى يازالايتتىم.

— قوي، رەسمىيەت گېپىڭنى! — دەپ كۈلدى خوجايىن قول يازمىنى ۋاراقلاۋېتىپ، — كەلگۈسىدە مەن سېنى رازى قىلىمەن.

— مەن ھازىرمۇ سىزدىن رازى. چوڭ غەمخورلۇق قىلدىڭىز.

— قاچان ئۆتاركىن دەپ ئەنسىرەمسەن؟

— ياق، — دېدى ئەلا كۈلۈپ قويۇپ، — بالزاكنىڭ «ئۆلۈمنىڭ دەھشىتىگە كۆنۈپ قالغان ئادەمنى ھاياتلىق دەھشىتى نېمىمۇ قىلالايتتى» دېگەن بىر مەشھۇر سۆزى بار. بۇ سۆز مېنى دائىم بەزلەپ تۇرىدۇ.

— بارايسەن، بارايسەن، ھا ...ھا...ھا...! — «خوجايىن» قاتتىق كۈلدى، — يەنە ئېيتە، بالزاك دېگىنىڭ يەنە نېمە دېگەن؟

— يەنىمۇ؟ — دېدى ئەلا كۈلۈپ تۇرۇپ، — يەنە مۇنداقمۇ گېپى بار: «بۇ يەردە ھاكىمىيەت تايىقى ئانچە بەك قاتتىق بىلىنمەيدۇ. چۈنكى بىز تاياق كۆتۈرگەنلەرگە يېقىن تۇرىمىز.»

— پاھ، پاھ، پاھ، ۋاي كاساپەتەي، مېنىمۇ تاياق كۆتۈرگۈچىلەردىن دەيدىكەنسەن-دە، توغرا، توغرا. تاياق كۆتۈرگۈچى بولمىسام سېنى تارتئۇرۇپ قويىمەن، جور ئەلا، بۈگۈن سېنى تازا بىر مېھمان

قىلاي، مەن قايىلمەن، مەن مۇشۇ ئەللىك نەچچە ياشقا كىرگىچە ساڭا ئوخشاش يېتىلگەن بىرسىنى كۆرمىگەنمەن، لاۋلى توغرا ئېيتقان ئىكەن، سېنى قوغداش بىلىمنى قوغداش ئىكەن، جور، سېنىڭ سالامەتلىكىڭ ئۈچۈن ئىچەيلى.

لېكىن ئىچىش بەئىلا «خوجايىن» نىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈش بىلەن باشلىنىپ يەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى. ئۇلار ئەمدىلا قولىغا رومكىنى ئېلىشىغا تېلېفون جىرىڭلىدى. «خوجايىن» يېنىدىكى تېلېفوننى ئېلىپ:

— كىرسۇن، كىرسۇن! — دېدى ۋە ئاشپەزگە يەنە بۇيرۇتمىلارنى بەردى ـ دە ئەلاغا قاراپ:

— مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن نامدار زىيالىيلاردىن بىر نەچچىسى كەپتۇ، ئولتۇرۇۋەرگىن، خاپا بولما. مەن ئۇلارغا سېنى باشقىچە تونۇشتۇرىمەن، — دېدى.

— مەن چىقاي، — دېدى ئەلا قوتۇلۇشنىڭ يۈزىستى كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، — مېنىڭ ئىچكىمۇ يوق.

— نېمە؟ بۇنىدىن كېيىن بۇنداق گەپنى قىلما، بۇ ئۆيدە ھېچقانداق بىر ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭ بىلەن بولمايدۇ. مېنىڭ رايىم — بۇيرۇق، مەن ئىچ دېسەم ئىچىسەن، نېمىشقا دەمسىنا؟ بۇ ئاددىي — مەن سېنىڭ ھەقىقىي خوجايىنىڭ!

ئۇلار ئىچىشتى. ئولتۇرۇش ئەمدىلا قىزىۋېدى، گەپ سىياسىي تېمىغا كۆچتى:

— قورالمۇ كېرەك، — دېدى «خوجايىن» يوغان مۇشتۇمى بىلەن جوزىنى مۇشتلاپ، — قەلەممۇ كېرەك، قەلەم بىلەن لېنىنگراد كېلىشىمى، ئىلى كېلىشىمى، چۆچەك تاموژنا قانۇنلىرى دېگەنلەرنى تىتىۋېتىش كېرەك. ئاغىنىلەر، ئاكوپلاردىن يۈگۈرۈپ چىقىپ «ئۇررا» بىلەن يۈگۈرۈشتە بىز ئالدىدا ئىدۇق، بۈگۈن قولىمىزغا ئاپتومات، گىرانات ئورنىغا قەلەم، سىيا ئالىدىغان دەۋر كەلدى. فرونت ئۆزگەردى. لېكىن بىز ئۆزگەرمەسلىكىمىز كېرەك، بىز مەڭگۈلۈك قەھرىمان بولۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ فرونت قوماندانلىرى: ژۇكوۋ، مالىنوۋسكى، روكوسوۋسكى، چېرنىخوۋسكى، كونىۋ ... دوربوخىن، پېتروۋ... (1) توغرىمۇ ئالىمجان؟ ھە راستلا، سىلەرگە تونۇشتۇرۇشنى ئۇنتۇپتىمەن، بۇ پەگادا ئولتۇرغان يىگىت مېنىڭ ھەدەمنىڭ ئوغلى، غۇلجىدا يېزا مۇئەللىمى، ئەمما ھەر قانداق شەھەر مۇئەللىمىنى، ھەر قانداق زىيالىينى چوقۇم ۋالىدۇ، بىلىمى بويىدىن چوڭ. بەيگىدە دائىم بىرىنچى بولۇپ كېلىدىغان ئات. مانا مۇشۇنداق خىيالچان، يەر تىكىشىغاق، ئۆزىنى تىكىشىغاق كېلىدۇ. ھە ئالىم، گېپىم نەگە كەلگەنىدى؟ توغرا، ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىنىڭ فرونت قوماندانلىرى، لېكىن ئۇلار شەرقىي فرونتنىڭ. ئەمدى غەربىي فرونتقا كەلسەك ئامېرىكىلىق ماشىر، ئېزىنخائۇئېر، گېئورگى، س. بادۇن، ئەنگلىيىلىك ماڭگىمالى (ماكمالىر دېمەكچى) لار بولسۇن، نېمىسلاردىن گىتلېر، گىملېر، گىررىن، گىبلىس، گوتلىئان قاتارلىقلار بولسۇن ھەممىسىلا ھەم ملىتىق، ھەم قەلەم تۇتالايدىغان رەھىمسىز سىياسەتچىلەردىن ئىدى. ئۇلار شان ـ شەرەپ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى دەسسەپ ئۆتۈپ، يامغۇردەك ئوقتا قارشى ماڭالايتتى، مۆرىتى كەلگەندە ئۆز دۆلىتىگە ۋەكىل بولۇپ دۇنياۋى سۆھبەتلەرگە قاتنىشالايتتى. ھىندىئانلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن قىرغان گېنراللارمۇ دائىم «ئەركىنلىك»، «دېموكراتىيە»، «مېھرىبانلىق» دېگەندەك تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلەشكەن. مانا بۇ بىر ھەربىي باشلىقنىڭ خۇسۇسىيىتى. مەن بۇ مىساللار بىلەن دېمەكچىمەنكى، دۆلىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ ئار ـ نومۇسى ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا ئوق ئاتتۇق، ئەمدى، سىياسەت، گەپ، تارىخ بىلەن دۈشمەنلىرىمىزگە ئوق ئاچىدىغان دەۋر كەلدى. مەن ئانچە ـ مۇنچە ئىزدىنىپ يۈرۈپ «ئانچە ـ مۇنچە تارىختىن ساۋاتلىق بولۇش» پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ «كونا چار پادىشاھىنىڭ شەرققە قىلغان تاجاۋۇزى ۋە

(1) سوۋېت ئىتتىپاقى گېنراللىرى ـ ـ ـ.

كبگەيمىچىلىكى» دىگەن تىمدا ئىلمىي ئەسەر يېزىپ چىقتىم. ئۇنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇشتىن بۇرۇن سىلەرگە ئوقۇپ بەرمەكچىمەن. ئاڭلاپ پىكىر بېرىڭلار، قىنى ... ھە، ئالىم مۇتۇ ماتېرىيالنى ئوقى، بىر سائەت ھاراق ئىچىش توختاپ تۇرىدۇ ئەمىسە.

ئەلا تۈزى يازغان بەتلەرنى ئەلەم ۋە ئازاب بىلەن ۋاراقلاپ، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇغانسېرى ماقالىدىكى تۈقتىشنەزەر بىلەن پاكىت، ئىسپاتلارنىڭ ماسلىششىشى، تىلىنىڭ راۋان، يېقىملىقلىقى، ئىلىنغان نەقىللەرنىڭ يېڭى ۋە چىنلىقى بىلەن بۇ ئەسەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ ئەمەس، ئەلانىڭ تۈزىنىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئەسەر تولىمۇ ياخشى يېزىلغانىدى. بىر يېرىم سائەتكىچە ھېچكىم قاتتىق تىنمىدى. تاماكا چەكمىدى. خۇددى «ئەتەيياتۇ» دا ئولتۇرغاندەك تۇلار بىرلا تۇقتا— ئەلانىڭ ئاغزىغا قاراپ قاتۇرۇپ قويۇلغاندەك جىم ئولتۇرۇشتى. ئەسەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن تۇلار تەڭلا ماختاشتى:

— پاھ، نېمە دېگەن قالتىس!

— نېمانچە بىلىملىك ئادەم ھەي بۇ!

— بىر قاتوم بومبىسىغا تەڭ، بۇ ماقالە ئېلان قىلىنسا چوقۇم ھېچ بولمىسا ئىككى قېتە تىترەيدۇ.

— ھەممىدىن قالتىس پاكىتلار!

— بىرەر يۈز پارچە قوشۇمچە كىتابنىڭ ئىسمى تۇرىدۇ. جىق ئەجىر قىپسىز!

— ...

— دېمەك بازارلىقى بار مال بوپتۇ دەڭلا، — دېدى «خوجايىن» سىلكىنىپ تۇرۇپ رىيتىملىق كۈلۈپ، — قېنى ئەمىسە ئىچەيلى، مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

— ئەڭ ياخشىسى قىرلىق ئىستاكاندا كۆتۈرەيلى!— دېدى ئەلا ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — مەن تولىمۇ خۇشال، تۈزەمنى باسالمايۋاتىمەن!

ھەممىسى كۈلۈشتى. لېكىن ئەلا ئازابتىن ئىچمەكتە. تۇ «خوجايىن» نىڭ «غەلىبىسى» دىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلدى. «ماقالە مېنىڭ، ھەتتا تۈنىڭ بايىقى سۆزلىرىمۇ مېنىڭ، — دەپ ئويلىدى تۇ قىرلىق ئىستاكاندىكى ھاراق بىلەن مەس بولۇپ، — مەن باشقىلارغا ئەقىل-ئاۋاز، بىزەك بولۇش ئۈچۈن بىلىم ئالدىممۇ؟ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە كۆتۈلۈۋاتقان بولسام بۇ يەرنىڭ ھاشىر ياتقان تۈرمىدىن پەرقى نېمە؟»

— قىرلىق ئىستاكان ياشىسۇن! — دېدى تۇ ئىككىنچى ئىساكاننى بوشىتىپ، — ھۆرمەتلىك ئاكىلار، مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار، مەن مەس ئەمەسمەن، مەن ھاياجاندا، ماڭا دۇتتار بېرىڭلار، مەن سىلەرگە مۇقام ئېيتىپ بېرىمەن!

«خوجايىن» قاقاھلاپ كۈلۈپ ئۇنىڭغا دۇتتار تۇتقۇزدى ۋە ئۇنى دىۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ مۈرىسىگە قولىنى قويدى:

— ئېيىت قىرىندىشىم، مەيلى سىرىق بولسىمۇ، كۆڭلىڭنى ئېيت، بىز تەنقىدىي قارايمىز. ھەممىمىز ئاڭلىق، جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈلسە مانا مەن تەييار!

— سىرىقنى ئاڭلايلى!

— «ئەكسىيەتچى» بولسىمۇ مەيلى تۈكام!

ئەلا دۇتتارنى «مۇشاۋرەك» مۇقامىغا چالدى-دە، خۇددى دۇتتار سىيېدىن بىر مەخپىي ئاۋاز ئاڭلىماقچى بولغاندەك قۇلاقلىرىنى ساپىقا ياقتى. دۇتتار بىر خىل جەلپ قىلغۇچى، مۇڭلۇق سادا بىلەن تۈزىگە تىل بەرگۈچى قول ئىگىسىنى بەزلىمەكتە، پۈتۈن ئالەم خورلۇقنى ئىچىگە يۇتۇپ جىسمىلىرى ئاللىقاچان چاڭ-توزانغا ئايلانغان بولسىمۇ روھى دىللاردا، تىللاردا، سامادا ساقلانغان ئاتا-بوۋىلىرىدەك سەۋرلىك، چىدامىلىق، ئىرادىلىك بولۇشقا ئۈندىمەكتە ئىدى. تۇ چىن دوستى — دۇتتارنىڭ سۆزى بىلەن مۇڭلاندى. روھلاندى-دە، ھاياجان بىلەن مۇقام باشلىدى:

غېرىبدۇرمەن بۇ دۇنيادا، مېنىڭدەك بىناۋا يىغلار،
مېنىڭدەك بەختى قارانىڭ، ھالىگە بەختى قارا يىغلار...

..............

— ئاپىرىن، ئاپىرىن!

— مۇڭ، مۇڭ! ...

— تۈلەي، تۈلەي! ...

ئۇزۇندىن. بىرى مۇنداق مۇڭلۇق ناخشا ئاڭلاپ

باقمىغان، ئەتىدىن كەچكىرگىچىلا يۇقىرى ئاۋازلىق «ئىنقىلابىي ئۆلگىلىك تىياتىرلار» ناخشىسىنى ئاڭلاپ، سەنئەت، ھېسسىيات قوبۇل قىلىش نېرۋىلىرى «داتلاشقان» ئولتۇرۇش ئەھلى ئاۋۋال جۆجۈپ بىر ـ بىرىگە قاراشتى. كېيىن بىردىنلا جانلاندى، تولارنىڭ يۈرەكلىرى ئويغاندى، بەدىنى يايرىدى، كۆزلىرى ياشلاندى. ئۇلار مۇقام ئەۋجىگە دوست تارتىشىپ يۇقىرىدەك قىسقا سۆزلەر بىلەن ئۆز ھاياجانلىرىنى بايان قىلىشتى. مانا مۇقام ئاخىرلاشتى، مۇقامچى يۈرىكى تىترىگەن، ۋۇجۇدى ئېرىگەن، كۆز يېشىنى ئارانلا تۇتۇپ ئالالىغان ھالەتتە شائىرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان مىسرالارنى مۇڭ بىلەن ئوقۇدى:

جىمى ئاشىقلىرنىڭ بىر تەن، بۇ مەشرەپ بىر تەرەپ تۇرسۇن،
خۇدايىم قازى بولغاندا غېرىب مەشرەپ ئەرزۇ ساڭا يىغلار! ...

......................

مۇقامدىن كېيىن داستانلار باشلاندى. ئەلا «يۇسۇپ ئەھمەد» داستانىدىن ئاجايىپ بېيىتلەرنى ئوقۇدى. تىڭشىغۇچىلارنىڭ بىرلىرى ئېڭەكلىرىگە تايانغان، بىرلىرى چوكا تۇتقان، بىرلىرى رومكا ئالغان ھالدا خۇددى سۈرەتتە قېتىپ قالغاندەك تۇرۇشۇپ ناخشا تىڭشىماقتا:

يامانلەرنى قويۇپ بولماس رايىگە،
ئۆزى بىلەن سالۇرلەر غەملىك جايىگە.
مۇھەببەتلىك مېھمانلار كەلسە ئۆيىگە،
كۆچۈك ئىتتەك قاۋاشىپ ھالىن بىلدۇرۇر.

دېگەن مىسرالار ئوقۇلغاندا ئۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، باش لىڭشىتىپ قويۇشتى.

ئەلا ناخشىسىنى «مۇشاۋرەك» نىڭ ئاخىرقى مەرغۇلى بىلەن تۈگەتتى. «خوجايىن» ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بايىقى ئىستاكانغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى ـ دە، ئەلاغا سۇنۇپ:

— يارايسەن، مەن سېنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشىنىۋاتىمەن: «كىتاب خالتىسى» دىن مۇنچىلىك مۇڭلۇق سادا چىقىشىنى ئويلىماپتىكەنمەن! قېنى ئىچە، بىراقلا! — دېدى. ئەلا كۆتۈرۈۋەتتى. ئولتۇرۇشتىكىلەر ئۇنىڭغا بىرمۇبىر قەدەھ تۇتتى. ئەلا ھېچ نەرسىنى سەزمەي ئارقا ـ ئارقىدىن رومكىلارنى بوشاتتى ...

ئىككى كۈندىن كېيىن «خوجايىن» ئۇنىڭ يېنىغا خۇشال ھالدا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۈستەلگە بىر كاللەك پۇلنى قويدى:

— ئىلى ھەربىي رايون ئارقىلىق ناھىيىدىن سېنىڭ بەش ئايلىق مائاشىڭنى ئالدۇردۇم، قورقما، سېنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭنى تولار بىلمەيدۇ. ئالاقە ـ بۇيرۇق بىلەنلا ھەل قىلدىم. ئىككى ئايلىق مائاشىڭنى زۇليانىڭ ئۆيىدىكى كىچىك ئاپاڭ بىلەن قىزىڭغا بەردۇق. قالغىنىغا ئۆز يېنىمدىن ئىككى يۈز يۈەن قوشتۇم. بۇمۇ سېنىڭ ئىش ھەققىڭ. تولا گەدەنكەشلىك قىلما، ئال، ئارتىماڭغا سال، سەن «قۇتادقۇبىلىك» توغرىسىدىكى ئەمگىكىڭنى قىلىۋەرگىن، كەلگۈسىدە بۇ ئىشلار ئىشلىنىدۇ. بىز ماۋزۇ ئىنقىلابنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئىلىم ـ پەن، قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىمىز. مەن ئەدەبىيات، تارىخ تەتقىقاتىغا ئاجايىپ قىزىقىمەن، مېنىڭ ئاخىرقى ئۆمرۈمنى تەتقىقات بىلەن ئۆتكۈزۈش نىيىتىم بار، سەن ماڭا يەنە تۇرغۇن خىزمەت قىلىپ بېرىسەن تېخى!

شۇ گەپ بولۇپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئەلا ھەربىيچە كىيىندى. بەلگىلىرىنى ئاقىمدى. ئۇ سومكىسىغا خاتىرە ۋە بىر نەچچە لازىملىق كىتابلار بىلەن ئىشلىگەن كارتوچكىلىرىنى سالدى ـ دە، ئۆيىدىن چىقىپ لاۋلىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. لاۋلى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى:

— سىزنى يوقلاپ بارالمىدىم، تېخى ئىككى كۈن بولدى «ئۆگىنىش كۇرسى» دىن چىققىلى، يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، سىزنى يوشۇرغىنىمىز ئۈچۈن خېلى تۇتۇلدۇق. ھېلىمۇ سىزنىڭ «خوجايىن» ىڭىز ئارقىلىق رەھبەرلەرگە ئەھۋالنى ئەينەن چۈشەندۇرۇپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە پېشكەلدىن قۇتۇلدۇق.

— سىلەرگە كۆپ رەھمەت، — دېدى ئەلا ئورنىدىن ئولتۇرۇۋېتىپ، — لاۋلى، مەن خۇشلاشماقچىمەن.

— كىم بىلەن؟

— سىز ۋە «خوجايىن» بىلەن. مەن كەتمەكچى، «خوجايىن» كەتكىنىمنى بىلمەيدۇ. خەير ـ خوش، لاۋلى.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى، لاۋلى ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ كۆز

ئەينىكنى تۈزەشتۈردى:

— نەگە، قانداق كەتمەكچىسىز؟

— بۇ تەرەپلەرنى بىلمىگىنىڭىز ياخشى، خۇش لاۋلى!

لاۋلى هاڭ-تاڭ بولۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، لېكىن ئۇ قاراڭغۇزالدىن چىققىچە ئەلا كۆزدىن غايىپ بولدى...

... ئون نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ تەڭرى ئېغىنىڭ گۈرساي ئېغىزىدا پەيدا بولدى. تاغ قاپتىلىدىكى ئىتلار هاۋشۇۋاتقان مەھەللىگە قاراپ هارغىن ئاياغلىرىنى ئەستە يۆتكەپ ئاستا ماڭدى...

مەھەللىنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈپ ئىتلىرى جىمىققاندا ئۇ هويلا چاقىسى ئۇلۇغ ئوچۇق ئۈينىڭ ئالدىدا توختىدى. هويلىدىكى ئىككى ئىت ئېتىلىپ چىقتى، ئەلا چاقسا يېنىدىكى توتۇر بېشىغا چىقىپ قولىغا ئۈزۈن كۆسەيىنى ئېلىپ ئۇزنى مۇداپىئە قىلدى.

— بۇ كىم؟ — «قاسقىر ئاۋۇز» نىڭ تونۇش ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئاقتۇش، مەھ، مەھ!

— بۇ مەن، مەن ئەلا!

— ئەلامۇ سەن؟ — دەپ ئالدىراپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى «قاسقىر ئاۋۇز» كالاچ سىپۇلغان ئاياغلىرى بىلەن شىپىلداپ مېڭىپ، — هاياتمۇ سەن؟ سېنى ئېسىتىپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدۇق، خۇداغا شۈكرى ئامانكەنسەن، قېنى ئۆيگە.

ئۈچ كۈندىن كېيىن «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنى تەڭرى ئېغىنىڭ يالغۇز ئاياغ يوللىرى بىلەن باشلاپ ئۇزاق ماڭدى. كەچقۇرۇن تىك يار بويىدىكى تاش غارنى ئۆي قىلىپ ئىككى يۈز ئۇياق قوي، بىر نەچچە كالا، ئات بىلەن قىشلاۋغا ئورۇنلاشقان دوستىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ چىقتى. «قاسقىر ئاۋۇز» دوستىغا جېكىدى:

— ياخشى باقسەن، كىم ۋە نەدىن كەلگەنلىكىنى سورىمايسەن، مەن پات-پات كېلىپ تۇرىمەن، بۈگۈن بىز ساڭا قوناق، مېلىگىنى ئەكەل، پەتە بېرەيلى، ئاۋۇ خۇرجۇندا خوتۇنىڭ بىلەن بالىلىرىڭغا سوۋغا-سالام بار.

ئەلا بۇ ئۆيدە بىرىنچى ئىشنى ئۇيقۇدىن باشلىدى. ئۇ خۇددى پۈتۈن بەخت-پېشانىسىنى ئۇيقۇغا ئاتىغاندەك، دۇنيا ۋەسۋەسىلىرىدىن خالى بىغەم دېھقاندەك مەش يېنىدىكى قېلىن كۆرپە ئۈستىدە نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىدى.

بىر نەچچە كۈندىن كېيىن «قاسقىر ئاۋۇز» ئۇنى يوقلاپ كەلدى:

— ئەمدى مەھەللىگە بارساڭمۇ بولىدۇ. خۇداغا شۈكرى هېلىقى خىزمەت گۇرۇپپىسى كەتتى. مەھەللىنىڭ ئەڭ چوڭ خوجايىنى يەنە ئۆزۈم بولۇپ قالدىم، — دېدى ئۇ يېنىك نەپەس ئېلىپ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

(بېشى 176 - بەتتە)

هۆددىسىدىن چىقالمىغان يازغۇچىنى ئۇ ئىگىلىگەن ئەڭ قىزىقارلىق ۋەقەلەرمۇ، ئۇ ئۇگەنگەن ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرگە ئەڭ باي شەخسلەرمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلمەيدۇ. بەزى ئاپتورلار گويا ھەممە ئىش ۋەقەلىكنىڭلا قولىدىن كېلىدىغاندەك، كەچكىچە ۋەقەلىك قوغلىشىپلا يۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، هېكايىنىڭ سۈپىتى. ئاساسلىقى، يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماھارىتىگە باغلىق.

خالىدە ئىسرائىلنىڭ «ئېغ، هايات» ناملىق هېكايىسىدا كىتابخانلارنى هەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ-غارايىپ، مۇرەككەپ ھەم چىگىش ۋەقەلىكلەر ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى ئىشلار بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر يېزىلغان. لېكىن ئاپتور هېكايىدىكى ھەربىر كۆرۈنۈش، ھەربىر ھەرىكەت ۋە ھەربىر تەپسىلاتنى ئىنتايىن ئىنچىكە ھەم چوڭقۇر تەسىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇھىت بىلەن پېرسوناژلار جانلىنىپ، هېكايىنى بىر خىل شېئىرىي پۇراققا ئىگە قىلغان. ئاپتورنىڭ بەدىئىي ماھارىتىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە «ئېغ، هايات» ناملىق بۇ هېكايىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرۇۋاتقان مۇھىم ئالاھىدىلىك مانا مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

مەن خالىدە ئىسرائىلنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى ئېچىمۇ تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىگە خاس ئىجادىي يولدا دادىل مېڭىپ، روشەن ئۇسلۇبقا ئىگە هېكايىلەرنى كۆپلەپ ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.




(پوۋېست)

ئېزىز ساۋۇت



يازغۇچى ئېزىز ساۋۇت 1943- يىلى ئاقسۇ شەھرىدە تۇغۇلغان. قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ھازىر «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئېزىز ساۋۇت 1959- يىلدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيتى، كېيىن ھېكايىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھەرقايسى گېزىت- ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ھېكايىلىرى ۋە «خانەگىرى قىزى»، «گۈزەللىك يۇلتۇزى» قاتارلىق پوۋېستلىرى بېسىلغان. «مۇھەببەت ناخشىسى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنغان. «كاككۇك گۈلىنى ئەسلەپ» ناملىق ھېكايىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئوتتۇز يىللىق ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «قوشنىلار» ناملىق ھېكايىسى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيۇشتۇرغان يېزا ئىگىلىك تېمىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

## بىرىنچى باب قايتىش

ئويناق دولقۇنلىرىدىن ئاپئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ، بىر كىلومېتىر كەڭلىككىچە يېيىلغان ھالدا، يىراق- يىراقلارغا سوزۇلۇپ ئېقىۋاتقان ئاقسۇ دەرياسى.

تومۇز ئايلىرى كىرگەندىن بۇيان، شىمالدا ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تەڭرىتاغلىرىنىڭ قار- مۇزلىرى ئېرىپ، بۇ ئەزىم دەريانىڭ ئىككى قىشى لىپمۇ- لىپ لايقا سۇلاغا تولغانىدى. قارىماققا دەريا تاغ باغرىدىن ياپيېشىل چىمەنلىكلەرگە تارتىلغان كۈمۈش ئارغامچىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئەگرى- بۈگرى ئېقىنى تەكلىماكان باغرىغىچە سوزۇلۇپ، پايانسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غايىب بولاتتى.

نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى، دەريا دولقۇنلىرىدا ئىمىر- چىمىر بولۇپ يالترايتتى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى بويلاپ ئۇزاقلارغا سوزۇلغان ياپيېشىل چىمەن- ئوتلاقلار ساسلىقلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن گۈزەل دەريا ساھىللىرى، مۇنبەت ساغۇچ تۇپراقلىق داللار، كېۋەز، قوناق، شال... قاتارلىق زىرائەت مايسىلىرى بىلەن ياپيېشىل ياشناپ كەتكەن ئېتىزلار، بۇغدايلىرى يىغىلىپ بولغان ئېڭىزلار... باغرىنى قۇياشقا قاقلاپ ياتاتتى. ھەر خىل مېۋىلەر بىلەن تولغان غۇجمەك- غۇجمەك باغلار. باغ ئارىلاپ غىل- پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان، يىگىچە

ئۇسخىلاردا سىلىنغان دېھقان تۈيلىرى، كىشىنىڭ قەلبىدە لەززەتلىك زوق قوزغايتتى.

ئاپتاپتا كۆيگەنلىكتىن، ئەسلىدىكى ئاقىقا مايىل چىرايى، مىس رەڭگىگە ئۆزگەرگەن، كەڭ يۈزلۈك چىرايىدا پەرۋاسىزلىق، ئويچانلىق بىلىنىپ تۇرغان، سول قۇلىقىنىڭ ئاستىدا بىر تال قارا مېڭى بار ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى گەۋدىلىك، كېلىشكەن بىر يىگىت دەريا كۆۋرۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ كەلدى-دە، ھەر خىل گۈل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. بىتون سالاسۇنىغا كېلىپ يۆلەنگىنىچە:

— ئۇھ! — دېدى ۋە چاپىنىنىڭ پېشى بىلەن يۈزلىرىدىكى تەر، چاڭ-توزانلارنى سۈرتتى. يىگىتنىڭ بېشىدا كىرلىشىپ كەتكەن چاقماق گۈللۈك نىلون كەپكە، ئۈچىسىدا كونىراق شىم، چاپان بار ئىدى. ئۇ ئۈشىسىدىكى خالتىسىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا قويدى-دە، ئەتراپقا — يېشىللىقلار بىلەن تولغان دەريا ساھىلىگە كۆز سالدى. يول ئازابىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى يۇرتىنى سېغىنىشتەك يالقۇنلۇق ھېسسىياتنىڭ تەپتىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئاغزىنى چوڭ ئاچقان ھالدا، ياز نېمەتلىرىنىڭ خۇش ھىدلىرى بىلەن تولۇپ، دەريا ئۈستىدىن سىرغىپ كېلىۋاتقان نەم ھاۋانى ئاچكۆزلۈك بىلەن سۈمۈرۈشكە باشلىدى.

يىگىت كۆكسىنى بىر ئاز باسقاندىن كېيىن، دەريانىڭ جەنۇبىي ساھىلىغا سەپسالدى. ئۇ چاغدا چىرايىدا ھاياجانلىق كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. چۈنكى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتى — يېزىسى مۇشۇ قەدىمكى تۇلۇغ دەريانىڭ ئەنە شۇ جەنۇبىي ساھىلىدە — بوستانلىقلار بىلەن قاپلانغان كەنتلەرنىڭ بىرىدە ئىدى.

«سۆيۈملۈك يۇرتۇم ئامان-ئېسەن تۇرغانسەن؟!» دەپ پىچىرلىدى يىگىت قەلبىدىكى سېغىنىش ھېسسىياتىنى باسالمىغان ھالدا. ئۇ بۇ يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرسان-مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ئون ئۈچ يىل داۋامىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسى، بەللە ئويناپ چوڭ بولغان تەكتۈش يارەنلىرى كۆز ئالدىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى بولمىدى. ئاخىرى ئۇنىڭ يۇرتىغا قايتىدىغان ۋاقتى-سائىتى توشقانىمىدىكىن بۇ تۇرمۇشقىمۇ خاتىمە بېرىلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىپ قالدى.

بىر كۈنى ماخمۇت (بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى ماخمۇت ئىدى) قۇمۇلدىن قايتىشىدا ئۈرۈمچى — داخىيەن ۋوگزالىغا چۈشتى. بۇ يەردە بىرقانچە كۈنلۈك يۈك چۈشۈرىدىغان ئىش تاپتى. كەچتە ئىشتىن ھېرىپ كېلىپ بىكەت ئالدىدىكى چايخانىغا كىردى-دە، بىر بۇلۇڭنى ئىگىلىدى. چايچىدىن بىر چەينەك چاي ئېلىپ، قۇمۇلدىن ئېلىۋالغان، قېتىپ كەتكەن نېنىنى چايغا چىلاپ يۇمشىتىپ يېيىشكە باشلىدى.

چايخانا تولىمۇ ئاۋات بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەر، شوپۇر دەمسىز، دېھقان ياكى ئىشچى دەمسىز... ئىش قىلىپ ھەر خىل ھەر مەقسەتتىكى ئادەملەر كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ كەچقۇرۇنلىرى ۋاڭ-چۇڭلۇق پاراڭغا تولغان، دەملەنگەن قارا چاينىڭ مەززىلىك ھىدى قاپلاپ كەتكەن ھورلۇق-بۇسلۇق بۇ چايخانا شۇنچە كۆڭۈللۈك ئىدى.

ماخمۇت ئادىتى بويىچە ھېچقانداق پاراڭلارغا قۇلاق سالماستىن چېپىنى ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا، سۆپىنىڭ قىرغىقىغا جايلىشىپ چاي ئىچىشكەن ھالدا سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىككى دېھقاننىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىشقا مەجبۇر بولدى.

جەنۇبلۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان بۇ كىشىلەر ئۆز يېزىسىدىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە بۇ يەرگە كېلىپ قىلىش سەۋەبلىرى ھەققىدە پاراڭلاشماقتا ئىدى.

— جاھان ئۆزگىرىشلىۋاتىدۇ جۇمۇ، — دەيتتى پىيالىغا نان تۇگۇرىۋاتقان قويۇق چاڭگا ساقال، بادام دوپپىلىق، بەلبېغىغا يىگسارچە غىلاپلىق پىچاق ئېسىۋالغان، ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى ئاغزىدىكى نانىنى كالاشلىتىپ چايناپ تۇرۇپ، — راستنى راست دېمەي بولمايدۇ. مەن بولۇشىمىز مۇشۇ ئوخشايدۇ دەپ، جاندىن ئۈمىدىمنى ئۈزۈۋېتىشۈپدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە دېھقان دېگىنىڭگە يەنە ئامەت

كەپقالدى. پارتىيە ھالال ئىشلەپ باي بول دەۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئوشۇق گەپمۇ بولماس ئەمدى، يەنە تونداق - مۇنداق دېسەڭ تۇز كور بولۇپ كېتىمىز جۇمۇ، تۇزكور.

— راست ئېيتىلا ھەقەمسايىم، — دەپ گەپكە قوشۇلدى ئۇنىڭ بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ چاي ئىچىۋاتقان شاپاق دوپپىلىق، شاپ بۇرۇت، قىرىق بەشلەر چامىسىدىكى يەنە بىرى، — بىزنىڭ يۇرتىمۇ شۇ گەپ. مانا مەن ئۈچ يىل بۇرۇن ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، ئىككىلەنمەي يەر، سايمان ئېلىپ بېشىمنى ئىچىمگە تىقىپ ئىشلىۋېدىم، ھوسۇل ئېشىپ قالدى. قايىلىسىلا، كادىرلارمۇ دېگىنىدە تۇردى. ئېخى توختامدىن ئاشۇرغان دەپ، پۇل، رادىئو دېگەندەك نېمىلەر بىلەن مۇكاپاتلاۋاتمامدۇ، كېيىنكى يىلى مانا ئەمسە دەپ خوتۇنۇم - بالىلىرىمنى ئۇلاشتۇرۇپ چىقىپ تازا ئىشلىدىم. ھوسۇل قوشلاپ ئېشىپ قالدى، باللىنىڭ ئۈچىنىسى يېگىلىنىپ، قولىمىزغا بەش - تۈت مىڭغىچە پۇلمۇ ئېشىپتۇ، بۇ يىل ئەمدى كادىرلار، سەن ئىرىشچانكەنسەن، تۇقتىلىق ئائىلە بولساڭ دەيدۇ، بېشىمغا ئىش تاپتىمغۇ دېدىم ئىچىمدە، شۇڭا ماشىنا ئېلىش كويىدا بۇ يەرلەرگە چىقىپ قېلىشىم، قايىلىسىلا مائىشنى ھى... ھى... ھى... — ئۇ، زوقلىنىپ كۈلۈپ كەتتى.

— بەللى، مۇنداق دېسىلە، خېلىلا باي بولۇپ قاپلا ئەمسە.

— ئۆزلىرىمۇ بۇ تەرەپكە بىرەر مۇددىئا بىلەن چىققان چاغلىرى ھەقەمسايىم؟

— شۇنداق بولمامدىغان، ئۆزلىرىگە ئوخشاش پۇل خاپىلىقى، قوغۇن - تاۋۇز تېرىماقچى بولۇپ، قىرىق مو يېنىم ئېچىۋېدىم ئۈنمەي تۇرۇپ ئېخى تاھىيىلىك كوپېراتىپ بىلەن دىڭگۇار تۈزۈپ قويدۇم. ئۇلار ئالدىن قەرز پۇل بەردى. قومۇل قوغۇنىنى داڭلىق دەپ ئۇرۇق ئىزدەپ چىقىشىم، ۋەدىلەشكەندىكىن ھۆددىسىدىن چىقالمىساڭ جېرىمانىسىمۇ باركەن جۇمۇ! كوردىلىمۇ ما چاتاقنى غوجام...

ئىككىلىسى ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

بۇ گەپلەرنى جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلىغان ماخمۇتنىڭ ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ ئارىلاش ئىترەك ئولاشتى. ئەندىش بىلەن كۆزىنى چەكچەيتكىنچە ئىككى يېنىغا قارىۋېدى، قالغان كىشىلەر غېمىدە يوق. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قوشۇلۇپ، كۈلۈپ ھوزۇرلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ.

«نېمە داۋاندۇ ماخەق، خاتا ئاڭلىمىغاندىمەن، ھېلى ھۆكۈمەت ئادەملىرى كېلىپ ئېلىپ كېتىدۇ جۇمۇ، ماخەقنى». ئۇ بۇلۇڭغا تېخىمۇ تۈگۈلۈپ ئىككىسىنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ خۇشال پاراڭلىرى داۋاملىشىۋەردى. ھۆكۈمەتنىڭ بىرەر ئادىمى كېلىپ ئۇلارنى سوئال - سوراق قىلمىغىنىنى كۆرۈپ، يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئۇنىڭدا بۇ يېڭى گەپلەرگە قىزىقىش قوزغالدى - دە، بۇلۇڭدىن چىقىپ تارتىنغان ھالدا:

— ئاكىلار، ئەجەپ گەپلەرنى قىلىشىلىغۇ؟ بۇ گەپلەرنىڭ تېگى - تەكتىنى مەنمۇ بىلىۋالاي، — دېدى. ئۇلار يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، قىزىق كېتىۋاتقان سۆھبەتنى بۇزغان بۇ جۇل - جۇل كىيىملىك يىگىتكە گۇمان بىلەن قاراشتى.

— ئوكام، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ شۇ يىللاردىكى تىلىڭ تىگچىلاردىن بولۇپ قالمىغىن يەنە! بولساڭمۇ ئەمدى ئۇ سوداڭ ئاقمايدۇ جۇمۇ!

— ھا... ھا... ھا...

چايخانا ئىچىنى قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى بىر ئالدى. ھەممەيلەن كۈلكە بىلەن تەڭلا ماخمۇتقا قاراشتى. ماخمۇتمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى - دە:

— يوقسۇ، تونداق ئەمەس، تونداق ئەمەس! — دېدى، — مەن بولسام بىر كۆڭۈل ئاغرىقى سەۋەبىدىن يۇرتۇمدىن قاڭقىپ چىقىپ قالغان بىر مۇساپىرمەن. ئون ئۈچ يىلدىن بېرى جاھان ئىشلىرىدىن بىخەۋەر، قەيەردە قورساق تويسا شۇ يەردە كۆكلەپ، كۆڭۈل تىنچلىقىنى ئىزدەپ يۈرىمەن.

— ھە، مۇنداق دېگىن، — دېدى شاپ بۇرۇت ۋە پىيالىگە چاي تولدۇرۇپ ماخمۇتقا سۇندى، — ھە،

بىر ئوتلىغىنا، يۇرتتىن ئايرىلغان مۇساپىرمەن دېگىن، قانداقسىگە شۇنداق بولۇپ قالدىڭ. ئۇكام، شۇ كەمگىچە يۇرتۇڭغا بىر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىڭمۇ؟

— ياق، كۆڭلۈم تولىمۇ ئاغرىپ كېتىۋېدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئۇ يەردە ھېچكىمىم قالمىغان ئەمەسمۇ، شۇنداقتىمۇ ئۆزى تۇغۇلغان يەرنى سېغىنىدىكەن كىشى.

— سېغىنمامدىغان ئۇكام، سېغىنمامدىغان، تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز ئەمەسمۇ.

چايخانىمۇ ئىمتاس بولۇپ قالدى. ئەمدى ھەممىنىڭ دىققىتى ماخمۇتقا بۇرالغانىدى.

— ئۇكام يۇرتقا قايتمىغىدەك شۇنچە ئېغىر كۆڭۈل ئاغرىغىمىدى ئۇ؟

ماخمۇت دەسلەپتە ئېغىر «ئۇھ» تارتتى. ئاندىن چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ ئولتۇرغانلارغا ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ھېكايە قىلىشقا باشلىدى.

## ئىككىنچى باب سەرگەردانلىقتا سەۋەب بولغان ئىش

1967 - يىلىنىڭ ئاپرېل ئايلىرى.

دادۈي ئىشخانىسىنىڭ چوڭ ئۆيىدە يىغىن ئېچىلىۋاتاتتى. چۈشكە يېقىن يىغىلىپ بولۇشقان دادۈي، ئىشلەپچىقىرىش دۈي كادىرلىرى ئۆينىڭ توغرا كەلگەن يېرىگە، بەزىلىرى داق يەرگە، بەزىلىرى ئۆزۈنىغا قويۇلغان قوپال بەندىڭلارغا ئۆزلىرىنى تاشلاپ، ھارغىنلىق ۋە زېرىكىشلىك كەيپىيات ئىچىدە ئولتۇرىشاتتى.

— بۇ مەسىلە، — دەيتتى ئەكبەر كەيپسىز ئولتۇرۇشقان كىشىلەرگە تەكشى قادىلىپ، — ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، ئۇنىڭ مۇھىملىقى شۇكى...

ئەكبەر ھەر بىر جۈملىنىڭ ئارىلىقىدا «ھە! ھە!» دېگەن تەھدىت ئىپادىلىرى چىقىپ تۇرغان قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن، سۆزىنى داۋام قىلىۋاتقاندا، كۆزى ئۇيۇقسىزلا، ئۇرقىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايدىغان، جىددىي، تەمكىن چىراي، ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى ئۇچكە ساقال بىر كىشىگە — مۇشۇ دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى تۇختىكامغا چۈشتى. ئۇنىڭ تەرسالىق ئالامەتلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە دۈچ كەلگەن كۆزلىرى، تاشقا تاش ئۇرۇلغاندا چاچرىغان ئۇچقۇندەك چاقناپ كەتتى - دە، ۋۇجۇدىدا چۈچۈشتەك سوغۇق بىر سېزىم پەيدا بولدى. راستىنى ئېيتقاندا ئەكبەر نېمىشقىدۇر بۇ ئادەمدىن ئۆزىچە ئەيمىنەتتى.

تۆمۈر كۆك سارجىدىن ياراشتۇرۇپ «جۇڭسەنيۇ» فورمىسىدا شىم چاپان كىيگەن، ئارقىسىغا قايرىلىپ سىلىق تارالغان، ياللتراپ تۇرغان چاچلىرى، ئاق ئۇڭلۇك چىرايىغا خېلى ئىسكەت بېغىشلىغان، قارا قاشلىق، ئۇرقىدىن زىيادە مەنمەنلىكى چىقىپ تۇرسىمۇ لېكىن مەنتىقىلىق - يېقىملىق گەپ - سۆزلىرى كىشىنى ئۆزىگە ئىختىيارسىز تارتىپ تۇرىدىغان يىگىرمە ئۈچ ياشلاردىكى بۇ ياش يىگىت، ئىككى يىلىنىڭ ئالدىدا، تەرجىمان يېتىشتۈرۈش مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ مۇشۇ گۇڭشىنىڭ تەرجىمانلىقىغا تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇ ئالدىنقى يىلى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى كادىرلار بۆلۈمىدىن، مۇشۇ گۇڭشى پارتكومىنىڭ بىرىنچى شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن ياڭ جۇنىڭگە بىر مەزگىل تەرجىمانلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا ياراپ قالدى. «قاۋۇل ئىستىقباللىق ياش كادىر» دەپ ئاتالدى. شۇڭا ياڭ شۇجى بۇ يىل ئۇنى ئۆزى ئۇقتا قىلىپ تۇتقان مۇشۇ دادۈيگە ئۆزىگە ۋەكالىتەن ئىشلەشكە ئەۋەتكەنىدى.

ئەكبەر ئىككى - ئۈچ سېكۇنت تۇختىكامغا قاراپ تۇرۇپ قالدى - دە، ئۇنى مەنسىتمىگەندەك باشقا ياققا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

— بۇ قېتىم ياڭ شۇجى داجەيگە ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئۇقتىلىق جايلارغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ كەلدى. ئەمدى ئاشۇ تەجرىبىلەرنى گۇڭشىمىز دائىرىسىدە ئىزچىللاشتۇرماقچى، بولۇپمۇ دادۈيىمىزدە ئۇقتىلىق قىلىپ...

ئۇ سۆزلىگىلى بىر سائەتتىن ئاشقان بولسىمۇ ئەمەلىي ئىشلار توغرىلىق بىرەر نەرسە دېمەيتتى. ئۇ يەر، بۇ يەردىن خورەك ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كېچىلىرى ئەزالار بىلەن دولقۇن قوزغاپ چارچاپ كەتكەن دۆيجاڭلار، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇيقۇغا چۆشكەنىدى.

ئەكبەرنىڭ جۇدۇنى ئۆرلىدى. بىر تال تاماكىنى ئۇتاشتۇرۇپ ئاچچىق شورىغان هالدا:

— ئىنقىلابىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى بىلىۋېلىشقا تىرىشمايسىلەر، ئەتىدىن كەچكىچە ئۇخلاشنىلا بىلىسىلەر، ئۈۋەنگە بارغاندا يولىيورۇقنى ئىجرا قىلمايسىلەر، سىلەردەك گالۋاڭلار بىلەن قانداقمۇ دۆينىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ؟ هەي، قايسىڭلار خورەك تارتقان؟! — دەپ گۈركىرىدى. خېلىدىن بېرى ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرغان توختى شۇجى ئەمدى تاقەت قىلالمىدى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن، — بۇلاردىن ئاغرىنغىلى بولمايدۇ. بۇلار دېهقانچىلىق ئىچىدە ئۆسكەن ئادەملەر، ئەمەلىي ئىشلارغا ئۆتسەك قانداق؟!

— توختى شۇجى، — دېدى ئەكبەر بىر خىل تەكەببۇرانە كۈلۈمسىرەش بىلەن توختىكامنى زاڭلىق قىلغاندەك، — ئەمەلىيەتلا دەيلا، پارتىيە كادىرلىرى نەزەرىيە بىلمىسە بولامدۇ؟ شۇڭا، ئىشلىرىمىز مۇشۇنداق راۋاج تاپمايدۇ.

— بولدى، بولدى ئىنىم، قالغان گەپنى قويايلى، قېنى داجەيدىن ئۆگىنىشتە قانداق ئۆگىنىمىز، قايسى تەجرىبىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. شۇنى دېيىشمەيلىمۇ؟

— ئالدىرىمىسىلا، ئۇنىمۇ سۆزلىشىمىز تېخى، — دېدى ئەكبەر، ئۆزىدىكى هودۇقۇشنى بېسىشقا تىرىشىپ، — ياڭ شۇجى ماڭا بۇ نۆۋەت ئىككى تۈرلۈك مۇهىم ئىشنى هازىردىن باشلاپ ئىزچىللاشتۇرۇشنى تاپشۇردى، بىرى، داجەيچە ئېتىزلارنى ئومۇملاشتۇرۇشنى، بۇ جەھەتتە [illegible] ۋە بەشىنچى دۆيلەرنىڭ يەر ئورنى بىر ئاز ئېگىزرەك جايلاشقان، يەلەمپەي ئېتىزلارنى باساشقا قولايلىق، هازىردىن باشلاپ مۇشۇ دۆيلەرنى تۇتۇپ ئۈلگە يارىتىپ ئاندىن گوڭشې بويىچە كېڭەيتىش؛ ئىككىنچىسى، دادۇيىمىزنىڭ قۇرغاقچىلىق مەسىلىسىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن قۇمبىرىق دەرياسىدىن بىر باش ئېلىپ سايىنى يېرىپ ئۆستەڭ ئېلىپ، سۇ ئەپكېلىش. بۇ ئىش مۇندىن بۇرۇنمۇ ئېلىپ بېرىلغان لېكىن، مەسئۇل بولغۇچىلار ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسىگە توغرا يېتەكچىلىك قىلالمىغانلىقتىن ئارا يولدا تاشلىنىپ قالغان. ئەمدى بىز بۇ ئىشنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ، غەلبىلىك ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا تولۇپ-تاشقان ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىمىز بىلەن بەل باغلىشىمىز لازىم. ئەگەر بۇ ئۆستەڭ غەلبىلىك پۈتسە، مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سازلىق سۇ ئامبىرى قىلىنىپ زاپاس سۇ ساقلانسا، بۇ يەرلەر ئاشلىق كانىغا ئايلاندى دېگەن سۆز. بۇ ئىشلار هازىردىن باشلاپ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى كېرەك. باشقا هەرقانداق ئىش توختاپ قېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىشلارنى بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرۈشكە، هەرقانداق سەۋەبلەر بىلەن توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ. قېنى بىر-بىرلەپ مۇزاكىرە قىلايلى!

ئەكبەر «قىلايلى!» دېگەن سۆزنى شۇنداق بىر تەلەپپۇز بىلەن ئېيتتىكى، ئۇنىڭدىن «غىڭ-پىڭ قىلماي شەرتسىز ئىجرا قىلسەن!» دېگەن بۇيرۇق تەلەپپۇزى چىقىپ تۇراتتى.

يىغىن ئورنىنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى، هېلىقى خورەكلەرمۇ ئۆزلۈكىدىن توختاپ هەممەيلەن سەگەكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىر-بىرىگە هەيران بولغان هالدا قارىشاتتى. هېچكىم ئۈندىمىدى. ئاخىر يەنە توختى شۇجى ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

— بۇ پىلان مەھەللىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەهۋالىغا لايىق كەلمەيدۇ. قىشتا ناهىيىدە ئېچىلغان تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ناهىيىلىك پارتكوم شۇجىسى، «داجەيدىن ئۆگىنىشتە جايلار شەكلەن ئۆگەنمەي مۇهىمى ئۇنىڭ روهىدىن ئۆگىنىش كېرەك»

دېگەندى. پەلەمپەي ئېتىزلارنى ياساشتا، بىزنىڭ بۇ يەرلىرىمىز تاغلىق ياكى ئېگىز- پەس يەرلەر ئەمەس، ئاساسەن تۈزلەڭ يەرلەر. شۇڭا مۇھىمى كۈچنى ئوغۇت توپلاش، ئېتىزلارنى مەيدانلاشتۇرۇش، ئېرىق- ئۆستەڭ، يوللارنى ياساش، ئورمان تىكىشتەك... ئاساسىي ئىشلارغا قارىتىپ يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلساقمۇ داجەيدىن ئۆگەنگەن بولارمىز.

— بولدى! بولدى قويسىلا ئۇ گەپلىرىنى، ئەزەلدىن سىلى بۇ دادۇينى مۇستەقىل بىر بەگلىككە ئايلاندۇرغان ئىكەنلا، سىلىنىڭ نەزەرلىرىدە پارتىيە رەھبەرلىكى بارمۇ- يوق؟ سىلىدىكى ئېغىر ئوڭچىللىق خاھىشى ئاقىۋەت...

— توختاپ تۇرسىلا ئۇكام، — دېدى توختى شۇجى ئەكبەرنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — مەنمۇ گېپىمنى داۋالاي، پىلان دېگەن ئەمەلىيەتكە لايىق بولغىنى ياخشى. ھېلىقى ئۆستەڭگە كەلسەك، بۇ، قومغا سالغان ئىمارەتتەك بىر گەپ. مۇندىن بۇرۇنمۇ بىرقانچە دادۇيلەر بىرلىشىپ بۇ ئىش بىلەن بىر يىل ھەپىلىشىپ تاشلاپ قويغان. ئەسلىدە ئۆستەڭ ئەمەلىي شارائىتنى تەكشۈرمەيلا پىلانلانغان. سازلىق ئامبارغا ئايلاندۇرۇلىدىغان بولسا، مەھەللىمىزنىڭ تەبىئىي ئوتلىقى ۋەيران بولىدۇ. تېرىلغۇ يەرلەر زەيلەپ ئاپەت كېلىپ چىقىدۇ. بۇ جەھەتتە ۋىلايەتلىك سۇ ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرلىرى ئۆتكەن يىل يازدا كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆستەڭ ۋە ئامبارنىڭ لايىھىلىنىشى ئەمەلىي شارائىت ۋە تېخنىكا تەلەپكە لايىق ئەمەس دېيىشتى. بۇ لايىھىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئەسلىدىكى ئۆستەڭنى تېخنىكا تەلىپىگە لايىق قىلىپ ياساشنى، ھەر بىر دۇيلەردە ئىككىدىن ـئۈچكىچە قۇدۇق قېزىپ سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى قويدى. بۇ لايىھە قىشتا ئۈت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى.

— لېكىن، — دەپ رەددىيە بەردى ئەكبەر، — بۇ ئىشلاردىن ياڭ شۇجىنىڭ خەۋىرى يوق. ئۇ بولسا گۇڭشېنىڭ بىرىنچى قولى!

— توغرا، ئۇ چاغلاردا ياڭ شۇجى ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئېكىسكۇرسىيىدە ئىدى. شۇڭا قاتنىشالمىغان، كېيىن پىلاننى كۆرگەنىدۇ؟

— كۆرگەن بىلەن كاللىسىدىن ئۆتمىدى. بۇنىڭدا بىر خىل ئوڭچىل خاھىشى بارلىقىنى ھېس قىلىپ، مۇشۇلارنى قايتا ئوتتۇرىغا قويغان. ناھىيە ۋىلايەتلەردىكى بىر قىسىم رەھبەرلەرمۇ ئەسلىدىكى پىلاننى ئىجرا قىلىشنى تەكىتلىگەن.

— ھىم! — توختى شۇجى ئەمدى مىڭلىغان ئادەمنىڭ جان-جان مەنپەئەتىگە چېتىشلىق بۇ ئىش ئۈستىدە مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى- دە، دۇدۇقلىماستىن تۇرۇپ ئۆز قارىشىنى قايتا بايان قىلدى، — ياڭ شۇجى بۇ يەرگە كېلىپ ئەمەلىي شارائىتنى كۆرۈپ بېقىش لازىم ئىدى. بۇ يەرگە مەن مەسئۇل بولغانلىقىم جاۋابكارلىق ئەلۋەتتە مېنىڭ زىممەمدە، شۇڭا بۇ ئىشقا يېنىكلىك قىلالمايمەن. گۇڭشېغا بېرىپ ياڭ شۇجى بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي، بۈگۈنچە يىغىن مۇشۇ يەردە توختىسۇن.

يىغىن سورۇنىدىكىلەر گۇدۇڭلاشقان ھالدا بىر-بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى. ئەكبەر بۇ تەرسا ئادەمنى نەيۋەشكە كەلتۈرەلمىگەنلىكىگە غەزىپى قايناپ ھالدا ئىلاجسىز ئىشخانىدا يالغۇز قالدى.

— ئۇنىڭ ھېلىقى تارىخىي مەسىلىسى ئېنىقلاندىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئەكبەر. ئۇدۇلدا ئولتۇرغان، كۆزلىرىنىڭ ئېقى كۆپ، ھە دېگەندىلا كىشىگە كۈلۈپ يۇمشاق مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىدىغان ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئابدۇسەمەت دېگەن بىرىدىن.

— ئېنىقلىدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇسەمەت خۇشامەت قىلغان ھالدا، — گومىنداڭ دەۋرىدە مۇشۇ يېزىنىڭ بېگى ئىبراھىمغا مىرزا بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

— ناھايىتى ياخشى! دېمەك ئۇ، ئەزگۈچى سىنىپنىڭ قول- چوماقى بولۇپ چىقتى دېگەن سۆز. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا چىش- تىرنىقى بىلەن

قارشىلىق قىلىپ كەلگەن بۇ جاھىل ئەبلەخنى ئەمدى تارتىپ چىقىرىپ، ئامما ئالدىدا پىيەن كۆرەش قىلىشقا ھېچقانداق توسالغۇ قالماپتۇ. دە! يارايسىلە! ئابدۇسەمەت، يارايسىلە! قولۇڭلاردىن خېلى ئىش كېلىدۇ. جۇمۇ سىلىنىڭ! تونىڭ ماتېرىيالى تېزلىك بىلەن تەييارلانسۇن! گوڭشېغا ئۆزۈم ئېلىپ كېتىمەن. گوڭشې ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، سىلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىمەن. تەستىق كەلگەن ھامان دەرھال تونى ئامما ئىچىدە كۆرەش ـ پىيەن قىلىشنى باشلىۋەتسەڭلار بولىدۇ. لېكىن دىققەت قىلىڭلار! ئۆلۈۋالمىسۇن!

— بولىدۇ، بولىدۇ، — ئابدۇسەمەت خۇشامەتچىلىك بىلەن ھېجايغان ھالدا ئەكبەردىن بىر نەرسىنى تاما قىلغاندەك قاراپ قالدى.

— ھە، نېمە گەپ بار يەنە؟

— توختىنى تارتىپ چىقارساق ئورنى بوش قالىدۇ. دادىۋېدىمۇ ھوقۇق تارتىۋېلىش قوماندانلىق شتابى قۇرۇپ بېرىشنى مەسئۇل قىلىمىزمۇ قانداق؟

— ھە، شۇ گەپمىدى، گوڭشې قوماندانلىق شتابىنىڭ مەسئۇلى مەن بولغاندىكىن بىر گەپ بولمامدۇ!

شۇڭ شەيى دەۋرىدە، مۇشۇ يېزا نەۋسىدە بىردىن بىر يېڭىچە مەكتەپ قۇرۇلغانىدى. لېكىن كىشىلەردە خۇراپىيلىق ئېغىر بولغاچقا بالىلىرىنى مەكـتەپكە بېرىشتىن قاچاتتى، بولۇپمۇ بايلار بۇ مەكتەپكە ئۆز بالىلىرىنىڭ كىرىپ قېلىشىدىن كۆپرەك قاچاتتى. شۇڭا بىر باينىڭ بالىسىنىڭ ئورنىغا تۇتۇپ بېرىلـگەن توختى بالىلىق دەۋرىدە مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇپ تۆتىنچى سىنىپنى تۈگەتتى. كېيىن يەنە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا قاتناشتى، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ھىمايىسىز قېلىپ تېنەپ يۈرگەن توختى تۇرمۇش مەجبۇرىيىتىدىن ئىبراھىم بەگكە مىرزا بولۇپ ياللانغانىدى. ئۇ مىرزىلىقمۇ ئەمەلىيەتتە چاكار مىرزىلىق ئىدى. ئەكبەر پۇرسەت كەلگەنلىكتىن توختى شۇجىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا مۇشۇ ئىشلارنى پاكىت قىلىپ ئەپچىللىك بىلەن پايدىلانغانىدى. ئاشۇنداق بوقلاڭ بەدناملارغا دۇچ كېلىۋاتقان توختى شۇجى كۆڭۈلـغەشلىكى ئىچىدە ئەشۇلارنى بىر قۇر خىيالىدىن كەچۈرۈپ ئولتۇرغىنىدا، ئوغلى ماخمۇت كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى.

— ئەمدى مېنى توسمىسىلا، بۇ ناھەقچىلىكتىن زەرداپ بولۇپ تۈگىشىپ كېتىدىكەنمەن. ياخشىسى باشقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ چىقىپ كېتەي!

— ئوغلۇم، — دېدى ئاتمىشلارغا كىرگەن، بېشىغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەر ۋە يىقىندا قوزغىلىپ قالغان ئاشقازان كېسىلىنىڭ تەسىرىدىن ئاپئاق چاچ ـ ساقاللىق مادارسىز بوۋايغا ئايلانغان توختى شۇجى ئوغلىغا يېلىنىپ يىغلامسىرىغان ھالدا. — مېنى يالغۇز تاشلاپ كەتمىسىنا، ئاناڭمۇ ئۆلۈپ كەتتى. بۇرۇنقى كۈچ ـ قۇۋۋىتىم قالمىدى. بېشىمغا كەلگەن بۇ كۈنلەر... ئۆلۈكۈم ئۆز يۇرتۇمدا غېرىب كېپەن بولۇپ قالمىسۇن، چىدىغىن. مېنى بىر ياقلىق قىلىپ ئاندىن خالىغىنىڭنى قىلارسەن.

دادىسىنىڭ مىسكىن ھالىغا چىدالمىغان ماخمۇت كۆز يېشىنى سۈرتكەن ھالدا، ئىلاجىسىز دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى ـ دە، تونىڭ تىزىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— يەتتە ئەزايىم ساق تۇرۇپ بىر قانچە يىل ئوقۇپ ئەمدىلىكتە «لۈكچەك»، «تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرنىڭ بالىسى» دېگەن ناملارنى ئالغىنىمغا ئىچىنىمەن، — دېدى.

— قانداق قىلىمىز ئوغلۇم. يالغۇز سەنلا ئەمەس. نى ـ نى ياخشى ئادەملەرنى ھەر خىل بەدناملار بىلەن ياقىغا چىقىرىشتى. بۇنى «ئىنقىلاب» دېيىشىۋاتىدۇ. بۈگۈن يەنە خاپىلىق تارتتىڭمۇ نېمە؟

— نېمىسىنى سورايسەن دادا! بولدى قويە!

— زادى نېمە بولدۇڭ ئېيتساڭچۇ! — ئۆز دەردىنى تارتالمايۋاتقان توختى شۇجى ئوغلىنىڭ پىغانىغا تاقەت قىلالمىدى.

— بۈگۈن، — دېدى ماخمۇت، — ئەتىگەنلىك دولقۇندا ۋەزىپە قىلغان بىر ھارۋا كۆك يانتاقنى، ئوغۇت كارىزىغا تۆككەنتىم. شۇئان ئابدۇسەمەت كېلىپ، ئۆتكەندە مەھەللىدىكىلەرنى شەھەرگە ئەلەم

كۆرىشىگە سىلىشتا ئىشلىتىپ بۇزۇلۇپ‌كەتكەن تراكتورنىڭ ماتورىنى رېمونت قىلىشنى تاپشۇردى. ماتور چوڭ رېمونتنى تەلەپ قىلغاچقا، شەھەردىكى رېمونتخانىلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىنى دېسەم گېپىمنى رەت قىلىدىغانمۇ دەپ غەزەپلىنىپ ئېتىزدا ئىشلەۋاتقانلارنى يىغىپ ئىككى سائەتتەك پېپەن قىلدى. شۇ يەردىلا بۇغالتىرغا بۇيرۇق قىلىپ يىگىرمە كۈنلۈكنى ئۆچەرگۈزدى.

— سەن گەپ ياندۇرمىغانسەن؟

— ياندۇردۇم، سەۋر قىلغۇچىلىكىم قالمىدى! قولىدىن كەلسە سولىتىۋەتمەمدۇ! مەنمۇ بۇ جاندىن تويۇپ قالدىم.

— مېنى ئايىشىڭ لازىمدى، بولىدىغان ئىش بوپتۇ. كەلگەننى كۆرەرمىز، — توختى شۇجى نېمىندۇر ئويلىغان ھالدا ئېغىر بىر خورسىنىپ قويدى-دە، ئاندىن يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان غەزەپ-نەپرەت بىلەن، — خەير، بۇنىڭدىن ھېساب ئېلىنىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر، شۇنداقتىمۇ سەۋر قىل بالام. ئۆلۈكۈم خارلىنىپ قالمىسۇن، — دېدى.

كۈز شامىلى دەل-دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىن قۇرۇپ قالغان ئاخىرقى غازاڭلارنى سىرىپ چۈشۈرمەكتە. مانا شۇ كۈنلەردە ماخمۇت ئاق ساي ئۆستىڭىدە ئەمگەكتە ئىدى.

يېشى ئون توققۇزدىن ھالقىمىغان بولسىمۇ لېكىن قىرىقتىن ھالقىغان كىشىدەك، چىرايلىرى قورۇق بىلەن قاپلىنىپ، خۇنۇكلىشىپ كەتكەن. بۇرۇنقى شوخ، زېرەك مىجەزلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان. كەينى-كەينىدىن ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان جىسمانىي ۋە روھىي بېسىملاردىن كەلگەن ھارغىنلىق، ئۇنىڭ مەزمۇت قەددىنى ئەگكەن، يۇۋاش گۈمۈش بىر دېھقانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. ئۆستەڭدىكى ئەمگەكنىڭ ئېغىرلىقى، تاماقنىڭ ناچارلىقى، كۈندۈزى ئېغىر ئىش، كېچىلىرى كۆرەش-پېپەن، مەسىلە تاپشۇرماق... شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ماخمۇتقا ئويۇقسىز شۇم خەۋەر كەلدى.

— ماخمۇت، — دېدى بىر كۈنى ئۇنى نازارەت قىلغۇچىلارنىڭ بىرى ئېچىنغان ۋە خىجالەت بولغان ھالدا، — داداڭ تۈگەپ قاپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا ئۇقتۇرايلى دېسەك مەسىلە تاپشۇرۇشۇڭ ياخشى بولمىدى. بېرىپ كېلەمسەن، قانداق؟

— ئاھ جېنىم دادا، — دەپ زارلاندى ماخمۇت ئۇ، شۇنچە يىراق سايلىقتىن مەھەللىگە قانداق كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قالدى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، كۆزىگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدىغان بۇ ئۆي ئەمدى مۇڭلۇق مازارغا ئايلانغان. قېنى مېھرىبان ئانا؟ قېنى ئۇ غەمگۈزار دادا؟...

ئۇ كىشىلەردىن تولىمۇ قورقۇنچلۇق، ئاڭلىغان كىشىنىڭ ئەقلى ئېلىشىپ قالغىدەك خەۋەرنى ئاڭلىدى. ماخمۇت ئۆستەڭ ئەمگىكىگە مەجبۇرىي ماڭدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئابدۇسەمەت ۋە ئۇنىڭ قۇيرۇقچىلىرى، توختى شۇجىنى ئېغىر ئەمگەكلەرگە سالغان، مۇزغا دەسسەتكەن. ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئېسىپ قاتتىق ئۇرغان روھىي، جىسمانىي ئازابلارنى كۆتۈرەلمىگەن توختى شۇجى شۇ كېچىسى ئاشۇ ئۆيدە ھايات بىلەن ۋىدالاشقان.

— ئاھ خۇدا! بۇ نېمە دېگەن ناھەقچىلىق؟ نېمە ئۈچۈن يامانلار يۈرت سوراپ، ياخشى ئادەملەر ئازاب چېكىدۇ؟ قېنى ھەقىقەت، ئادىللىق؟...

ئۇنىڭ پەريادلىرىغا ئىچى سىيرىلگەن بىر قانچە مەھەللىداشلىرى، ئۆزىنى ئۇتتۇۋالالماي يىغلاشقان ھالدا تەسەللى ئېيتتى.

ماخمۇتنىڭ شۇ چاغدىكى ئۇرقىنى كۆرۈش ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ ئاغزى كۆپۈكلەشكەن، يالاڭباش ھالدا، كەچكۈزنىڭ سوغۇقلىرىنىمۇ سەزمەستىن تۇپراق بېشىغا يول ئالدى. ھېلىمۇ ئالدىدا بىرەرسى ئۇچرىمىدى. ئۇ كەلگەن پېتى ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىچە تۇپراققا ئۆزىنى تاشلىدى. يىغلىدى، قاخشىدى، كىملەرنىدۇ تىللىدى...

شۇ چاغدا ئابدۇسەمەت تۇپراق بېشىدىن ئۆتىدىغان يول بىلەن ئاباغ مەھەللىگە قاراپ ئۆتۈپ قالدى. مۇبادا ئۇ كەلمىگەن بولسا ماخمۇت ئاشۇنداق

بىھۇش يىتىپ سوغۇقتا نىمە بولارىدىكىن... ئويناقلاپ ئۇرغان، ياخشى جابدۇنغان چىلان تورۇقنى مىنىپ گىدەيگەن ئابدۇسەمەت يولدىن ئۆتۈپ كىتىۋىتىپ، توپىراق بىشىدا ياتقان ماخمۇتنى تونۇپ قالدى.

— سەن، — دىدى ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ كەلگىنىچە ماخمۇتنىڭ دولىسىدىن قايرىپ ئۆرۈپ، — كەچكىچە بۇ بەردە ياتماي، تىز بىرىپ ئۇستەڭدىكى ئىشىڭنى تىپىۋال! بولمىسا مەسلەڭنى تىخىمۇ ئىغىرلاشتۇرۇۋالىسەن! بولغان ئىش كەتتى. داداڭ جاھىللىق بىلەن تۈز بىشىغا چىقتى. ئەمدى سەن داداڭدىن ئىبرەت ئىلىشىڭ كىرەك!

— ھە! — بىھۇش ياتقان ماخمۇت ئابدۇسەمەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ قور-قۇنچلۇق تۇرقىنى كۆرگەن ئابدۇسەمەتنىڭ پۈت- قو-لىدا جان قالمىدى- دە، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. قول-لىرىنى سوزغىنىچە «ھۇ، سىنى!» — دەپ قىستاپ كىلىۋاتقان ماخمۇتتىن ئۆزىنى قاچۇرغىنىچە مەڭدىگەن ھالدا كەينىگە داجىشقا باشلىدى. ئاخىرى بىرىپ زاراتگاھلىقنىڭ قۇرۇق تىمىغا يۆلىنىپ قالدى- دە، جان، — جەھلى بىلەن:

—ئۆكام نىمە قىلماقچىسەن! مەن... مەن... ئادەم بارمۇ! — دەپ ۋارقىرىدى. «تارس» قىلىپ تەككەن مۇش زەربىدىن يەرگە يىقىلدى، ماخمۇتنىڭ بارماقلىرى ئۇنىڭ تومۇرغا مىلىنىپ ياتقان سىمىز بويۇنلىرىدىن ئامبۇردەك قىسىۋالغانىدى. ئابدۇسەمەت ئاستىدا يىتىپ ئۆرۈپ ھەدەپ تىپىرچەكلەيتتى. كۆزلىرى ئالىيىپ، ئاغزىدىن كۆپۈكلەر چىقىشقا باشلىغان ئابدۇسەمەتنى كۆرگەن ماخمۇت بىردىنلا ئىسىنى يىغىۋىلىپ ئورنىدىن ئۆرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى قورقۇنچ باسقانىدى. ئۇ كۆڭلىدە ئابدۇسەمەتنى «ئۆلدى» دەپ ئويلىدى. كەينىگە بىر- ئىككى قەدەم داجىپ «جەسەت»كە نەپرەت بىلەن ئالايدى- دە، زاراتگاھلىقتىن ئايرىلىپ، يولغا چىقتى، «بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى ئارتىشىدىغان يىرىم قالمىدى. قاچىسام ئۆلگىشىمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئەلەم بىلەن. ئۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىسىگە بىر پەس تەلمۈرۈپ قارىدى. لەپىلدەپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق قار تۇزۇندىلىرى، ئۇنىڭغا تەسەللىي ئىبىتقاندەك يۈز- كۆزلىرىنى سۆيمەكتە ئىدى. كۆزىمۇ ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشتى. ماخمۇت تىزدىن ئۆزىنى ياندىكى ئورمانلىققا ئاتتى...

ئۇ، سەرگۈزەشتىنى ئاخىرلاشتۇرغىنىدا، چايخانىنىڭ ئىچىنى سۈرلۈك جىمىلىق قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇ كەچۈرمىشلەر تولارغا قاتتىق تەسىر قىلغان، بەزىلىرىنىڭ يۈرەك يارىلىرىنى ئىچۈەت-كەنلىكتىن كۆزلىرى ياش بىلەن نەملەشكەنىدى.

— مۇنداق دە، ئۆكام، — دىدى بۇرۇتلۇق كىشى ئىغىر خۇرسىنىپ، — راست كۆڭۈل ئاغرىغىدەك ئىش ئۆتۈلۈپتىكەن.

— ماڭا قايلا ئۆكام! — دىدى يەنە بىرسى يىگىتنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەمدى جاھاننىڭ ئىشىمۇ ئىزىغا چۈشۈۋاتىدۇ. ئادەم دىگەنگە ئۆي - ماكان، ئاش - ئوزۇق، بالا - چاقا، دوست - يار ئاغىنە كىرەككەن. كونا ئىشنى سۆزلەۋەرسەڭ قورۇپ تۈگەپ كىتىسەن، ئەمدى ئۇ ئىشلارنى ئارقاڭغا تاشلىۋەت! ئالدىڭغا قايلا! تىخى ياشكەنسەن، مەھەللەڭمۇ ئۆگشۈلۈپ كەتكەندۇ. بىرىپ كۆرۈپ باقمامسەن!

ماخمۇت شۇنىڭ بىلەن يۇرتىغا بارىدىغان بىر ئىنساپلىق شوپۇرنىڭ ماشىنىسىدا بىرقانچە كۈن يول مىڭىپ ناھىيە بازىرىغا چۈشتى. بازاردىمۇ تۇرماس-تىن بىر قونۇپلا سەھەردە مەھەللىگە قاراپ يولغا چىقتى.

## ئۈچىنچى باب بىر ياخشى يىگىت

ماخمۇت سالاسۇنغا ئىرەلگەن كۆكسىنى ئۆرە قىلىپ، كۆۋرۈكنىڭ ئىرىقى بىشىغا كۆز تىكتى. ئۇشتۇمتۇت كۆزى كۆۋرۈكنىڭ باش تەرىپىدە، يولنىڭ چىتىنگىرەك كۆۋرۈكنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن سىلىنغان بىر ئىغىز ئۆيگە چۈشتى- دە، يۈرىكى ئويناپ كەتتى. «ئاھ شەپقەتچىم! ھىلىمۇ ھايات بارمىدۇ؟» دىدى

ئو هاياجان ئىچىدە ئۆينىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ۋە ئۆز ۋاقتىدا. بېشىغا قاتتىق كۈن چۈشكەندە مۇشۇ ئۆيدىكى، ئۆزىگە ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلمايدىغان خالىس ياخشىلىق قىلغان بىر ياخشى يىگىتنى ئېسىگە ئالدى ۋە خىيالى بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل بۇرۇنقى ۋەقەلەرگە قايتتى...

— قولۇڭنى كۆتەر! قىمىرلىساڭ ئوق چىقىرىمەن!

ئۈزۈلكىسىز چىققان بۇ ئاۋاز. بولۇتلۇق ئۈن باغرىنى يېرىپ، يىراقلارغا تاراپ كەتتى. ماخمۇتنىڭ پۇت- قولىدا جان قالمىدى. يەرگە قىقىلغان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى- دە، قورقۇنچ بىلەن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتەرگەن هالدا كېكەچلەپ تۇرۇپ:

—مەن، مەن، — دېيەلىدى ۋە قول چىرىقىنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدىن يۈزىنى قاچۇرۇپ يانغا بۇرىدى.

بۇ تازا ئۈن ئەڭ بولغان مەزگىل ئىدى. ماخمۇت ياداڭغۇلۇقتىكى مۈكۈپ ياتقان ئۆڭكۈردىن ئەل ياتقۇ بولغاندا چىقتى- دە، ئورمان- جاڭگاللىقلار ئارىلاپ ناھىيە بازىرى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ناھىيە بازىرىغا ئۇلىشىۋېلىپلا، كىشىلەر كوچىغا چىقىپ بولغىچە بىرەر ماشىنا تېپىپ يىراقلارغا باش ئېلىپ كەتمەكچى ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ. پۇت- قوللىرىدا ماغدۇر يوق بولسىمۇ. غەيرەت قىلىپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. كېيىم- كېچەكلىرىنى تىكەن- چاتقاللار ئېلىۋېلىپ. يۈز- كۆز، پۇت- قوللىرىنى سىجاپ قانىتىۋەتتى. گاھىدا ئىتلار كەينىگە كىرىۋېلىپ خاپا قىلدى. ئاخىرى كۆۋرۈككىمۇ يېتىپ كەلدى. لېكىن كۆۋرۈكتە پوست بارلىقىنى نەدىن بىلسۇن.

«ئەمدى ئۇ مېنى تېگىشلىك ئورۇنغا ئاپىرىپ بېرىدۇ، ئىش ئاشكارە بولىدۇ. ئاخىرى تۈگەشتىم، ئەزەلدىن بەختىم قارا ئىكەن...» ئو كۆزىگە كەلگەن ياشنى زورىغا باستى.

—بۇرادەر، مەن بۇزۇق ئادەم ئەمەس، كەچ قالغان يولۇچىمەن. ئۆتكۈزىۋەتسىلە.

— سۆزلىمە ئۆي ئىچىگە قاراپ ماڭ!

ماخمۇت ئىلاجىسىز ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچىدە تاش كۆمۈرنىڭ تەپتىدىن قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن مەش يېلىنجاپ تۇراتتى. ئۆت تامغا ئەينەكلىك روجەك قويۇلغان بولۇپ. سىرت ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

—قېنى، ئالدىڭغى مەن تەرەپكە قىلىپ ئاۋۇ بۇرجەكتە ئولتۇر! ئۇنۇشتۇرۇشۇڭ بارمۇ؟

ماخمۇت پوستىنىڭ دېگىنى بويىچە ئولتۇردى- دە، ئۇنىڭغا يەر ئاستىدىن ئەيمىنىپ قارىغان هالدا:

— يوق. — دەپ جاۋاب بەردى.

— هىم. سەندەك ساختىپەزلەرنى تولا كۆرگەن بىز، هازىر قانداق ۋاق؟ سېنىڭدەك دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۆۋرۈكتىن ئۇنۇشتۇرۇش يوق ئادەمنىڭ ئۆتكۈزۈلمەيدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟! ئۇزۇنغىچە بۇزۇق نەرسىدەك قىلىسەن، راستىڭنى ئېيتمىساڭ چىقىش يولى يوق. ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك.

پوست سىنۇزلەۋېتىپ ماخمۇتقا سىنچىلاپ سەپسالدى. ماخمۇت ئۆز نۆۋىتىدە، پوستقا سەپسالدى. دەسلەپتە ئۇنى بىر ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىمىكىن دەپ ئويلىغانىدى. قارىسا ياشقىنا. ئۆزى دېمەتلىك بىر يىگىت ئىكەن. ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتى، نەۋ قىران يۈزىگە تولىمۇ ياراشقان. كۆزلىرى بۇلاقتەك. قەددى قامەتى كېلىشكەن، يۈزلىرىدە قان يايراپ تۇرغان. ئاق ئۆڭلۈك، تىبىك، ئادەمنىڭ زوقى كەلگۈدەك بىر ياش ئىدى. بېشىدىكى قۇلاقچا، ئۇچىسىدىكى جۇۋا، پۇتىدىكى پىما. قولىدىكى مىلتىق بەسىنىگە تولىمۇ يارىشىپ تۇراتتى.

— يولداش، — دېدى ماخمۇت تىترىگەن بىر ئاۋازدا، — كېچىسى ماڭغان، ئۇنۇشتۇرۇشى بولمىغانلىكى ئادەمنىڭ هەممىسى بۇزۇق بولىۋەرمەس؟ ئىشەنسىلە، مەن بۇزۇق ئادەم ئەمەس، باش- پاناھسىزلىقىمدىن كىشىلەرنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچراپ، تېنەپ يۈرگەن بىر ئەتور پېشانىمەن.

— قوي بۇنداق ئالدايدىغان گەپلىرىڭنى! راستىڭنى ئېيت!

— راست گېپىم شۇ! مەن ئەسلىدە مەكتەپ تەربىيىسى كۆرگەن. پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە

ئۆسكەن بىر ئۆمىدلىك ياش ئىدىم. ئوقۇغانلىرىم بېشىمغا بالا بولدى.

— قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانسەن؟

بىردىنلا مۇلايىملىشىپ قالغان بۇ يىگىتكە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگەن ماخمۇت تونىگدا باللارچە بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ ئالامەتلىرىنى سەزدى. بىر ئاز جۈرئەتلەنگەن ھالدا، ئۇزىنىڭ قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىنى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىسمىنى ۋە مەكتەپ پۈتتۈرگەن ۋاقتىنى بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

يىگىت ماخمۇتنىڭ سۆزلىرىدىن، تونىڭ راست ئېيتىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. چىرايى بارغانسېرى ئېچىلىپ كۈلكە بىلەن نۇرلاندى. ئۇ مۇلايىملىق بىلەن:

— ھەي بۇرادەر ئىككىمىز ساۋاقداش ئىكەنمىز ئەمەسمۇ، مەنمۇ شۇ مەكتەپنى سىنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن پۈتتۈرگەن ئىكەنمەن. ئۇ كەملەردە بۇنداق مەدەنىيەت ئىنقىلابى دېگەن گەپلەر يوق ئىدى. مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يېزامغا قايتىپ دېھقان بولدۇم. مەھەللەم مۇشۇ ئەتراپتا. ھازىر خەلق ئەسكىرى بولدۇم. كۆۋرۈكنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىگە قويۇلدۇم. — دېدى.

—ئىسمىلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى ماخمۇت خۇشال بولۇپ، ئەمدى تونىگدىكى ئەندىشە ـ قورقۇنچ يوقالغانىدى. — مېنىڭ ئىسمىم ماخمۇت.

— بەختىيار. — دەپ جاۋاب بەردى يىگىت ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن — ھەي، مەكتەپتىكى چاغلار نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئوقۇشىنىڭ، مۇئەللىم ـ ئۇستازلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئىكەنمىز. گۇدەكلىك، ئەمدى ئۇقاي دېسەڭ پۇرسەت يوق.

— ئىست، مەكتەپ تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. ئاپئاق سىنىپلار، ئەتىرگۇل، سەبدە گۇل... ھەر ياڭزا گۈللەر قاپلاپ كەتكەن ھېلىقى گۇلزارلىق. نەشپۈتلۈك باغ ئېسىلىرىدە باردۇ؟ كەچقۇرۇنلۇقى تونىڭ ئارىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ مۇزاكىرە قىلغانلىرىمىز. كۆڭۈللۈك پاراڭلارنى سېلىشقانلىرىمىز...

— ئېسىمدە، ئېسىمدە... — يىگىت ماخمۇتنىڭ سۆزلىرىدىن مەكتەپ ھاياتىنىڭ تولىمۇ گۈزەل، شېرىن خاتىرىلىرىنى ئەسكە ئالدى بولغاي گويا شاراپ كەيپىنى سۈرىۋاتقاندەك كۆلۈمسىرىگەن ھالدا كۆزلىرىنى بىر پەس يۇمۇپ تامغا يۆلەنگىنىچە سۆكۈتكە چۆمدى. بىر ھازادىن كېيىن جىددىي تۈس ئالغان ھالدا:

— ئېست. ئاڭلىسام ھازىر مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ بىر ـ بىرى بىلەن تۇرۇشىۋاتقانمىش. گۇلزارلار، باغلارمۇ چەيلىنىپ خاراپ بولۇپ كېتىپتىمىش، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشمايدىكەن. كۆپىنچە ئوقۇتقۇچىلار تارتىپ چىقىرىلىپ نەزەر بەنتكە ئېلىنغانمىش ھەي. نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىپ باردۇ! ھېچ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. — دېدى.

—راست. مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىدىم. مەكتەپ تۇرماق ھازىر يېزىلاردىمۇ شۇ ئەھۋال. مەسىلەن، بىزنىڭ يېزىنى ئالساق...

—تېخى ئۆتكەن ئايدا. — دەپ ماخمۇتنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى بەختىيار. — كۈندۈزى كۆۋرۈكتە پوست قىلىۋاتاتتىم. تۇي ـ سەرەمجان بېسىلغان بىر يىگىلو ھارۋا ئۆتتى. قارىسام ھېلىقى پېشقەدەم ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىمىز كېلىۋاتامدۇ؟ ھارۋىدا خوتۇن ـ بالىلىرىمۇ بار. ئارقىسىدىكى بىر كىچىك قول تىراكتورىدا. بەش ـ ئالتە قىزىل قوغدىغۇچى ئوقۇغۇچىلار بار ئىكەن. مۇئەللىمنىڭ چىرايى تولىمۇ مەيۇس. مېنى كۆرۈپ مىسكىنلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى. ھەيران بولۇپ. ئالدىغا كۆرۈشكىلى. ھال ـ ئەھۋال سورىغىلى مېڭىۋىدىم. ھېلىقى قىزىل قوغدىغۇچىلاردىن بىرى. بۇ ئارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى تونسۇر. كۆرۈشۈش ـ سۆزلىشىشكە بولمايدۇ. قالپاق كەيدۈرۈلۈپ يېزىغا قوغلاندى. تۇغۇلغان يۇرتىغا ئاپىرىپ نازارەتكە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز دېمەسمۇ. يۈرىكىم«ۋاژژىدە» ئېچىشىپ كەتتى. تولىمۇ ئېچىندىم. ئەجەپ ياخشى ئۇستاز ئىدى. ئەلمۇرۇشۇپلا ئايرىلىشتۇق.

ئارىنى ئېغىر سۆكۈت باستى. يىراقلاردىن تون

جىملىقنى بۇزۇپ ئىتلارنىڭ ئاچچىق قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دەريامۇ ئىچىنشلىق مۇڭ- ئەلەم تارتىۋاتقاندەك ئاستاغىنە شىرىلدايتتى.

— بايا ساڭا قاتتىقراق ۋارقىراپ سالپتىمەن. ئەپۇ قىل. — بەختىيار سۆكۈتتىن باش كۆتىرىپ ماخمۇتقا قارىغىنىچە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى. — دەرۋەقە كىچىمنى. تۇتۇشتۇرۇشىز ماڭغانلىكى ئادەم يامان. بۇزۇق بولىۋەرمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ئىشنىمۇ ئامالسىزلىقتىن قىلىۋاتقىنىمنى چۈشەنگىن. ساۋاقداش. راست ئېيتقىنا زادى سەن بۇ كېچىدە نېمانداق مۈكۈپ- چۈكۈپ يۈرۈيسەن؟

بەختىيار. ماخمۇتنىڭ ئىچىنشلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ. چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى- دە:

— ساۋاقدىشىم. راستىنلا ساڭا بەختسىزلىك قوشلاپ كەپتۇ. تۇ قاتقا تېزدىن ئۆتۈۋېلىپ ئۆزۈڭنى دالدىغا ئال! يېنىمدا بارى شۇكەن. مە ئالغىن! بىرەر ئىش يۈز بەرسە كېچىكتىن ئۆتتۈم دېگىن. قېنى بول! سېنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سەن كۆرمىدىڭ ئەمىسە!

ئۇ يېنىدىن ئوتتۇز يۈەن پۇل.يىگىرمە جىڭ- لىدەك ئاشلىق بېلىتىنى چىقىرىپ ماخمۇتقا ئۇزاتتى.

— ۋاپادارىم. شەپقەتچىم. — دەپ تىزلاندى ماخمۇت. — بۇ ياخشىلىقلىرىنى قانداقمۇ قايتۇرۇپ بولارمەن مەندىن يانمىسا. خۇدادىن يانار. جاھاندا ياخشىلار قالمىغان ئوخشايدۇ. دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ھېلىمۇ ياخشىلار بار ئىكەن. رەھمەت ساۋاقدىشىم.

— بولدى! گەپنى ئاز قىل. تېز ئۆتۈپ كەت! ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز!

بەختىيار. ماخمۇتنىڭ دولىسىدىن ئىتتەردى.

## تۆتىنچى باب بولاق بويىدا ئۇچرىشىش

ماخمۇت چىڭقىچۈش ۋاقتىدا مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. قۇياشنىڭ ئۆتكۈر ھارارىتى پۈتكۈل يەر- جاھاننى ئوتتەك قىزدۇرۇۋەتكەن. ئىسسىقتىن قېچىپ. دەرەخ شاخلىرى ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتقان قۇشلار. ئۈستەڭدە چۆمۈلۈۋاتقان بالىلارنىڭ سۈرەن- چۇقانلىرى قەدىردان يېزىسىغا قايتىپ كەلگەن ماخمۇتقا ئاللىقانداق ئەركىلىنىشتەك لەززەتلىك تۇيغۇ ئويغاتقانىدى. كۆپ نەرسىلەر ئۆزگىرىپتۇ. كونا يوللار. ئېرىق- ئۈستەڭلەر قايتىدىن رەتلىنىپتۇ. كونا تاملار ئاساسەن دېگۈدەك قالماپتۇ. دېھقانلارنىڭ قاتارلىشىپ سالغان يېڭى ئۆيلىرى بۆككىدە باغلار ۋە ئۈزۈم بېدىشلىرى بىلەن قاپلىنىشقا ئۈلگۈرۈپتۇ. قىسقىسى. ئۇ يېزىسىنى تونالماي قالدى. پەقەت بىرلا خاتىرە — مەھەللىگە كىرىدىغان يول باشلىمىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ تۇرغان يوغان قېرى قاپاق تېرەك ۋە تونىڭ يېنىدىنلا دەريا ساھىلىغا چۈشىدىغان يول، تولىمۇ نازۇك شېرىن بىر ئەسلىمىنى يادىغا چۈشۈردى. قاپاق تېرەك تۈۋىدىكى تۆۋەنگە قاراپ كەتكەن يول بىلەن پەسكە — دەريا ساھىلىگە چۈشكەندە. ياز كۈنلىرى ئەتراپىدا سۆگەت تاللىرى ياپيېشىل ياشناپ تۇرىدىغان. سۈيى سۈزۈك بىر بۇلاق بار. بۇلاقتىن دەرياغا قاراپ كەتكەن ئېرىقنىڭ ئىككى قىرغىقى. ۋە ئەتراپى ياپيېشىل چىم ۋە رەڭمۇ- رەڭ گۈللەر بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. بۇلاق ئەتراپى تولىمۇ سالقىن. خۇش ھاۋالىق ئىدى. مانا مۇشۇ بۇلاق تۈۋىدە ماخمۇتنىڭ ياشلىق دەۋرىگە تەئەللۇق ئەڭ گۈزەل سۆيگۈ يادىكارلىقلىرى قالغان ئەمەسمۇ؟

ماخمۇتنىڭ قەدىمى مەھەللە ئىچىگە ئەمەس. ئىختىيارسىز ھېلىقى يول بىلەن بۇلاق بويىغا قاراپ بېسىلدى. ئۇ ئەمدى شۇ چىرايلىق بۇلاق بويىغا چۈشىدۇ. مۇزدەك راھەت. ھەسەلدەك شېرىن، قاش تېشىدەك سۈزۈك سۈيىدىن قېنىپ- قېنىپ ئىچىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بېرى ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان يۇرتىنى ۋە «ئۇنتۇلۇك بولىمىز» دەپ ۋەدىلەشكەن يارى سارەنى سېغىنىشتەك كۈچلۈك ھىجران ئوتلىرىنىڭ تەپتى بىلەن چاڭقاپ كەتكەن تەشنالىقىنى باسىدۇ.

ماخمۇت ئەنە شۇنداق لەززەتلىك خىياللار بىلەن مەس بولغىنىچە بۇلاق بويىغىمۇ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ

كۆزلىرى تۇيۇقسىزلا. ئالدىنى بۇلاق تەرىپكە قىلىپ چېلەككە سۇ ئېلىۋاتقان ياشقىنا بىر ئايالغا چۈشكەندە ئېنى ئىختىيارسىز ئىتتىرەپ كەتتى. گەرچە ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى ئېنىق ئاڭقىرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ لېكىن ئەينى بىر تۇيغۇ ئۇنىڭدا «سارە» دېگەن ساددا بىر تۇقۇمنى ئويغاتتى. ئۇ ئايالمۇ ئېنىقچە ئارقىسىدا ئادەم بارلىقىنى تۇيماستىن ھەدەپ بۇلاقتىن چېلەككە سۇ ئالماقتا ئىدى. ئېرىدا — چىملار ياشناپ كەتكەن ئېرىق بويىدا بەش-ئالتە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا چىملار ئارىسىدىن گۈللەرنى ئېرىپ ئويناپ يۈرەتتى. بالا تۇيۇقسىزلا، ئانىسىغا قاراپ تۇرغان غەلىتە. جۇل-جۇل كىيىملىك يات بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ، ھەيران بولغان ھالدا تۇرۇپ قالدى. ماخمۇتمۇ ھېلىقى چوكانغا:

— سىڭلىم، بۇلاق سۈيىدىن بىر ئوكاي سۇنۇۋەتكەن بولسىلا، تەشنالىقىمنى قاندۇرۇۋالاي، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. دە. داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ھېلىقى چوكانمۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە جۇل-جۇل كىيىملىك، ئىگەكلىرىنى يېرىك ساقال قاپلىغان يۈچۈن كىشىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان تونۇش كۆزلىرىنى ۋە ئۆز ۋاقتىدىكى يېقىملىق چىرايىنى تونۇپ قالدى-دە! «ۋايىيەي!» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئاپا! — دېدى ھېلىقى بالىمۇ ئانىسىنىڭ ئۇمسە بىر ھالىنى كۆرۈپ ۋە ئويناۋاتقان يېرىدىن يۈگۈرەپ كەلگىنىچە ئاپىسىغا چاپلاشتى. ئۆز نەزىرىدە ئانىسىنى قورقىتىپ سارەسىمگە سالغان بۇ كىر كىيىملىك كەلگۈندىگە غەزەپ بىلەن ئالايدى.

ئۇلار ئاستا-ئاستا ئۆزىگە كېلىشتى. تاترىپ كەتكەن چىرايلىرىغا قان يېغىلىپ قولايسىز بىر ئەھۋالدا تۇرۇپ قېلىشتى. ماخمۇتنىڭ كۆرگىنى راستىنلا سارە بولسا، سارەنىڭ كۆرگىنىمۇ راستىنلا ماخمۇت ئىدى. چۈچەكلەردىكىدەك بۇ ئۇچرىشىش ئۇلارغا كۆتۈلمىگەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى ئۇلار ئۇزاق ئايرىلىشلاردىن كېيىن يەنە شۇ بۇلاقنىڭ بويىدا ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ ئويلاشمىغان. دەسلەپتە بىر خىل شادلىق، سەممىي سېغىنىش ھېسلىرى چۇلغىۋالغان ماخمۇتنىڭ ۋۇجۇدىنى بارا-بارا خورسىنىش، ئاچچىق ئەلەم، كۈنلەشتەك بىر خىل نەپرەتلىك، غەشلىك سەزگۈسى قاپلىۋالدى. «دېمەك ئۇ ئەرگە تېگىپ بالىلىق بولۇپ كەتكەنىكەن-دە» دەپ ئويلىدى ئۇ ئەلەم بىلەن.

سارەمۇ قورقۇنۇش، ھېيقىش سەزگۈلىرى ئىچىدە كۆز ئالدىدىكى ئەرگە — قىزلىق دەۋرىدىكى ياخشى كۆرگەن سۆيۈملۈك كىشىسىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي قالدى. «ئۇنىڭغا ئەمدى قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك؟ بۇرۇنقى قىز چاغلىرىم بولسا كەلمەسكە كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېنىمدا چوڭ بولۇپ قالغان ئوغلۇممۇ بار...» ئەنسىلىكتا قالغان سارەمۇ كۆڭلىدىن مۇشۇ ئويلارنى كەچۈرمەكتە ئىدى.

ماخمۇت ئەنسىلىكتا تۇرۇپ قالغان سارەگە يەنە بىر قېتىم كۆز سالدى. ئەمدى ئۇ ئىلگىرىكىدەك، گۈزەللىكنىڭ بەلگىلىرى كەتمىگەن. ئورۇق، زىلۋا، شوخ. لېكىن ساددە. ئاپپاقتىنا بىر گۈزەل يېزا قىزى بولماستىن زورايغان. تەن قويغان. بىر ئاز سەمرىگەن. سالماقلىشىپ. چىرايى ئېنىقمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بىر چوكاننى كۆردى. ئەمدىلىكتە ماخمۇت ئۈچۈن بۇنداق گۈزەللىكنىڭ ئېمە ئەھمىيىتى بولسۇن. ئىلگىرىكى چاغلاردا شۇنچە قەدىردان. يۈرەك سىرلىرىنى ئارتىنماي ئېيتالايدىغان قىزنىڭ شۇ تاپتا ئارىغا تولىمۇ كۆڭۈلسىز ياتلىق كۆلەڭگىسىنى تاشلىغان گۈزەل قامىتىگە سوغۇققىنا قاراپ تۇراتتى. «ئېسىت. ھاقارەتلەنگەن ياشلىقىم!»

سارە، ماخمۇتنىڭ كۆزلىرىدىكى ئەلەملىك ئۇچقۇنلارنى كۆرگەندە تاقەت قىلىپ تۇرالماي يانغا قارىۋالدى. ئۇ تولىمۇ ئازابلىق بىر تۇيغۇ ئىچىدە. شۇنچە ياخشى كۆرگەن يىگىتنى ئۈگلۈقتىنا كۆلۈپ قارشى ئالالمىغانلىقىغا تويالماقتا ئىدى. سارە، ئۇنىڭ ھەققىدە ئىمۇ چىداش قىيىن بولغان بەختسىز قىسمىتىگە تولىمۇ ئېچىندى. ئېمىلا بولمىسۇن ئۇ. ماخمۇت بىلەن

تىنچلىق سوراشماقچى. شۇ يول بىلەن تۈنلۈك جاراھەتلەنگەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماقچى بولۇۋېدى. «ئاپا!» دېگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ۋۇجۇدى توك تەپكەندەك «جۇغغىدە» تىترەپ كەتتى. يەنە ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. «مۇمكىن ئەمەس. مۇمكىن ئەمەس. ئارىدا بالا بار. — پىچىرلىدى ئۇ. ئۆزىگە ئەلەم بىلەن. — ئەمدى كەلمەس بولۇپ كەتكەن ئاشۇ گۈزەل ئۆتمۈشكە خوش، دېيىشلا قالدىمۇ؟»

ماخمۇت، سارەنىڭ چىرايى ئارقىلىق بىلىنىپ تۇرغان سەزگۈرلىرىنى بايقىغاندىن كېيىن. ئۈكۈنۈش ئىچىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى. «نېمە ئىش قىلارمەن بۇ يەردە. بولدىلا مەھەللىگە كىرمەيلا قوياي». سارەمۇ ماخمۇتنىڭ كۆڭلىدىكىنى تۇيۇپ قالدى- دە. ۋۇجۇدى تىترەپ، تۇيۇقىدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ تارتىنىشنى قايرىپ قويۇپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— ماخمۇت سالامەت قايتىپ كەپلا. سىز

## بەشىنچى باب

ئارپا بۇغداي سامانىنى سەلكىن ئايرىيدۇ.
تورۇق- تۇغقان قېرىنداشنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ.
لاي... لاي... لاي... لاي...

«لاي... لاي...» ئاۋازى نېرىقى خاماندىن كېلىۋاتاتتى. ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئېيتىلماس بولۇپ كەتكەن بۇ ناخشا، ئەتراپتا، بەس- بەس بىلەن خامان ئېلىۋاتقان دېھقانلارنىڭ كۆڭلىگە تولىمۇ يېقىملىق تەسىر قىلماقتا ئىدى. ئۇلار بۇ ناخشىنى گويا ئۆزىدىن بېرى ئايرىلىشىپ كېتىپ، ئەمدى قايتىدىن تېپىشىپ قالغان قەدىناس دوست- ئاغىنىلەر بىر- بىرىنىڭ سۆزىگە تەشنا بولۇشقاندەك بىر خىل زوق- شەنلىك ھېسسىياتى بىلەن تىڭشىماقتا. ئاي كىرگەندىن باشلاپ، بۇغدايلا ئارقا- ئارقىدىن پىشىشقا باشلىدى. قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلانغان باشاقلار «قېنى ۋاقتىدا يىغىپ ئالمامسەن» دېگەندەك بىشارەت بىلەن ئىرغاڭلىشاتتى. دېھقانلار بۇ يىلقى بۇغداي ھوسۇلىنىڭ مول بولىدىغانلىقىدىن ئىشەنچ- خۇشاللىققا تولغان ھالدا تېزلىك بىلەن ئورمىنى باشلىۋېتىشتى.

ئىچسىلە!

ماخمۇت يېقىملىق ۋە تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز چېپپىدە توختىدى- دە. ئاستاغىنا بۇرۇلۇپ گۈلدەك كۈلۈپ ئېچىلغان ھالدا بىر نوگاي سۇنى ئۆزىگە سۇنغىنىچە كېلىۋاتقان سارەنى كۆردى.

ئۇ سارەگە ھەيران بولغان ھالدا «قىزلىق دەۋرىدىكى بارلىق گۈزەللىك خىسلەتلىرىنى ساقلاپ قاپتۇ» دەپ ئويلىدى ۋە قولىدىن نوگاينى ئېلىپ سۇنى ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىۋەتتى.

— ماڭسىلا مەھەللىگە باشلاپ كىرەي، دادام. يۇرت- جامائەت كەلگەنلىكلىرىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتەر. ھەممىسى شۇ كەمگىچە توختىماي ئۇنتۇشمىدى...

ماخمۇت ئۇيقىدىن ئويغانغاندەك بولدى- دە. سارەگە ئەگىشىپ ھېلىقى يول بىلەن مەھەللە ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

## خاماندىكى سۆھبەت

ماخمۇتمۇ ئورما باشلانغاندىن تارتىپ. يۈسۈپ بوۋايغا ھەمكارلاشتى. گەرچە يۈسۈپ بوۋاي ئۇنى بۇ ئىشتىن توسۇپ. بەش- ئالتە كۈن مەھەللىنى ئارىلاپ ئارام ئېلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ. ماخمۇت ئۇنىمىدى. ئورما نېمە دېگەن لەززەتلىك ئىش. ئۆزۈندىن بۇيان سېغىنىپ كەلگەن بۇنداق پەيتنى قانداقمۇ بىكار ئۆتكۈزەلىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن. ئورغاقنى شارتىلدىتىپ سىلىپ سول يارغىنىچە ئورمىغا چۈشۈپ كەتتى. ئورما ئۆگۈۋېدى قولىغا ئارا ئېلىپ خامانغا كەلدى.

كۈن چۈشتىن قىيسايغاندى. ھاۋا- جاھان شۇنداق ئىسسىپ كەتتىكى. خاماندىكىلەر چىلىق- چىلىق تەرگە چۈمۈلدى. سارە ئۆي بىلەن خامان ئارىلىقىدا قاتناپ. مۇزدەك قېتىق توشۇپ تۇرغان بولسىمۇ. خاماندىكىلەر بىر تامچىمۇ قالدۇرماي سۈمۈرۈپ بولۇشتى. قېتىق تەنگە مادار بولىدىمۇ ياكى ھوسۇل شادلىقىدىنمۇ ئەيتاۋۇر. تېپىلىپ بولغان ئۈنچىلەرنى ئاخىرقى قېتىم پايخانداپ. تېزلىك بىلەن بۆلە(1) يېرىۋەتتى.

(1) پايخانداپ بولۇنغان دانلارنى سورۇش ئۈچۈن قىلىنغان دۆۋە ئاقسۇدا «بۆلە» دەپ ئاتىلىدۇ.

«قېنى سەن شامال؟» تولار سەل بۇرۇن ئىسسىقنى ئارزۇ قىلىشقان بولسا، ئەمدى شامالنى ئارزۇ قىلىشىدىغان بولۇپ قېلىشتى، لېكىن شامال يوق ئىدى. شۇڭا ھەممىسى شامالنى كۈتۈپ قاڭسىق توپا ۋە يېڭى بۇغدايىنىڭ ھىدى ئارىلاشقان خامان پۇرىقىدىن لەززەتلىنىپ نەپەس ئېلىشقانلىرىچە، يولغا دۇۋىسىگە قىڭغىيىشتى. بىر تال بۇغداي سامىنىنى چىشلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ماخمۇت، نېرىسىدا بالىسىنى ئەركىلىتىپ ئويىنىتىپ ئولتۇرغان سارەگە ۋە ئۇنىڭ بېرىسىدىرەك يولغا قىڭغىيىپ يېتىپ خورەكنى باشلىۋەتكەن يۈسۈپ بوۋايغا كۆز قىرىنى سالدى.

ماخمۇت مەھەللىگە كەلگەندىن كېيىن يېتىپ ـ قوپىدىغان جايى توغرىلىق باش قاتۇرۇپ يۈرگەنىدى. يۈسۈپ بوۋاي ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى سېزىپ قالدىمۇ قانداق:

— ئوغلۇم، قارىسام ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ يۈرگەنىدەك قىلىسەن، بۇ ئىشىڭ بولمىدى. مەن ئاتاڭنىڭ ئورنىدىكى ئادەم. بىزنىڭ ئۆيدە قىسىلماي، قورۇنماي تۇرۇۋەر! — دېدى ـ دە، ھويلىسىدىكى بىكار ئۆيىنى ماخمۇت ئۈچۈن جابدۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ماخمۇت يۈسۈپ بوۋايىنىڭكىدە يېتىپ ـ قوپۇپ، يەپ ـ ئىچىپ يۈردى. تۇرمۇشنى مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەكمۇ، ھامان ئۆز ئالدىغا ئۆي ـ ماكان بولۇش كېرەكقۇ. ئۇنىڭ بىر چاغلاردا سارە بىلەن توي قىلىشماقچى بولۇپ يۈرگەنلىرىنى پۈتۈن ئەھلى يۇرت بىلىدۇ. ئادەم دېگەننىڭ ئىچى ئالا، كىم بىلىدۇ، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئىككىسى توغرىلىق سۆز ـ چۆچەكلەر پەيدا بولۇپ قالسا، ئۆزى ئۈچۈنمۇ، يۇرت ئىچىدە يۈزلۈك بولغان بۇ ئائىلە، بولۇپمۇ يۈسۈپ بوۋاي ئۈچۈن ياخشى ئەمەس.

ماڭسام، ماڭسام تۈگىمەيدۇ ئارالنىڭ تاغى.
يۈرىكىمنى كۆيدۈرىدۇ ھىجراننىڭ داغى.
لاي... لاي... لاي... لاي...

«لاي... ـلاي» يەنىلا كۆڭۈللۈك داۋام قىلماقتا ماخمۇت خىيال ئارىلاش ناخشىغا قۇلاق سالغىنىچە، خاماننىڭ نېرىسىغا كۆز تىكتى. شۇئان، يولدا ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان رەھىم دۈيجاڭغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، پايخانداپ بويسىلەر!

دېدى. رەھىم دۈيجاڭ ماخمۇت بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، تۇيۇقسىز ئويغىنىپ ئورە بولۇشقا ئەمشىلىۋاتقان يۈسۈپ بوۋايغا قول سوزۇپ، — ئالدىراشلىقتا قېشىڭلارغىمۇ كېلەلمىدىم.

— رەھمەت! — دېدى يۈسۈپ بوۋاي جاۋابەن. — شۇنچىلىك قىلالىدۇق. ئۆزلىرىمۇ بىر يەرگە ئاپارغانلا؟

سورۇپ بولاي دەپ قالدۇق. — قىسقىلا جاۋاب بەردى رەھىم دۈيجاڭ ۋە نېرىدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ماخمۇتقا يۈزلەندى، — بۇياققا كەل ماخمۇت، سەن بىلەن دېيىشىدىغان ئىككى ئېغىز گەپ بار.

ماخمۇت قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك، تەمبەل بۇ كىشىگە ئەگىشىپ، خاماننىڭ نېرىقى بۇرجىكىدىكى سۇيى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق بويىغا ئولتۇردى.

— ھاردىقىڭ چىقىپ قالغاندەك تۇرامدۇ؟

چىقمامدىغان رەھىمكا، بىكارچىلىقتىن زېرىكىپمۇ قالدىم.

— مەنمۇ شۇ ئىش بىلەن كېلىۋىدىم. ئىلگىرىكى يەرلىرىنى تۇتقۇزايلى دېسەك ھەممىسى ئەزالارغا تەقسىم قىلىۋېتىپتۇق. شۇڭا ساڭا لايىق بىر ئىش تېپىۋىدىم خالارسەنمۇ؟

— قېنى، قانداق ئىش ئىكەن؟ — سورىدى ماخمۇت قىزىقىپ.

— ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، توختىكام ھايات چېغىدا، ئۆزى ئۆيىدە تۇرۇپ، دۈيىمىزدە تون، ماي تارتىدىغان، ياغاچ تىلىدىغان زاۋۇت ـ كارخانا قۇرۇش ئۈچۈن، كېرەكلىك ماشىنا ـ سايمانلارنى ئەكەلدۈرگەن. ئەمما مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ ئىشقا چۈشۈرەلمەي قالغان. ھازىر ئۇ ماشىنا ـ سايمانلار شۇ تاشلىنىپ قالغانچە داتلىشىپ توپا بېسىپ ياتىدۇ. شۇلارنى ئازغىنا پۇل خەجلەپ رېمونت قىلساق ئىشقا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. باشقا جايلار خېلى بۇرۇنلا ئۆز ئىشلىرىنى يولغا سېلىپ قابىلىيەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرگە تۇتقۇزۇپ پايدىسىنى

كۆزرۈۋاتىدۇ. لېكىن بىز بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تونۇتقۇزالمىدۇق. سەۋەبى. مەھەللىدە سېنىڭچىلىك تېخنىكىدىن خەۋىرى بار ئادەم يوق. ئەمدى بۇ ئىشنى قولۇڭغا ئالمىساڭ تۈگام. قورقما. چوقۇم پايدىسى چىقىدۇ.

— ۋاي رەھىمكا! — دېدى ماخمۇت دۈيجاڭنىڭ ياخشى نىيىتىدىن سۆيۈنگەن ھالدا. — قولۇمغا ئالسامبۇ ئالارمەن. لېكىن مەندە بۇ كارخانىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىدەك ماداز يوق تۇرسا. تونىڭ ئۈستىگە يالغۇز تۇرسام. بۇنىڭغا كۈچ. پۇل. ئادەم كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان. — دېدى رەھىم دۈيجاڭ ئىشەنچ بىلەن. — مەھەللىدە ساڭا ياردەملىشىشنى خالايدىغان ئادەم ئازمۇ. پۇلغا مەن يول ماڭاي. گوۇكىشى بانكىسىدىن قەرز ئالىمىز.

— شۇنداقمۇ دەيلى. لېكىن ئىش يۈرۈشۈپ مېۋىسىگە ئېغىز تېگىدىغان چاغدا چىدىماي يېنىۋالارسىلەرمىكىن.

رەھىم دۈيجاڭ بۇ گەپتىن بىر ئاز شۈكلەپ تۇرۇپ قالدى - دە. ئاندىن كەسكىن قىلىپ:

— بۇ ئىشتىن ساقلىنىش تەس. شۇڭا مەھەللىدىكىلەر يېڭى تۈزۈمگە ئىشەنچ قىلالمايۋاتىدۇ. ئەتراپىمىزدىكىلەر خېلىلا ئىلگىرى كېتىشتى. بىز مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن كېلىۋاتقان توسقۇنلۇقلاردىن ھۈركۈپ تۇزالمىدۇق. كىشىلەرگە سەركە بولۇپ ئىش باشلىشىمىز لازىم. ئەكە قولۇڭنى گەپ شۇ. — دېدى.

تۇسقۇنلۇق قىلىۋاتقان كىملەر رەھىمكا؟ — دەپ سورىدى ماخمۇت رەھىم دۈيجاڭ بىلەن قول ئېلىشىۋېتىپ تۇرۇپ.

— يېزىمىزدا بار. كېيىن بىلىپ قالىسەن.

رەھىم دۈيجاڭ بۇ گەپنى ھازىرچە سىر تۇتۇپ تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردىمۇ باشقا گەپكە كۆچتى.

— يەنە بىر گەپ بار. ئەسلىدىكى قورۇ جايلىرىنى ئابدۇسەمەت ھوقۇق تۇتۇپ يۈرگەن ۋاقىتتا بۇزدۇرۇپ تېرىپ ئىسنى ئولپاڭ قىلىپ ئېتىزغا قوشۇۋەتكەن. باغاچلىرىنى ئۆز قورۇسىغا ئاپىرىۋالغانىدى. كېيىن بۇ ئىشلار سۈرۈشتە قىلىنىپ. ياغاچ تاشلىرىنىڭ مۇۋاپىق باھالىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى. تونىڭ پۇلىنى گوۇكىشى ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈپ تېپىۋال. دادۇي ئوڭايلىقچە ھەل قىلماسلىقى مۇمكىن. چىڭراق تۇرغىن.

— قانچىلىك باھالانغانىدى؟

— سەككىز يۈز ئەللىك كوي ئەتراپىدا.

ماخمۇت تېخى ئالدىدا تۇرغۇن توساقلارنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدى. رەھىم دۈيجاڭ. ماخمۇتتىن تۇرالغۇ. ئۆي - جاي مەسىلىسى توغرىلىق سورىۋېدى. ماخمۇت يۈسۈپ بوۋاينىڭ دېگەنلىرىنى ئۇچۇق ئېيتتى.

— بوپتۇ. — دېدى رەھىم دۈيجاڭ. — يۈسۈپكام ئوبدان ئويلاپتۇ. ۋاقىتىنچە شۇلارنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرغىن. كېيىن ئۆي - جاي. باغ ئورنى ئۈچۈن يەر كۆرسىتىپ بېرەيلى. ماغدۇرىڭغا كەلگەندە ئۆي سېلىۋالارسەن. — رەھىم دۈيجاڭ شۇنداق دەپ خاماندىكىلەر بىلەن خوشلاشتى.

## ئالتىنچى باب غۇلغۇلا

يۈسۈپ بوۋاي ياپپىشىل پىلەكلەر تۈرۈچ تارتقان قوغۇنلۇققا يېقىنلاشقانسېرى خىيالغا پاتتى. بۇ يىل كىرىشنى دۈي بىلەن قىلىشقان توختام كۆرسەتكۈچىگە يەتكۈزگىلى بولامدۇ - يوق. چۈنكى بەزىلەرنىڭ ئاغزىدا كۆرسەتكۈچ زىيادە يۇقىرى بولۇپ كەتكەنلىك ھەققىدە گەپ - سۆزلەر بولۇنماقتا ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ يازلىق ھوسۇلدا شۇ ئىش كۆرۈلمىدىمۇ؟ كۆپىنچىلەر كەمىنى تۆلەشتى - دە. چوڭ كۆتۈرە تۈزۈمىدىن ئىككىلىنىپ قېلىشتى. شۇڭا ئەزالار تازا قىزغىن بولالمايۋاتاتتى. كۆپىنچىلەر ئەمدى تۈمدىنى كۈزلۈك زىرائەتلەرگە باغلىغانىدى. يۈسۈپ بوۋايمۇ ھۆددىگە ئېلىپ تېرىغان بەش مو يازلىق. كۈزلۈك قوغۇنلۇقىدىكى ئايىنىۋاتقان سويىسلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئۈمىدلىنىپ دىلى سۆيۈنسىمۇ. يەنە بىر تەرەپتىن كۆتۈرە كۆرسەتكۈچىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن كۆڭلى لاسىدە بولۇۋاتاتتى. تۆۋەنلەپ كېتىشلىرىنى ئارىلاپ . يازلىق قوغۇنلاردىن

پىشىپ قالغانلىرىنى ئۈزۈپ باراڭ تۈۋىگە توپلاشقا باشلىدى.

دەل شۇ پەيتتە، بىر قول تراكتورى چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ قوغۇنلۇقنىڭ قىرىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭدىن گۈڭشېنىڭ ئالاقىچىسى تۇراپ ئىسىملىك ئون توققۇز ياشلاردىكى بىر بالا سەكرەپ چۈشتى ـ دە، كوزۇپىنى تۈت ـ بەشچە تاغارنى ئېلىپ تۇدۇل ساتىمغا كىرىپ كەلدى.

— بۇ يەرگە دۈيجاڭ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى تۇراپ تەكەببۇرلۇق بىلەن ۋە يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ يۈسۈپ بوۋايغا سۇندى. خەتنىڭ ئاستىدا گۈڭشې ئىشخانىسىنىڭ تامغىسى ئالاھىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— نېمە خەت بۇ تۇكام؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى يۈسۈپ بوۋاي تۇراپتىن.

— بۇ تاغارلارغا قوغۇن قاچىلايدىغان گەپ. بۇ، شۇ توغرىدىكى ئالاقە. گۈڭشېغا ئېكىسكۇرسىيىچىلەر كېلىدىكەن. يۈسۈپكا، سىلىنىڭ قوغۇنلىرى بالدۇر پىشقانلىقتىن، مېھمانلارنى قوغۇننىڭ باش يورىغا ئېغىز تەككۈزۈپ شەرەپنى ئالدىغان بولدىلا، قېنى قاچىلايمىزمۇ؟

تۇراپ يۈسۈپ بوۋايغا مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى ـ دە، ساتىما ئالدىغا دۆۋىلەنگەن قوغۇنلارنىڭ قېشىغا كېلىپ زوقمەنلىك بىلەن قول سوزدى. ئىشقا ماڭغان كىشىلەر، بۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قىزىقسىنغان ھالدا بىردىن ـ ئىككىدىن ساتىما ئەتراپىغا ئولىشىپ، قوغۇن سودىسىنى تاماشا قىلىشىپ تۇرۇشتى.

— توختاڭ بالام! — دېدى يۈسۈپ بوۋاي، تونىڭ شۇ تاپتا زەردىسى تاشقانلىقتىن چىرايى بىر ئاز ئۆزگەرگەندى، — بۇ قوغۇنلارنى شەھەرگە ئەكىرمەكچىمەن، سىزگە ئايرىم ئۈزۈپ بېرەي.

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، بىر قانچە كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، پەلەك ئارىلاپ يەنە بىرقانچە تاغار قوغۇن ئۈزۈپ چىقتى ۋە تۇراپنىڭ تاغىرىغا قاچىلاپ، ساتىما يېنىدىكى گىرگە باستى. شۇ ئەسنادا يولدىن بىر ئىش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىپ بارغان ماخمۇت، قوغۇنلۇقتىكى كىشىلەرنى ۋە يول ياقىسىدىكى تراكتورنى كۆرۈپ قىزىققان ھالدا توختىدى ـ دە، ساتىما تۈۋىگە كەلدى.

— جېڭلاپ نېمە قىلىلا يۈسۈپكا؟ — دېدى تۇراپ ھەيران بولغان ھالدا.

— مەن بۇ قوغۇنلارغا، — دېدى يۈسۈپ بوۋاي تۇراپقا زەردىلىك نەزىرى بىلەن قاراپ، — جېڭلاپ ئەر تۇككەن. شۇڭا جېڭلاپ بېرىمەن.

ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كېتىشتى. بىرى لوقما سېلىپ:

— پۇل تۆلەپ ئاللا ئىنىم، — دېدى.

— پۇل؟ — تۇراپ گەپ قىلغان كىشىگە مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى. — بۇ قانداق گەپ؟ قوغۇننى مەن يېمەيمەن ئېكىسكۇرسىيىچىلەر يەيدۇ يۈسۈپكا. گۈڭشې سىلىنى باشقۇرامدۇ ياكى سىلە گۈڭشېنى باشقۇرامىلا؟ بۇ خەتنىڭ پۇلچىلىك ئىناۋىتى يوقمۇ؟

— توخلاپ چۈشەكەپ يۈرۈپسەن تۇكام، — دېدى باياتىن بېرى توپ ئارىسىدا ئۈنچىقماي قاراپ تۇرغان ماخمۇت. بۇ يولسىزلىقتىن غەزىپىنى باسالمىغان ھالدا، — ئەمدى بۇرۇنقىدەك قورۇق قەغەز كۆرسىتىپ دېھقانلارنى خالىغانچە تالايدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى. توختام. پۈتۈم دېگەننى بىلەمسەن؟ شۇ تاپتا ئىش ھەققىڭدىن بىر پۇڭ كەملەپ قالسا مۇشۇكتەك مىياڭلاپ كېتەرسەن.

شۇ ئارىدا قاياقتىندۇر ۋەلسىپىت مىنگەن بىر ئادەم ماجىرانىڭ ئۈستىگە يېتىپ كەلدى. قېلىن قارا قاشلىق، ئاق يۈزلۈك، بويى تۈرقى كېلىشكەن، ئەترەڭ دىكادىن ياراشتۇرۇپ ئۈستىباش كەيگەن. چاچلىرى يالتىراپ تۇرىدىغان ئوتتۇز يەتتە ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئەكبەر ئىدى. ئۇنى كۆرۈپ ئەتراپتىكىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى تېخىمۇ كۈچەيدى:

— يەنە شۇ دېھقاننى بوزەك قىلىدىغان گەپ ئىكەن ـ دە.

— تۆزۈمنى ئۆزلىرى چىقىرىشىدۇ، يەنە ئۆزلىرى

ئەمەل قىلىشمايدۇ.

— مەسئۇلىيەت. چوڭ ھۇددە دېگەن شۇ بولدىمۇ ئەمدى؟ بۇ دېھقاننى كۆن كۆرمە دېگىنى. بۇرۇنقىدىن پەرقى نەدە قالدى؟ بولدىلا. ئاۋۋالقىدەك ئىشلىگىنىمىز تۈزۈككەن؟

— بولدى. بولدى. — دېدى ئەكبەر قولىنى شىلتى-ىگەن ھالدا. — نېمانچە غۇلغۇلا بۇ؟ نېمە گەپ تۈكام؟

تۇراپ يۈسۈپ بوۋاينىڭ گۈگۈشىنىڭ ئالاقىسىنى كۆزگە ئىلىمىغانلىقى ھەققىدە. ھەدەپ شىكايەت قىلغىلى تۇردى.

— ھېچگەپ يوق. — دېدى تۇراپنى باسقان بولۇپ. — يۈسۈپكا. قېنى قانچە كەلدى؟ بولدۇ. پۇل تولەيلى!

— بىر يۈز ئوتتۇز بەش كىلو. — دېدى يۈسۈپ بوۋاي ئەكبەرگە. — باش قوغۇن بولغاچقا بازار نەرقى بويىچە پۇل بېرىلا تۈكام. يەنى كىلوسى ئىككى مو بەش پۇڭدىن جەمئىي يىگىرمە ئۈچ كوي يەتمىش بەش پۇڭ.

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى ئەلەمدىن چاقناپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن چاندۇرماي يانچۇقىنى كولاشتۇرۇپ پۇل چىقاردى-دە. يۈسۈپ بوۋايغا سۇندى.

— ئەكبەر كاتىپ. سىلىنى خاپا قىلىپ قويدۇم تۈكام! — دېدى يۈسۈپ بوۋاي.

— ئۇنداق دېمىسىلە يۈسۈپكا. — دېدى ئەكبەرمۇ سىپايىلىق بىلەن. — بۇنىڭغا سىلە ئەجرە سىڭدۇرگەن ئەمەسمۇ؟

ماخمۇت. يۈسۈپ بوۋاينىڭ «ئەكبەر كاتىپ» دېگىنىدىن تېنى شۈركىنىپ كەتتى. «ئەكبەر؟ — ئەجەپلىنىش بىلەن تەكرارلىدى ئۇ ۋە كۆز ئالدىدىكى ئادەمنى يېڭىباشتىن كۆزدىن كەچۈردى. — ئاشۇ ئەكبەر!»

ماخمۇت ئەكبەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا دادىسىنى تارتىپ چىقىرىشقا قوماندانلىق قىلغان ئابدۇسەمەت بىلەن دائىم ئالاقە قىلىپ يۈگىنىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ھەتتا بۇ ئادەم ئابدۇسەمەت بىلەن بىللە دادىسىنى كۆرەش-پىيەن قىلىش يىغىنىغا قاتنىشىپ. بىر-ئىككى نۆۋەت يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان. دادىسىنى قارىلاپ ئۇتتۇق سۆزلىگەنىدى. ماخمۇت بۇ خاتىرىلەرنى قانداقمۇ ئۇنتالىسۇن. «ھە. — دېدى ئۇ ئىچىدە پىچىرلاپ. — تېخى ئۇ گۈگۈشىغا كاتىپ ئىكەن-دە.»

ئەكبەر يۈسۈپ بوۋايغا پۇلنى بېرىۋېتىپ. ئۆزىگە ئېيىشقىدۇ نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزگە دۇچ كەلدى-دە. تېنى غۇززىدە بولۇپ كەتتى. ئۇ. بۇ كۆزگە ئەجەپلىنىش بىلەن قاراپ قالدى. «تونۇشلا بىر چىراي.» ئەمما بۇ چىراينى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. تۇراپقا ياردەملىشىپ قوغۇنلارنى تراكتورغا باستى-دە. گۈگۈشىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

—ھېلىقى سولتەك گەپچى بۇ دۇيگە قاچان پەيدا بولۇپ قالدى. ئىلگىرى كۆرمىگەندەك قىلىۋېدىم.

ئەكبەر بايىقى زىياننىڭ ئەلىمىنى چىقارماقچى بولغاندەك. تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىدى-دە. تىراكتورنى تېزلىك بىلەن ھەيدەپ كېتىپ بارغان تۇراپتىن سورىدى.

— ماخمۇت دېگىنى شۇمىش. — دېدى تۇراپ. — بۇرۇن ئاشۇ ئاللىق باغ دادۇينىڭ ئۆلۈپ كەتكەن شۇجىسى توختاخۇن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلىمىش. ئۆز ۋاقتىدا بىرى بىلەن خاپىلىشىپ قېلىپ يۇرتىدىن قېچىپ كەتكەنىكەن. يېقىندا قايتىپ كەپتۇ. ھازىر كەنتنىڭ بۇرۇنقى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى كۆتىرە ئالماقچى ئىمىش.

شۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئەكبەرنىڭ تېنى شۈركىنىپ كەتتى. «ھە. ھېلىقى توختىنىڭ بالىسى ماخمۇت دېگەن شۇ ئىكەن-دە» دەپ ئويلىدى ئۇ سەگەكلىشىپ. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە. توختى شۇجى ئاياق زەربىدىن قازا قىلغان مەزگىللەردە ئەكبەر ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى. كېيىن «ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ قىلمىشلىرى-دىن ھېساب ئېلىنغاندا. ئەكبەرمۇ پارتىيىدىن چىقىرىلىپ. مەنسىپىدىن ئېلىندى. خىزمەتتىنمۇ

قالدۇرماقچى ئىدى بىراق، كىملەرنىڭدۇر قوغدىشى «قابىلىيەتلىك تەرجىمان، ئىشلىنىشكە بولىدۇ» دېگەن پىكىرلىرى سەۋەبىدىن، سىناپ ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلدى. كېيىنچە يەنە مۇشۇ گوڭشېنىڭ كاتىپلىقىغا قويۇلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تورمۇش ۋە خىزمىتى تىنچ شارائىت بىلەن ئەمىن ئىبتىلدى، گوڭشېنىڭ باشلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى يېرمايدۇ. ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدىچۇ. مۇڭ

ماخمۇت ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇۋېتەمدۇ قانداق؟ گەرچە ئۇنىڭ ماخمۇت بىلەن بىۋاستە تونۇشىدىغان يېرى بولمىسىمۇ. لېكىن تۇختى شۇجىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچراش ۋەقەسىدىكى چېتىشلىق ھۆكۈمەتنىڭ داڭگەن خاتىرىسىدە. خەلقنىڭ ئېسىدە بار ئەمەسمۇ؟ بۇنى ماخمۇت بىلەمدۇ- يوق؟ ئۇ ئويلان- غانسېرى، ماخمۇت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى خەتەرلىك بىر رەقىپ بولۇپ گەۋدىلىنىپ، يۈرىكى قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن ۋەھىم ئىسكەنجىدە ئارامسىزلىنىشقا باشلىدى.

## يەتتنچى باب — ساره

سارەنىڭ دەريا بويىدىكى ئەشۇ بۇلاقتىن سۇ ئەپكېلىدىغان ئىۋۋەت سانى ئىلگىرىكى چاغلارغا قارىغاندا خېلىلا كۆپىيىپ قالدى. ئىلگىرى كۈندە بىرەر قېتىم، كۆپ بولغىنىدا ئىككى قېتىم ئەكىلىپ قويسا كۇپايە قىلاتتى. ئەمدىلىكتە تۆت، ھەتتا بەش قېتىم دېگەندەك ئاتايىن ئاشۇ بۇلاق ئىۋۋىگە چۈشۈپ سۇ ئېلىپ كېلەتتى. چاي ۋە تاماققا ئىشلىتىشتىن باشقا، ھويلىدىكى گۈللەرگىمۇ بۇلاق سۈيى ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالدى. توۋا، ئىچىش ئۈچۈنغۇ بۇلاق سۈيى توشۇسا، گۈللەرگىمۇ، ئۇنچە يىراققا بارمىسىمۇ ئىشىك ئالدىدىلا بىر ئېرىق سۇ داۋاملىق ئېقىپ تۇراتتىغۇ؟ ھەتتا ھويلا- ئارامىلارغىمۇ بۇلاق سۈيى چېچىپ يۈرگىنى نېمىسى؟

سارە بۇ ئىشىدىن ئۆزىمۇ ئوڭايسىزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، شۇنداق قىلماسلىققا ئىلاجى يوق ئىدى. چۈنكى قانداقتۇ بىر سېھرى كۈچ ئۇنى ئىختىيارسىز بۇلاق بويىغا سۆرەپ كېتەتتى.

سارە چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن سەي- كۆكتاتلارنى تازىلاپ بولۇپ، ئىشىك ئالدىغا بىر ئىش ئۈچۈن چىقىۋىدى، بۇلاق تەرەپتىن ماخمۇتنىڭ زوق بىلەن ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىسىنىڭ يېقىملىق. لەرزان ساداسى يېتىپ كەلدى.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
بىر مەلىدە چوڭ بولغان.
باشتا ۋەدىمىز شۇنداق،
تولۇپ ئايرىلار بولغان...

ئاھ، يارەي!...

سارەنىڭ ۋۇجۇدى. ناخشىنىڭ تەسىرى بىلەن ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىدە ياش ئەگىدى. ئۆزىنى زورلاپ بېسىپ. ناخشىنىڭ داۋامىغا قۇلاق سالدى.

ياشىم تەككەن ياغلىقنى،
ئاپتاپتا قۇرۇتتۇڭمۇ؟
مەن سېنى ئۇنتۇمىدىم،
سەن مېنى ئۇنتۇتتۇڭمۇ؟

سارە ئەمدى كۆز ياشلىرىنى تۇتۇپ قالالمىدى. ناخشا خۇددى چەنلەپ ئاتقان ئوقتەك ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە- پارە قىلماقتا. ئۇنتۇمۇشكە تەنەللۇق بولغان سېغىنىشلىق ئەسلىمىلەرنى ئېسىگە سالماقتا ئىدى.

ماخمۇت مۇشۇ قورۇدا تىزرۇۋاتقان كۆڭلەردىن باشلاپ. سارە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. ئۇ بۇ ھەرىكىتى بىلەن ئۆزىنىڭ باللىق ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. بۇ ئىشلارنى ئۇ چىن كۆڭلىدىن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ، ياكى يۈرت ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىشلەمچانلىقى، ھالاللىقى، ئار- نومۇسچانلىقى بىلەن ھۆرمەت تاپقان دادىسىنى. شۇنداقلا ئۆزىنى. ئار- نومۇسنى ئاسراش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ؟

سارە ئاشۇ ئويلانغانلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلدى- دە، ئاخىرى ئۇتمۇشكە ئايلانغان بۇ مۇناسىۋەتنى يۈرىكىدىن

چىقىرىۋەتمەكچى بولدى. لېكىن بۇ ئىش ئانچە ئاسان ئەمەسكەن. قايتىدىن يانغان يانغىنىدەك كۆز ئالدىدا تۇرىۋاتقان بۇ رېئاللىق ئالدىدا، ئۇ ئۇتتۇمۇشنى ئۇنتۇشقا ئاجىز كەلدى. دېمەك ئۇ، ھېلىمۇ ماخمۇتنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىداقتا، پۈتۈن ۋۇجۇدى، مېھرى- مۇھەببىتى بىلەن ياخشى كۆرىدىغان ئوغلىنىچۇ، ئوغلىنىڭ دادىسىنىچۇ؟

سارەنىڭ شېرىن خىياللار بىلەن دولقۇنلاپ تۇرغان يۈرىكىگە تۇيۇقسىز بىر پارچە تاش تېگىپ كەتكەندەك سەسكىنىپ كەتتى. كۆز ئالدىدا، ئوغلىغا دادا، ئۆزىگە ئەر بولغان بىرسىنىڭ يىرگىنىشلىك تەلەتى نامايان بولدى. سارە يۈرىكىنى ئادىللىق بىلەن ئاختۇرۇپ باقتى. زادى شۇ ئەرنى بىر ئاز بولسىمۇ چىن كۆڭلى بىلەن ياخشى كۆرۈپ باققانمىدى؟ ئۇ يۈرەك قېتىنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەن بىرەر ھېس تۇيغۇ تاپالمىدى. ئۇنداقتا بالا قانداق تۇغۇلۇپ قالدى؟ سارەنىڭ ئىدراك كۆزلىرى ئۈشتۈمتۇت قەلبىدىكى «مەجبۇرىي خوتۇن بولغان» دېگەن خىيالىي سۆزلەرگە چۈشكىنىدە، «ئاھ، تەلەيسىزلىك!» دېگىنىچە ئۆزىنىڭ بىتەلەي خوتۇن- قىزلارنىڭ قىسمىتىگە ئوخشاپ كەتكەن ئازابلىق كەچۈرمىشلىرى ئۈچۈن ئاھ ئۇردى.

يار ئۈيىدە، ياتقاندۇ،
يېنى يەرگە پاتقاندۇ.
ئەقىللىق مېنىڭ يارىم،
خىيال قىلىپ ياتقاندۇ.

سارە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاھ، شۇ ناخشا! ئۇ شۇ تاپتا سارەنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىق تۇيغۇسى گىرەلىشىپ كەتكەن يۈرىكىنى بۇلاق بويىغا تارتماقتا. ئۇ، ھېلىلا ئېلىپ كەلگەن سۇلارنى گۈللەرگە قۇيۇۋەتتى- دە، چېلەكنى كۆتۈرگىنىچە بۇلاق بېشىغا ماڭدى.

ئۇ تېز- تېز مېڭىپ بۇلاق بويىغا يېتىپ كەلگىنىدە،- ماخمۇت دەريا ساھىلىدىن، ھارۋىغا لىق يېكەن بېسىپ قايتىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ يېكەنلەرنى ھويلىدىكى ئالماقچى بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەن ئۈگزىسىنى ياپقىلى ئوشۇماقتا ئىدى. سارە يېكەن ئۈستىدە ئوغلىنىڭ ماخمۇتقا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرغىنىنى كۆرگەندە، يۈرىكى يەنە بىر قېتىم دۈپۈلدەپ كەتتى. شۇ تاپتا بالىنىڭ پاكلىق، ساددىلىق ئالامەتلىرى بىلەن تولغان تۇرلۇق، مەسۇم يۈزلىرى شۇنچە ئوماق، يېقىملىق ئىدىكى كۆرگەن كىشىنىڭ ئامراقلىقى قوزغىلاتتى. بالا شۇ تاپتا ئۆزىنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ساياھەت قىلدۇرغان بۇ ئادەمدىن تولىمۇ مىننەتدار بولغىنى ئۈچۈن، ھېچنەرسىدىن غەمسىز، شادلىققا تولغان ھالدا، قەلبىدىكى باللىق مېھرى- ھۆرمىتى بىلەن بۇ ئادەمنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەنىدى. سارەنىڭ ئانىلىق يۈرىكى شۇ تاپتا ئوغلىنىڭ دادا مېھرىنى سېغىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بالىغا دادا كېرەك. بالىنىڭ ئۆز دادىسى نەدە؟ ئوغلى شۇ تاپتا ئەركىلەپ يۆلىنىۋالغان مۇنۇ ئادەمنىڭ، ئۆز دادىسىنىڭ رەقىبى، ئۆز ئانىسىنىڭ مەڭگۈ ئۇنتالمايدىغان يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئاھ! مۇرەككەپ قىسمەتلەرگە تولغان كىشىلىك دۇنيا! سارە يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىقىرىپ دەردلىك «ئۇھ» تارتتى.

ماخمۇت بۇ قورۇدا تۇرغاندىن باشلاپ، بالا خېلىغىچە ئۇنى يات كۆرۈپ، قېشىغا يېقىن يولىماي يۈردى. ماخمۇتچۇ؟ ماخمۇتمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئايرىلماسلىققا ۋەدە قىلىشقان دىلدارىنىڭ يات بىر ئەردىن تۇغقان ئوغلىغا قاراشقىمۇ رايى بارماي يىرگىنىپ يۈردى.

تۇرمۇش رېئاللىقى ئادەمنى ھەممىگە كۆندۈرىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بالا بۇ ئېغىر بېسىق، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان كىشىگە ئۆگەندى، ماخمۇتمۇ بۇ ئوماق، ئەقىللىق ئوغۇلنى بارا- بارا ياخشى كۆرۈپ قالدى. «بۇ مەسۇم بالىدا نېمە گۇناھ؟» دەيتتى ئۇ ئىچىدە، بالىنىڭ بېشىنى سىلاۋېتىپ، ھارۋا يېقىنلىشىپ كەلگەندىن كېيىن، بالا خۇشاللىقىدىن قىن- قىنىغا پاتماي، يەرگە سەكرەپ چۈشتى- دە چۇقان- سۈرەن بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ئاپا ـ ئاپا، قارا ماخمۇت تاغام دەريا بويىغا ئېلىپ بېرىپ ئويناتتى. مانا تورغاق! — ئۇ قولىدىكى بىر تۇتام پىشمىغان تورغاقنى ئاپىسىغا كۆرسەتتى. ئاڭغىچە ماخمۇتمۇ يېتىپ كەلدى ـ دە، بالىنىڭ خۇشاللىقىغا مەسلىكى كېلىپ گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن سارەگە كۆز سالدى.

— سۇغا چىققان ئوخشىمامدۇ سارەم؟

— ھەئە، — دېدى سارە تىترەك تارىلاش ئاۋاز بىلەن ۋە چېلەكتىن بىر نوگاي سۇ ئېلىپ ماخمۇتقا سۇندى، — ئۇسسىغانلا، سۇ ئىچسىلە!

ماخمۇتمۇ سۆيگۈ ئىنتىزارلىقى بىلەن دولقۇنلاپ كەتكەن ھاياجىنىنى تەسلىكتە بېسىپ، مەس ئادەملەردەك بىخۇتلۇق ئىچىدە، سۇنى قانداق ئالغانلىقىنى، قانداق ئىچكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى.

ئۇ سارەنىڭ تېخى گۆدەكلىك بەلگىلىرى يوقالمىغان نۇرلۇق چېھرىنى، ئوز قەدرىنى بىلىشتەك پەزىلىتى جۇلالىنىپ تۇرغان گۈزەل قەددى ـ قامىتىنى يېڭىباشتىن كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ كەتتى. ئوز ۋاقتىدا مۇشۇ گۈزەل ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرىنى ئاڭلاش، ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلغان ھۆسنى ـ لەتاپىتىنى كۆرۈش — جانغا ئارام بەرگۈچى بوستان كۆكۈللىرىنى ھىدلاش ئۈچۈن ئۇچرىشىش ئورنى قىلىپ بەلگىلەنگەن مۇشۇ بۇلاق تۈۋىگە شېرىن ئۇيقىلاردىن كېچىپ، كېچىلەپ كېلىپ كۈتۈپ ئولتۇرمىغانمىدى؟ بەزىدە قەرەلدە كەلمەي قالسا قىزىرىشىپ، كېيىن يەنە ئەپۇ قىلىشىپ، سۆيگۈ بەختىنىڭ تاتلىق شىرنىسىگە چۆمۈلۈشمىگەنمىدى. پۈتلىرىنى بۇلدۇقلاپ قايناپ چىقىۋاتقان سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە چىلاپ ئولتۇرۇپ «ئۆمۈرلۈك بولۇمىز» دەپ قىلىشقان ۋەدىلىرىنىڭ ساداسى، بۇلاقتا، ئەتراپىدىكى چىمەنلەرگە، سۆگەت ـ ئازغانلارنىڭ گۈل ـ ياپراقلىرىغا سىڭگەن بولغىدى؟!

ئەپسۇسكى، ئۆرمۈش نېمە دېگەن رەھىمسىز! بىر مەھەللىدە ئۆغۈلۈپ، چوڭ بولۇپ، باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە بىرگە ئوقۇپ، بىرلىكتە يېزىسىغا قايتىپ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن بۇ ئىككى تەلەيسىز، ئايرىلىش پەيتىدە «خوش» دېيىشكىمۇ پۇرسەت تاپالمىدى.

— رەھمەت سارەم!

ماخمۇت ئىسىگە كېلىپ، نوگاينى سارەگە سۇندى.

— ئۇستا ناخشىچى ئىدىلە، ھېلىمۇ ئۇنتۇپ قالماپلا.

ماخمۇت «يالت» قىلىپ سارەگە قارىدى ـ دە، تىلىغا كەلگەن ئەپچىل جاۋابنى يۇتۇۋەتتى. دەرھال ھارۋىنىڭ بوجىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئاتقا قامچا سالدى.

— تېز چۇھ!

«نېمىشقىمۇ، مۇشۇ يۈرەك پارەمدىن تۇغۇلۇپ قالمىغان بولغىدىنىڭ» يەنە ھارۋىغا كېيىكتەك قىيغىتىپ چىقىۋالغىنىچە، ماخمۇتنىڭ بىقىنىغا چاپلاشقان ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپ قالغان سارەنىڭ ئاغزىدىن، ئاشۇ گەپ چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەن. بىر كۈنى ماخمۇت يۈسۈپ بوۋاينىڭ بېغىغا، پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ تازىلىقىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن سۇپۇرگە ئىزدەپ كىرىپ، باغدا كۆتۈلمىگەندە كۆكتات يۇلۇۋاتقان سارەنى كۆرۈپ قالدى. شۇ تاپتا سارە ماخمۇتقا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ باغقا كىرگىنىنى تۇيماي قالدى.

ماخمۇت يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن بۇيان بىر ئىشقا ھەيران بولۇپ يۈرەتتى: سارە نېمىشقا يۈسۈپ بوۋاينىڭكىدىلا يۈرىدۇ. بالىنىڭ دادىسى نەدە، شۇ كەمگىچە ئۇ نېمىشقا سارەنى، ئوغلىنى ئېلىپ كەتمەيدۇ. ئۇ ئادەم كىم، مەھەللىدىكى ھەر قانداق كىشى بۇ ھەقتە سورالغان سوئاللاردىن نېمىشقا ئۆزىنى قاچۇرۇپ، توغرا جاۋاب بېرىشمەيدۇ؟ ماخمۇت بۇ سىرلىق ئىشنىڭ تېگىنى يۈسۈپ بوۋاي، ياكى سارەدىن سوراشقا پېتىنالمىدى، بالىدىن سورىۋىدى ئۇمۇ مۈجمەل جاۋاب بەردى. ئېنىق بىرنەرسە بىلەلمىگەن ماخمۇتنىڭ

قەلبىدە، بۇ سىرنىڭ تەكتىگە يېتىشتەك بىر ۋەسۋەسە. سارەنىڭ ئىرىنى كۆرۈپ بىقىشتىن ئىبارەت بىر رەشقى قىزىقىش كۈچىيىپ كەتكەنىدى. ئۇ بۇگۈن سارەنى خىلۋەتتە ئۇچرىتىپ قالغىنى ئۇچۇن ئىبىسگە يەنە سوئال كەچتى. شۇڭا ئۇ ئىختىيارسىز سارەنىڭ قېشىغا كېلىپ قالغىننى تويمايلا قالدى.

— سارەم!

تونۇش ئاۋازدىن سارە چۆچۈپ. تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە. ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۆزىگە بىر خىل ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ماخمۇتنى كۆردى.

—سارەم.— دېدى ماخمۇت بىر خىل قولاشماسلىق بىلەن دۇدۇقلىغان هالدا.— سىزپۈرگە ئۇچۇن كىرئۇيدىم، سىلىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۆزۈندىن بېرى سورايدىغان بىر سوئالىم بار ئىدى. راست جاۋابقا ئىگە بولسام دەيمەن!

— …

— سارەم، باللىرىنىڭ دادىسى كىم؟

سارە ماخمۇت تەرىپىدىن هامان بىر كۈن ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان قورقۇنچلۇق بۇ سوئالدىن مەگدەپ كەتتى. ئارقىدىن بېرىلگەن مۇتو سوئال تېخىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى.

— باللىرىنىڭ دادىسىنى راستىلا ئۆزلىرى خالاپ تەككەنمىدىلە؟

— …

سارە ئىبىسگە كەلگىنىدە، ماخمۇت تېخىچىلا جاۋابقا تەلمۈرۈپ تۇراتتى. بىر ئازدىن كېيىن سارەنىڭ ئاغزىدىن بۇ سوئالغا مۇناسىۋەتسىز بولغان باشقا بىر جاۋاب چىقتى.

— ماخمۇت، قاچانغىچە يالغۇز ئۆتىلا. مەهەللىدە نى ئىبىسل، چىرايلىق قىزلار بار. تارتىنمىسلا مەن يول ماكاي. ئۆيلىنىۋالسىلا.

ئاجايىپ جاۋاب! ئەمدى ماخمۇت مەگدەپ كەتتى. بىر هازادىن كېيىن، نوكايىسزلانغان هالدا:

— ياق، ياق سارەم، مەن ئۆيلىنەلمەيدىغاندەك تۇرىمەن. پېشانەمگە يالغۇز ئۆتۈش پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ.— دېدى-دە، باغنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

— ماخمۇت!

لېكىن ئۇ ئۆزىنى سىرتقا ئېلىپ بولغانىدى. بۇ چاغدا قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئۆگزىلەردە. دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا تاۋلانماقتا ئىدى. باغ ئارقىسىدىكى يولدىن پادىچى باللار ئوتلاقتىن قايتقان پادىلارنى هەيدىشىپ ئۆتتى. يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ هاۋشىشلىرى، مەزىننىڭ نامازشامغا چاقىرىپ توۋلىغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. كەچكى شامال باغدىكى كۈزلۈك مېۋىلەرنىڭ خوش هىدىنى دىماققا ئۇراتتى. دەريانىڭ يىراق چېتىدىن سوزۇلۇپ چىلىنغان نەي ئاۋازى سارەنىڭ هەسرەتلىك قەلبىگە تېخىمۇ هەسرەت قوشتى. يالغۇز قالغان سارە، باغرى ئۆرتەلگەن هالدا ئىلاجىسىز. كوكتاتلارنى ئېلىپ باغدىن چىقتى.

دەل شۇ چاغدا باغنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى چىتنىڭ سىرتىدا بېشىغا ئاق پەرەنجە ئارتقان بىر ئايالنىڭ چېچەك داغلىرى بىلەن قاپلانغان بەشىرىسى غىل-پال نامايەن بولدى-دە. كەچكى گۇگۇم قوينىدا غايىپ بولدى.

## سەككىزىنچى باب    ئىغۋا .

— يوقاپلا كەتلە. — دېدى دادۇي مۇدىرى ئاۋۇتاخۇن شاپتەك بۇرنىنى دىخماق قوللىرى بىلەن ئېشىپ قويۇپ،— كۆرگىمىز كەلدى، سىلە بولسىلا يۈرىكىمىز توق تۇرىدىكەن.

— بىز بولمىساقمۇ ئىشلار ئېقىۋېرىدىكەنغۇ؟— دېدى ئەكبەر مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ ۋە مۇدىرنىڭ خوتۇنى ئېلىپ چىققان مۇزدەك دوغاپنى ئاچكۈزلۈك بىلەن غۇرتىلدىتىپ يۇتۇشقا باشلىدى.

— نەدىكىنى، نەدىكىنى. سىلە دېگەن سىلە. هاي خوتۇن. هېلىقى چا خورازنى قازانغا تىقىپ غاچچىدە بىر نىمە قىلىپ بەرسەڭلىچۇ! ئەكبەر كاتىپ كەلمىگىلىمۇ خېلى بولۇپ قالدى.

ئاۋۇت مۇدىر چىقىپ كەتمەي، ئەكبەرگە نازلىق كۈلكىسى بىلەن قاراپ تۇرغان خوتۇنىدىن

ئەندىشىگە چۈشۈپ قالدى بولغاي. ئۇنى شۇئان ئەكبەرنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلماقچى بولدى. خوتۇن ئېرىگە تومشىقنى تۇشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— ھە، كەنتتە نېمە يېڭىلىقلار بار؟ — دەپ سورىدى ئەكبەر ئايالىنىڭ كەينىدىن «يالت» قىلىپ قاراپ قويۇپ.

— باشقا يېڭىلىق يوق، ئىشلا بۇرۇنقىدەك. ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان پېتىم. توختامدىكى ئاشلىقنى كاملاتقانلاردىن جىددىي ئۇندۇرۇپ ئولتۇرۇۋالدۇق. كوپىنچىلەر بۇ ئىشقا نارازىدەك قىلىدۇ.

— باشقا يېڭىلىقلارمۇ بارمىشقۇ؟ ئۈتنىچى دۈيدىكى رەھىم دۈيجاڭ دېگەن، ھېلىقى قاچقۇن ماخمۇتقا پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى تۇتقۇزۇۋېتىمىشقۇ؟

راست ئاڭلاپلا، — دېدى ئاۋۇت مۇدىر، — رەھىم دۈيجاڭ ئۆزى بىلىپ كۆتۈرە بېرىپتۇ. ماخمۇت ھەدەپ ئەيىپلىق ئىشلىرىنى قىلىۋاتىدۇ.

— شۇنچىۋالا مۇھىم بىر ئىقتىسادىي ئىشنى سىلىگە، دادۈي رەھبەرلىك بەنزىسگە سالمىدىما؟ سىلەر كۆكتاتلىقنىڭ قارانچۇقىمۇ؟

— ئەتراپىتا، ھەممىلا يەردە مۇشۇ چۇقان كۆتۈرۈلۈۋاتسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەركەزنىڭ يوليورۇقىدا ھەم شۇ گەپ تۇرسا، قانداقمۇ بىر نېمە دېگىلى بولىدۇ، ئەكبەرجان! — ئاۋۇت مۇدىر ئىلاجىسىز قالغاندەك كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى.

— دېتىلىرى يوقتە سىلىنىڭ ئاۋۇت جۈرىن، ئۇ گەپنى دېمىدىم ھېلىقى قاچقۇنىنى دەيمەن، ئۆزۈڭدىن بېرى ئېقىپ يۈرگەن بىر قاچقۇنغا، جامائەتنىڭ شۇنچە پۇللۇق مۈلكىنى ئىشىنىپ تاپشۇرغىلى بولامدۇ. دەۋاتىمەن. خىراجەتنى قانداق قىلماقچىمىش ئۇ سولتەك، يېغىپ كەلگەن بىرەر خۇرجۇن پۇلى بارمىكىن - يا؟

— توغرا، توغرا - ئەستىقلىدى ئاۋۇت مۇدىر، — دەرۋەقە بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاشماپتۇق. ئاڭلىشىمچە پۇلنى بانكىدىن قەرز ئالارمىش.

— مانا، مانا، تېخى بانكىدىن قەرز ئالارمىش. پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى سېتىپ يەپ، پۇلنى كۆزنۇرۇپ يەنە بىر قېچىپ كەتسە - ھە؟ ئەستىق سالدۇقمۇ؟

— يوقسۇ، — دېدى ئاۋۇت مۇدىر ئەندىشە ئىچىدە كۆزىنى چەكچەيتكەن ھالدا، — تېخى ئالدىمىزغا كەلگىچى بولمىدى.

— ياخشى! — ئەكبەر مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، — گەپ شۇ، ئۇ قاچقۇن ئىشەنچلىك ئەمەس، شۇڭا زاۋۇتنى ئۆتكۈزۈشقا، بانكىدىن قەرز پۇل بېرىشكە بولمايدۇ. بانكىمۇ، دادۈي، گوڭشې رەھبەرلىكىنىڭ تەستىقىسىز پۇل بەرمەيدۇ، ھەممە ئېغىزدىن گەپ مۇشۇنداق چىقسۇن، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم.

— بۇ گەپ ئۆتكۈسۈن. يەنە بىر گەپ، ماخمۇت ھازىر نەدە يېتىپ قوپۇپ يۈرىدۇ. چامامدا ئۇنىڭ ئۆي - جايىمۇ قالمىغانغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، يېتىپ - قوپىدىغان جايى بولمىغاچقا يۈسۈپكامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتىپتۇ.

— نېمە؟ — ئەكبەرنىڭ كۆزى چەكچىيىپ كەتتى، — يۈسۈپكامنىڭ ئۆيىدە دېدىڭلىما! ھازىر سارەمۇ مۇشۇ ئۆيدە دېسىلە!

شۇ ئەسنادا ئاۋۇت مۇدىرنىڭ سەتەڭ خوتۇنى قاش - كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە پەتنۇستا خوراز گۆشىدىن قورۇلغان مەززىلىك سەي، بوتۇلكىدا ھاراق كۆتۈرۈپ جوزىغا تىزغاچ ئەكبەرگە كۆزىنى خۇمالاشتۇرۇپ، قاراشقا باشلىدى. ئاۋۇت مۇدىر خوتۇنىنى سىرتقا ھەيدىدى.

— تېزراق ئاش دۈملىسەڭلىچۇ!

خوتۇن، ئېرىنى مەڭسىتمىگەن نەزەر بىلەن چېكىپ - چاماداپ چىقىپ كەتتى. ئاۋۇت مۇدىر ئۆزۈڭدىن بېرى ئەكبەردىن خاتىرجەم بولالماي، گۇمان بىلەن يۈرەتتى. شۇڭا ھەر قېتىم كەلسە ئىلاجىسىزلىقتىن تەكەللۇپ قىلىپ يۈرسىمۇ، قورسىقىدا تازا خۇش كۆرمەيتتى. ئۇنىڭ ھازىر چاندۇرماي تەكەللۇپ قىلىپ يۈرۈشىمۇ ئەكبەردىن كېلىدىغان ئەپ ئۈچۈن ئىدى.

«ۋاي قاپاقباش! — دەپ قويدى ئەكبەر، ئاۋۇت مۇدىرنىڭ قىلىقلىرىغا يىرگەنگەن هالدا، — قورۇپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان».

— هە ئە شۇ ئۆيدە، — دېدى ئاۋۇت مۇدىر ئايالى چىقىپ كېتىپ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەندىن كېيىن، هېلىقى گەپنىڭ داۋامىغا قايتىپ.

— بۇنىڭغا نېمىشقا يول قويدۇق؟ سارەم بىلەن ماخمۇتنىڭ ئىشلىرىنى يىراق- يېقىن هەممە بىلدۇ ئەمەسمۇ؟ گەرچە سارەمنىڭ ئېرى هازىر تۈرمىدە هەم ئاجرىشىپ كەتكەن بولسىمۇ باللىق تۇل ئايال بار ئۆيدە يات ئەر تۇرسا بولامدۇ؟ سىلە نېمىشقا بۇ ئىشلارنى مۇۋاپىق يول بىلەن چەكلىمىدىلە؟

— قىزىقكەنلا، ئۇلار بىزنىڭ تۇرۇق- تۇغقىنىمىز بولمىسا، ئۇلارنىڭ ئىشىغا قانداقمۇ چېپىلغىلى بولىدۇ.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — ئەكبەر رومكىدىكى هاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرىۋەتتى، — تازا بولىدۇ. مەن يۈسۈپكام بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشىمەن. ئابدۇسەمەتنىڭ تۇرۇق- تۇغقانلىرىدىن بارمۇ بۇ مەهەللىدە؟

— بار، ئاچىسى جەملەك سەرەڭگە بار.

— بۇ يەرگە چاقىرسىلا ئۇنى، ئۆت ئېغىز گېپىم بار.

ئاۋۇت مۇدىر ئىتائەتمەنلىك بىلەن سىرتقا چىقىپ جەملەككە بالا ماڭدۇرۇپ قايتىپ كىردى.

جەملەك سەرەڭگە، ئۇلار تازا يەپ- ئىچىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالدى. «سەرەڭگە» ئۇنىڭ گەپ توشۇغاق، ئىغۋاكەش، ئوتتۇرىغا كىرىۋالغۇچلىق مىجەزىگە قاراپ كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان لەقەم ئىدى.

ئەكبەر بۇ خوتۇننى ئورنىدىن تۇرۇپ ئالاهىدە ئىلتىپات بىلەن قارشى ئالدى ۋە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇرغۇن گەپلەرنى تاپىلاپ كەتتى. بۇ هېلىقى كۈن باغ ئۆيدە ماخمۇت بىلەن سارەنى مارلاپ تۇرغان چوققۇر خوتۇن شۇ بولۇپ، بۇ ئولتۇرۇش ماخمۇت باغدا سارە بىلەن ئۇچرىشىشتىن بىر كۈن ئىلگىرى بولغانىدى. شۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتىكى كىشىلەر جەملەك سەرەڭگىنىڭ ئاق روملىنى ئارتىپ، ئۆيمۇ-

ئۆي كىرىپ- چىقىپ يۈرگىنىنى كۆرۈشتى.

سارە شۇ كۈنلەردە، كەنتتىكىلەرنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن باشقىچە مۇئامىلىدە بولۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ قالدى. بۇرۇنقى سەممىي كۆزلەر ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا گۇمان بىلەن قارايتتى. ئۇ تالا- تۈزگە چىققاندا قولۇم- قوشنا، تونۇش- بىلىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ يىراقتىن ئۆزىگە قاراپ كۇسۇلدىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. يېقىنلاشقاندا ئۇلار هېچنەرسە كۆرمىگەندەك جىملا بولۇۋالاتتى، ياكى تارقاپ كېتىشەتتى. سارە بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ئازابلىنىشقا باشلىدى. ئاخىرى بۇ سىرمۇ ئاشكارە بولدى.

سارە، بىر كۈنى سەهەردە، كۆلگە سۇغا كېتىۋېتىپ (ئەمدى ئۇ بۇلاققا بېرىشنى توختاتقانىدى) يول بويىدىكى قورۇنىڭ يازلىق سەيناسىدا هاشىخان بىلەن نىساخاننىڭ سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئىختىيارسىز بۇ پاراڭغا قۇلاق سالدى.

— تۇۋا خۇدايىم، — دەيتتى هاشىخان بارماقلىرى بىلەن، ئاق داكا ياغلىقىنىڭ ئىككى ئۇچىنى گېلىغا يىغىپ چىۋىلەپ ئۇتقىنىچە، — سارەنىڭ مىسسىدە يۈرگىنىگە قاراپ، يۇۋاش، ئەخلاقلىق قىز بولدى دەپ ئويلاپتىكەنمىز، قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى كۆرمەمدىغان، شار- شۇر ئات كۆتۈرەر، مىس- مىس پۇت كۆتۈرەر دېگەن شۇ ئەمەسمۇ!

— شۇنى دېسىلە هاشىخان، — دېدى نىساخان ئىككى تەرەپكە شامال سوققان تېرەكتەك ئىرغاڭشىپ قويۇپ، — قىبرىغان دادىسىنىڭ بولسىمۇ يۈزىنى قىلماپتۇ. نە ئات، نە نومۇس. ئاپىسىمۇ دېگى بار دېسە، نېمە دېگەن گەپتۇ بۇ دەپ چۈشەنمەپتىكەنمەن. مۇشۇنداقلارغا چىقارغان گەپكەن ئەمەسمۇ بۇ!

— نىساخان، باغدا بولغان ئىش راستمىدۇ؟ ئىككىسىنىڭ ئاشۇنداق قىلىقسىزلىق قىلىشىغا هېچ ئىشەنگۈم كەلمەي تۇرىدۇ. جەملەك سەرەڭگىنىڭ گەپلىرىنىڭ توقسەن توققۇزى جا!

— ۋايىەي، نېمە دەيدىغاندۇ ماشۇ هاشىخان، — نىساخان قىزىشقان هالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ

قىتىمقىسى چوقۇم راستكەن. جىملەك سەرەڭگە تۇلارنىڭ؟ باغدا كاككۇك بىلەن زەيئەپ، غىرىب بىلەن سەنەم بولۇپ يىتىلىشىپ يۈرۈشكىنىنى، سەت بولسىمۇ ئىپتاي ھەتتا قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشكىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى مىڭ يەردىن قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ داۋاتامدۇ. ۋاي بىشەملەر، تۇفى!

— ماخمۇتمۇ تازا ئۆز كور بىر ئىمىكەن. ئۆزۈنىڭىياقى يۈسۈپكامىنىڭ قولىدىن ئۆز يەپ تۇرۇپ، قىلغان قىلىقىنى. بۇ ئىشنى ئەكبەر ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولۇپتىمىش، ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇنداق قىلىقلارغا قانۇن يول قويمىغىدەك، بۇ ئىشنى گۇڭشې باشلىقلىرىمۇ ئاڭلاپتىمىش، قانۇندىن ئادەم كېلىپ تەكشۈرەرمىش.

— ئۇنچىۋالامۇ قىلىپ كەتمەس.

— ياق، چوقۇم شۇنداقمىش، زاۋۇتنى ئەمدى ماخمۇتقا ئۇتقۇزماسمىش، گېزى كەلسە مەھەللىدىمۇ تۇرغۇزماسمىش!

سارە گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىدى. سۇغىمۇ بارماي ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ـ دە، كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىپ يۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

شۇ كۈنى ماخمۇتمۇ، سارەدىن بەتتەر قورساق كۆپۈكىگە ئۇچرىدى. ئۇ زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

## توققۇزىنچى باب

يۈرىكى ئەلەم بىلەن تولغان ماخمۇت، مەھەللىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ يوغان تېرەك تۈۋىگە كەلگەندە ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ھېلىقى بۇلاق ئېسىگە كەچتى ـ دە، ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋالماقچى بولۇپ، بۇلاق بويىغا چۈشتى. بۇلاققا ئۆزاقتىن ـ ئۆزاق تىكىلىپ تۇردى. ئوچۇملاپ سۇ ئىچتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قايرىلدى ـ دە، قاش يىغىرلاپ چۈشۈپ كېلىۋاتقان سارەنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. سارە، ماخمۇتنىڭ مەھەللىدىن يەنە كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىراش ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كەلگەنىدى.

— ماخمۇت، — دېدى سارە ئازابلانغان چىرايىنى

بىلەن بەنت بولۇۋاتقان چاغدا يېنىغا ئاۋۇت مۇدىر پەيدا بولدى ـ دە. ھازىردىن باشلاپ ئىشنى توختىتىشنى بۇيرىدى، ھەم بۇ ئىشنىڭ سەۋەبلىرىنى.. ئەكبەر كۆرسەتكەندەك ئىزاھلىدى.

«ھە. مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېخىچىلا ئېقىپ يۈرگەن بىر نومۇسسىزكەنمەن ـ دە؟ ماڭا ئىشەنمەيدىكەن.» خورلانغان ماخمۇتنىڭ كاللىسىدا مانا شۇ خىيال چاقماقتەك چېقىندىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆتۈلمىگەندە ئۇ تونۇمايدىغان بىر ئايالدىن ئۆتكەندە سارەدىن جاۋاب ئالالمىغان سوئالىغا جاۋاب ئالدى. جاۋابتىن ئۇ داڭقىتىپ، ئەسەبلىرىنى يوقىتىشقا ئازلا قالدى. دېمەك، سارەنىڭ تەككەن ئېرى، دادىسىنىڭ قاتىلى ئابدۇسەمەت. ھېلىقى ئوغۇل ئاشۇ رەقىبىدىن تۇغۇلغان بالا بولۇپ چىقتى. ئابدۇسەمەت مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئەلەم كۆرۈشكە قاتناشقانلىقى ۋە توختى شۇجىنىڭ بىگۇناھ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغانلىق جىنايىتى ئۈچۈن قانۇن بويىچە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ تۈرمىگە قامالغانلىقتىن. سارە ئۆز ۋاقتىدىلا ئۇنىڭدىن خېتىنى ئېلىپ دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىۋالغانىكەن.

ماخمۇت ئەمدى بۇ مەھەللىدە تۇرۇپ قېلىشنى خالىمىدى. ئىككىنچى قېتىم مەھەللىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولدى.

## ئۆزگىچە بىر قىسمەت

ئۇنىڭغا كۆرسەتمەسلىككە تىرىشىپ يەرگە قارىغان ھالدا، — ئەرزىمىگەن بىر ئېغىۋاغا مۇنچىۋالا يېنىكلىك قىلمىسىلا، بىر بۇلۇڭ ئادەملەرنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىسىلا، ئۇلار پۇل بەرمىسە، دادام بىرىدۇ. رەھىمكام بىلەن كەنتتىكى ياخشى كۆڭۈللۈك ئادەملەر يۆلەيدۇ. باشلىغان ئىشلىرىنى ئاخىرغىچە يەتكۈزسىلە!

سارە ماخمۇتتىن بىر قانچە قەدەم نېرىدا ئېرىق بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇردى. ماخمۇتمۇ، سارەنىڭ چىن قەلبىدىن چىقىۋاتقان بۇ سەمىمىي سۆزلىرىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي ئارسالدى بولغان ھالدا ئېرىق بويىغا ئولتۇردى. ئىككىيلەن

ئېرىق بويىدا بىر هازا ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشۇپ كېتىشتى. ئاخىرى ماخمۇت بۇ سۈكۈتكە ئەجەپلەنگەندەك ئېغىنچە بۇلاقتا قاراپ ئولتۇرغان سارەگە بىر قارىۋالدى. سارەمۇ بۇ قاراشنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى - دە، ئۈتكەندە ئۇ باغدا سوراپ ئېرىشەلمىگەن سوئاغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئېغىز ئاچتى.

:

ئابدۇسەمەت دادىۋي ئىشخانىسىغا كىرىپ كېتىۋىتىپ، دەرۋازا تۈۋىدە، تارتىپ چىقىرىلغان قارا يىپلارنى نازارەت قىلىشقا قويۇلغان خەلق ئەسكىرىگە يېلىنىپ تۇرغان بىر گۈزەل قىزنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بۇ قىزنىڭ «بۇزۇق ئۈنسۈر» دېگەن بەتنام بىلەن نازارەت قىلىنىۋاتقان يۈسۈپ بوۋاينىڭ قىزى سارە ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ قىزنى يىراقتىن ئاندا - مۇندا كۆرگەن بولسىمۇ بۈگۈنكىدەك ئوچۇق كۆرمىگەنىدى. «پەرىكەنغۇ، پەرى! — ئىچىدە پىچىرلىدى ئۇ ئۆزىنى باسالمىغان هالدا، — ماخمۇت دېگەن ساياقمۇ كۆزى بار نېمىكەن جۇمۇ! ئۆزىگە جۈپنى خاتا تاللىمىغانىكەن».

ئابدۇسەمەت ئىلگىرى بىر خوتۇن ئېلىپ، بىر يىللا ئۆي تۇتۇپ ئاجرىشىپ كەتكەندىن بۇيان، بويتاق ئۆتكەن بىرنېمە ئىدى. ئۆزۈندىن بۇيان ئوبدانراق بىر ئايالغا ئېرىشىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ پەيت كۈتۈپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق پەيت كېلىپ قالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. «ماخمۇت يۇرتقا قايتىپ كېلەلمەيدۇ. ھەممە چارىنى قوللىنىپ بۇ گۈزەلنى نىكاھىمغا ئېلىشىم كېرەك!» ئابدۇسەمەت ئۆزىگە يەر ئاستىدىن سوغۇققىنا قاراپ تۇرغان قىزغا ھىجايدى.

— ھە، گۈزەل قىز، سىلى ھېلىقى...، — ئۇ يۈسۈپ بوۋاينى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى - دە، قىزنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتماسلىق ئۈچۈن دەرھال گەپنى توغرىلىدى، — سىلە ھېلىقى يۈسۈپكامنىڭ قىزى سارەم بولاملا؟ بىر ئىش ئۈچۈن كەلگەنمىدىلە؟

— ھەئە، — دېدى قىز بېشىنى شۆركۈنگەن هالدا، ئابدۇسەمەتنىڭ ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ تۇرۇپ، — دادامغا تاماق ئېلىپ كېلىۋىدىم.

— ھىم، مۇنداق دېسىلە، — ئۇ ھەل قىلماق قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، — ئەسلىدە مەسىلە تاپشۇرۇپ بولالمىغانلارغا ئائىلىسىدىن تاماق ئالماسلىقنى قارار قىلغان ئىدۇق، لېكىن سىلە كېلىپ قاپلا، بوپتۇ، بىر قېتىم رۇخسەت قىلاي. ھەي، بۇ قىزنى دادىسىنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىڭلار، تاماقنى بېرىۋالسۇن. سىلە دادىلىرىغا تاماق بېرىپ بولۇپلا ئىشخانامغا كىرگەن بولسىلا، دادىلىرىنىڭ تەقدىرى توغرىلىق ئازراق سۆزلەشسەك.

سارە ئۈنچىقمىغان هالدا يېنىدىكى خەلق ئەسكىرىنىڭ ئارقىسىدىن تاماق كۆرسىنى كۆتەرگىنىچە يۈرۈپ كەتتى. دادىسى بىلەن يىغلاپ تۇرۇپ كۆرۈشتى. ئۇ دادىسىغا تاماقنى بېرىپ بولۇپ يېنىدا ئۆزۈنراق ئولتۇرغۇسى بار ئىدى. بىراق كۆرۈشۈش ۋاقتى توشۇپ قالغاچقا ئىلاجىسىز ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ساددا قىز، ئابدۇسەمەتنىڭ بايىقى گېپىنى، «راستىنلا دادامنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قىلىنىدىغان سۆھبەت ئوخشايدۇ، دادامغا ئاسانلىق تۇغۇلامدىكىن» دەپ چۈشەندى - دە، تارتىنغان هالدا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ تازا چېكىقى چۈش ئىدى.

— كەلسىلە سارەم، كەلسىلە، — دېدى ئابدۇسەمەت پاشىلىق ئورنىتىلغان كارىۋاتتىن چۈشۈپ، كارىۋاتقا تەكلىپ قىلغان هالدا:

— خوش — دېدى سارەم ئەيمەنگەن هالدا تاپىسىغا قارىغىنىچە، — مۇشۇ يەردە تۇراي، — سارەم ئىشىك تۈۋىدىن قوزغالماي تۇرۇۋالدى.

— نېمانچە تارتىنىلا، — دېدى ئابدۇسەمەت. ھاياسىزلىق بىلەن كۈلگىنىچە، — كارىۋاتقا كەلسىلە.

— گەپلىرىنى دېسىلە.

— سارەم، — دېدى ئابدۇسەمەت قىزنى ھۈركۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇرۇپ، — دادىلىرىنىڭ مەسىلىسى ئېغىر،

ئىبخىچە جاھىللىق قلىپ ئىقرار قىلمايۋاتىدۇ. ئۇ، سوتسىيالىزم بىلەن ناداقىچە قارشلىشىپ ئۆلگەن تارىخى ئەكسلئىنقىلابچى تۈنسۈر توختى ئۇچۇن ئەنزە ئاغدۇرماقچى بولغان يەنە، ئۆززۈمگە ئەۋە باغاچ دەپ، دۆيگە تەنەللۇق نورمانلارنى كېسىپ چەت رايونلارغا قىممەت باھادا سېتىپ، كوللىكتىپنىڭ تولىنى كولغان. ئۇندىن باشقا يەنە بىرمۇنچە مەسىلىلىرى بار. ھەممىسىنى راسچىللىق بىلەن تاپشۇرۇشى كېرەك، ئىقرار قىلىپ، دادۇي رەھبەرلىكىنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشىسلا چىقىش يولى بولىدۇ. ئەكسىچە بولىدىكەن ئاخىرقى تەقدىرى ھېلىقى توختىنىڭكىدەك بولۇشى مۇمكىن.

— قىز شۇئان ئەندىكىپ چۆچۈپ كەتتى. لېكىن ئۈندىمىدى.

— سارەم، دادىلىرىنىڭ ئىشىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىنىشىنىڭ باشقىچىمۇ بىر يولى بار. بىراق، بىرلا شەرت...

— قانداق شەرت؟ — سارە ئابدۇسەمەتكە سوغۇق، ئەمما ئۈمىد ئىپادىلىرى ئارىلاشقان بىر نەزەر بىلەن قارىدى.

— بۇ... بۇ ئىشنى، — ئابدۇسەمەت سەل دۇدۇقلاپ ئاخىرىدا ھاياسىزلىق بىلەن مۇنداق دېدى، — مەن... سىلە بىلەن تۇرمۇش قۇرسام...

سارەنىڭ يۈزى ئوتتا كۆيگەندەك لاۋىلداپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— سارەم! — ئابدۇسەمەت ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا ھاپىلا-شاپىلا كەلگىنىچە سارەنىڭ بىلەكلىرىگە ئېسىلىپ، ئىچكىرىگە سۆرەشكە باشلىدى، — سارەم، مەن سىلىگە كۆيۈپ...

«چاق!» قىلىپ تەككەن شاپىلاق بىلەن تەڭلا ئابدۇسەمەتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوچقۇن چاچراپ كەتتى. قىز چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى.

شۇندىن كېيىن جىملەك سەرەڭگە، كۆندە دېگەندەك قىزنىڭ قېشىغا ئەلچىلىككە كېلىپ، ئۇنىڭغا ئاراملىق بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— ۋايجان! بولالمىدىم. قېرى جېنىمغا رەھىم قىلساڭلار!

— رەھىم قىلىش؟ ئىقرار قىلساڭلا، رەھىم بولىدۇ. قېنى پاش قىلىنغان مەسىلىلىرىڭگە ئىقرار قىل!

— ...

— مانا ئەمسە! شەپقەت دېگەن!...

— ۋايجان، ۋايجان!...

يۈسۈپ بوۋاينىڭ دەھشەتلىك چىقىرىغان ئاۋازى تۈن باغرىدا ياڭراپ كەتتى.

، دادۇي ئىشخانا قورۇسىنىڭ بىر بۇرجىكىدىكى دېرىزىسى ھەم ئېتىۋېتىلگەن بىر ئۆينىڭ تورۇسىغا يۈسۈپ بوۋاي ئىككى قولىنىڭ بېغىشىدىن ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئۇۋەندە بىرقانچە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئابدۇسەمەت يۈسۈپ بوۋاينى سوراق قىلماقتا ئىدى. يۈسۈپ بوۋاي قىيىن قىستاق دەستىدىن ئۆزىگە ئارتىلغان بەتناملارنىڭ ھەممىسىنى راست دەپ ئۈستىگە ئالغان بولسىمۇ. لېكىن ئابدۇسەمەت سارەنى تىز پۈكتۈرۈش ئۈچۈن، «ئىقرار تولۇق بولمىدى» دېگەن بەدنام بىلەن دادىسىنى مۇشۇنداق ئازابلىماقتا ئىدى. يۈسۈپ بوۋاي ئاياق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى ، ئۇ ھۇشىدىن كەتتى.

بۆلۈنتۈلۈق كېچە. بۇ ناھەقچىلىقلارغا چىدىيالمىغاندەك، ئايمۇ بۇلۇتلار قېتىغا ئۆزىنى ئالدى. مەھەللىدىكىلەر دەھشەتلىك چىقىراش ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يوتقانغا باش چۆكۈرۈشتى. ئۇلارغا نېمە ئىلاج؟

پەقەت سارەلا، دادىسىنىڭ يىراقتىن كىرپىك قاقماي ئولتۇراتتى، غۇۋا يورۇپ تۇرغان كىرسىن چىراق، ئۇنىڭ ھال-مۇڭىغا ئورتاقلاشقىسى كەلگەندەك، تىپتىنچ، ۋە مىسكىن ھالدا كۆيمەكتە ئىدى. سارە دەم تۇرۇپ تالاغا چىقاتتى، دەم تۇرۇپ ئۆيگە كىرەتتى. دادىسىنىڭ دەھشەتلىك چىقىرىغان ئاۋازى تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ قۇلاقلىرىغا ئۇچۇپ كىرگىنىدە. ۋۇجۇدى سىقىراپ ئورنىدىن دەست تۇرغان ھالدا تالاغا دادۇي تەرەپكە قاراپ ماڭاتتى. شۇئان ئابدۇسەمەتنىڭ بەتبەشىرىسى كۆز ئالدىدا نامايەن بولۇپ. لاسىسىدە توختاپ قالاتتى... جىملەك ئەتىگەندە.

ئاخىرقى قىبتىملىق ئاگاھلاندۇرۇشنى ئىلىپ كەلدى. بۇگۈن ماقۇل جاۋاب بولمىسا، دادىسىنىڭ ئەتىگچە ھايات قالالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ساره يۈرەكلىرى قان ـ زەردابقا تولغان ھالدا، ھويلىدا ئولتۇراتتى. سىرتتىن تۇيۇقسىز قەدەم شەپىسىنى ئاڭلاپ سەگەكلەشتى. قولىغا پالتىنى ئىلىپ تەييار بولۇپ تۇردى.

— كىم؟

— مەن، مەن! قىزىم قورقمىسلا! يانلىرىغا بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلدىم.

ساره قولىدىكى پالتىنى بەرگە تاشلىۋەتتى. كەلگەن كىشى دادىسىنىڭ ئىشخانىلىرىغا قاراشقا قويۇلغان، ئابدۇساتتار بوۋاي ئىدى.

قىز ئىشىكنى ئىچىپ بوۋاينى كىرگۈزدى. بوۋاي سۇپىغا ئولتۇرغان ھالدا ھۇمۇدەپ تۇرۇپ، سۆزلەپ كەتتى.

— قىزىم، ئەمدى بولمىدى. بۇ قانخور ئاخىرى دادىلىرىنىمۇ رەھمەتلىك توختى شوجىنىڭ قىسمىتىگە دۇچار قىلىدىغان ئوخشايدۇ. شۇ تاپتا دادىلىرىنىڭ ھالى قىل ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. دادا ئەمەسمۇ؟ ئىچلىرى ئاغرىمامدۇ؟ بۇ ئىشنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بولۇۋاتىدۇ. ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرسىلە قىزىم... بۇ زۇلۇم ـ كۈلپەتكە چىدىيالماي ئاخىرى سىلىنىڭ يانلىرىغا كەلدىم.

ساره بۇ قېتىم ئىككىلىنىپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىدا! «دادىلىرىنىڭ ھالى قىل ئۈستىدە تۇرىدۇ» دېگەن سۆز تەكرارلانماقتا ئىدى. «ئاتا ـ ئانىدىن ئىزىز نىمە بار؟ بالىنى نىمە ئۈچۈن بىقىپ چوڭ قىلىدۇ؟» ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەرزەنتلىك مېھرى ـ شەپقەت ئوتى لاۋۇلداپ كەتتى. تولا يىغلاپ ئىششىپ قورۇپ كەتكەن كۆزلىرى، يۇغان ئىچىلىپ، چىرايى سۇرلۇك بىر تۇسكە كىردى. ئۇ دەس ئورنىدىن تۇردى ـ دە. دادىۋى ئىشخانىسىغا يۈگۈردى.

— مەن رازى بولدۇم، ئەمدى دادامنى قويۇپ بەرا!

تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن سارەنىڭ شۇ دەمدىكى تۇرقىنى كۆرۈپ، ئابدۇسەمەت نىمىشقىدۇ چۆچۈپ كەتتى. بىر ھازادىن كىيىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ بىلەن شادلىق ئارىلاشقان بىر تىترەك قاپلىۋالدى. قولاشمىغان بىر تەلەپپۇز بىلەن پىنىدىكىلەرگە:

— ئۇنى ئاسماقتىن چۈشۈرۈڭلار! — دەپ بۇيرۇدى.

## ئونىنچى باب
## قاچقۇننىڭ دوستى

— ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلىچۇ! — دەپ ئاتقۇشلىدى. زىبىرنساخان. سائەت ئوندىن ئاشسىمۇ ئىخچە خاقراپ ئۇخلاۋاتقان ئىرىنى. — كۈن نىكەم بولدى. ئەكبەر كاتىپ خىلىدىن بىرى سىلىنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

سىمىزلىكتىن گەدىنىدىكى گۆشلىرى بۇقا پاتىگىدەك قاتلىنىپ كەتكەن، ئىڭەكنى يىرىك. ئەرتىپسىز ساقال قاپلىغان روزى شوجى «ئى... ئى...» دەپ ئىڭىرغىنىچە، تۇياقتىن ـ بۇياققا بىر تۇرۇلۇپ قويۇپ يەنە جىمىپ قالدى.

زىبىرنساخان، ھاراق ۋە تاماكا ئىسىنىڭ پۇردقىدىن بۇلغىنىپ كەتكەن ئۈينىڭ ھاۋاسىنى يىگىلاش ئۈچۈن، دۇخاۋا پەردىلەرنى قايرىپ، قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرغان ئەينەكتىن دىرىزىنى ئىچىۋىدى، ئۆيگە سىرتتىن ئەتىگەننىڭ سالقىن ھاۋاسى ئىتىلىپ كىردى. ئۇ. ئىرىنىڭ يەنە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىق بىلەن بىر ئالايدى ـ دە، كارىۋات يېنىغا كېلىپ ئىرىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىشلىدى.

— نىمە دىۋىدەك ئۇخلايدىغان ئادەم بۇ، تۇرسىلا دەيمەن، ئەكبەر كاتىپ ساقلاپ قالدى.

—ھە، ھە. كىم ساقلاپ قالدى؟ — روزى شوجى ئۇندەرىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. — ھاراق چىشلىۋالغاندەك قىلىدۇ. يەنە بىر رومكا قۇيۇۋەتسەڭلىمىكىن، — ئۇ خالتىلىشىپ ئىششىغان قاپاقلىرىنى ئۇگلاپ، زىڭلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى تۇتۇپ قويدى.

— ئوۋۋاش! تىتىقسىزلىشىپ... ئەكبەر كاتىپ قاراپ تۇرىدۇ.

ئەكبەر كىرىپ كەلگەندە، روزى شوجى

كبنىپ، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ ئۈلگۈرگەنىدى.

زىبىرنىساخان ئىككىسىنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ چايلارنى قويۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

ئەكبەر روزى شۇجىغا قىيا كۆز بىلەن قاراپ قويۇپ يانچۇقىدىن، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ تۇقتۇرۇشىنى تۇزاتتى.

روزى شۇجى ھۆججەتنى ئوقۇپ تۈگەتكىنىدە، پىشانىلىرىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇپ، چىرايىنى ھودۇقۇش ئالامەتلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئىككىيلەن بىر ھازاغىچە بىر ـ بىرىگە تۇنجىقىشماي قارىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئاخىرى روزى شۇجى خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن:

— ئۇ مېنىڭ ئورنۇمغا گۆڭشىغا بىرىنچى شۇجى بولۇپ كەپتۇ ـ دە. ئەمما مەن توغرىلىق ھېچنېمە دېمىگىنى نېمىسى؟ دېمەك يا گۆڭشىدا قالىمەن، يا يۆتكىلىمەن، — روزى شۇجى ئەكبەردىن مەدەت كۈتكەنىدەك تۇمىد بىلەن تىكىلدى.

— شۇنداق يۇراق بار، — دېدى ئەكبەر بېشىنى لىڭشىتىپ، روزى شۇجىنىڭ بېشى پىرقىراپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ گۆڭشىدىن ئايرىلىشنى خالىمايتتى. بولۇپمۇ تېخىچە خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ بولالمايۋاتقان كەنجى ئوغلىنىڭ ئىشى، شەھەردە باشلاپ قويغان، تېخى پۈتۈپ بولالمىغان شەخسىي قورۇسى ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئەگەر ئۇ ھوقۇقتىن قالسا ياكى يۆتكەلسە، بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىنى قانداق ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ؟ قۇرۇلۇشقا لازىم ياغاچ، سېمونت، ئىشلىتىدىغان تراكتورلارنى نەدىن بىكارغا تاپىدۇ؟

— ھەر ھالدا، — دېدى ئەكبەر ئارىغا چۈشكەن سۈكۈتنى بۇزۇپ، — يېڭى كەلگەن شۇجى بىلەن ئوبدان چىقىشىۋېلىش لازىم، شامالغا قاراپ خامان سورۇش كېرەك.

— توغرا، توغرا ئۇكام، ئالدى بىلەن ياخشى كۈتۈۋېلىش، ئورمۇشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. مەنمۇ چىقاي، گۆڭشى ئىدارە ـ جەمئىيەتلىرىدىكى بارلىق كادىرلار يىغىلسۇن، ئۇنى ياخشى قارشى ئالايلى، بۇگۈنلا كېلەمدىكەن؟

— ھەئە، تەشكىلات بۆلۈم يولغا چىقىپ

كەتكەنلىكىنى تېلېفون بىلەن تۇقتۇردى. تۇقتۇرۇش ئاخشام كەلگەن. سەھەردىلا ھەممە ئىشلارنى تەق قىلىپ قويدۇم. پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ تۇدۇلىدىكى مەخسۇس بىر ئۆي ئۇنىڭغا ئاتالدى. ھازىر جاھازلاۋاتىدۇ. كېيىنچە ئائىلىسىنى ئەكىلىپ قالسا، سىلىنىڭ ئۆيىنىڭ تۇدۇلىدىكى بەش ئېغىز ئۆيىنى كۆزلەپ قويدۇم. ئارقىسىدا بېغى بار. چوشلۇك تاماق، كەچلىك زىياپەت ئۈچۈن قوي سويۇلىۋاتىدۇ. بېلىق كۆلىگە ئادەم بۇيرۇدۇم. ئاشپەزلىكنى گۆڭشى تەمىنلەش كوپېراتىپىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ ئۇستاملىرى قىلماقچى. ھازىر ھەممىسى تەييارلىققا چۈشۈپ كەتتى. قالغان يېمەك ـ ئىچمەكلەرمۇ جىددىي تەييارلىنىۋاتىدۇ.

ئەكبەر «قانداق؟» دېگەن مەنادا روزى شۇجىغا قاراپ قويدى.

— بارىكاللا ئۇكام، بارىكاللا. كۆڭلۈمدىكىدەك بوپتۇ. ھېلىقى ئۆيىگە دىۋان، تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالمىغاندىمىز؟ زېرىكىپ قالمىسۇن. ھە، ئۇمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇندىما؟ نېمە دېگەن پەملىك يىگىتسىز. جاھاننىڭ كۆزى بەزىدە سىزدەك ئادەملەرگە كەلگەندە كور بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدە سىزنى...

روزى شۇجى ئەكبەرنىڭ كەم ـ كۈتسىز ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، خۇشاللىقىدىن، ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكى بىر تەرەپكە قىيشىپ كەتتى، ئېقىپ چۈشكەندەك قوۋزى تېخىمۇ سالپايدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يېڭى شۇجىنىڭ كەچ سائەت بەشكىچە كۈتۈشتى. تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنىڭ ھورى كېتىپ، مەزىسى قالمايۋاتاتتى، قارشى ئېلىش ئۈچۈن يىغىلغان گۆڭشى ئىدارە جەمئىيەت خادىملىرىمۇ زېرىكىشكەنىدى. ئەكبەرمۇ رەللە بولغان ھالدا، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىگە بىرقانچە قېتىم تېلېفون بېرىۋېدى، «سەھەردىلا كىچىك ماشىنا بىلەن يولغا چىققان» دېگەن بىر خىللا جاۋاب بېرىشتى. ئاخىرىدا يولغا قاراشقا چىقىرىلغانلاردىن بىرى، بىر ياش كىشىنىڭ،

يول بېشىدىكى زاكوننىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئاياغ مەھەللىگە بارىدىغان يول بىلەن پىيادە يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئەكبەر شۇ كەمدە كۆپىنچە شۇجىلارنىڭ ئاممىۋى لۇشيەن ئىستىلىنى جارى قىلىپ ئۇيىدۇرمايلا ئۆۋەنگە كېتىپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلدى-دە، بۇ پەرەزنى روزى شۇجىغا ئېيتتى.

— سىلە، — دېدى ئۇ روزى شۇجىغا، — گوڭشېدا تۇرۇپ كۈتسىلە، ئۆۋەننى ئايلىنىپ كېلىپ قالسا ئىككىلىمىز بولمىساق سەت بولار، مەن ئارقىدىن يېتىشەي!

ئەكبەر جىددىيچىلىك ئىچىدە ۋەلىسىپىتقا مىنىپ ئۆۋەنكى مەھەللىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئەكبەر ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاقتېرەك دادۈيىنىڭ ئىچىنى ئارىلاپ ئۈچىنچى دۈيگە كېلىپ قالدى، ئۇ تېخىچىلا يېڭى شۇجىنى ئىزدەپ ئاۋارە ئىدى. سورا-سورا ماخمۇت ئىشقا چۈشۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قالدى. قارىسا زاۋۇتنىڭ تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلىپ، ئىشىك بېشىغا ۋىۋىسكىمۇ ئېسىلىپ بولۇپتۇ. ئىچىدە ئىش بىلەن قىزغىن ھەپىلىشىۋاتقانلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئەكبەر بۇ ئاۋازنىڭ ئىچىدە ماخمۇت بىلەن رەھىم دۈيجاڭنىڭ ئاۋازىنى بايقاپ بىردىنلا غەزىپى قايىندى، ئۇ ئاخىرى ئۆزىنى باسالماي، زاۋۇتنىڭ ئىچىگە بېسىپ كىردى-دە، رەھىم دۈيجاڭغا قاراپ، قولىنى شىلتىغان ھالدا:

— ئاممىنىڭ شۇنچە قىممەتكە ئىگە مۈلكىنى، مەھەللىدە ئېغى ياكى بېغى يوق بىر ئادەمگە ئۆتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلغان كىم؟ ئۆتكەندە قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشۇم نەگە كەتتى؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

— مەن! — دەپ ئالدىغا چىقتى رەھىم دۈيجاڭ، ئەكبەرنى مەنسىتمەيدىغان بىر قىياپەت بىلەن، — ماخمۇت مەھەللىمىزدە بىردىن بىر تېخنىكىدىن خەۋىرى بار ئادەم. ۋەيران بولغان زاۋۇتنى مۇشۇنداق بىر كىشىگە ئۆتكۈزسەم نېمە يامىنى بار ئىكەن!

ئەكبەر ئىتتىرەپ كەتتى. ئەمدى غەزەپتىن غالجىرلىققا ئۆتتى.

— ھەي نوغۇچ تۇزماق! بۇنى دېمىسەڭمۇ بىلىمەن، لېكىن بۇ ئىشلارنى كىمگە تەستىقلىتىپ قىلدىڭ دەۋاتىمەن!

— شۇنچە يىل يېزا بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، تېخىچە شال بىلەن پىيزەكنى ئايرىيالمايدىغان سىۋسەي! — دېدى رەھىم دۈيجاڭمۇ ئەمدى غەزەبلەنگەن ھالدا ئاغزىنى قويۇۋېتىپ ۋە ئۇنى دوراپ «سەن»لەشكە باشلىدى، — گوڭشېنى يالغۇز سەنلا سورامتىڭ؟ ئاڭلاپ قوي، بۇ ئىشنى مەركەزگە، مەركەزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىگە تەستىقلىتىپ قىلدىم، نېمە دەيسەن؟

ئەكبەر غىققىدە بولۇپ گەپ تاپالماي قالدى. ئۇ ھەدەپ تۆت ئەتراپىغا بىرسىدىن ياردەم كۈتكەندەك قارايتتى. باراڭنى ئاڭلاپ كەنتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يىغىلىشقان ۋە ئەكبەرنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن تىكىلگەنىدى. ئاۋۇت مۇدىرمۇ بىر چەتتە ئىلاجسىز قاراپ تۇراتتى.

— سەن، — دەپ قولىنى شىلتىغىنىچە ئەكبەرنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. ماخمۇت ئەمدى تاقەت قىلالماي، — مېنى ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ سەن دادامنىڭ ناھەق ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان. تۈردىن چۈشۈپ قالغان قاتىلنىڭ بىرىسەن!

ئەكبەر تاتىرىپ كەتتى، ئاۋۇت مۇدىر ئۇنى ئوڭايسىز ۋەزىيەتتىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا تېخىمۇ كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. دۈمبىسىگە چاپىنىنى ئارتىۋالغان، بېشىغا كەپكە، ئۇچىسىغا پاكىزغىنە ئاق دېچۈلياڭ كۆڭلەك كۆك شىم كىيگەن، گەۋدىلىك، ئوچۇق يۈزلۈك كېلىشكەن بىر ياش يىگىت توپ ئارىسىغا بۆسۈپ كىردى-دە، ماخمۇتقا قاراپ كۈلگىنىچە قول سوزدى:

— ماخمۇت، دوستۇم ھايات بارىكەنسەن، مەھەللىگە نېمە قايتىپ كەلمىسەن! بىر-بىرىمىز بىلەن كۆرۈشىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدىكەن!

ماخمۇت، ئۇزىگە قول سوزۇپ تۇرغان كىشىنى دەرھال تونۇيالماي بىر پەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى، بىر ھازادىن كېيىن، ئۇ خۇشاللىقنى باسالمىغان ھالدا، ھېلىقى يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— قەدىرلىك بۇرادەر، سىلىنىمۇ كۆرۈدىغان كۈن بارىكەن، — دېدى. جامائەت بۇ ئۇچرىشىشنى تولىمۇ

## ئون بىرىنچى باب

ھوقۇق ئىنسانىڭ ھاياتلىق يولىدىكى بىردىن بىر ئەڭگۈشتەرى ئىدى. «ھوقۇق بولسا ھەممە بولىدۇ.» دەپ ئويلايتتى ئۇ، ھەر قاچان چىرايىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى مەنسىتمەيدىغان بىر خىل يوشۇرۇن تەكەببۇرلۇق ۋە قەتئىيلىك ئالامەتلىرى نامايەن بولۇپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھەر خىل ئەپچىل ئۇسۇل ـ چارىلەر ئارقىلىق كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئىشلەشنى بىلەتتى. ئۇز ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشەنچى كۈچلۈك ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم گۇڭشېغا پارتكوم شۇجىسى بولۇپ تەيىنلەنگەن بەختىيارنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ ئەكبەرنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچلىرى سۇ يۈزىدىكى كۆپۈكتەك تارقاپ كەتتى. بەختىيار گۇڭشېغا كېلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، روزى شۇجىنىڭ باشقا گۇڭشېغا ئادەتتىكى سۇ كادىرى قىلىپ يۆتكەلگەنلىكى، ئۇزىنىڭ بارلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىدىن بىكار قىلىنىپ، قوشۇندىن قوغلانغانلىقى، خىزمەت ئۆتكۈزۈپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ گۇڭشې دائىرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى تەكشۈرۈلىدىغانلىقى ھەققىدە ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ ئۇقتۇرۇشى چىقتى. ئەكبەر بۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ چىقىرىلىش سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەنەتتى. سەۋەبى، ئۇنىڭ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى ئۈچ خىل ئادەملەرنىڭ بىرى دەپ قارالغانلىقىدا ئىدى.

ئارقىدىنلا ئەكبەرنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىسى تەكشۈرۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىن قاقتى ـ سوقتى! نقىلىنىپ ئېلىنغان ئەرسىلەرنىڭ

ھەيرانلىقتا چۈمگەنىدى.

«قاچقۇنىنىڭ دوستى» دەپ پىچىرلىدى ئەكبەر ئىچىدە.

— گۇڭشېمىزغا يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بىرىنچى شۇجى، — دەپ شىۋىرلىدى. ئاۋۇت مۇدىر ئۇمىشۇقىنى ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ تۇرۇپ، — بەختىيار دېگەن كىشى مۇشۇكەن.

## ئاھ ۋاپاسىز پەلەك!

ئىقتىسادىي قىسمىتى ئۈچ مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئەسلى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. لېكىن پوزىتسىيەدە ياخشى، بولۇپمۇ تولەپ قايتۇرۇشتا ئاكتىپ بولۇپ، ئەسلى ـ ۋەسلىنى سېتىپ پۇلىنى تولەپ تۈگەتتى. شۇڭا مەسىلىسى كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، ئۇزى ماخمۇت بار دۆيگە دېھقان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېكىن ئەكبەر بۇنىڭغا قانداقمۇ تەن بەرسۇن؟ ئۇ ئاخىرقى ئۈمىدىنى كېيىن ناھىيىگە مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ ئۈستۈرۈلگەن، ھازىر پېنسىيىگە چىققان كونا باشلىقى ياڭ جۈنگە باغلاپ، بۇ ئارقىلىق شەھەردە بىرەر مۇۋاپىق خىزمەت تېپىشقا بەل باغلىدى ـ دە. دەرھال ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئەكبەر شەھەرگە كۈن چۈشتىن قىيىلغان ۋاقىتدا يېتىپ كەلدى ۋە ھارۋىدىن چۈشۈپلا ياڭ جۈننىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— كېلىڭ ئىنىم، — دېدى خىيلىلا جۈدەپ، قىرىپ قالغان دىڭ يەڭگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئەكبەرگە تىكىپ، — ياڭ تاغىڭىز قەدىمكى ئەسەر تەتقىقاتىغا چۆكۈپ كەتتى، قىرىغاندا ئالىم بولغۇسى كەلدىمىكىن تاڭ. — ئۇ ئەكبەرنى ياڭ ۋېي ئارام ئالىدىغان ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

ياڭ جۈن ئىش ئۈستىلى ئالدىدا كۆزئەينىكىنى تاقاپ، قانداقتۇر بىر كىتابنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن قادىلىپ كۆرۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئەكبەرنى كۆرۈپ، دەرھال كۆزىدىن كۆزئەينىكىنى ئالدى.

— ياڭ قۇشەنجاڭ! ياخشىمۇ سىز؟

— ھە، ئەكبەر ئىنىم، قاچان كەلدىڭ؟ ھازىرلىما؟ قىنى، قىنى كەل، ئولتۇر.

ئەكبەر قارشى ئەرەپتىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە دىلى يەڭگە دادۇر، كەمپۈت... دېگەندەك يېمەكلىكلەرنى جوزىلارغا تىزىۋەتتى.

— ئەھۋالىم چاتاق. — دېدى ئەكبەر توغرىدىن-توغرا ھال ئوقۇغان ھالدا ۋە ئەھۋالىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. ئاخىرىدا، بىرەر ئىش-پىش تېپىش مەقسىتىدە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلدى.

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باستى. بىر ھازادىن كېيىن ياڭ جۈن ئۈزكۈنگەندەك قىلىپ شۇنداق دېدى.

## ئون ئىككىنچى باب

خېلى يىللاردىن بېرى ئىگە-چاقىسىز تاشلىنىپ كېتىپ، خاراپلىشىشقا باشلىغان بۇ تاشلاندۇق بىنا ئەمدى ماخمۇت يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان بىر گۇرۇپپا ئادەملەرنىڭ ئىشچان قولى بىلەن رېمونت قىلىنىپ يېپيېڭى بىر تۈسكە كىرگەنىدى.

تىنىق ئاسماننىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىدە لەيلىشىپ يۈرگەن كۆلرەڭ كۆز بۇلۇتلىرىنىڭ ئارىسىدىن شوڭغۇپ ئۆتكەن قۇياش نۇرلىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان بۇ بىناغا شادلىق ئەلچىسى بولۇپ چېچىلماقتا. نەچچە يىل توپا بېسىپ داتلىشىپ ياتقان شال تىلىش، ئۇن تارتىش، ياغ تارتىش ماشىنىلىرى ئەمدىلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا ئىدى. زاۋۇت قورۇسى يىراق-يېقىندىن كەلگەن ھارۋا، تراكتور بىلەن تولۇپ كەتكەن. زاۋۇتقا ئىش بىلەن كەلگەنلەر چىرايىدا شادلىق پارلىغان ھالدا كىرىپ-چىقىپ يۈرمەكتە.

— ئىش ھەققى نېمە دېگەن ئەرزان! — دەيتتى يوغان بىر سۆلياۋ تۇڭدا يېڭى تارتىلغان مايني ھارۋىغا قويۇۋاتقان بىر دېھقان بىر تاغار ئۇننى تراكتورغا بېسىۋاتقان يەنە بىر دېھقانغا قاراپ، — زاۋۇت ئىگىسى خېلى ئىنسابلىق يىگىتكەن.

— شۇنى دېسىلە ئاپىۋاخۇن، ئىلگىرى بىر كۈن

— ھەي ئىنىم، مەنما پېنسىيىگە چىقىۋالدىم. ئەمدى قېرىدۇق. خىزمەتنى ياشلار قىلسۇن. ھىم...، خىزمەتتىن قوغلاندىم دېگىن. ئەمدى بۇ ئىشنى قايتا ئەكسىگە كەلتۈرۈش قىيىن.

— بۇنىڭغا زادى ئامال قىلالمامسىزمۇ؟

— ئىنىم. دېدىمغۇ سېنىڭ ھېلىقى ئىشلىرىڭ ... مېنىڭچە ئەڭ ياخشىسى ۋاقتىنچە بولسىمۇ، ئاقتېرەك دادۇيىدە دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىپ تۇرغىن. كېيىنرەك بىر گەپ بولمامدۇ؟

ئەكبەرنىڭ بېشى چۈشتى. خېلىغىچە ئۈندىمەي ئولتۇردى. ئاخىرى، چىرايى تاتارغان، قاپىقى سىلىنغان ھالدا. ياڭ جۈننىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى.

### ھاياتلىق يولىدا

يول يۈرۈپ ئۆگمەنگە بارمىساق ئىشىمىز تەس ئىدى. ئەمدى بۇ زاۋۇت يولىمىزنى يېقىن قىلىپ، ۋاقتىمىز خېلى تېجەلدى.

زاۋۇت ئىچىدىن بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىققان ماخمۇت ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدىيۇ. ئاڭلىمىغانغا سېلىپ نېرىغا قاراپ ماڭدى. شۇ ئاپتا ئۇنىڭ بەستلىك گەۋدىسىدە كۈچ-قۇۋۋەت، چىرايىدا ھاياتقا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى.

شۇ چاغدا قاياقتىندۇر بەختىيار شوجى ۋەلىپىتنى يېتىلگىنىچە زاۋۇت قورۇسىغا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سىلىنىمۇ كۆرگىلى بولىدىكەن-ھە. مۇشۇ كۈنلەردە — دېدى ماخمۇت خۇشال ھالدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ.

— بۇرۇنلا كەلگۈم بار ئىدى. چولام تەگمىدى. بۈگۈن زاۋۇتىڭنى كۆرگىلى ئالاھىدە كېلىشىم.

ئۇلار زاۋۇت ئىچىنى خېلىغىچە ئايلاندى. ماخمۇت ئۇنىڭغا ماشىنىلارنىڭ ئىش ئۈنۈمى ۋە زاۋۇتنىڭ دەسلەپكى كىرىم-چىقىم ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

ئۇلار زاۋۇت قورۇسىدىن چىقىپ دەريا بويىغا كېلىپ قالدى. ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرە! ئەلمىساقتىن

نارتىپ مۇشۇنداق چەكسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت بىلەن ئېقىۋاتقان بۇ ئەزىم دەريا، كەچكى قۇياش نۇرىدا، لۇمۇلدەپ ئېقىۋاتقان كۈمۈچ ئېرىتمىسىدەك ئاپئاق بولۇپ يالتىرايتتى. گىرىمسەن ساھىلىدىكى ياپيېشىل چىمەنلىك مول ھوسۇللۇق ئېكىنزارلىق. شېرىن مېۋىلىك باغلار... بۇ ئىككىسىگە شۇنچىلىك گۈزەل تۇيۇلدىكى، ئۇلار بۇ گۈزەللىكنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ھاياجانلىرىنى باسالماي قېلىشتى. تومۇرلىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋادىغا بولغان پەخىرلىنىش، غورۇرلىنىش سەزگۈلىرى تۇرغۇپ كەتتى.

— ئاھ گۈزەل ئاقسۇ دەرياسى!

ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاغزىدىن خۇددى مەسلىھەت- لىشىۋالغاندەك تەڭلا شۇ ئاۋاز چىقتى. ئۇلار بىر- بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى. شۇئان بەختىيار:

— قانداق، يۇرتۇڭ گۈزەلمىكەن؟ ئەمدىغۇ يەنە كېتىمەن دەپ يۈرمەيدىغانسەن؟ — دېدى.

— ياق، ئەمدى ھېچنەگە كەتمەيمەن.

— ياخشىسى شۇ ماخمۇت، چىدىغۇسىز قانچە ئەلەملەرنى تارتتىڭ، ئەمدىلىكتە ئاشۇ رىيازەتلىرىڭ بەدىلىگە ياخشى ئىشلەپ، ياخشى ياشايدىغان كۈنلەر يېتىپ كەلدى. سەن، بىز يېڭى ھاياتنى ھەمكارلىشىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بىز يېڭى پىلان. غايىلەرنى ئالدىمىزغا قويۇپ، ماددىي ـ مەنىۋى بايلىق يارىتىشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە بولۇشىمىز كېرەك. كۆز ئالدىمىزدىكى كەلگۈندەك مەۋج ئۇرۇپ كېتىپ بارغان ئىنسانغا بەخت كەلتۈرىدىغان بۇ ئېقىمدا مىڭلىغان دېھقان قېرىنداشلىرىمىزغا باش بولۇپ ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئېيتقىنا، سەن ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭ بىلەن قانائەت تاپامسەن؟ ياكى يېڭى پىلان- غايەڭ بارمۇ؟

ماخمۇت، دوستىنىڭ سۆزلىرىدىن ئىلھاملانغان بولسىمۇ لېكىن ئويلاپ يەتمىگەن سوئاللار ئالدىدا تەمتىرەپ قالدى.

— ...

بەختىيار كۈلۈپ كەتتى. ماخمۇتنىڭ ساددىلىق، ئاق كۆڭۈللۈك مىجەزى ئۇنىڭغا تولىمۇ ياقاتتى. بۇنداقلار بىلەن ھەرقانداق قىيىن ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ.

— تېخىچىلا قورقىۋاتىسەن. ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تېپىشىغا ئىشەنمەمسەن؟ سەن بەربىر ئىشىنىسەن. بىز دەۋاتقان بۇ ئىشلار مىليونلىغان خەلقنىڭ ھاياتلىق يولىدا جاپالىق ئىزدىنىشىدىن كەلگەن ئەڭ توغرا بىر ئېقىم. بىز سوتسىيالىزمنى قىڭغىيىپ كەتكەن كونا ئۆي. قوناق نېنىنىڭ ئۈستىگە ئەمەس. نەرەققىي تاپقان ماددىي بايلىق. مەنىۋى مەدەنىيەت ئۈستىگە قۇرىمىز. سەن بىز شۇنداقلا مىليونلىغان جۇڭگو خەلقى جۇل ـ جۇل كىيىم. داشقازاننىڭ تومچى بىلەن ئەمەس. سۈت. ھەسەل. پاكىز يېڭى كىيىم ـ كېچەكلەر بىلەن بېزەلىدىغان قۇۋناق يېڭى ھاياتنى. ياخشى تۇرمۇشنى خالايمىز.

ماخمۇت، بەختىيارنىڭ بۇ مۇلاھىزىلىرىنىڭ كۈچى بىلەن مەست بولدى. بەختىيار ئىلھاملانغان ھالدا تېخىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

— سەن ئەمدى بۇ زاۋۇتنىڭ بىلەن قانائەت قىلماسلىقىڭ. يىراقىقا نەزەر سېلىشىڭ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرىنى بەرپا قىلىشىڭ. مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن خەبەردار تېپىپ دوگىنۇۋارلىششىڭ. ماشىنا. تراكتورلارنى سېتىۋېلىپ ئىشقا سېلىشىڭ. شۇ ئارقىلىق، مول ماددىي مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپ. يۇرتداشلىرىمىزنى ئۇلارنى خۇشال قىلىشىڭ كېرەك. ئېيتقىنا. بۇ ئىشلارنى سېنىڭ بىلەن مەن باشلاپ بەرمەي كىم باشلاپ بېرىدۇ؟

— بۇنىڭغا. ھۆكۈمەت يول قويامدۇ؟ پۇل ـ خىراجەتچۇ؟

— ئەخمەق! — دېدى بەختىيار دوستىنى جىملەپ. — كەچتە ساڭا مەركەزنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق ھۆججىتىنى بېرەي، ئەپسلى كۆرۈپ چىق. بەخت ئالدىمىزدا تۇرادۇ...

ئۇلار دەريا قىرغىقىغا يېقىنلاشقاندا. بەختىيارنىڭ كۆزى تۇيۇقسىزلا ئېگىز ياردىن كۆلىقتىن دەرياغا شارقىراپ چۈشۈۋاتقان بىر چوڭ ئېقىن سۇغا چۈشۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

— بۇ نېمە سۇ؟

ماخمۇت «يالت» قىلىپ بەختىيارغا قارىغان ھالدا:

— بۇ كەنتنىڭ زەيلىكلىرىدىن تويلىنىپ دەرياغا چۈشۈۋاتقان كېرەكسىز سۇ، — دېدى.

— ھەي ماخمۇت، مۇشۇ سۇدىن ۋاقىتىدا پايدىلىنىۋالساڭچۇ، كېيىن ئىگە بولالماي پۇشايمانغا قېلىپ يۈرمە يەنە!

— بۇ زەيكەش سۇنى نېمە قىل دەيلا؟

— ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرىسەن!

— ئېلېكتر ئىستانسىسى!؟...

— ئېلېكتر ئىستانسىسى! بۇ ئارقىلىق زاۋۇتىڭنىڭ توك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، دىزېل ماتورغا كەتكەن ماي پۇلىنى تېجەيلا قالماي، ئاھالىلارغا توك چىراق يېقىپ بېرىپ ئۇلارنىڭ مىننەتدارلىقىنى ئالىسەن! مەن بۇ ئىشقا مەبلەغ ۋە سايمان جەھەتتىن ياردەم بېرىمەن.

ماخمۇتنىڭ قەلبى يورۇپ كەتتى. ئۇ دوستىنىڭ قولىنى شۇنداق چىڭ سىقتىكى، بەختىيار ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى.

— ياخشى گەپ! لېكىن، قۇراشتۇرۇش جەھەتتىكى تېخنىكا مەسىلىسىچۇ؟

— سەن، بىز، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىكار ئوقۇمىدۇق، ئالغان بىلىمنى مۇشۇنداق يەردە ئىشلەتمەي نەدە ئىشلىتىمىز؟ كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرىمىز. بىلەلمىگەنلىرىمىزنى بىلگەنلەردىن سورايمىز. شۇنداق قىلىپ ئۆزىمىز لايىھەلەپ، ئۆزىمىز قۇرىمىز.

— بولىدۇ! — دېدى ماخمۇت ئاخىرى تولۇق ئىشەنچىگە كەلگەن ھالدا.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ بولسۇن، مەن بۇ ئىشنى گۇڭشې پارتكوم ھەيئەتلەر يىغىنىغا قويۇپ قارارلاشتۇرۇپ، پىلانغا كىرگۈزىمەن، يۇقىرىغا يوللايمىز. شۇنداق قىلساق ئىش يورۇشلۇق بولىدۇ!

ماخمۇت دوستىنىڭ ياردىمى بىلەن تېز كۈندە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. كەنتتىكى ئېشىپ قالغان ئىشقا مۇھتاج ياشلاردىن بىر قانچىسىنى زاۋۇتقا ئىشچى قىلىپ قوبۇل قىلدى. ئىشلار ئوڭۇشلۇق يورۇشۇپ كەتتى.

° °

ئېتىز - داللارنى ئالتۇن يوپۇققا ئوراپ سېخى كۈزمۇ يېتىپ كەلدى، ئېتىزمۇ - ئېتىز ئۇچۇپ يۈرۈپ دانغا تويۇشقان قۇشقاچلار دەرەخلەرنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا خۇشال چۇرۇقلىشاتتى. دېھقانلار كۈزلۈك يىغىم ئىشلىرى بىلەن تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەنىدى.

ئىككى چېتى تۇتاش ئېكىنزارلىق بىلەن تولغان يېزا يولىدا بىر يۈك ئاپتوموبىلى مەھەللە ئىچىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. يۈك ئۈستىگە يېپىلغان بىرزىنت ئۈستىدە ماخمۇت مەيدىسىنى سەل كۆتەرگىنىچە جەينەكلىنىپ سوزۇلۇپ يېتىۋالغانىدى. ئۇ ناھىيىلىك قانتاش، ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىدىن مەھەللىسىدە قۇرماقچى بولغان ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۈچۈن دىنام قاتارلىق بىر يۈرۈش سايمان - ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا دېيىشكەن گەپ بويىچە ماخمۇت بەختىيارنىڭ قېشىغا باردى.

— ناھىيىگە بار، — دېدى بەختىيار يانچۇقىدىن بىر نەچچە پارچە خەت ئالاقىلىرىنى ئېلىۋېتىپ مانا ماۋۇ قانتاش، ئېلېكتر سايمانلىرى شىركىتىگە قىلىنغان ئالاقە. ماۋۇ بانكىغا قەرز پۇل ئۈچۈن قىلىنغان ئالاقە. مەن ئۆلۈشكۈن ناھىيىگە يىغىنغا بارغىنىمدا، شىركەتتىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى ئالدىن دېيىشىپ قويۇۋىدىم. بۇ پۇل بىلەن مۇشۇ ئالاقىنى ئېلىپ بارساڭلا ئىش پۈتىدۇ. ئۆزۈڭ ماشىنا كىرا قىلىپ ئېلىپ كېلەرسەن.

ماخمۇت ئالاقە، تونۇشتۇرۇشلارنى ئېلىپ شۇ كۈنىلا ناھىيىگە يورۇپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈن كېرەكلىك سايمانلارنى ئېلىپ قايتىپ كەلمەكتە. ئۇلار مەھەللە ئىچىگە كىرىپ كەلگەندە، كىشىلەر ئۇشمۇ - ئۇشتىن كېلىشىپ، ماشىنىنى قورشىۋېلىشقان ھالدا، قىزىم - يامغۇردەك سوئاللىرى بىلەن ماخمۇتنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى.

— ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن، — تولا بېشىمنى چۈرىمەي سايمانلارنى چۈشۈرۈشكە ياردەملىشىۋەتكىلەرچۇ!

چىرايىنى شادلىق قاپلىغان رەھىم دۈيجاڭ بىلەن يۈسۈپ بوۋاي ئالدى بىلەن ماشىنىغا ياماشتى.

## يوغان تېرەك تۆۋىدە

## ئون ئۈچىنچى باب

جۇدىنگەنلىكتىن، ئورا قاپاقلىرى ئارىسىدىكى كۆزلىرى پارقىراپ قالغان، چاچ ساقاللىرى ئۆسكەن ئەكبەر كوچىا بۇرجىكىدىكى كاۋاپخانىدىن چىقتى ـ دە، ئىلگىرى ـ پەس دەسسەپ، مەقسەتسىز ھالدا ياندىكى بىر كوچىغا بۇرۇلدى.

بۇ نامازدىگەر ۋاقتى بولۇپ، مارت ئېيىنىڭ ئىزغىرىن شامىلى. كوچىلاردىكى چاڭ ـ توپىلارنى توزۇتۇپ، يېڭىلا يېشىللىشكە باشلىغان دەرەخ شاخلىرىنى لەرزان لىڭشىتىپ، غورۇلداپ ئۈچۈپ يۈراتتى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك قاپلىغان كۆزلىرىنى گاھ ئۇنىڭغا، گاھ بۇنىڭغا ئالايتىپ تىكىكىنچە بىر ھازا مېڭىۋېدى، ئالدىدىن گەۋدىلىك، تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان بۇرۇتلۇق بىرى چىقىپ كەلدى ـ دە، ئەكبەرنىڭ ياقىسىدىن ئالدى.

— ھۇ، ئاقىنانچى مەككار، ھۇ خۇدا تۇرغۇر لەڭمەن پاچاق، ماڭە گۆي! يا پۇلنى تاپ، يا فادىيەنجىنى تاپ!

ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى كىرىلىپ كەتتى.

— ھېمىتاخۇن، — دەپ يالۋۇردى.ئۇ بۇرۇتلۇققا، — تېپىپ بېرىمەن دېدىمىغۇ قېچىپ كەتمەيمەن تېپىپ بېرەي.

— تېپىپ بېرەي؟ مۇشۇ ھالىڭ بىلەن قاچان تېپىپ بېرىسەن؟ ماڭە زادى، سېنىڭ بىلەن قازىنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىمەن!

بۇرۇتلۇق ئەكبەرنىڭ تىرەجەپ تۇرۇۋېلىشىغا قارىماي ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرىدى. قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئەكبەر جان ئاچچىقىدا بېشىنى بىر سىلكىۋېدى «گاچ» قىلىپ بۇرۇتلۇقنىڭ خامىرىغا تەگدى ـ دە، قاناپ كەتتى.

— قۇرۇق گەپكە ئىشىنىپ پۇل بەرگەننىڭ سازايى! — دەپ پەرياد قىلدى بۇرۇتلۇق، بۇرنىدىكى قاننى ئېرتىپ تۇرۇپ، ئاندىن قەھرى ـ غەزىبى بىلەن ئەك-بەرنى ئىككى پۇكلەپ بېسىپ، تۇرۇپ، تېپىپ ئەدەپ-لىگىلى تۇردى. ئەتراپتىن ئولاشقان جامائەت بۇرۇتلۇق-نىڭ ئىشىنى خوپ كۆرمىگەن ھالدا سالا ـ سوئال قىلىشتى:

ھەي بۇرادەر! تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويمىسىلا يەنە!

— ھەر قانچە ئىش بولسىمۇ گەپ بىلەن قىلىسىلىچۇ؟

— گەپ بىلەن؟! — گۈركىرىدى بۇرۇتلۇق سالا قىلغۇچىلارغا ئالايغان ھالدا، — بۇنداق مەككارغا گەپ تەسىر قىلامدۇ؟ مەن مەھەللىمدە. پاختا زاۋۇتى قۇرماقچىدىم، ئۇنىڭغا فادىيەنجى ھەل قىلالماي يۈرسەم ماۋۇ ئالدامچى ئۇچرىدى. ئۇ فادىيەنجىنى مەن ھەل قىلىپ بېرەي! دەپ پو ئاتسا، ئىشىنىپ ئىككى مىڭ يۈەننى بېرىپتىمەن. شۇ يوقىغانچە بۈگۈن كۆرۈشۈم. ئېيتىپ بېقىڭلار جامائەت، ماڭا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟!

ئۇ ئېغىزىمۇ قايناپ، ئەكبەرنى يەنە تۇرۇشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتتە، شەھەرگە سودا ـ سېتىق ئۈچۈن كىرگەن ماخمۇت بۇ جېدەلنىڭ بېشىغا كېلىپ قالدى ـ دە، تاياق يەۋاتقۇچىنىڭ ئەكبەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئەكبەرنىڭ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن مەھەللىگە قايتماي، شەھەردە قاقتى ـ سوقتىلىق قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەنلىكىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ ھالغا چۈشۈپ قالار دەپ ئويلىمىغانىدى.

— بولدى ئەمدى ئاكا! — دېدى ماخمۇت بۇرۇتلۇقنىڭ قولىنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، — پۇلنى مەن بېرىۋېتەي!

بۇ جېدەلگە ئارىلىشالماي تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغان جامائەتنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ماخمۇتقا تىكىلدى. بۇرۇتلۇقمۇ قوللىرىنى دەرھال تارتتى ـ دە، ھودۇققان ۋە ھەيران بولغان ھالدا ماخمۇتقا قاراپ:

— ئۇكام، سىز... بۇنىڭ نېمىسى بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىر يېزىلىق! — دېدى ماخمۇت، — قېنى بۇنىڭدا قانچە پۇللىرى بار ئىدى؟

— ئىككى مىڭ يۈەن.

تاياق زەربىسىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي

تىپىرلاپ تۇرغان ئەكبەر ماخمۇتقا يەر ئاستىدىن جۇرئەتسىزلىك بىلەن قارىدى.

— ئەكبەر. بۇ ئادەمنىڭ راستىنلا سىلىدە شۇنچىلىك پۇلى بارمىدى؟ — دەپ سورىدى ماخمۇت.

— ھەئە — ئەكبەر بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— مانا ئىككى مىڭ يۈەن! قېنى، سانىسىلا.

ماخمۇت سومكىسىدىكى، پۇلدىن بىر كاللەكنى ئالدى - دە، بۇرۇتلۇقا سۇندى. بۇرۇتلۇق بىر ئىشىنىپ بىر ئىشەنمەي پۇلنى ساناشقا كىرىشتى. ماخمۇتنىڭ بۇنداق قىلارىنى ھېچقاچان ئويلىمىغان ئەكبەر كىچىك بالىدەك يىغلىۋەتتى.

— ماخمۇت، ماخمۇتجان! مۇنداق بولارنى بىلمەپتىمەن، ئەپۇ قىلىڭ!...

— قېنى تراكتۇرغا چىقسىلا مەھەللىگە قايتىمىز. بىزنىڭ زاۋۇتتا بىللە ئىشلەيمىز!

ماخمۇت توپىغا مىلەنگەن ئەكبەرنى يۆلەشتۈرۈپ تراكتۇرغا چىقاردى - دە، مەھەللىگە يۈرۈپ كەتتى.

بۇ ۋادىدىكى باھار باشقىچە چىرايلىق، يېشىللىققا پۈركەنگەن پايانسىز دالىنىڭ خۇش پۇراق گۈللىرى، باغلارنىڭ رەڭمۇ - رەڭ چېچەكلىرى، ئىللىق باھارنى سېغىنغان يۈرەكلەرنى تېزىنگە مەھلىيا قىلاتتى. مەھەللە چېتىدە، تۇزاقلارغا سوزۇلغان بۇزۇلۇپ ياتقان بىنەمنى ئېچىش ئۈچۈن چىققان دېھقانلارنىڭ قىر سېلىۋېتىپ ئېيتقان ناخشىلىرى دىللارغا زوق - ھوزۇر بېغىشلايتتى. ئاسمان شۇنچە سۈزۈك ۋە ساپ ئىدىكى، شادلىق ھېسلىرى بىلەن تولغان يۈرەكنىڭ ئۈمىد ۋە ئىشەنچىگە ئوخشاپ كەتتى. كۆزۈڭنى ئاسماندىن ئېلىپ، زېمىنگە تىكسەڭ، دەريا قىرغىقىدىكى يار بويىدا، پىششىق خىشتىن سېلىنغان ئىككى قەۋەتلىك بىنانى كۆرىسەن-دە، ھەيران بولۇپ زوقلىنىپ تۇرۇپ قالىسەن، بۇ بىنا ماخمۇت بىلەن بەختىيار شۇجىنىڭ بىرلىكتە قول سېلىپ لايىھىلەپ ياساپ چىققان، ھازىر ماخمۇت خوجايىنلىق قىلىۋاتقان ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ماخمۇت ئىستانسىنى مۇز توڭلاشتىن ئىلگىرى پۈتكۈزدى-دە، زاۋۇتنى ئىستانسىدىن ھاسىل بولغان توك بىلەن ماڭدۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئەمدى باھار كېلىۋېدى، ماخمۇت ئەزالارنىڭ ئۆيىگە توك سىمى تارتىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

— ئوغلۇم، — دېدى يۈسۈپ بوۋاي بىر كۈنى ماخمۇتنىڭ مورىسىدىن تۇتۇپ، — ئۆيىمىزگە كىرمەسىلا. بولۇپ كەتتىڭغۇ، ئېمىگە قېچىپ يۈرىسەن. باي بولۇشنىڭ يولىنى تېپىۋېلىپلا بىزنى ئۇنتۇماقچى بولۇۋاتامسەن - يا؟

— ئۇنداق ئەمەس، يۈسۈپ ئاغا، — دەپ ئۈزۈپ قىلدى ماخمۇت قىزارغان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — كۆرۈۋاتسىلا ئىش بېسىۋالدى. ۋاقىت چىقىرالمىدىم.

— بىزنىڭ ئۆيگىمۇ تېز قولۇڭ بىلەن توك چىراق ئورنىتىپ بېرەرسەن. ئىستانسىنىڭ توكى بىلەن بىزنىڭ ئۆينى يورۇتمىساڭ، توختاخۇن رەھمەتلىكنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. جۇمۇ!

— توك سىمىنى ھازىرلا تارتاي ئەمىسە.

ماخمۇت سايمانلىرىنى ئۈشنىسىگە ئارتىپ، يۈسۈپ بوۋاينىڭ كەينىدىن يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ھويلىغا كىرىپ ھويلىدا ئىش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئولتۇرغان سارەگە كۆزى چۈشكەندە، يۈرىكىدە ئېچىنىش ۋە سېغىنىشنىڭ نازۇك سەزگۈ قوزغالدى. سارەمۇ ماخمۇتنى كۆرۈپ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. دەرھال يۈزلىرىگە قىزىللىق تېپىپ، يەرگە قارىۋالدى. لېكىن ئوغلى ماخمۇتنى كۆرگەن ھامان ئويناۋاتقان ئويۇنىنى تاشلاپ «ماخمۇت ئاكا، ماخمۇت ئاكا!» دېگىنىچە كېلىپ يېپىشتى. ماخمۇتمۇ بالىنى ئىككى قولى بىلەن ئېگىز كۆتەرگىنىچە، سارەنىڭ يېقىملىق ھىدى سىڭگەن، لەۋلىرى تەككەن يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

سارە بۇ كۆرۈنۈشلەردىن مەست بولغاندەك، زوقلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە، بىر پەس قاراپ تۇردى-دە، ماخمۇت ئۈچۈن داستىخان ئېلىپ چىققىلى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

* *

— سارەم دېدى ماخمۇت سائەتكە قاراپ قويۇپ، — ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتىلىرى ئۆتۈپ كەتتى، يۈسۈپكام ساقلاپ قالمىسۇن يەنە، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالسا كېتەلمەي قالمىسىلا، قادىيەنجىگە ئەمدى ئۆزۈم قاراي.

سارە ماخمۇتقا مېھرىلىك كۆزلىرى بىلەن قاراپ قويدى-دە، گېنېراتورنىڭ يېنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدى. سارە ئەمدى، ئىستانسىنىڭ گېنېراتورىغا قارايدىغان ئېخنىك ئىشچى قىلىپ قويۇلىغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئۆتمەي كېچىلىك نۆۋەتچى يىگىت كېلىپ، سارەدىن ئىش ئۆتكۈزۈۋالدى. ئىككىلەن بىنادىن سىرتقا چىقتى. بۇ چاغدا ئەتراپ ئاللىقاچان قاراڭغۇلاشقان بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يورۇپ تۇرغان توك چىراقلار، گويا كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن بەسلەشكەندەك ئېخىمۇ يارقىن نۇر چېچىپ، كېچىنىڭ مەنزىرىسىگە ھۆسن قوشقانىدى.

— بۇ قاراڭغۇ، — دېدى ماخمۇت ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — قانداقمۇ يالغۇز كېتەرلا؟ مەن بىللە ئاپىرىپ قوياي.

بۇ سۆز سارەنىڭ ۋۇجۇدىنى توك تەپكەندەك ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ ئۇنچىقماي ئۆيى تەرەپكە يۈرۈلدى ماخمۇت، ئۇنىڭغا ياندىشىپ. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ قىزغىن ياشلىق سەزگۈلىرى بىلەن يېڭى ھاياتقا تەلپۈنۈپ تۇرغان بۇ ئىككى ياش، يۈرەكلىرىدە توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان، بىر-بىرىگە ئىنتىلىشتەك ئورتاق خىيالغا چۆمگەن ھالدا، كويكوك يۇمشاق چىمەنلىك ئۈستىدە كېتىپ باراتتى.

قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن يېزا، كاككۇك ئاۋازىغا تولغان باغلار، دىماققا يېقىملىق تېگىدىغان گۈل پۇرىقى ئاياغلىرىڭغا تېگىپ تۇرىدىغان يۇمران مايسىلا... باھارنىڭ مۇشۇنداق پەيتلىرى نېمە دېگەن گۈزەل! قۇچىقىڭغا پاتسا بۇ ۋادىنى ياغاشلاپ سۈيگۈڭ كېلىدۇ.

ئۇلار يورەك دولقۇنلىرىنى تەستە بېسىپ، ئۇنچىقماي مېڭىشىپ بۇلاق بويىغا چۈشىدىغان يار بېشىدىكى ھېلىقى يوغان تېرەك تۈۋىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېلىشتى. شۇئان مەھەللە ئىچىدىن بىرسىنىڭ ئولىمۇ يېقىملىق، مۇڭلۇق قىلىپ ئېيتقان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى.

شاخلايدۇ- يەي شاخلايدۇ
يوغان تېرەك شاخلايدۇ.
يوغان تېرەك تۈۋىدە،
يارىم مېنى ساقلايدۇ.

خۇددى مۇشۇلار ئۈچۈن ئەتەي ئېيتىلغاندەك يىراقتىن ئېيتىلىۋاتقان بۇ ناخشا ئىككىسىنىڭ قەدىمىنى چېپپىدە توختىتىپ قويدى. ھەر ئىككىسى بىر-بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— سارەم، — دېدى ماخمۇت ھاياجان ئىچىدە، — مۇشۇ يوغان تېرەك تۈۋىدە ئۇچرىشىپ، بۇلاق بويىغا چۈشكەنلىرىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ...

— سارەم!

سارە ماخمۇتقا ئىنتىزارلىق بىلەن يۈزلەندى، ئۆزىدىن بىرى كۆڭلىدە يوشۇرۇن ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مىنۇتلار مۇشۇ ئەمەسمىدى؟ ئۇ، ماخمۇتنىڭ قىزغىن قۇچاقلاشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. پەقەت يېرىك، ئوتلۇق لەۋلىرى مەڭزىگە تەككەندە، چۆچۈگەندەك قىلدى-دە، ئۇنىڭ باغرىدىن بېلىقتەك سىلىقتا سۇغۇرۇلدى. تېز- تېز قەدەم تاشلاپ ماخمۇتتىن يىراقلاشتى. خېلى يەرگىچە ئۆزاپ، يەنە كۆزى قىيمىغاندەك ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئېخىچە تېرەك تۈۋىدە ئۆزىگە قاراپ تۇرۇپ قالغان ماخمۇتنى يالغۇز قالدۇرغىنىچە، سۆزگەتلەرنىڭ دالدىسىغا شۇڭغىدى.

1984- يىل، ئاقسۇ.



(پوۋېست)

ئالىمجان ئىسمايىل



ئالىمجان ئىسمايىل 1941 ـ يىلى چۆچەك شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1957 ـ يىلى سابىق ئاپتونوم رايونلۇق كادىرلار مەكتىپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن «بايىنغولىن گېزىتى» ئىدارىسى ۋە كورلا ئوبلاستلىق مەدەنىيەت يۇرتىدا ئىشلىگەن. ھازىر «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئالىمجان ئىسمايىل 1979 ـ يىلى يازغان «ساداقەت» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا يىگىرمە پارچىغا يېقىن ھېكايىسى، «تەقدىر»، «يۇلتۇزلار جىمىرلايدۇ» قاتارلىق پوۋېستلىرى بېسىلدى. «دەسلەپكى مۇھەببەت» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى، «تەقدىر» ناملىق پوۋېست، ھېكايىلار توپلىمى نەشر قىلىندى.

## كۈتۈلمىگەن بەخت

1

ئايدىڭ كېچە...

كومۇشرەڭ يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان كۆكتە تولۇن ئاي ئۈزمەكتە. ئۇ خۇددى سۈيگۈ لەززىتىدىن يايرىغان بەختلىك قىزدەك نۇرلۇق، يېقىملىق، سەبى بالىنىڭ كۆلكىسىدەك بىغۇبار، تازا ئىدى.

سالامەت دېرىزىدىن مارىلاپ تۇرغان ئايغا قارىغان ھالدا ياتاتتى. تولۇن ئاي ئۆي ئىچىنى سۈتتەك يورۇتۇۋەتكەن، ئۇنىڭ كۈمۈش نۇرلىرى سالامەت ئۈچۈن چەكسىز قەدىرلىك بولغان بۇ چاقچاقنىڭ ھوجرىدىكى ھەممە نەرسىنى، — دېرىزىدىكى نېپىز قىزىل پەردىنى، لوڭقىدىكى رەڭگا ـ رەڭ گۈللەرنى، بۇلۇڭ جوزىغا تىزىلغان تويلۇق سوغاتلارنى، تامدىكى ئاتكىرىتكىلارنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇ خۇددى بۇ نەرسىلەرگە مەسىلىكى كەلگەندەك دېرىزىدىن قاراپ تۇراتتى، بۈگۈنكى بەختلىك مىنۇتلىرىغا، شادلىقىغا ھەيران بولماقتا ئىدى.

يىراقتا خۇددى دەريانىڭ شاقىرىشىدەك گۈرۈلدىگەن بىر ئاۋاز كېچە جىمجىتلىقىدا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى، قوشنا تامنىڭ نېرىسىدىن بىرىسىنىڭ قىقىلىپ يۆتەلگەن ئاۋازى كەلدى، بىر دەمدە ئۇمۇ جىمىدى، سالامەتنىڭ قۇلىقىغا دېرىزە سىرتىدا شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى، پىچىرلىغان ئاۋازلار ئاڭلاندى ۋە پەردىدىن بىرىسىنىڭ كەپكىلىك بېشىنىڭ سايىسى كۆرۈندى. سالامەتنىڭ ئېسىگە بۇ يەردىكى يىگىتلەرنىڭ يېڭى توي قىلغانلارنى مارلايدىغان شوخلۇقلىرى كېلىپ، يۈزىنى يوتقان بىلەن

بىپىۋالدى.

بىرسى گېلىنى قىرىپ يۆتەلدى ۋە ھەممىسى پىخىلداپ كۈلگەنلىرىچە نېرى كېتىشتى.

سالامەتنىڭ كۆزىدە تويقۇ يوق. سەۋەبى، تۇ بۈگۈن بەختكە ئېرىشتى. بۇ كۈن تۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مەنىلىك، تۇنتۇلماس كۈن. تۇ بۈگۈن قىزلىق دەۋرى بىلەن، تەنھا، مىسكىن ھاياتى بىلەن مەڭگۈ خوشلاشتى. ئۆزى ئارزۇ قىلغان، چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدى. تۇ شۇ كۈن ئۇچۇن تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ، جاپالىق يىللارنى يىسىپ كەلگەن. ئۈمىد بىلەن ياشىغانىدى، مانا، تەقدىر ئاخىرى تۇنى ئۆزى ئارزۇ قىلغاندىنمۇ ئارتۇق بەختكە ئېرىشتۈردى.

سالامەت يىنىغا ئاۋايلاپ تۆرۈلدى. ماخمۇت خۇددى كەچكىچە تۇما تۇرۇپ چارچىغان دېھقان يىگىتىدەك غولاچلىرىنى كېرىپ يىنىدا ياتاتتى. تۇنىڭ يىرىك بۇدۇر چاچلىرى پىشانىسىغا چۇۋۇلۇپ چۈشكەن. قېلىن كالپۇكلىرى يېرىم ئېچىلغانىدى. سالامەت تۇنىڭغا ئېگىشتى. ماخمۇتتىن ھاراقنىڭ قاڭسىق، چۈچىمەل پۇرىقى كېلەتتى. سالامەتنىڭ كۆز ئالدىغا بىر نەچچە سائەت بۇرۇنقى توي مەنزىرىسى كەلدى. قىزىۋالغان يىگىتلەر ماخمۇتقا ھەدەپ قەدەھ تۇتاتتى، زورلايتتى، بىر نەچچە رومكىدىن كېيىن ماخمۇتنىڭ يۈزىمۇ قىزىرىشقا باشلىدى. سالامەت گىرىپ باغلىق ئاستىدىن تۇنىڭغا سەپسالدى ۋە باشقىلارغا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشىپ ئاستا پىچىرلىدى. «ئازراق ئىچىڭ»، ماخمۇت ئاڭلىدى ۋە تۇنىڭغا قاراپ خۇشخۇي كۈلدى... ھازىر بولسا ماخمۇتنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق نەگىدۇر سىڭىپ كەتكەن، تۇنىڭ پاكىز قىرىلغان ئاقۇش يۈزى ئۆز ئەسلىگە كەلگەنىدى. لېكىن تۇ ھازىرمۇ مەس، تۇنىڭ مەسلىكى تۇنىڭغا بۈگۈن تۆمرىدە تۇنجى قېتىم نېسىپ بولغان شېرىن ۋىسال لەززىتىدىنمۇ ياكى ھاراقنىڭ كۈچىدىنمۇ؟ بۇنى بىلىش قىيىن.

ئاي تۇرى ماخمۇتنىڭ يۈزىگە چۈشتى. سالامەت ئۇنىڭغا سەپسالدى ۋە ئۇ ئىلگىرى كۆرمىگەن ساقاللىق ئىڭىكى ئاستىدىكى قاپقارا مەڭنى بايقىدى. ئۇنىڭ مەيدىسىدە، بىلەكلىرىدىمۇ تۇشقاق مەڭلەر جىق ئىدى. سالامەت ئۆز بەدىنىدىمۇ مەڭنىڭ جىقلىقىنى ئېسىگە ئالدى، رەھمەتلىك ئاپىسى بىر چاغلاردا تۇنىڭ بويىنىنى سىلاپ تۇرۇپ «مەڭلىك ئادەم تەلەيلىك بولارمىش. خۇدايىم بەختنى پىشانەڭگە بىرەر» دەيتتى.

ئانا بىلىپ ئېيتقان ئىكەن. مانا تۇ بەختكە ئېرىشتى. ئارزۇسىغا يەتتى.

سالامەت بۇ كۈننىڭ راست ئىكەنلىكىگە تۇرۇپ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. بەختكە شۇنداق ئاسانلا ئېرىشكەنلىكىگە ھەيران بولاتتى. گويا بۇ ئامەت ئۇنىڭغا تەسادىپىي ئۇچراپ قالغاندەك. ئەتىگەنلىككىلا تۇ ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كۆڭلى سەراسىمىگە چۈشەتتى. ياق، ياق، تۇ ماخمۇتنى ھېچكىمگە بەرمەيدۇ. تۇنى مەھكەم تۇتىدۇ.

ماخمۇت مىدىرلىمىدى ۋە كەيىپ ئارىلاش قولىنى سالامەتكە ئارتتى. سالامەت ماخمۇتنىڭ تۇنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە بېشىنى تۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ قوللىرىنى سىلىدى. ماخمۇت ئېسىگە كەلدى ۋە سالامەتنىڭ تۇخلىمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ سورىدى.

— تاڭ ئېتىپ كەتتىمۇ؟

— ياق تېخى، بۈگۈن ئاي ئايدىڭ ئىكەن، ئۇخلاڭ. — سالامەت خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك ئۇنىڭ باش ـ كۆزىنى سىلىدى. — بېشىڭىز ساقايدىمۇ؟

ماخمۇت «ھەئە» دېگەندەك بېشىنى ئىغتتى.

— نىمىشقا تۇخلىمايسەن؟

— تۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ.

— مېنى قېچىپ كېتىدۇ دەپ ئەنسىرەۋاتامسەن يە؟ — ماخمۇت چېقىشتى.

— ھېلىتىنما. — سالامەت ئۇنىڭ كۆزىگە تەلمۈردى. — شۇنداقمۇ قىلارسىزمۇ؟

— چاقچاق قىلدىم. — ماخمۇت تۇنىڭغا قولىنى سوزدى، — ئەخمەق. شۇ گەپكىمۇ ئىشىنىۋاتامسەن؟

بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، مەڭگۈ ئىشىنىمەن ماخمۇت.

ماخمۇتنىڭ كۈچلۈك قوللىرى ئۇنى قۇچىقىغا ئالدى.

## 2

سالامەت ئاپىسىدىن كىچىكلا ئايرىلدى، ئۇ چاغلاردا سالامەت ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئىدى. ئاپىسى كاڭدىن بىر يىقىلغان بىلەنلا ئۆلگەپ قالدى، دادىسى ياقۇپ مۇجاڭ كارخانىدا ئىشلەيتتى. ئۆزگىدەك بەستلىك، كەم سۆز، قاپىقى يامان بۇ ئادەم سالامەتنى ياخشى خەۋەر ئالمىدى. ئۇ، مەرھۇم ئايالىنىڭ يىلنى توشقۇزمايلا ئۆزىنىڭ شىرەم ئۇغقىنى بولغان گۈلسۈمخان دىگەن ماشىنچى ئايالنى ئالدى. بۇ ئايال ئىلگىرى ئىككى ئەرگە تەككەن ئەمما ئىمىشىقىدۇر بالا يۈز كۆرمىگەن ئىدى. گۈلسۈمخان دەسلەپكى بىر نەچچە ئاي سالامەتنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئالدى، ئۇنىڭ پىت ئۆۋلىغان كىيىملىرىنى ئوچاقتا تاشلاپ يىڭى رەختتىن كۆينەك، ئىشتان تىكىپ كەيگۈزدى، چاچلىرىنى سۈزۈپ تارىدى، ئەمما بۇ ئىلتىپات ئۇزۇنغا بارمىدى. ئۇ قاچان ئىغىر ئاياق بولدى، شۇندىن تارتىپلا مۇئامىلىسى ئۆزگەردى. سالامەت بىلەن كارى بولمىدى، گۈلسۈمخان ھەپتە-ھەپتىلەپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى، ئۆيدە كەمدىن-كەم قازان ئىسىلىدىغان بولدى، سالامەتنىڭ كۈنى يەنىلا تاشقان-تاشقان قاتتىق نانغا قالدى.

كۈزلىكى ئۆگەي ئاپىسى بوشاندى. شۇنىڭ بىلەن سالامەت ئۈچىنچى تۈگمەس ئىش تىپىلدى. ئەمدىلا يەتتە ياشقا كىرگەن سالامەت ئەزان بىلەن قوپۇپ سۈتكە باراتتى. مەكتەپتىن كەلگەندىن كىيىن ئۆكىسىنىڭ سۈيدۈك لاتىلىرىنى يۇياتتى، ئەخلەتلەرنى تۆكەتتى، شاخىا تىرىيتتى، ئۆكىسىنى ئەۋرەتتى. پەقەت خۇپتەندىن ئۆتكەندىلا ئاران بىكار بولۇپ كاڭنىڭ بوغىزىدىكى جۇل-جۇل يوتقىنىنىڭ ئىچىگە كىرەلەيتتى.

باللىق دەۋر شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. ئاچ-توق قېلىش، تىل-ئاھانەت، تاياق-توقماققا ساراڭ بولسا شۇ بولسا بولاتتى، ئەكسىچە ئۇ ئەقىللىق ئىغىر-بېسىق مۇلايىم قىز بولۇپ يىتىلدى. ئۇ مىڭ بىر تەسلىكتە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتتى، ئۇنىڭ ئارزۇسى ئالىي مەكتەپكە بېرىپ بۇ ئۆيدىن قۇتۇلۇپ كىتىش ئىدى. لىكىن دەل شۇ كۈنلەردە ئۆگەي ئاپىسى ئۇنىڭ بۇ خىيالىنىڭ بىلىگە تەپتى. بىر كۈنى چايدىن كىيىن ئۇ سالامەتنى ئىچكەركى ئۆيگە ئىلىپ كىردى:

— مەكتەپنىمۇ ئۆگەتتىڭ، — دىدى ئۇ سالامەتنى قېشىدا ئولتۇرغۇزۇپ، — قىز بالىغا شۇنچىلىك ئوقۇشمۇ يېتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېشىڭمۇ چوڭ كىپ كەتتى. مەن دىگەن سېنىڭچىلىك چېغىمدا بىر ئۆينى بېشىمغا كىيىپ ئولتۇرغان، ھازىرمۇ قىزلار ئىشەكتەك بولغىچە يۈرىدىغان بولۇشتى. سەن نومۇس قىلمىغان بىلەن بىز نومۇس قىلىدىكەنمىز، خەقلەرمۇ كىلىپ بېشىمىزنى ئاغرىتقىلى تۇردى، شۇڭا داداڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ پىكرى سېنى ئالالىق قىلايلىمىكىن دەيمىز.

كۈتۈلمىگەن بۇ گەپ سالامەتنىڭ يۈرىكىنى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشتۇردى.

— جېنىم ئاچا، — دىدى ئۇ يىغلامسىراپ، — سىلىدىن ئۆمۈرۋايەت خۇش بولاي، دادامغا دېسىلە، مەن يەنە ئوقۇۋالاي، ناھايىتى ئىككى-ئۈچ يىل...

— ۋاي-ۋۇي، — گۈلسۈمخان ئۇنىڭ گىپىنى بۆلدى، — سەن يەنە نەچچە يىل ئوقۇپ ئۆت تەڭگىگە ئېرىشكىچە بىز بارمۇ-يوق، خۇدا بىلىدۇ، بىزنىڭ تىرىكلىكىمىزدە بىر ئەرنىڭ پىشىنى تۇتۇۋال دەۋاتىمىز، ئوقۇمىغان ئادەم تالادا قاپتىمۇ؟ مەنمۇ ئوقۇماي ماشىنچىلىقنى قىلىۋاتىمەنغۇ؟ مەن ئۆگىنىپ قويسام مۇشۇ ھۈنەرنى قىلساڭمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ئۇ خام-خىيالنى قوي، — گۈلسۈمخان مۇلايىم قىياپەتتە سالامەتكە ئىگىشتى، — بىزنىڭ ئەلى قانداقراق؟

سالامەت ئىلان چاققاندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ ھامان ئۆگەي ئاپىسىنىڭ نەۋرە ئىنىسى تۆمۈرچى ئەلى كەلدى. يۈز-كۆزىنى قارا سۇدا سىرلىۋەتكەندەك قاپ-قارا، كۆزلىرىگە ھەمىشە

قىپقىزىل قان تولۇپ يۈرۈيدىغان بۇ ئادەمدىن سالامەت ئادەتتىمۇ قورقاتتى. ئۇنى كۆرسە ئېنى شۈركىنەتتى، ئۇنىڭ قانسىز چىرايىدىن قانداقتۇ بىر ياۋۇزلۇق، قارام، زوراۋانلىق ئېمىپ تۇراتتى. ئۇ قايسى يىلى بىر ئۆيلەنگەن لېكىن بىر يىلغا قالمايلا يېزىدىن ئەكەلگەن يۇۋاش ئايالىنى بىر بالا بىلەن ئۆيىدىن قوغلىۋەتكەنىدى.

مانا شۇ ئادەمنى سالامەتكە سايە قىلماقتا. ئۆگەي ئانا دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ ئۇ سالامەتنىڭ لايىقمۇ؟ «ياق، ياق!» سالامەتنىڭ ئېنى جۇغۇلدىدى. پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى.

— ياق، — دېدى ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۈنلۈك قىلىپ، ئۇ، ئۇنجى قېتىم ئۆگەي ئانىسىنىڭ سۆزىگە قارشى چىقتى، — مېنى زورلىمىسىلا ئاچا.

گۈلسۈمخان ئۇنىڭدىن بۇ جاۋابنى كۈتمىگەنىدى، دەسلەپ ئۇ بىر پەس ئېگىرقاپ تۇردى. كېيىن ئۇنىڭ سەپكۈن باسقان يۈزى كۆكىرىپ قاپاقلىرى تۈرۈلدى:

— ھۇيت. ئۆزلىرى قالتىسقۇ؟ — گۈلسۈمخان ئۇنىڭغا ھومايدى، — ماۋۇ پاسكىنىنىڭ ھالىنى كۆرمەمدىغان، قانداق قىلاي، سەن ئېخى ئەلنى ياراتمىغىدەك بولۇپ كەتتىڭمۇ؟ ۋاي ئاسماندىن چۈشكەن كۆك مۇنچاق، سېنى ئوقۇتقاننىڭ سازايى مۇشۇ. ھوي، سەن ئېخى ئۇنىڭ ياراتقىنىغا خۇش بولساڭ بولدۇ، ۋاي سەت قاسماق، مەن ئېخى سەن مەرەزنى ئوبدانراق كۈن كۆرسۇن دەپ غېمىڭنى يەپ كېتىپتىمىنا.

— بولدى، غېمىمنى يېمىسىلە.

— نېمە، نېمە؟ گۈلسۈمخان ئۇنىڭغا ئېتىلدى، — يەنە بىر دېگىنە، ھۇي قارا يۈز جۇۋايىنىمەك، ئەمدى چوڭ بولۇۋېلىپ مەن بىلەن تەڭ تۇرغىدەك بولدۇڭمۇ؟ — ئۇ سالامەتنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ سۆرىگىنىچە ھويلىغا ئېلىپ چىقتى، — چىق ئۆيدىن! ماڭ، ئاۋۇ گۆردىكى ئاناڭنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇر، يوقال كۆزۈمدىن!

گۈلسۈمخان يەنە بىر مۇنچە تىللاپ ھارغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. تۇپتۇز ھويلىدا سالامەت ئۆزاق يىغلىدى. يېتىم، ئاجىزلىقىغا ھەسرەت چەكتى، نالە قىلدى. ئەمما ئۆگەي ئانىسى ئىشىكنى ئاچمىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ نەگە بارىدۇ؟ دادىسى نەچچە كۈنلۈك ئىش بىلەن يېزىغا كەتكەن، ھازىر كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئېسىگە ئۆز ئانىسى كەلدى ۋە ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ مەھەللىنىڭ كەينىدىكى زاراتگاھلىققا قاراپ ماڭدى. ئۇ بۇ يەرگە پات-پاتلا: ھەر قېتىم ئۆگەي ئانىسىدىن دەشنەم يەپ كۆڭلى يېرىم بولغاندا كېلەتتى ۋە قانغىچە يىغلىۋېلىپ كېتەتتى. سالامەت كېسەكلىرى ئىزىلىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن غېرىپ قەبرىنى ئاسانلا تاپتى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى - دە ھۆڭگىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ ياش قەلبىگە توشقان ھەممە دەردى شۇ يىغا بىلەن چىقىۋاتقاندەك ئىدى. كۆز ياشلىرى قەبرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن توپىسىنى نەمدەيتتى. ئۇ ئۇزاق يىغلىدى، يىغلاپمۇ ھاردى، ئەتىگەندىن بۇيانقى ئاچلىق، ھاقارەتتىن ھالسىرىغان ۋۇجۇدى بوشىشۇپ كەتتى. ئۇ قەبرىگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلاپ قالدى...

قانچە ۋاقىتلار ئۆتتىكىن، ئۇ بىرىسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىدىن ئويغاندى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىدىن بىر قەدەم نېرىدا تۇرغان دوستى پەرىدەنى تونۇدى.

— سالامەت! — دېدى ئۇ يېقىن كېلىپ، — نېمە بولدۇڭ ئاداش؟ ئاچاڭ يەنە تىللىغان ئوخشىمامدۇ؟

سالامەتنىڭ ئېسىگە ئەتىگەنكى ئىشلار كەلدى ۋە پەرىدەنىڭ بوينىغا ئېسىلغىنىچە ئۆپكىدەپ يىغلىۋەتتى ۋە خۇددى كىچىك بالىدەك ئىسەدىگىنىچە ئۆگەي ئانىسى بىلەن بولۇپ ئۆتكەن ماجرانى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— ئەشۇ قارا بەڭگىگە زورلاۋاتامدۇ؟ — پەرىدەنىڭ ئاچچىقى كەلدى، — پوقنىڭ ئىسسىقنى يەپتۇ، قورقما، ياق، دەپ تۇرۇۋالساڭ سېنى مەجبۇر قىلالمايدۇ. شۇڭا بايا سېنى ئىزدەپ كىرسەم چالۋاقاپ كېتىپتىكەن - دە، سەنمىچۇ ئۇ جادى نېمە دېسە ماقۇل دەپ يامان ئۆگىنىپ قويدۇڭ، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟

سالامەت تولۇغ-كىچىك تىندى.

— بىلمەيمەن، بىر ياقلارغا ئوقۇشقا كېتەي دېۋىدىم، بۇ تۇرقۇمدا بىر تىيىنمۇ بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇ تۇرغانلا گەپ. — پەرىدە ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللىدى. — بۇ تۇرقۇڭدا ئىمتىھاندىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ ئۈچ-تۆت يىل چىدىشىڭ قىيىن. كىيىم كەيمەمسەن. خىراجەت قىلمامسەن. داداڭنىڭ ھالى بولسا ئۆزەڭگە ئايان. ئاچاڭدىن بىسوراق بىر تىيىننى خەشلىيەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا بىر چارىنى ئىزدەپ باقساڭ قانداق بولىدىكىن.

سالامەت ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە تىكىلدى. پەرىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

— مەن سېنى شۇ توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشەي دەپ ئىزدىگەنتىم، ساڭمۇ مەلۇم، مەن ئىمتىھان بەرسەممۇ ئۆتەلمەيمەن، ئۆزەمگە ئايان. سېنىڭغۇ نەتىجەڭ ئەلا. ئەمما نەھۋالىڭ بۇنداق تۇرىدۇ. ئاڭلىسام شەھەردە ياشلارنى ئىشچىلىققا قوبۇل قىلغىدەك دەيدۇ. ھەر خىل كەسپلەر بارمىش. ئاستا سىڭگەن نېنىمىزنى يەپ شۇنىڭغا كىرىپ كەتسەك بولارمىكىن. قانداق دەيسەن؟... ھوي نېمانداق تىترەۋاتىسەن؟ قىزىۋاتامسەن نېمە؟ — پەرىدە سالامەتنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ بېقىپ ھولۇقتى. — جۇر ئاداش، بىزنىڭكىگە كېتەيلى.

پەرىدە سالامەتنى قولتۇقلىغىنىچە زاراتگاھلىقتىن چىقتى، كۈن ئولتۇرۇشقا ئاز قالغانىدى. ئۇلار كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ مەھەللىگە بۇرۇلدى. پەرىدەنىڭ ئۆيى سالامەتلەرنىڭ كوچىسىنىڭ بېشىدا، ئۈژمىلىك خالتا كوچىدا ئىدى. ئۇلار ئون يىل بىر مەكتەپتە ئوقۇدى، بىللە ئويناپ چوڭ بولدى. پەرىدە سالامەتنىڭ ئېغىر، مۇلايىم خاراكتېرىنى ياخشى كۆرەتتى. سالامەتمۇ ئۆگەي ئاپىسىدىن تاياق يېگەن كۈنلىرى تولاراق ئۇنىڭكىدە قونۇپ قالاتتى.

سالامەت شۇ قىزىپ ئاغرىغىنىچە بىر ھەپتە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە سوغ تەككەنىدى. گۈلسۇمخان ئۇنى ئۆيىگە كىرگۈزمىدى، سالامەت ئىلاجىسىز پەرىدەنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئىشچىلىققا يېزىلدى. بىر ئايدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تەخسىماتى ئېلان قىلىندى. پەرىدە سودا ئىدارىسىنىڭ ماگىزىنىغا پىركازچىك، سالامەت بولسا گېزىتخانىنىڭ باسما زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ بۆلۈندى.

سالامەت يېنىك تىن ئالدى. ئۇ كىچىك تۇرۇپلا مۇستەقىل ھاياتقا قەدەم قويدى. ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولدى. بەزىدە ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۈرۈمچى، بېيجىڭلارغا ئوقۇشقا ماڭغانلىقىنى ئاڭلىغاندا كۆڭلى يېرىم بولاتتى، يىغلايتتى. ئەمما يەنە تۇرۇپلا زورلۇمدىن، تىل-ئاھانەتتىن قۇتۇلغىنىغا خوش بولاتتى. شۈكرى قىلاتتى...

3

ھايات ئۆزىنىڭ رەڭگا-رەڭ گۈللىرى بىلەن سالامەتنى ئۆز قوينىغا ئالدى. مۇستەقىل ھايات ئۆزىنىڭ سىرلىق يوللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا نامايەت بولدى. مەكتەپتە كىتابتىن باش كۆتەرمەي ئۆيدە ئۆگەي ئاپىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەن سالامەت ئۈچۈن بۇ تۇرمۇش غەلىتە، يات تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭغا قانداقتۇ قورقۇنچلۇق بىلىنەتتى. ئۇ خېلى ۋاقىتلارغىچە كىشىلەرگە ئارىلاشماي خۇدۇكسىرەپ يۈردى. يىگىتلەرنىڭ مەنىلىك قاراشلىرىنى كۆرگەندە يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشىپ، پۇت، قولى تىترەيتتى. ئىشتىن چۈشۈپلا ياتاقتا ئۆزى بىلەن مۆكۈدۈشۈپ ئولتۇراتتى. ياتاقتا باسما سېخىدا ئىشلەيدىغان رەنا ئىسىملىك بىر قىز بىلەن ياتاتتى. رەنا، سالامەت كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىشكە كېتىپ قالدى. ئۇ قىز دۇتارنى ياخشى چالاتتى، سالامەت كۆپىنچە ئۇنىڭ دۇتارىنى مۆكۈلۈنۈپ ئاڭلايتتى، ئىچ پۇشقىنى چىقىراتتى. ھازىر بولسا ئۇ يالغۇز قالدى. ئۇ كەچلىرى ئىشىكنى تاقاپ دۇتارنى تىرىڭشىتاتتى ئىچىدە ئاستا ناخشا ئېيتاتتى. بارا-بارا دۇتار ئۇنىڭ بىردىن بىر ھەمراھى، مۇڭدىشى بولۇپ قالدى.

پەرىدە ئارىلاپ كېلىپ تۇراتتى. خىزمەت ئۇنى تېزلا ئۆزگەرتىۋەتتى. ئوقۇغۇچىلىق تۇرقىدىن ئەسەرمۇ

قالمىدى. ئۇ ھەر كەلگەندە يېڭى كىيىم كىيىپ سالامەتكە كۆرسەتتى. قىزلارنىڭ كىيىمگە قانداق ھەۋەس قىلغانلىقلىرىنى ماختىنىپ سۆزلەپ بېرەتتى، ئۆزۈن ئۆتمەي ئۇ چىچىنى كەستۈرۈپ بۇدۇر قىلغۇزدى. بۇ، ئۇنى چوڭلا قىز قىلىپ قويدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى سالامەت ياتاقتا يالغۇز ئۆزى دۇتار چېلىپ ئولتۇراتتى، ئويۇقسىزلا پەرىدە كىرىپ كەلدى. ئۇ چىرايلىق، گۈللۈك كۆڭلەك كەيگەن. پۇتىدا ئاپئاق باسونچكا بار ئىدى.

— پاھ، پەيزىنلىرى بارغۇ خېنىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — تۇۋا، قاچانلاردا مۇنچىلىك چالىدىغان بولۇپ كەتتىڭ؟ ئىشىككىچە كەلسەم، شۇنداق مۇڭلۇق بىر دۇتار ئاۋازى كېلىۋاتىدۇ، مەن تېخى قايسى دۇتارچى يىگىت كىرىۋالغاندۇ دەپ قاپتىمەن، سەن بۇ دۇتارنىڭ بىلەن نى-نى يىگىتلەرنى ئۆزۈڭگە قارىتىۋالغىدەكسەن جۇمۇ ئاداش.

— سەن مېنى زاڭلىق قىلغىلى كەپسەن - دە، — سالامەت ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ چىمدىدى، بىقىنلىرىنى غىدىقلىدى، — يەنە دەمسەن؟

— بولدى دېمەيمەن، جېنىم ئاداش، قويۇۋەتكىن. بىقىنمنى تېشىۋېتەي دېدىڭ.

— يەنە يىگىتنىڭ گېپىنى قىلامسەن؟

— قويۇۋەتكىنە مەن بىر گەپ قىلاي، — پەرىدە ئۇنىڭغا مەنىلىك جىلمايدى. ئۇنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى شوخلۇق بىلەن خۇمارلاشتى. ئىنچىكە، شالاڭ قاشلىرى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بۈگۈن مەن ساڭا بىر يېڭى خەۋەر ئەكەلدىم.

— نېمە خەۋەر؟

— ئوسمان ماڭا تەكلىپ قويدى.

— نېمە دەيسەن؟ — سالامەت چۆچۈپ كەتتى، — ھازىرتىنلا.

— نېمە بوپتۇ؟ سەن بىلەن بىز كىچىك ئەمەس، ئون توققۇزغا كىرىپ قالدۇق.

— نېمە دېدىڭ؟

— ماقۇل دېدىم، — پەرىدە ھاياسىزلارچە كۈلدى، — ۋىيېي، تازىمۇ قىزىق بولىدىكەن. ئاخشام كىنوغا كىرگەن. كىنودىن يېنىپ ياتاققىچە بىللە كەلدى، قارىسام ھەدەپلا ئاماكا چېكىدۇ. گېپىنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيۋاتىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئوغۇللارغىمۇ گەپ قىلماق تەس ئوخشايدۇ. ئاخىرى ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەن خوش دەپ قولۇمنى بەردىم. ئۇ قولۇمنى ئۇتقىنىچە قويۇۋەتمىدى.

— قىلىن، — سالامەت ئۇنىڭ پىشانىسىگە توقۇدى.

پەرىدە كۈلدى. ئۇ بۈگۈن بۇلەكچىلا خۇشال ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن دەسلەپكى مۇھەببەتنىڭ قايناق، شېرىن، شۇنداقلا تەلۋە شادلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى. سالامەت دوستىغا ھەۋەس قىلدى.

سالامەت بەزىدە كېچىلىرى ئاي ئۇرى يورۇتۇپ تۇرغان دېرىزىگە قاراپ يېتىپ خىيالغا كېتەتتى. ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ھاياتى توغرۇلۇق ئويلايتتى. پەرىدە توغرا ئېيتىدۇ. ئۇلار ئەمدى كىچىك ئەمەس. ئون توققۇز ياش قىزلارنىڭ پىشقان ئالمىدەك پەسلى. سالامەت ئۆزىنىڭ قەلبىنىڭ بىر يېرىدە تاتلىق بىر تۇيغۇنىڭ جۇش ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ تۇيغۇنىڭ بارغانچە ئۇنى غىدىقلاپ ئارام بەرمەيۋاتقانلىقىنى سېزىدىغان بولدى. سىبختىكى يىگىتلەرنىڭ مەنىلىك بېقىشلىرىدىن ئۇ ئاۋالقىدەك قورقۇش ئەمەس لەززەت ھېس قىلىدىغان. يۈرىكى ھاياجان بىلەن سالىدىغان بولدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ دۇتارىنى قولىغا ئالاتتى. قەلبىدە تۈركەشلەۋاتقان بۇ شېرىن ئازابلىق ھېسسىياتلارنى مۇڭلۇق ناخشىلىرى بىلەن چىقىرىۋېتەتتى.

كۈزگە يېقىن گىبزىتخانىغا ماخمۇت ئىسىملىك بىر يىگىت پەيدا بولۇپ قالدى. سالامەت ئۇنجى قېتىم ئۇنى سىبختا كۆردى. ئوتتۇرا بوي، بۇدۇر چاچ، ئاق يۈزلۈك، ئىللىق چىراي بۇ يىگىت ئۇرۇمچىلىكلەرگە خاس يېڭى پورمىدا رەتلىك كىيىنگەنىدى.. سىبختىكى ھەممە قىزلارنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا قالدى. سالامەتمۇ بىلىندۈرمەي كۆز تاشلىدى ۋە يۈرىكى سىيلىپ كەتتى. ئۇنىڭغا بۇ يىگىت

كېچىلىرى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن غايىۋى يىگىتتەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ ئىختىيارسىز يەنە قارىدى. يىگىت بەتچىلىك بىلەن بىر نىمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. ئۇ سالامەتنى كۆرمىدى. ئېھتىمال خىيالىدىمۇ يوق چېغى،... سالامەت ئۆزىنىڭ ساراڭلارچە خىيالىدىن ئىزا تارتتى. ئاستا تەتۈر قارىۋالدى.

شۇندىن كېيىن ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك سېختا، ئاشخانىدا، يوللاردا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولدى، سالامەت ئۇنى يىراقتىن كۆرسىلا بىر قىسما بولاتتى. پۇت-قوللىرى كالۋالاشقاندەك تۇيۇلاتتى ۋە يەرگە قارىغىنىچە تېز-تېز ئۆتۈپ كېتەتتى.

. بىر كۈنى كېپىنەكتەك ياسانغان پەرىدە سالامەتنى ئىزدەپ كەلدى. تۇرقىدىن ئۇ يەنە بىرەر يېڭىلىقنى ئېلىپ كەلگەندەك ئىدى. ئۇلار سېخنىڭ ئالدىدىكى ئېرىق بويىدا پاراڭلاشتى.

— زاۋۇتىڭغا ئۈرۈمچىدىن كەلگەنلەر توغرىسىدا پەقەتلا گەپ قىلمىدىڭغۇ، — پەرىدە ئۇنى سوراققا تارتتى.

— كىم كەپتۇ؟ — سالامەت چۈشىنەلمەي سورىدى.

— بىلمەس بولىۋالغىنىنى. ماخمۇت دېگەن يىگىت كەپتۇغۇ، — سالامەت ۋىللىدە قىزاردى.

— مەن تېخى تونۇشمايمەن، — دېدى ئۇ ئاستا. — كەلسە نېمە بوپتۇ؟

— مەن تېخى سېنىڭدىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقاي دەپ كېلىشىم ئىدى، — پەرىدە كۆزىنى ھەييارلارچە قىسىپ كۈلدى، — قارا، ئاخشام بىز تانسىدا تونۇشۇپ قالدۇق. بولىدىغان يىگىتتەك تۇرىدۇ... ئەنە، ئۆزىمۇ كېلىۋاتىدۇ...

پەرىدە چاقچاقلىق بىلەن ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. دەرۋەقە ماخمۇت بىر توپ قەغەزنى كۆتەرگەچ سېخقا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قەددىنى تىك تۇتۇپ چوڭ-چوڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرىدىن بىر خىل غۇرۇر، جەسۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. پەرىدە گۈلدەك ئېچىلىپ ئالدىغا ئۆتتى.

— ياخشىمۇسىز؟

ماخمۇت شۇندىلا دىققەت قىلدى ۋە ئۇلارنى كۆرۈپ سەل ھودۇققاندەك كۈلۈمسىرىدى:

— پەرىدە، ياخشىمۇسىز؟ بۇ ياققا كېلىپ قاپسىز؟

— سالامەت بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن، — پەرىدە ھودۇقۇپ تۇرغان سالامەتنى شەرەت قىلدى، — مېنىڭ دوستۇم بولىدۇ، سىلەر تونۇشمامسىلەر نېمە؟

— كۆرۈشىپقۇ تۇرىمىز، — ماخمۇت سالامەتكە تىكىلدى. — خەقلەر تونۇشۇشنى خالىمىسا نېمە ئامال.

ماخمۇتنىڭ گېپى سالامەتنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىۋەتتى، ئۇ پوكاندەك قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. پەرىدە ئۇنىڭغا ياردەمگە كەلدى.

— مېنىڭ بۇ دوستۇم تولىمۇ يۈزى تۆۋەن، يۇۋاش، ئەيىبكە بۇيرۇمايسىزدە.

— يۈزى تۆۋەنلىك قىزلارنىڭ بىر گۈزەللىكى، — ماخمۇت كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى، — ھازىر تونۇشساقمۇ كېچىكمەيمىز. يۈرۈڭلار ياتاققا كىرەيلى.

— ياق، سىز دېگەن بۇ شەھەرگە يېڭى كەلگەن مېھمان، قائىدە بويىچە بىز باشلىشىمىز كېرەك. ئەتە يەكشەنبە، سالامەتنىڭ ياتىقىدا تونۇشۇش چېيى ئىچسەك قانداق دەيسىز؟

— چاتاق يوق، — ماخمۇت دەرھال ماقۇل بولدى.

ماخمۇت كەتكەندىن كېيىن پەرىدە سالامەت بىلەن ئۇنىڭ ياتىقىغا كىردى.

— بۈگۈن ياتاقلىرىڭنى تازىلا ئاداش، — دېدى ئۇ سالامەتكە، — يەيدىغان، ئىچىدىغاننى ماگىزىندىن ئۆزەم ئەكىلىمەن، ئىشقىلىپ ئاداش چاندۇرۇپ قويمايلى، بۇنداق يىگىتكە قانچە قىلساڭمۇ ئەرزىيدۇ، تانسىنى شۇنداق چىرايلىق سىلىق ئوينايدىكەن قارا، ئاخشام مەن بىلەنلا ئوينىدى. ئۇچۇقلىقچۇ، ئاڭلىسام تېخى شائىرمىش... راستىنى ئېيتاي ئاداش، ئاخشام تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىيالمىدىم.

سالامەت ئەجەبلەندى. پەرىدەنىڭ ھاياجانلانغان كۆزلىرىگە تىكىلدى:

— ئوسمانچۇ؟

— قويغىنە ئۇنى، ماخمۇتنىڭ يېنىدا نېمە ئۇ، —

سالامه‌ت سانه‌تكه قاراپ ئالدىرىدى، — ئه‌مسه گه‌پ شۇنداق، هه‌ممه ئىش ساڭا قالدى. مه‌ن ئۈچۈن بىر خىزمه‌ت قىلسه‌ن ـ ده ئاداش، مه‌نمۇ كىيىن مۇشۇنداق يىگىتتىن تېپىپ بېرىمه‌ن.

په‌رىده كه‌تتى. تۇنىڭ سۆزلىرى سالامه‌تنى ئويغا سالدى. مه‌يۇسله‌ندۇردى، «ناهاتىكى، مۇهه‌ببه‌ت دېگه‌ن شۇنداق بولسا ـ هه. په‌رىده ته‌خى يېقىندىلا ئوسمانىنىڭ گېپىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمه‌يتتى. ئه‌س ـ هوشىنى يوقاتقان هالدا ياخشى كۆره‌تتى. بۈگۈن ماخمۇتقا ئاشىق بوپتۇ. بۇ په‌رىده‌گه نېمه بولغاندۇ؟ ئوسمان بىر ئوبدانلا يىگىتتى. تۇنىڭغا تازىمۇ ئه‌له‌م بولىدىغان بولدى ـ ده، بۇ ماخمۇت دېگه‌ن ئۇنى نېمىسى بىله‌ن قارىتىۋالغاندۇ؟ يه‌نه كېلىپ بىر ئاخشامدىلا، شۇنىڭغا قارىغاندا كۆڭۈل دېگه‌نمۇ تايىنسىز، ۋاپاسىز بولىدىغان ئوخشايدۇ...»

سالامه‌ت خۇرسه‌ندى، كۆڭلى يېرىم بولدى. كاللىسى گاراڭ بولغان هالدا سىبخقا يېنىپ كىردى.

4

نېمىلا بولمىسۇن سالامه‌ت قاتتىق ته‌ييارلىق قىلدى. ياتاقنى يۇيۇپ تازىلىدى، ئورۇن ـ كۆرپىلىرىنى ره‌تلىدى. ئه‌تىرله‌رنى چاچتى. جوزىغا ئاپئاق داستىخاننى ياپتى. ئۆزىمۇ باش ـ كۆزىنى يۇيۇپ تۈتكه‌ن ئايلىق مائاشىدا ئىكتۆرگه‌ن سارجا يوپكىسىنى رىشلىيه‌لىك ناۋاتره‌ڭ يازلىق كوپتىسىنى كه‌يدى تۇ دېرىزىدىكى ئه‌ينه‌ك ئالدىغا كېلىپ چېچىنى تارىغاچ تۈز، هۆسنىگه ئۇزاق قارىدى. ئه‌ينه‌كته سه‌ل سوزۇنچاقراق كه‌لگه‌ن بۇغداي تۈڭ، قىرلىق بۇرۇن، تال ـ تال كىرپىكله‌ر سايه تاشلىغان چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزله‌ر جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. قىزلار تۇنىڭ تۇم، تۈزۈن چېچىغا هه‌ۋه‌س قىلاتتى، تۈگه‌ي ئاپىسىمۇ هه‌سه‌ت قىلىپ: «خۇدايىم سه‌ن مه‌ينه‌تكه چاچنى نېمانچه سىخلىق بىله‌ن به‌رگه‌ندۇ» ده‌پ تىللايتتى. سالامه‌ت چېچىنى ئالدىرىماي تۈرىدى ۋه تۇنى شه‌هه‌ردىكى قىزلارنىڭ پوسۇنىدا بېشىنىڭ كه‌ينىگه تۈگۈپ كوردى. بۇ پوسۇن ئۇنىڭ تۇرقىغا ياراشتى، تۇ باشقىچىلا تۈس ئالدى. ئۇنىڭ كۆزى تۇرۇپلا كوپتىسىنى بىگىزده‌ك

كۆتۈرۈپ چىققان مه‌يدىسىگه چۈشتى ۋه ئېھتىيات بىله‌ن ئاستا سىلاپ قويدى. يۇمۇلاق كه‌لگه‌ن كۆكسى تولغان هه‌م ئاشته‌ڭ چىڭ ئىدى. سالامه‌ت بۈگۈن تۇنجى قېتىم تۈز ئه‌كسىگه تۇزاق سه‌پسالدى ۋه كۆڭلى ئىمىن تاپتى. تۇ هېچكىمدىن قالغۇسىز ئىدى. تۈگه‌ي ئاپىسى دېگه‌نده‌ك «سه‌ت مايماق» ئه‌مه‌س ئىكه‌ن. تۇ په‌قه‌ت په‌رىده‌ده‌ك كىيىنىشنى، تۈزىنى ياسىشنى بىلمه‌يدۇ، په‌رداز قىلمايدۇ. ئۇنىڭدا ته‌بىئىيلا تۇقۇغۇچىلىق ۋاقتىنىڭ ساددىلىقى بار ئىدى.

سانه‌ت ئۇنلاردا ئالدىراپ ـ ته‌نه‌پ په‌رىده يېنىپ كه‌لدى. ئىككى قولىدا لىققىده ئه‌رسىله‌ر بىله‌ن توشقان سومكا بار ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم يىگىت كۆتمه‌كمۇ ئه‌س ئىش ئىكه‌نغۇ، — دېدى تۇ هاسىرىغىنىچه سومكىنى جوزا ئۈستىگه قويۇۋېتىپ، ئاندىن ياتاققا سه‌پسېلىپ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. — پاه، ياتاقتىن ئوت چىقىرىۋېتىپسه‌نغۇ ئاداش، ئۆرۈمچىلىكنى بىر تاڭ قالدۇراي ده‌پسه‌ن ـ ده؟ هه‌ي ماڭا قارىغىنا، تۈزۈڭمۇ بۈله‌كچىلىغۇ؟ — په‌رىده سالامه‌تنىڭ باش ـ ئايىغىغا كۆز يۈگۈرتتى. قاشلىرى هه‌يرانلىقتىن سه‌كره‌پ كه‌تتى، — باشقىلا بىر ئىسكه‌تكه كىرىپ قاپسه‌ن.

— ياراشماپتۇمۇ؟

— ياق، ياق، نېمه دېسه‌م بولىدۇ، شۇنداق ئوماق بوپ كېتىپسه‌ن، كۆز ته‌گمىسۇن، ئه‌گه‌ر مه‌ن يىگىت بولۇپ قالغان بولسام چوقۇم سېنى ئالاتتىم جۇمۇ.

— تولا لاۋزىلاشمىغىنا، — سالامه‌ت هومايدى، — قوپ، بىر ئه‌رسىله‌رنى تىزىپ ته‌ييارلايلى، ھېلى يىگىتىڭ كېلىپ قالمىسۇن يه‌نه.

چۈشتىن قايرىغان چاغدا ماخمۇت كه‌لدى. تۇمۇ قاتۇرۇپ ده‌زماللانغان بۇرۇلكا، ئاق چۈنجه‌ن كۆينه‌ك كه‌يگه‌ن، ساقاللىرىنى پاكىزه قىرغانىدى. بۇدۇر چاچلىرى مايلىغانده‌ك پارقىراپ تۇراتتى. تۇلار بىرده‌م تۇياق، بۇياقتىن پاراڭ قىلىشتى، ماخمۇت ئۆرۈمچىنىڭ گه‌پلىرىنى قىلىپ به‌ردى. تۇ تارتىنىپ تۇرمىدى. بىرده‌مدىلا كونا تونۇشلارده‌ك ئېچىلىپ يېيىلىپ كه‌تتى. سالامه‌تكه تۇنىڭ بۇ مىجه‌زى غه‌لىته كۆرۈنۈپ،

ئۆز كۆڭلىدە يېنىك، شاللاقراق يىگىت ئوخشايدۇ دەپ باھالىدى. پەرىدەنىڭ بولسا بۈگۈن قولى-قولىغا تەگمەيتتى. ماخمۇتنى ھەدەپ مەزەلەردىن ئېلىشقا زورلايتتى. ئۇنىڭ ئاق سىېرىق چىرايى بۈگۈن يېڭى چىققان كۈندەك پارلاپ كەتكەن ئىدى.

ماخمۇتنىڭ كۆزى تامدا ئېسىغلىق تۇرغان نەقىشلىك دۇتارغا چۈشۈپ پەرىدەدىن سورىدى.

— دۇتارنىڭ تۇرغىنىغا قارىغاندا بىرسىگىلار دۇتار چالىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟

— ھە، راست، — دېدى پەرىدە قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — بىزنىڭ سالامەتنىڭ ناخشا، دۇتارغا پەيزى بار جۇمۇڭ.

— شۇنداقمۇ؟ — ماخمۇت سەل ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى، — ئانداقتا چېلىپ بېرەرسىز؟

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن پەرىدە، — سالامەتنىڭ يۈزى ئوت ئېلىپ قىزاردى. يۈرىكى ھاياجان بىلەن سىېلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى — تارتىنىش، خىجىللىق بىلەن ھاياجانلانغان ھالىتى ماخمۇتقا ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلدى.

پەرىدە چاققانلىق بىلەن قوپۇپ دۇتارنى ئالدى.

— ۋاي، ۋۇي، تولا ناز قىلمىغىنا، مەن بىلمەسمەم كاشكى، — پەرىدە سالامەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي دۇتارنى قۇچاقلىتىپ قويدى.

— ئېيتىڭ سالامەت، — دېدى ماخمۇت كۈلۈپ تۇرۇپ، — بۇ يەردە ئارىنىس يوق سىزدىن قۇسۇر تاپىدىغان، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خۇش قىلايلى.

سالامەت بىردەم ئۇنىماي باقتى، ئەمما پەرىدە بىلەن ماخمۇتمۇ چىڭ تۇردى، پەرىدە ھەتتا ئۇنىڭغا ئالىيىپمۇ قويدى.

— «باغۋەن» نى ئېيتقىنا، مەن شۇ ناخشاڭغا بەكمۇ ئامراق، — دېدى پەرىدە تاقەتسىزلىنىپ.

نازۇك بارماقلار تارنىڭ ئۈستىدە ئويناشقا باشلىدى. ماخمۇت سەل ئەجەبلەنگەن، قىزىققان ھالدا سالامەتنىڭ قولىدىن كۆز ئۈزمەيتتى. سالامەت ئاخىرى ئۆزىنى قولىغا ئالدى. قىزارغان يۈزى ئاستا-ئاستا سۇزۇلدى. كۆزلىرى مۇڭ بىلەن تولدى. ئۇ گېلىنى يېنىك بىر قىرىپ قويۇپ ناخشىنى خۇددى يىراق بىر يەردە ئېيتىۋاتقاندەك بوش باشلىدى:

باغۋەن باغىڭنى ئاچ،
ئىشقى نىگارىمنى كۆرەي.
سايىدا كۆزى خۇمار،
مەستانە يارىمنى كۆرەي.

سالامەتنىڭ ئاۋازى خۇددى تاغ سۈيىدەك سۈزۈك ۋە يېقىملىق ئىدى. ماخمۇت بۇ ناخشىنى ئىلگىرىمۇ كۆپ ئاڭلىغان، ئەمما ئۇنىڭغا بۈگۈنكىدەك قاتتىق تەسىر قىلمىغانىدى. شۇ تاپتا سالامەت دۇتارنى ئەمەس



ئۇنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. سالامەت بولسا دۇتار پەردىسىدىن كۆزىنى ئالماي ناخشىنى داۋاملاشتۇردى:

باغقا بوستان سالىمەن،
سايداپ ئۆتسەڭچۇ يار.
گۈل شارابى ئۆتاي ساڭا،
مەس بولۇپ ئىچسەڭچۇ يار.

سالامەت ناخشىنى خۇددى باشلىغان چاغدىكىگە ئوخشاش كۆچەنمەي، بوش ئاياقلاشتۇردى ۋە ھودۇققان، قىزارغان ھالدا ماخمۇتقا قارىدى.

— قانداق؟ — دېدى پەرىدە ماخمۇتنى، — سالامەتمۇ بوش ئەمەسكەن، ئۆزىڭىز چۈشۈپلا كەتتىڭغۇ؟

ماخمۇت تېخىچىلا ناخشا تەسىرىدىن ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى.

— ھەقىقىي ناخشىچى ئىكەنسىز، — ماخمۇت خۇددى ناخشىنىڭ تەمىنى تېتىۋاتقاندەك كالپۇكلىرىنى يالاپ تۇرۇپ دېدى، — بۇ ناخشىنى سىزچىلىك ئېيتقانىنى كۆرمەپتىكەنمەن، راست.

— ۋىيەي،... زاڭلىق قىلىشقا باشلىدىڭىز ھە؟ — سالامەت قىزاردى، ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئۇششاق تەرلەر پارقىراشقا باشلىدى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى.

ئۇ نېمىشقا ھودۇقمىسۇن، ئۇ ھازىرغىچە تېخى پەرىدەدىن باشقا بىرسىنىڭ ئالدىدا ناخشا ئېيتىپ باقمىغان ئىدى-دە، بۈگۈن بولسا ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ ئالدىدا ئېيتىۋەتتى. ئۇنى ھەيران قالدۇردى، ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن ئىچ پۇشقىنىڭ ئورنىدا ئىرىنىشى بىكار كەتمىدى. ھازىرغىچە ھاياتىدا تىل-ئاھانەتتىن باشقىنى ئاڭلىمىغان، كۆڭلى ھەسرەت بىلەن، ئەلەم بىلەن پۈچۈلىنىپ ئۆتكەن بىر مىسكىن قىز ئۈچۈن ناتونۇش بىر يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا ھەۋەسلىنىپ ئولتۇرۇشى، ماختاشلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھاياجانغا سالاتتى. ھازىرغىچە ھېس قىلمىغان شېرىن بىر تۇيغۇ بىلەن ئەندىكتۈرەتتى.

ئۇلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشتى. كەچ كىرىپ كىشىلەر كىنودىن تارقىغان چاغدا ماخمۇت قايتماقچى بولدى. پەرىدەمۇ تەڭ قوپتى.

— مېنى ئاپىرىپ قويۇڭا، — پەرىدە ماخمۇتقا نازلىنىپ كۈلۈمسىرىدى. بۈگۈن ئۇ بۆلەكچە خۇشال ئىدى. ماخمۇت لاپ قىلىپ سالامەتكە بىر قارىۋالدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن سالامەتنىڭ يۈرىكى داۋالغۇپ تىترەپ كەتتى ۋە ھودۇققىنىدىن چەتكە قارىۋالدى. ماخمۇت بىلەن پەرىدە چىقىپ كەتتى.

شۇ ئولتۇرۇشتىن كېيىن پەرىدە كۈندە دېگۈدەك سالامەتنىڭ قېشىغا كېلەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ماخمۇتنى چاقىرىپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. ئۇنىڭ يانىقى بۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببەتلىشىدىغان خالىي جايغا ئايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي گېزىتخانىدا بۇلارنىڭ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن ئادەم قالمىدى.

نەچچە ئاي ئۆتتى. كۈنلەر ئۆزارغانسېرى سالامەت، ماخمۇت بىلەن پەرىدەنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ بارغانچە سالقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدى. بەزىدە سالامەت، ماخمۇتقا پەرىدەنىڭ گېپىنى قىلسا ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى. پەرىدەنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلسا، ئېرەنسىزلىك بىلەن گەدىنىنى قاشلايتتى. ھەتتا بىر قېتىم ئۇ سالامەتكە ئوچۇقلا ئېيتتى:

— دوستىڭىزغا ئېيتىڭ، تولا كېلىۋېلىپ ماڭا ئىش قىلغۇزمايدىغان بولدى. ئىش بولسا مەن ئۆزۈم ئىزدەپ بارىمەن.

سالامەت ئەجەبلەندى، ماخمۇتقا ئاچچىقىمۇ كەلدى. شۇنداقمۇ قوپاللىق بولامدۇ؟ نەچچە ۋاقىتتىن يۈرۈپ، پۈتۈن زاۋۇتقا سازايە بولغاندا ئەمدى ھېچگەپنىڭ تايىنى يوق ئۇنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ پەرىدەنىڭ ئۇنىڭدىن نەرى كەم؟ بىچارە پەرىدە ماخمۇتنى ئەس-ھوشىنى يوقاتقان دەرىجىدە قىزغانچۇقلۇق بىلەن ياخشى كۆرەتتى. ئەمدى ئۇ بۇنى بىلسە قانچىلىك ئەلەم چېكەر؟

— ماخمۇت، — دېدى سالامەت ئاچچىقى بىلەن، — ئۇنچىلىكمۇ قىلىپ كەتمىسىڭىز بولاتتى، پەرىدە يامان قىز ئەمەس.

ماخمۇت خىجالەتچىلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە ئەتراپىغا بىر قاراپ قويدى-دە، مەن سىزگە باشقا بىر كۈنى دەپ بېرەي، — دېدى ۋە ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ كەچقۇرۇن ماخمۇت سالامەتنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى. سالامەت ئۇنى سالقىن قارشى ئالدى ۋە دوستى ئۈچۈن قانات ياپىدىغان سۆزلەرنى كۆڭلىگە تىزىشقا باشلىدى.

— سالامەت، — دېدى ماخمۇت ئۆزى گەپ ئېچىپ، — ئۈنۈگۈنكى قوپاللىقىم ئۈچۈن كەچۈرۈڭ، كېيىن ئۆزەممۇ ناھايىتى خىجىل بولدۇم، مېنى تازا ئۆتۈپ

كەتكەن ۋىجدانسىز كۆردىڭىزمۇ دەيمەن؟ شۇنداقمۇ؟

— ھەر ھالدا ئۆزىڭىز ئوبدان ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ، — سالامەت قول ياغلىقىنى مىجىقلىغىنىچە ئاستا دېدى، — سىز ئوقۇغان، ئاڭلىق يىگىتسىز، مۇنداق قىلسىڭىز خەقلەر نېمە دەيدۇ؟

— سالامەت، باشقىلارغا قارىغاندا سىزنى مېنى چۈشىنەر دەپ ئويلايمەن، شۇڭا ھەممىنى ئوچۇقلا دەيمەن، توغرا، مەن پەرىدە بىلەن يۈردۈم، بىز بىر-بىرىمىزنى سىناپ كۆردۇق. ئۇ بەلكىم مېنى ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن، بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن، لېكىن كۆڭلەر ئۆتۈپ سىرتتىن مېنىڭدىن چىرايلىقىراق، خىزمىتىمۇ ئالاھىدىرەك بىرەرسى كېلىپ قالسا ئۇ شۇ كۈنلا مېنى تاشلايدۇ، چوقۇم. مەن ئۇنى ئۇزاق كۈزەتتىم، ئۇنىڭ قەلبى خۇددى چىرايدەكلا قۇرۇق، سوغۇق ئىكەن، ئۇنىڭدا غايە دېگەن نەرسە يوق. پۈتۈن پىكرى خىيالى كىيىم-كېچەك، ئۇزۇك-ھالقىلاردىلا. دەسلەپ بۇنى بەلكىم قىزلاردىكى ساددىلىق دەپ قارىغانىدىم، لېكىن قارىسام ئۇنىڭ كۆڭلىدە شۇ نەرسىلەردىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىكەن، شۇڭا كۆڭلۈم بارغانچە سوۋۇپ كەتتى. كۆڭۈل دېگەن تولىمۇ نازۇك نەرسە، مەن بۇ ھالدا پەرىدەنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالمايدىغان ئوخشايمەن.

ماخمۇت ئۇزاق سۆزلىدى. مۇھەببەت، بۇرچ، كىشىلىك ھايات توغرىسىدا شۇنداق ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن تەسىرلىك سۆزلىدىكى سالامەت بارا — بارا ئۇنى ئىپپلاشتىن يالتىيىپ قايىل بولۇشقا باشلىدى. ماخمۇتنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك شاللاق ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە ھېسسىياتچان، ئېغىر بېسىق ۋە بىلىملىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەلۋەتتە پەرىدە بىلەن ئۇنىڭ كېلىشمەسلىكى ھەق، ئۇ پەرىدەنى ياخشى بىلىدۇ، دوستىنىڭ مىجەزى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان. پەرىدە ئۈچۈن ھايات — ئويۇن-تاماشا، كىيىم، پۇلدىن ئىبارەت. ئۇ بۇ جەھەتتە ھەرقاچان ئۈستۈنلۈكنى تالىشاتتى، ئۆزىگە تەمەننا قوياتتى. مانا ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ شۇنىڭغا قارىغاندا مۇھەببەت دېگەنمۇ قالتىس سىرلىق بولسا كېرەك... سالامەت بۇ كىچىك چىگىش خىياللار بىلەن ئۇزاقىچە ئوخلىيالمىدى.

پەرىدە ئەتىسى كەلمىدى، بىرەر ئايغىچە گىمنازىخانىغا دەسسىمەي قويدى، ئۇنىڭ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ سالامەت ئۇنى يەنە يېڭى بىرسىنى تېپىۋالدىمۇ دەپمۇ ئويلىدى، ھەر ھالدا ماخمۇت بىلەن تىنچىقىنا ئايرىلىپ كەتكىنىگىمۇ خۇش بولدى. چۈنكى سالامەت ئوتتۇرىلىقتا ئەلچى بولۇپ ئەپلەشتۈرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن خىجالەت ھېس قىلاتتى. لېكىن بىر كۈنى چۈشتە پەرىدە تويۇقسىزلا ياتاقىغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، غەزەبلىك ئىدى.

— مەن سېنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن سالامەت، — دېدى ئۇ كىرگەن پېتى، — ئەرسىرەپ كەتكەن بولساڭ ئاۋالراق دېسەڭ بولماسمىدى؟

بۇ باش-ئايىقى يوق ھاقارەتتىن سالامەتنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ داڭ قېتىپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ پەرىدە، — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا.

— نېمە قىلىپ يۈرگەنلىكىڭنى ئۆزەڭ ئوبدان بىلەرسەن، — پەرىدە ئۇنىڭغا قاراپ ھومايدى. ماخمۇتنى ھەر كۈنى ئەكىرىۋېلىپ نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟ سېنىڭدىن كەلگەن ۋاپا شۇ بولدىمۇ؟ ئىسست، ئىسست، ۋىجدانسىز ئالدامچى، ھوي قارا يۈز، تۇفى! — پەرىدە سالامەتكە قاراپ شالاقىدە بىرنى تۈكۈردى-دە، چىقىپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن ئەلىمنى ئىشىكتىن ئالماقچىدەك ئىشىكنى شۇنداق قاتتىق ياپتىكى، ئۇنىڭ زەربىسىدىن دېرىزە ئەينەكلىرى جاراڭلاپ كەتتى.

سالامەت كۆزىنى ئېچىپ يۇمغىچە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەدىن گاڭگىراپ قالدى. پۈتۈن ئەزايىغا مۇزدەك تىترەك ئولاشتى. ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى-دە، ئەلىمنى كۆز يېشىدىن ئېلىپ ئېتىلىپ يىغلىۋەتتى.

بىر كەمدە يېنىدىلا ئاستا چاقىرغان ئاۋازدىن سالامەت ئېسىنى يىغدى ۋە ئىتتىك بېشىنى كۆتەردى. ئۇنىڭ قېشىدا ماخمۇت تۇراتتى...

— سالامەت، — دېدى ئۇ ئىترىگەن ئاۋازدا، — ھەممىگە مەن ئەيىپلىك، مەن سىزنى ئاھەنەتكە قويدۇم، مېنى كەچۈرۈڭ...

سالامەت ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرىنى قول ياغلىقى بىلەن تۇسۇپ ئىسەدەيتتى.

— پەرىدە ئاۋۋال مېنىڭ ياتىقىمغا كىرىپتىكەن، مېنىمۇ خېلى تويغۇزدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئىدارىدا بىرەرسى ئۇنىڭغا چاققان ئوخشايدۇ، تۇۋا، يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش دېگەن مۇشۇدە، — ماخمۇت ئۇھ تارتتى، يانچۇقىدىن تاماكا ئېلىپ تۇتاشتۇردى. خېلى جىملىقتىن كېيىن ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سالامەت، كۆڭلىڭىز مۇنداق پاراكەندە چاغدا ئېيتىش قاملاشمايدۇ، لېكىن بولغىلىق بولدى، مەن پەرىدەگىمۇ ئوچۇقىنى ئېيتتىم، مېنىڭ كۆڭلۈمدە پەقەت سىزلا بار.

سالامەت ئەندىكتى، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولدى. ئۇ ياستۇققا يۈزىنى ياقىغان ھالدا يەنە ئىسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى...

سالامەتنىڭ دەسلەپكى موھەببىتى ئەنە شۇنداق يىغا بىلەن باشلاندى. كېيىنچە ئۇ بۇنى ئەسلىسە كۆڭلى بىر قىسما بولاتتى، ئۆز تەقدىرىنىڭ شۇنچە تويۇقسىز، شۇنچە تەسادىپى ھەل بولغانلىقىغا ھەيران بولاتتى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ئۇ بەختلىك بولدى.

## بالدۇر كەلگەن كۈز

### 1

قاراڭغۇ ئۆيدىن چىققان ئادەم ئاپتاپقا دەرھال كۆز ئاچالمىغىنىدەك كېچىدىن مىسكىن، دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆسكەن سالامەت بۇ تەسادىپى يولۇققان بەختتىن تەمتىرەپ، خېلى كۈنلەرگىچە ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ يۈردى. ئۇ ئىشتىن چۈشكىچە كۆزى تۆت بولاتتى، ئىشلەۋېتىپمۇ تۇرۇپلا ماخمۇت يادىغا كېلىپ دىققىتى بۆلۈنەتتى ـ دە، ھەرپلەرنى خاتا تىزاتتى... «بۈگۈن ماخمۇتقا نېمە تاماق ئېتىپ بەرسەم بولار؟» دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ھەر كۈنى ۋە تاماقلارنى يادىغا ئالاتتى. ئۇ ماخمۇتنىڭ لەغمەنگە ئامراق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇ ئۆزىمۇ لەغمەننى ياخشى كۆرەتتى، بۇ ئىش يەنى تاماقنىمۇ خاھىشىنىڭ بىر يەردىن چىققانلىقى ئۇنى تېخىمۇ خۇشال قىلاتتى. سالامەت شۇنى بارغانچە ھېس قىلدىكى، يالغۇز تاماقتىلا ئەمەس، باشقا نۇرغۇن نەرسىلەردىمۇ مىجەزى، خاراكتېرى ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، مەسىلەن: سالامەت ئۆينى پاكىزە تۇتۇشنى، بىر نەرسىلەرنىڭ رەتلىك بولۇشىنى خالايتتى. ماخمۇت بولسا ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنى ماختايتتى ۋە تازىلىق قىلسا تەڭ ياردەملىشەتتى، سالامەت قىز چاغلىرىدا كەلگۈسىدىكى يولدىشىنىڭ ئاغىنىلىرىنى ئۆيدىن كۆتۈشنى، ئۆزئارا چىرايلىق مېھمان بولۇشۇپ ئويناپ ـ كۈلۈشنى ئويلايتتى. ماخمۇت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن دەل ئۇنىڭ ئارزۇسىدەك بولدى. ماخمۇتنىڭ دوستلىرى خېلى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خېلى تونۇلۇپ قالغان شائىر بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى بولغانلار، يازغان ئەسەرلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولغان ياش شائىرلار ھەم ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى بەزى كۈنلىرى خېلى بىر چاقچاق ئادەملەردىن خالى بولمايتتى. بۇنداق چاغلاردا سالامەت ماخمۇتنى دېگۈزمەستىن چاي تەييارلايتتى. تاماق ئېتەتتى. ئىچىدىغانلىرى كەلسە سەيلەرنى قورۇپ بېرەتتى. ئىشقىلىپ، ئۆيدە بارنى كېلىشتۈرۈپ مېھمانلار ئالدىدا چاندۇرمايتتى. بەزىدە ماخمۇت ئۇنىڭ تەرلەپ چارچىغان ھالىغا قاراپ خىجالەت بولۇپ:

— تازىمۇ ھاردىڭ ـ ھە؟ — دەپ سورىسا.

— ھېچقىسى يوق، مېھماننىڭ كەلگىنى ياخشى ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا ئادەمدىن ئادەم قاچقاندىن يامان ئىش يوق، — دەيتتى.

نەچچە ئايلار بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كەتتى، بەلكىم كېيىنكى كۈنلەرمۇ شۇنداق ئۆتۈپ كەتكەنمۇ بولار ئىدى. لېكىن تۇيۇقسىزلا، خۇددى ئوچۇق كۈندە چاقماق چۈشكەندەك شەھەرنى «ئىنقىلاب» ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوت يالقۇنى ئالدى بىلەن گېزىتخانىغا

ئۇتاشتى. «زەربىدار دۆي»لەر قۇرۇلدى. ئاكتىپلار يېتىشتۈرۈلدى، ئۇلار تاڭ ـ تاڭلارغىچە يىغىن ئېچىشاتتى. ماخمۇتنى ئۆزىنىڭ ئۆتمەي ئەدەبىيات بىلىمىنىڭ مۇھەررىرلىكىدىن يۆتكەپ ئەسەر تەرجىملاشقا قويۇپ قويدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىدىغان، ئۆيىگە كېلىدىغانلارمۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىدارىدە مىش ـ مىش سۆزلەرمۇ چىقىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى «زەربىدار دۆي» نىڭ باشلىقى ماخمۇتنى ئىشخانىغا چاقىردى. ئېگىز بويلۇق، چوقۇر، تۇرقىدىن سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم ماخمۇتنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى.

— بىز نەچچە ۋاقىتتىن تەشۋىق قىلدۇق، — دېدى ئۇ ماخمۇتقا سوغۇق تىكىلىپ. — مەسىلىسى بارلاردىن مەسىلىلىرىنى ئۆزلىكىدىن تاپشۇرۇشنى كۈتۈپ كەلدۇق. لېكىن بەزىلەر ھازىرغىچە ھېچنېمە ئۇقمىغاندەك قولىقىنى يۇپۇرۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىپ قۇتۇلۇپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. پارتىيىنىڭ سىياسىتى ناھايىتى ئېنىق، تاپشۇرغانلارغا كەڭچىلىك. ھە سىز قانداق قىلىسىز؟

ماخمۇت تېڭىرقاپ سورىدى:

— نېمىنى قانداق قىلىمەن؟

— مەسىلىڭىزنى دەۋاتىمىز، — باشلىق ئالدىدىكى بىر توپ قەغەزنى قوپاللىق بىلەن نوقۇپ كۆرسەتتى، — سىز تېخى بىلمەس بولۇپ بىزنى كولدۇرلاتماقچى بولۇۋاتامسىز؟ بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېكار يۈرمىدۇق، مانا ماۋۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىكى پاش قىلىش ماتېرىيالى، ئۇرۇمچىدىن قانداق ۋەزىپىلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىزنىڭ ھەممىسى ئېنىقلاندى. قانداق؟ ئەمدى ئېسىڭىزگە كەلگەندۇ؟

— مەن ھېچنەرسىنى چۈشەنمىدىم.

— خۇپسەنلىك قىلماڭ، يۇۋاشراق بولغىنىڭىز ياخشى بولارمىكىن. تەركىبىڭىز نېمە؟

— پومېشچىك.

— ئاتا ـ ئانىڭىز ھازىر نەدە؟

— چەت ئەلدە.

— خەت ـ چەك كېلىپ تۇرامدىغاندۇ؟

— ھازىر كەلمەيدۇ.

— خەتتە نېمىلەرنى يازىدۇ؟

— ئادەتتىكى تىنچلىق ـ ئامانلىق.

— ھى، — باشلىق تامىقىنى قىرىپ قويدى، — ۋەتەندىن يۈز ئۆرىگەن بىر پومېشچىك ئادەتتىكى گەپلەرنى يازامدۇ؟ سەن ئۇلاردىن ھازىرغىچە چەك ـ چېگرىنى ئاجراتقىنىڭ يوق، ئەكسىچە سەنمۇ قېچىش ئۈچۈن خىلى ھەرىكەتلەرنى قىلىپسەن، بۇنىڭ ھەممىسىنى بىز تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدۇق. ھەتتا سەندە قانۇنسىز پاسپورتمۇ بار، شۇنداقمۇ؟

— كىم دەيدۇ؟

— بىلگەنلەر پاش قىلدى. بۇندىن باشقا سەن ئەدەبىي ھەۋەسكارلار كۇرۇژوكى دېگەن نام بىلەن جەمئىيەتتىكى جىن ـ شەيتانلارنى ئەتراپىڭغا توپلاپ كېچىلىرى قارا يىغىن ئېچىپ، چەتكە قېچىشنى مەسلىھەت قىلىپسىلەر، سېنىڭ خۇتۇتۇڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە... قانداق، خەۋىرىم بارمىكەن؟ ئەمدىغۇ ئېسىڭگە كەلگەندۇ؟

ماخمۇت ھاڭ ـ تاڭ قالدى. ئۆز قۇلىقىغا ئۆزى ئىشەنمىدى. بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن ئىشلار قانداق بولۇپ بۇ باشلىقنىڭ ئالدىغا ماتېرىيال بولۇپ كېلىپ يۈرۈيدۇ؟ نېمە دېگەن دەھشەتلىك ئىشلار... توغرا، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇلار ماخمۇتنىمۇ خەت يېزىپ چاقىرتقان ئىدى. لېكىن ماخمۇت بارمىدى. مەكتەپتىن ئوقۇشتىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان ئىدى. ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ ئاتا ـ ئانىسى چەت ئەلگە كەتكىنى ئۈچۈن بالىسى جاۋابكار بولىسۇنمۇ، بۇ ناھەقچىلىك ئەمەسمۇ؟...

ماخمۇتنىڭ بېشى گاراڭ بولدى، دېمى سىقىلدى، قارشىلىق قىلدى. لېكىن بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ «پوزىتسىيىسى ناچار» دېگەن قالپاقنى كەيدى، «ئىنقىلاب» ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگە نسىرى ئۇنىڭ ئۇستىدە تۈرغۈزۈلغان ئەيزىنىڭ خاراكتېرى ئېغىرمۇ

ئېغىرلىشىپ بىر كېچىدىلا قولغا ئېلىندى.

## 2

سالامەت بۇنداق بولارنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئېبخى بەختلىك تۇرمۇش بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان چاغدا ماخمۇتتىن ئايرىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئەمدىلا ئېچىلغان گۈلىنى ۋاقىتسىز كەلگەن كۈز جۇدۇنى ئۇشتۇتۇپ غازاڭ قىلدى، خۇددى كۈز تەككەندەك بولدى. تەقدىر نېمانچە رەھىمسىزلىك قىلدۇ؟

كۈنلەر ئۆتمەكتە. ھىجران، جۇدالىق، غەم ـ قايغۇ، سېغىنىشلەر سالامەتنى قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويغانىدى. «ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى» بولغاندىن كېيىن تونۇش ـ بىلىشلەرمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئىدارىنىڭ ھويلىسىدا ئۇ پەرىدە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سالامەت ئىشتىن يېنىپ ئۆيىگە كېتىۋاتقانىدى. ئەتراپتا ئۇلاردىن بۆلەك ھېچكىم يوق ئىدى. سالامەت ئۇنىڭ مەسخىرىلىك قارىشىنى كۆرمەسكە سېلىپ يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانىدى. لېكىن پەرىدە ئۇنىڭغا گەپ ئېچىپ قالدى.

— قانداق ئەھۋالىڭ؟ — دېدى ئۇ سالامەتنىڭ ئالدىدا توختاپ.

سالامەت ئۇنىڭدىن بۇنداق سەممىي تەلەپپۇزنى كۈتمىگەنىدى.

— ياخشى، — دېدى ئۇ ئامال بار چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ.

— تازىمۇ ئورۇقلاپ كېتىپسەن، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟

— ياق.

— ئۇلا ئويلاپ كەتمە، ئۇ ئالدامچى ئاخىرى ئۆز بېشىغا چىقتى. مەنمۇ دەسلەپتىلا سېزىپ قالغانىدىم، بىر قېتىم چەتكە قاچىدىغان گېپىنى ئوچۇقلا دېگەننى ئەمەسمۇ؟ كېيىن مەن ھەممىنى يېزىپ تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. سەنمىچۇ ۋاقتىدا چەك ـ چېگرىنى ئاجرىتالىساڭ بولىدۇ، خېتىڭنى ئالدىڭمۇ؟

ياق، نېمىشقا ئالىمەن؟

— ئەخمەقلىق قىلما. پەرىدەنىڭ ئاۋازى مۇلايىملاشتى، — ماخمۇت ئەمدى كەم دېگەندە يىگىرمە يىل كېسىلىپ كېتىدۇ. سەن شۇ چاققىچە ئولتۇرامسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئايالى دەپ ساڭا ياخشى كۈن يوق. تەشكىلمۇ ئىشەنمەيدۇ. ئىستىقبالىڭمۇ يوق قىلىسەن. ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق چاغدىلا ئاجرىشىپ كەتسەڭ ئوڭ بولىدۇ. يىگىت دېگەن كەممۇ؟ جېنىڭنى قىيناپ نېمە قىلىسەن؟

سالامەتنىڭ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئۇ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ پەرىدەگە غەزەپ بىلەن تىكىلدى:

— كۆيۈنگىنىڭگە رەھمەت. لېكىن مەن باشقىلاردەك ۋىجدانسىزلىقنى ئۆگەنمەيتتىمەن.

سالامەت شۇنداق دېدى ـ دە ئىتتىك مېڭىپ پەرىدەنى يانداپ ئۆتتى. شۇ چاغدا پەرىدەنىڭ كەينىدىن:

— ھوي قەدرىنى بىلمەيدىغان پاسكىنا. قاراپتۇر، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن، — دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

شۇندىن كېيىن پەرىدە گېزىتخانىغا كۈندە دېگۈدەك كېلىپ يۈردى. ئۇ «زەربىدار دۈي» نىڭ ئىشخانىسىدىلا بولاتتى. باشلىقلىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق ئىدى. بۇ ئىشنىڭ سىرى يېشىلدى. سالامەت ئىدارە بويىچە كۆرەشكە تارتىلدى. ئۇنىڭغا «ئېرىنىڭ ئىشلىرىغا شېرىك» دېگەن گۇناھ ئارتىلدى ۋە «بۇزۇق ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق كەيگۈزۈلۈپ يېزىغا ئۆزگەرتىلىشكە ھەيدەلدى...

## ئېغىر كۈنلەر

### 1

ئۇيپىلىق يول ... ئورۇقلۇقتىن ئۇمۇرتقىسى بىچاقىنىڭ بىسىدەك بولۇپ كەتكەن دۈمچەك تاغىل ئۆكۈز رېزىنكا چاقلىق چوڭ ھارۋىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن سۆرەپ

كېلەتتى. ئۇنىڭ كۈچۈنۈپ پۇشۇلداشلىرىدىن يولنىڭ نوپىسى پۇرقىرايتتى. ئۇ هارۋىكەشنىڭ بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىراشلىرىغا، تاياق بىلەن دۈمبىسىگە سېلىشلىرىغىمۇ ئىرەن قىلمايتتى. ئۇيقۇسىرىغان كۆزىنى يولدىن ئالماستىن ئۆزىگە تونۇش كاتاڭلىق يولدا ئاستا كېلەتتى.

هارۋىنىڭ ئالدىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇستىگە ئۆڭۈپ تۆكلىرى چۈشۈپ كەتكەن چىبەرقۇت پەشمەت، بېشىغا كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەن ئاق ئۇماقنى كۆزىگىچە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇ قولاقتىن بۇ قولاققا ئۇتاشقان يىرىك ساقىلى يۈزىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلىگەن، پەقەت بىر جۈپ ئويچان، نۇرسىز كۆزلىرىلا ئورۇق قاپاقلىرى ئاستىدا جىن چىراقتەك پىلدىرلاپ تۇراتتى. ئۇمۇ خۇددى ئۆكۈزگە ئوخشاش بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئۇيقۇسىرىغاندەك ئولتۇراتتى. پەقەت تاغىل ئۆكۈز هارۋىنى كاتاڭغا تاشلىغاندىلا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆرە بولاتتى ۋە كۈك سۆگەتتىن كېسىۋالغان تايىقى بىلەن ئۆكۈزنىڭ داق ئۇستىخان دۈمبىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى. ئۆكۈز بۇنداق تاياقلارغا مىتمۇ قىلماستىن ئۆز يولىنى داۋام قىلاتتى. بوۋاينىڭ تايىقى خۇددى تاشقا تەككەندەك قاڭقىيتتى.

هارۋىنىڭ كەينى تەرىپىدە يۈك-تاقلار ئارىسىدا غەمكىن ئويغا پېتىپ سالامەت ئولتۇراتتى. هارۋىغا ئۆي بىساتى، كۆرپە-يوتقانلىرى، قازان-قومۇچ، جوزا، بەندىڭ، خۇرۇم چامىدان بېسىلغان ئىدى. سالامەت رادىئو چىگىلگەن تۇگۇشنى تۇتۇپ قاتلاپ سېلىنغان كىگىز ئۈستىدە كەينىگە قاراپ ئارقىدا قېلىۋاتقان ئېگىز-پەس يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. قويۇق دەرەخلىك بىلەن پۈركەلگەن شەھەر بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتماقتا ئىدى. ئەمدى پەقەت ئېگىز تۇرخۇنلار كۆزگە چېلىقاتتى. سالامەت لىۋىنى چىشلىگىنىچە چەتكە قارىۋالدى. قىسمەت ئۇنى نەلەرگە سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتىدىكىن؟ قانداق تەقدىر ئۇنى كۈتۈۋاتىدىكىن؟...

سالامەتنىڭ يۈرىكى ئېزىلدى. بۇرنى ئېچىشىپ، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى. ئۇ هارۋىدىكى بوۋاينىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ گېلىغا قاپلاشقان ئاچچىق يىغىسىنى ئىچىگە ئەسلىكتە يۇتىۋەتتى. هېلىمۇ ياش دېگەن تۈگمەيدىغان نەرسە ئىكەن، ئۇ مانا بىر ئاينى يىغا بىلەنلا ئۆتكۈزدى. تېخى قۇرۇيدىغاندەك ئەمەس، خۇددى كۆز يامغۇرىدەك تۆكۈلىۋاتىدۇ. بەزىدە ئۇ خۇددى ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك بىر نوقتىغا تىكىلگىنىچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قالاتتى. كۈن-كۈنلەپ بىر نەرسە يېمەيتتى، كۆڭلى هېچنەرسىنى تارتمايتتى. قەلبىنى يېسىۋالغان هەسرەت ئېغىدىن دېمى سىقىلاتتى. ناله قىلاتتى: لېكىن ئۇنىڭ پەريادىنى كىم ئاڭلىدى؟ ئۇنىڭ هالىغا يېتىدىغان كىمى بار؟ ئۆگەي ئاپىسى چاۋاك چېلىپ خۇش بولدى. دادىسى بولسا ئاغرىقچان بولۇپ يېتىپ قالغىلى نېكەم. ماخمۇت هازىر قانداق تۇرىۋاتىدىكىن؟ ئاغرىپ قالمىغاندۇ؟ ئۇرۇپ قىينىدىمىكىن؟... بۇ غەم-ئەندىشىلەر ئۇنى ئازابلايتتى. ئۇنداق چاغلاردا ئۇ بىرىپ ماخمۇتنى كۆرگىسى كېلەتتى. راست ئۇ كۆپ قېتىم باردى. يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى. لېكىن ساقچىلار ئۇنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتى. ماخمۇتنى كۆرسەتمىدى. ئۇ



راستىنلا ماخمۇتتىن ئايرىلىپ قالدىمۇ؟ مەڭگۈگە ئايرىلدىمۇ؟ ياق، ياق، بۇلار ھەممىسى قانداقتۇر ئۇقۇشماسلىق. تۆھمەت. ھەقىقەت ھامان بىر كۈنى ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇلار يەنە بەختلىك ئۇچرىشىدۇ. تۇرمۇش يولى بەلكىم مۇشۇنداق ئەگرى-توقاي بولسا كېرەك...
سالامەت شۇ ئويلار بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. ياشاشقا، ماخمۇت ئۈچۈن تۇرمۇشتىكى ھەممە ئېغىرچىلىقلارغا چىداشقا بەلباغلىدى، چۈنكى بۇ كۈنلەرنىڭ ئۇزۇن ئەمەسلىكىنى، بىر كۈنلىرى ماخمۇت كېلىپ ئۇنى تېپىپ كېتىدىغانلىقىنى يۈرىكى سېزىپ تۇراتتى.

ھارۋا يولى سايلىققا قاراپ ساڭگىلدى. شەھەرنىڭ دەرەخلىرىمۇ ئاستا-ئاستا كۆزدىن يۈتۈپ كۆرۈنمەي قالدى. «خەير خوش، — دېدى سالامەت ئەلەم بىلەن ئۆكسۈپ، — خەير ماخمۇت».

ھارۋا ئولتۇرۇۋاتقان كۈن بىلەن تەڭ شەھەرنىڭ ئەڭ چەت يېزىسىغا — شورتۆپە مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. بوۋاي ھارۋىنى ئالدىدا توپ مەيدانى بار، بىر قاتار لاي سۇۋاق ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ ئەكىلىپ توختىدى. سالامەت ئەتراپقا كۆز تاشلىدى. ئۇ يەر، بۇ يەردە ھارۋىنىڭ سۇنغان شوتىسى، تراكتور ۋاگونىنىڭ كۆزۈكى ئاپتاپتا قاغجىراپ ياتاتتى. مەيداننىڭ ئۇ بېشىدا بولسا تاختايلىرى ئاجراپ كەتكەن سىرلانمىغان ۋاسكېتبول گارى چوقچىيىپ تۇراتتى.

بوۋاي قاتار ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا ئۇچىسىغا ھەربىلەرنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن سېرىق كىيىمنى كەيگەن ئادەمنى باشلاپ چىقتى. سالامەت ئۇنىڭغا ئاستا نەزەر تاشلىدى. ئۇ ياڭاق سۆڭەكلىرى چىقىپ كەتكەن، ئاق سېرىق، ئېگىز ئادەم ئىدى. دۈڭ قاپىقى ئاستىدىكى كۆكۈش كۆزلىرى ئويناپ تۇراتتى. سالامەت ئۇنى قىرىقلاردا بولسا كېرەك دەپ مۆلچەرلىدى. لېكىن ئۇنىڭ مېڭىش-تۇرۇشلىرى چاققان، خۇددى ياش يىگىتلەردەك چەبدەس ئىدى. ئۇ، ھارۋىغا يېقىن كېلىپ سالامەتكە باشتىن-ئاياق سەپسېلىپ چىقتى. شۇ چاغدا شالاڭ، سېرىق قاشلىرى لېپىلداپ، كىچىك گازىر كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. سالامەت ئۇنىڭ قارىشىدىن تېنى شۈركۈنۈپ يەرگە قارىۋالدى.

— سالامەتخان دېگەن سىز بولامسىز؟ — دېدى ئۇ ئوچۇق چىراي ھالدا، — تونۇشۇپ قويايلى. مېنىڭ ئىسمىم بەكرى، مۇشۇ ئەترەتنىڭ شۇدۇيجاڭى بولىمەن... سىزگە ئۆيمۇ ھازىرلاپ قويغان. ھازىرچە باشقا ئۆي يوق، — ئۇ بوۋايغا قايرىلدى، — ساۋۇر! بۇ ياقنى چوڭ باغنىڭ قىرىدىكى يالغۇز ئۆيگە ئاپىرىپ نەرسىلىرىنى جايلاشتۇرۇپ بەرگىن. ھازىر مەجلىس ئېچىۋاتاتتۇق. قالدى ئىشلارنى ئەتىگەنچە سۆزلىشەرمىز. — ئەترەت باشلىقى سالامەتكە يەنە بىر تىكىلىپ قارىدى-دە ئىشخانىغا قاراپ ماڭدى.

بوۋاي ئۈندىمەستىن تاغىل ئۆكۈزنىڭ بېشىنى بۇرىدى ۋە سالامەت ھارۋىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن قولىدىكى كۆك تاياق بىلەن ئۆكۈزنىڭ دۈمبىسىگە قاتتىق بىرنى ئۇردى.

## 2

تەنھا ئۆي. مەھەللىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپى چوڭ بىر ئۆرۈك، شاپتۇللۇق باغقا تۇتىشاتتى. باغنىڭ نېرىسى بولسا توز كەتكەن ئېتىزلىق ئىدى. ئەنە، شۇ ئېتىزلىق بىلەن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇددى بىر دۆڭدەك ئاشۇ ئۆي چوقچىيىپ تۇرىدۇ. خام كېسەكتىن قول ئۇچىدىلا سېلىپ قويغان بۇ ئۆينىڭ تېشىمۇ سۇۋالمىغان، ئۇنىڭ كېسەكلىرىنى قار-يامغۇر، بورانلار يالاۋېرىپ سىلىقلاشتۇرۇۋەتكەن، بىر توپ ئاق ئۆژمە بۇ غېرىپ ئۆيگە ھەمراھ بولۇپ تۇراتتى.

بوۋاي ھارۋىنى ئۆينىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختاتتى-دە ھارۋىدىن ئالدىرىماي چۈشتى. ئاندىن يانچۇقىدىن باياتىن دۈيجاڭ بەرگەن ئاچقۇچنى ئېلىپ، ئۆينىڭ دات باسقان قۇلۇپىنى ھەپىلىشىپ ئاران ئاچتى، ئاپتاپتا تۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئىشىك يېقىمسىز غىچىرلاپ ئېچىلدى. سالامەتنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈر كۆرۈندى. بوۋاي ھارۋا يېنىدا تۇرغان سالامەتكە قايرىلدى.

— مانا قىزىم، ئۆيلىرى مۇشۇ، — دېدى ئۇ سەل خىجالەت بولغاندەك.

سالامەت ئشنك ئالدىغا كېلىپ ئۇي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇي ئىچىدىن تاماقنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق زەي پۇرايتتى. تاملار قاپ-قارا. ئسلاشقان، دېرىزىگە چاپلانغان قەغەزلەر يىرتىلىپ ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. بۇلارنى كۆرۈپ سالامەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزىگە يىغا ئولاشتى.

— ئاۋۋال ئۆينى بىر تازىلايلى. — دېدى بوۋاي ئۆيگە قاراپ ۋە هارۋا تەرەپكە ماڭغاچ دېدى. — مەن بىر سىز ئەكلەي. سلى هارۋىدا ئولتۇرۇپ تۇرسىلا.

بوۋاي سالامەتنىڭ هارۋىدىكى چېلەكنى كۆتۈرۈپ ئارقىدىكى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتى. سالامەتمۇ كۆز يېشىنى ئىچىگە يۇتتى ۋە سۈپۈرگىنى ئېلىپ ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرىنى، دېرىزىلىرىدىكى توپىلارنى سۈپۈرۈپ چۈشەردى. تولار ئاچچىق توپىغا مىلىنىپ ئۆينى بىرەر قۇر تازىلىدى. ئاندىن هارۋىدىكى يۈك-تاقلارنى توشۇشقا باشلىدى. گۇگۇم چۈشەرگە يېقىن بىسقىپمۇ بولدى.

— يالغۇز قانداقمۇ ياتارلا؟ — دېدى بوۋاي قايتىدىغان چاغدا. — قىزىم بولغان بولسا سلىگە هەمراھ بولۇشۇپ بېرەتتى. مەن بىر تەنها جان قارىسلا.

— قورقمايمەن. يالغۇزلۇققا ئۆگىنىپمۇ قالدىم، — دېدى سالامەت، ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن يۈرىكى دەككە-دۈككىدە ئىدى.

— ئەمىسە مەنمۇ كېتەي، — دېدى بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە ئىشىكنىڭ قېشىغا بارغاندا زەنجىرنى تۇتۇپ تارتىپ كۆردى. ئاندىن سالامەتكە قۇلۇپنى بەردى، — ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ ياتسىلا خوش ئەمىسە.

بوۋاي كەتتى، سالامەت ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىدى-دە چىراقمۇ ياقماستىن يوتقاننى سېلىپ ئىچىگە كىردى. كەچ كىرگەنىدى. مەھەللە تەرەپتىن ئىشەكلەرنىڭ هاڭرىشى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئاڭلىناتتى. سالامەت قاراڭغۇ كېچىدە سۈرلۈك كۆرۈنگەن تۈت تامغا، تورۇسلارغا قورقۇمسىراپ قاراپ قوياتتى. «تىرىق» قىلغان ئاۋازدىن چۆچۈپ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلىشەتتى. تۇ شۇنچە هارغان بولسىمۇ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. بىر كۈن ئىچىدە بولغان ئۆزگىرىشلەر، بۇ جەت يېزىدىكى يېڭى ماكانى. ئەمدىكى كۈنلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئەندىكتۈرەتتى. مانا ئاخشاملا تۇ شەھەردىكى ئۆز ئۆيىدە ئېلېكتر نۇرى چاقناپ تۇرغان ئاپئاق ئۆيىدە ئىدى. بۈگۈن بولسا مانا بۇ جاڭگالدىكى ۋەيرانە ئۆيدە قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرۇپتۇ. هايات دېگەن شۇ ئىكەن. تەقدىر تونىڭغا بەخت. تەلەيىنى قانداق ئاسان بەرگەن بولسا هازىر هەم شۇنچە ئوڭايلا تونىڭدىن مەھرۇم قىلدى.

تۇ نورۇنمۇ سالماستىن يۈك-تاقلىرى ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ هارغىچە يىغلىدى. ئۇ قاچان تۇخلاپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تاڭ سەھەردە تۇ مۇزلاپ ئويغاندى. ئشىك يوچۇقلىرىدىن قوياش نۇرى كىرىپ ئۆي ئىچىنى غۇۋا يورۇتماقتا ئىدى.

سالامەت نورنىدىن تۇردى. ئاخشام قورقۇپ دېرىزىگە تارتقان ئەدىيالنى ئېلىۋەتتى. ئۆي ئىچىگە يورۇق چۈشتى. تۇ بىر دەم ئۆينى قانداق جايلاشتۇرۇشنى پىلانلىدى ۋە يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئىشقا كىرىشتى.

چۈشكە يېقىن بەكرى دۈيجاڭ پەيدا بولدى. بۇ چاغدا سالامەت ئۆينى بىسىقتۇرۇپ بولۇپ هويلىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى.

— دۈيجاڭ. كەلسىلە. — سالامەت سۈپۈرگىنى قويۇپ بەكرىگە قارىدى.

— جايلىشىۋالدىڭىزمۇ؟

— بىرەر قۇر.

— ئاخشام يالغۇز قورقىتڭىزمۇ؟

— ياق.

— مەھەللە ئىچىدە بىكار ئۆي يوق. ۋاقتىنچە ئولتۇرۇپ تۇرىسىز-دە، — بەكرى دۈيجاڭ سىزلىگەچ ئۆيىگە ماڭدى، — هوي قالتىس قىلىۋېتىپسىزغۇ. ئايال كىشىنىڭ قولى تەگسە باشقىچىدە...

بەكرى دۈيجاڭ ئۆينىڭ ئىچىگە قىزىققان هالدا زەڭ سالدى ۋە كاڭغا يېڭىلا سېلىنغان گۈللۈك كىگىزگە كېلىپ ئولتۇرۇپ موخوركا يۆگىدى. شۇ

ئاپتا بۇ دۈيجاڭ قالپىقى بار بۇززۇق تونسۇرغا ئەمەس بەلكى يېقىن بىر تونۇشىنىڭكىگە مېھمانغا كەلگەندەك مۇلايىم، ئوچۇق ـ يورۇق ئىدى، بۇ ئىش سالامەتنى ئەجەپلەندۈرەتتى. دۈيجاڭنىڭ ئاخشامقى ۋە بۈگۈنكى مۇئامىلىسىگە ھەيران بولاتتى. ئۇ يېزىغا كېلىۋېتىپ بۇندىن كېيىن تىل ـ ھاقارەت، دەشنەم، ئىغىر ئەمگەك. قوپال مۇئامىلىلەرنى كۆتكەن ۋە ئىدىيىدە تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدى. لېكىن بۇ يەردە بولسا ئەھۋال پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقتى. «دۈيجاڭ ياخشى ئادەمدەك قىلىدۇ» سالامەت كاڭدا ئولتۇرغان بۇ سېرىق ئادەمگە كۆڭلىدە شۇنداق باھا بەردى.

— ئىلگىرى بۇ تەرەپلەرگە كەلمىگەن بولغىيدىڭىز؟ — بەكرى تاماكىسىنى ئوتاشتۇرۇپ سورىدى.

— ياق.

— يېزىمىز شەھەرگە يىراقراق، چۆلرەك، ئەمما يازلىقى مېۋىلىرى ئوبدان. ئۈگىنىپ قالىسىز. شۇنداق قىلىپ يولدىشىڭىز تۈرمىدە بولۇپ قالدىمۇ؟

— ھەئە.

— رىسقى دېگەن شۇ. باشقا چاغلاردا بولسا سىزنى بۇ سەھراغا مېھمانغا چاقىرىپمۇ ئەكەلگىلى بولمايتتى. ھېلىمۇ ھېچقىسى يوق. كۆنۈپ قالىسىز، نېمە قىيىنچىلىق تارتسىڭىز ماڭىلا دەڭ. بولامدۇ؟ ئاندىن يەنە بىر گەپ، بۇندىن كېيىن ئەزالار ئالدىدا سىزگە قوپالراق تېگىپ قويىمىز، بۇنى كۆڭلىڭىزگە ئالماسسىز، سىياسەت دېگەن شۇ ئىكەن. ھازىر ئادەم باشقۇرماقمۇ تەس بولۇپ كەتتى. — بەكرى دۈيجاڭ قازان بېشىدا لام ـ جىم دېمەي يەرگە تىكىلگىنىچە ئولتۇرغان سالامەتكە قاراپ قويدى، — نورمىلىرىڭىزنى ئالدىڭىزمۇ؟ مەن ئامبارچىغا ئاخشاملا دەپ قويغانىتىم.

— ياق تېخى.

— نېمىڭىز كام؟ نېمە لازىم؟

— لازىم ئەمەس، رەھمەت دۈيجاڭ.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئۈگىنىپ قالىسىز. — بەكرى دۈيجاڭ ئورنىدىن تۇردى، — بۈگۈن ئەتە ئۆيى ئىشلىرىڭىزنى جايلاشتۇرۇۋېلىڭ، ئۆگۈنلۈككىچە ئىشقا چىقارسىز.

— ماقۇل، — دېدى سالامەت كۆڭلى تىنغان ھالدا. — دۈيجاڭ سىلىگە چايمۇ قويالمىدىم.

— خۇدايىم بۇيرىسا ئۇنىمۇ قىلىۋالارمىز، — بەكرى دۈيجاڭ شالاڭ چاچلىرىنى كۆرسىتىپ سالامەتكە قاراپ كۈلدى ـ دە تۇزاپ چىقتى.

3

ھەپتە ئۆتتى.

سالامەت ئۇچۇن سىرلىق، قورقۇنچلۇق، ۋەھىمىلىك بىلىنگەن يېزىدىكى تۇرمۇش بارا ـ بارا ئىزىغا چۈشكەندەك قىلدى. بەكرى دۈيجاڭ ئۇنى ئايال ئەزالار بىلەن بىللە پاختا تېرىشقا بەلگىلىدى. كەچلىكى «ئۇيبى چەتتە» دەپ ئۇنى بەش خىل ئۇنسۇرلار قاتارىدا خامانىدا قوناق سويۇشقىمۇ بەلگىلىمىدى. ئاياللار ئۇنىڭغا قىزىقىش، ھەۋەس ۋە ئىچى ئاغرىتىش بىلەن نەزەر سېلىشاتتى. ئەمما ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ گەپ قىلمايتتى. سالامەت ئەزالار بىلەن تەڭ ئىشقا چىقاتتى، باش كۆتەرمەي ئىشلەيتتى، ئىشتىن يېنىپ ئۇدۇل ئۆيىگە قايتىپ كېلەتتى. ئۇ بارلىق ئىشلاردا، كىشىلەردىن، گەپ ـ سۆزلەردىن ئۆزىنى چەتكە تارتاتتى. ئۇ پەقەت ئۆز خىياللىرى بىلەن مۇڭدىشاتتى، ماخمۇتنى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن شېرىن كۈنلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۇنىڭ بىر كۈنلىرى كېلىپ ئۇنى بۇ سەھرادىن ئېلىپ كېتىشىگە ئىشەنچ قىلاتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئادەتتىكىدەك يەپ بولۇپ ئىشكنى تاقىدى ۋە بالدۇرلا يوتقانغا كىرىۋالدى. كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى كەچتە بورانغا ئايلانغانىدى. دېرىزىگە چاپلانغان قەغەز دىرىلدەيتتى. ئىشىك يېقىمسىز غىچىرلايتتى. سىرتتىكى بوراننىڭ ئۇشقىشى ۋە دەرەخلەرنىڭ چاراسلاپ سۇنغان ئاۋازى كېلەتتى. سالامەتنى قورقۇنچ باسقىلى تۇردى. ئۇ يوتقانغا بېشىنى پۈركەپمۇ يېتىپ باقتى، لېكىن ئۇنجىقىپ دەم

ئالالمىدى...

قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن قۇلىقىغا سىرتتىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. ئۇ يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ قورقۇمسىراپ قۇلاق سالدى. كىمدۇ بىرىسى دېرىزىنى چەكمەكتە ئىدى. سالامەت چۆچۈپ بېشىنى كۆتەردى. قورقۇشتىن يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ يوتقانغا چىڭ ئورانغاچ سىرتقا قۇلاق سالدى.

— سالامەت! سالامەت!

سالامەت ئەمدى ئېنىق ئاڭلىدى ۋە پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشتى، ئۇ مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. دېرىزە تېخىمۇ قاتتىق چېكىلىشكە باشلىدى.

— كىم؟ — سالامەت تىترىگەن هالدا توۋلىدى.

— مەن بەكرى، ئىشىكنى ئېچىڭ!

«بەكرى دۆيجاڭ ئەسلىدە مۇنداق ئادەم ئىكەندە»، سالامەت ئەلەم بىلەن ئويلىدى، يۈرىكى دۈپۈلدەپ پۈت-قولىدا جان قالمىدى. بىردەمدىن كېيىن بەكرىنىڭ هۇدۇققان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.

— سالامەت! بولۇڭ، ئىشىكنى ئېچىڭا!

سالامەتنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك بولۇپ، يوتقانغا تېخىمۇ بەكرەك يۆگەلدى، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزى ئىشىك-دېرىزىدە ئىدى. «ئەگەر بەكرى دۆيجاڭ ئىشىكنى بۇزۇپ كىرسە قانداق قىلارمەن» دېگەنلا ئويلايتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بەكرىنىڭ شالاڭ سېرىق بۇرۇتى، چېقىر كۆكۈش كۆزى نامايەن بولدى. ئۇ خۇددى مۇردىدەك ئىشىككە قاراپ قېتىپلا قالغانىدى.

بەكرى يەنە بىر قېتىم ئۇنى توۋلىدى، سالامەتتىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى بىر-ئىككى تەپتى-دە قايتىپ كەتتى. سالامەت خېلىغىچە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ قۇلاق سېلىپ تۇردى. سىرتتا پەقەت بوران ئاۋازىدىن باشقا شەپە يوق ئىدى.

سالامەتنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. ئۇ ئىچ-ئىچىدىن قايناۋاتقان يېشىنى توختىتىۋېلىشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇ هەممە ئاياللارغا ئوخشاش هەسرىتىنى، ئاجىزلىقىنى، هەممىسىنى يىغا بىلەنلا چىقارماقتا ئىدى.

سالامەت بۇ كېچىنى ئۆرە ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدى، ئەتىسى ئۇ ئېتىزلىققا ۋاقىچە چىقتى، ئويقۇسىزلىقتىنمۇ ياكى كېچىدىن بېغىلاپ چىققانلىقتىنمۇ پۈتۈن ئەزايى سىقىراپ ئاغرىيتتى، ئاخشامقى ئىش هېلىدىن-هېلىغا كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلاتتى، خۇددى هەممە ئاياللار بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراۋاتقاندەك، قانداقتۇ بىر يامان ئىشنى قىلىپ قويغاندەك ئۆزىچە خۇدۇكسىرەيتتى. ئۇ ئەتراپىغا قارىماسلىققا تىرىشىپ بىر چەتكە ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى. ئالدىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك بەكرى دۆيجاڭ پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، قىسىق كۆزلىرى ئاچچىق بىلەن قىسىلغانىدى. ئۇنى كۆرۈپ سالامەتنىڭ يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى.

— هەي ئۇنسۇر! — دېدى بەكرى قولىنى كەينىگە قىلغان هالدا هەممە ئاڭلىغۇدەك ۋارقىراپ، — ئەمدى ئىشقا كەلدىڭمۇ؟ كۈنگە قاراپ باق، هازىر قايسى ۋاق بولدى هە؟

سالامەت يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ شۇ تاپتا خۇددى كەپسىزلىكى ئۈچۈن ئۆگەي ئانىسىدىن دەشنەم ئاڭلاۋاتقان بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ تېخى قايسى كۈنىلا ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ كۆيۈنۈپ كۆڭۈل ئېيتىپ يۈرگەن دۆيجاڭنىڭ بىر كېچىدىلا بۇنچىۋالا ئاچچىقى يامان، قورقۇنچلۇق ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشىغا هېچ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بۇ هاقارەتتىن تىترىدى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ — بەكرى تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ ۋارقىرىدى، — سەن ئۆزەڭنى نېمە چاغلاۋاتىسەن؟ — بەكرى ئەتراپتىكى ئەزالارغا توۋلىدى، — هوي ئاياللار! مەيەرگە كېلىڭلار!

ئاياللار ئاستا بىردىن-ئىككىدىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ئەزالار، — دېدى بەكرى دۆيجاڭ ئاۋازىنىڭ بارىچە، — مۇنۇ ئايالنى كۆردۈڭلارمۇ، ئوبدان تونۇۋېلىڭلار، ئېتى سالامەت، بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقى بار، ئېرى بىلەن بىرلىشىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان، ئېرى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىندى. بۇ، ئايال بولمىغاچقا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يېزىغا چۈشۈرۈلگەن، بىزنىڭ

نازارىتىمىزغا تاپشۇرۇلغان، لېكىن بۇ تونۇر ئەترىتىمىزگە كەلگەندىن بۇيان ھازىرغىچە پوزىتسىيىسى ناچار بولۇپ كەلدى. سىلەرمۇ كۆرۈۋاتقانسىلەر ئىشقا ھەممىدىن كېيىن كېلىۋاتىدۇ، رەھبەرلىكنى كۆزگە ئىلماي خورىكى تۇسۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بۇنداق ھەيۋىسىدىن بىز قورقمايمىز، — تۇ، سالامەتكە قولىنى شىلىندى، — مەن ساڭا ياخشىلىقچە ئېيتىپ قوياي، سېنىڭ يۈۋاش-يۇمشاقلىق بىلەنلا ئىشلىشىڭگە رۇخسەت، بويۇن تولغىشىڭغا رۇخسەت يوق، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — تۇ ئەمدى ئەترابتىكىلەرگە توغرىلاندى، — سىلەرمۇ تۇنىڭغا ئوبدان نازارەت قىلىڭلار، ھەر قانداق بىر ئەھۋالنى سەزسەڭلەر رەھبەرلىككە خەۋەر قىلىڭلار، تۇقتۇڭلارمۇ؟

ئەترابتىن «ئۇقتۇق» دېگەن سۇس، ئىلگىرى-كېيىن ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى. بەكرى دۈيجاڭ يەردىن بېشىنى كۆتەرمەي ياغاچتەك قېتىپ تۇرغان سالامەتكە سۇرلۇك بىر تىكىلىپ قويدى-دە:

— بۈگۈندىن باشلاپ چوشقا بېقىشقا چىقسەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ كۆزىنى ئالايتىپ، — ھازىر شۇ يەرگە بار، ئاخشىمى خامانغا قوناق سويغىلى كېلىسەن، ماڭ ئەمىسە. قالغىنىڭلار تۈز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار!

بەكرى شۇنداق دېدى-دە، كېۋەزلىكنى ئارىلاپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ كەتتى، باشقا ئاياللارمۇ بىردىن-ئىككىدىن كۇسۇرلاشقان ھالدا ئېتىزلىققا تارىدى. سالامەت بىردەمگىچە خۇددى چوش كۆرۈۋاتقاندەك تۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى تۇمانلاشقان، پۈتنى يۆتكەشكە مادارى يوق ئىدى. تۇ لىۋىنى قاتتىق چىشلىگىنىچە بېشىنى كۆتەردى-دە، يېڭى ئىش تورنىغا قاراپ ماڭدى.

## 4

ئەشۇ يىللاردىكى «سولچىل» سىياسەتنىڭ كاساپىتىدىن ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا چوشقا بېقىش ۋەزىپىسى مەجبۇرىي تېڭىلغانىدى. بۇ ئەترەتنىڭ چوشقا قوتىنى مەھەللىنىڭ چېتىدە بولۇپ، ئەترابىدا تېرىلمايدىغان شورتاڭ يەر يېيىلىپ ياتاتتى. قوتاننىڭ يېنىدا بىر ئېغىز كونا تۆي بار ئىدى. سالامەت چۈشكە يېقىن قوتانغا يېتىپ كەلدى. قۇلىقىغا يىراقتىنلا چوشقىلارنىڭ ئاچچىق چىقىراشلىرى ئاڭلىنىپ تىنى شۈركەندى. سالامەتنىڭ دۇنيادا ئەڭ يىرگىنىدىغان نەرسىسىنىڭ بىرسى پاقا، يەنە بىرسى مۇشۇ چوشقا ئىدى. ئۇنىڭ تېنىشغا تۈرۈلگەن سەت تومشۇقنى كۆرسىلا بەدىنى تىكەنلىشەتتى. بەكرى دۈيجاڭ خۇددى تۇنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالغاندەك ئەتەي بۇ ئىشقا بەلگىلىدى. تۇنىڭغا بويسۇنماستىن باشقا نېمە ئامال.

ئۇينىڭ ئالدىدا بىرەيلەن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ كېلەڭسىز ئەمبەلدە سەي توغرىماقتا ئىدى. سالامەت ئۇنى يىراقتىنلا تونۇدى. بۇ ھېلىقى تۈزنى بازاردىن ئېلىپ كەلگەن ھارۋىكەش بوۋاي ئىدى. ھەممەيلەن «ساۋۇر كالا» دەپ ئاتايدىغان بۇ بوۋاي توغرىلىق سالامەت خېلى گەپلەرنى ئاڭلىدى. بۇ ئادەتتە گەپ قىلمايتتى. ھېچكىمگە ئارىلاشمايتتى. تۇنىڭ شۇ جىمغۇرلۇقى ئۈچۈن «كالا» دەپ لەقەم ئالغانىدى. يالغۇز ئۆزى ئاشۇ قوتاننىڭ يېنىدىكى تۆيدە يېتىپ-قوپاتتى. سالامەت كىشىلەر ئاغزىدىن بۇ بوۋاينىڭ بۇرۇن ناھىيىدىكى قايسىبىر ئىدارىنىڭ كادىرى ئىكەنلىكىنى 1959-يىلى «تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاقنى كىيىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇقتى. شۇڭا ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بۇ بوۋاي بىلەن بىللە ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلى سەل تىنغاندەك بولدى.

سالامەت ئاستا مېڭىپ بوۋاينىڭ يېنىغا كەلدى. بوۋايمۇ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىدىمۇ ئىشنى، توختىتىپ بېشىنى كۆتەردى. قورۇقلار ئارىسىدا قىسىلغان تۈرسىز كۆزلىرىدە سالامەتكە بىر پەس تىكىلىپ تۇردى. تۇ سالامەتنىڭ سولغۇن، تاتارغان چىرايىدىن ھەممىنى بىلىپ بولغاندەك بولدى.

— سىلىنىمۇ بۇ يەرگە ئەۋەتىپتۇ-دە، ئاخىر؟ — دېدى بوۋاي بىر ھازادىن كېيىن.

— ھەئە، — دېدى سالامەت ئوڭايسىزلانغان قىياپەتتە.

— كېرەك يوق قىزىم، — بوۋاي تۇنىڭغا قاراپ

كۆلۈمسىرىدى، بۇ يەرگىمۇ ئۆگىنىپ قالىلا. بىر ھېسابتا ئۇلارنىڭ كۆزىدىن نېرى تۇرغانمۇ ياخشى، بولۇپمۇ بەكرىدىن...

سالامەتنىڭ ئېسىگە دەرھال ئاخشامقى ئىش كەچتى ـ دە ۋۇجۇدى تىكەنلەشتى.

— مەن نېمە ئىش قىلمەن؟ — دەپ سورىدى سالامەت گەپنى دەرھال بۇراپ.

— ئىشىمىز ئاشۇ جانۋارلارنى بېقىش، قارىسىلا، كۈنىگە ئىككى ۋاق ھەلەپ ئېتىپ بېرىمىز، تېگىنى ئادالايمىز، جاڭگالدىن ئوت ـ چۆپ ئەكىلىمىز. بالادەك يەيدىغان نېمىلەر بۇ. سىلى ئەشۇ قازانغا ئوت قالاپ بېرەملا؟ — ئۇ سالامەتكە نېرىدىكى ئېسىغلىق داش قازاننى كۆرسەتتى.

سالامەت سامانلىق لايدا ئاندا ـ مۇندا سۇۋاپ قويۇلغان ئوچاقنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئوچاققا ئېسىلغان يوغان داش قازاننىڭ چۆرىلىرى يېشىل ئوت ـ چۆپلەر، كىپەك. يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى بىلەن بىرلىك قاسماق بولۇپ كەتكەنىدى. قازاننىڭ تېگىدە بىغىردەك ئۆيۈپ قالغان يۇندىدىن كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان بەتبۇي پۇراق كېلەتتى. ئوچاق بېشى پۈكۈلگەن يۇندا بىلەن قېتىپ كەتكەنىدى. سالامەت بۇلارغا قاراپ كۆڭلى ئاينىدى. سىزىكلىك ئۈستىگە بۇ مەينەتچىلىك قوشۇلۇپ، خېلى ئۇزۇنغىچە قورۇق «ھۆ» قىلدى.

— سىلى سۇ توشۇپ بەرسىلە، — دېدى ساۋۇر بوۋاي ئۇنى قازان بېشىدىكى مەينەت ئىشقا قويۇشنى خالىمىغاندەك، — پەستە زەيلىك بويىدا كۆلچەك بار.

سالامەت چېلەكنى ئىزدىدى، نېرىدا قوتان يېنىدا بىر جۈپ چېلەك بىلەن ئەپكەش تۇراتتى. بۇ چېلەك ئەسلىدە ئاقمۇ، قارىمۇ شۇ ئاپتا ئۇقفىلى بولمايتتى. ئۇمۇ خۇددى قازاننىڭ ئىچىدەك يۇندىلار بىلەن پاسكىنىلاشقان ئىدى. سالامەت ئامالسىز چېلەكنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئەپكەشنى ئېلىشقا قوتاندىكى چوشقىلار ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئېھتىمال ئۇ جانۋارلار ئۇزىگە ئاماق كەلدى دەپ بىلگەن بولسا كېرەك، ئۇلار بىر ـ بىرىنى دەسسەپ چەيلەپ چىرقىرىشاتتى. خارتىلدىشاتتى. ئۇمشۇقلىرىنى سوزۇپ كىچىككىنە كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىشەتتى. سالامەتنىڭ قورقۇپ جېنى چىقاي دېدى. ئۇ ئەپكەشنى تاشلىۋەتتى.

— قورقمىسىلا، — ساۋۇر بوۋاي كەينىدىن توۋلىدى، — تامدىن چىقالمايدۇ.

سالامەتنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. شۇندىاقتىمۇ ئۇ كۆزىنى بۇ جانۋارلاردىن ئۈزمەستىن ئاۋايلاپ يېسىپ چېلەكنى ئالدى. ئۇ پەسكە كىتۋېتىپمۇ بىر نەچچە قېتىم كەينىگە قاراپ قويدى. ئۇ چىغىر يول بىلەن كۆل بويىغا چۈشتى. ئەتراپى سارغايغان ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ئورالغان كۆل تىنىق ۋە جىمجىت ئىدى. سالامەتنىڭ قورسىقى يەنە مىدىرلاپ كەتتى، ئۇ قورسىقىنى ئۇتنىقىنچە ئولتۇرۇۋالدى. سۈپ ـ سۈزۈك سۇدا ئۇنىڭ ئەكسى پەيدا بولدى. ئۇ يېزىغا كەلگەن شۇنچە كۈنلەردىن بۇيان ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاشقىمۇ چولىسى يوق ئىدى. مانا سۇ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئورۇقلاپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان، سولغۇن چىراي بىر يېزا ئايالى قاراپ تۇراتتى. سالامەت ئۆز شولىسىدىن ئۆزى ئەيمىنىپ قالدى، كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ تېخى بىر يىل ئىلگىرىلا تولۇن ئايدەك قىز ئىدى. مەڭزىلىرى قىزارغان ئالمىدەك تولۇق ئىدى. مانا ھازىر نېمە بولۇپ قالدى؟ ماخمۇت ئۇنى شۇ تۇرقىدا كۆرسە نېمە دەپ قالار؟ ئۇ قارىيىپ ياغاچتەك قېتىپ قالغان يىرىك ئالقانلىرى بىلەن مەڭزىلىرىنى سىلىدى. ئۇنىڭغا يۈز تېرىلىرى قوتۇرلاشقاندەك بىلىندى. بەلكىم ماخمۇتنىڭ سالامەتتىنمۇ كۆنى تەستۇر. نېمە دېگەن بىلەن ئۇ تۈرمىدە. بەلكىم ساقچىلار مىلتىقلارنى تەڭلەپ ئىشقا سېلىۋاتقاندۇ. شەھەردە بولغان بولسا سالامەت ئۇنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن يوقلاپ باراتتى. ئەمما كاج تەلەي ئۇنى بۇ جەزىرىگە ئەكىلىپ تاشلىدى. يەنە كېلىپ بەكرىگە ئوخشاش كىشىلەر ئۇنىڭ نومۇسىغا تەھدىت سالماقتا، خورلىماقتا. جاھان مۇشۇنداق كېتىۋېرەرمۇ؟ ئادالەت باش كۆتۈرەرمۇ؟ ياق، ئاينىڭ ئونبەشى قاراڭغۇ بولسا ئونبەشى ئايدىڭ دېمەمتىكەن. بۇ كۈنلەرنىڭمۇ چېكى

باردۇ؟ ئۇ ماخمۇت ئۈچۈن، قورساقتىكى يۈرەك پارىسى بالىسى ئۈچۈن ياشايدۇ، ھەممىگە چىدايدۇ...

سالامەت ئېغىر خۇرسىندى ۋە خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ چېلەكنى سۇغا سالدى، لاي يۇندىلار بىلەن بۇلغانغان چېلەك سۈزۈك كۆل سۈيىنى چايقاپ بۇلغىۋەتتى، زۇمرەتتەك سۇ يۈزىگە يۇندا بىلەن ئارىلىشىپ سېسىغان ئوت-چۆپلەر لەيلەپ چىقتى.

سالامەتنىڭ كۈنى شۇ تەرىقىدە ئاستا-ئاستا ئۆتۈشكە باشلىدى. ئىنسان بالىسى ھەممە نەرسىگە كۆنىدىكەن. دەسلەپ بەكرى ئۇنى چوشقا بېقىشقا بۇيرىغاندا ئۇ قانداق قىلارمەن دەپ ۋايسىم يىغلىغانىدى. مانا بىر ھەپتىگە قالماي بۇ «كەسىپ» كىمۇ ئۆگىنىپ قالدى. چوشقىلارنىڭ ئاچچىق چىرقىراشلىرىغا، قوتاندىن ئۆرلەيدىغان بەدبۇي سېسىقچىلىققا، ھەلەپنىڭ قاڭسىق ئېچىغان پۇراقلىرىغا، ئەتراپتىكى ھەممە پاسكىنىچىلىققا ئۆگەندى، بۇرنى پۇراقنى سەزمەس بولدى، كۆڭلى بىر پارچە مۇزدەك قېتىپ قالدى. بۇ يەردىكى ھەممە ئېغىر ئىشلارنى ساۋۇر بوۋاي ئۆزى قىلاتتى. سالامەت پەقەت ھەلەپكە كۆكتات، ئوت-چۆپلەرنى توغراپ، سۇ ئەكىلىپ بېرەتتى. بوۋاي تەنھا جان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىمۇ شۇ چوشقا قوتىنىنىڭ يېنىدىكى قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن يالغۇز ئۆي ئىدى. تاماقنىمۇ ئۆزى ئېتىپ يەيتتى. سالامەت ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا زەڭ سالدى، بوۋاي تولا چاغلاردا زاغرا بىلەن قۇرۇق چاي ياكى ئوماچ قايناتىپ ئىچەتتى، تارغىنە كاڭدا بىر پارچە يىرتىق كىگىز، بۇلۇڭدا كورەك جوۋا، يۈگەكلىك كونا يوتقان-كۆرپىسى بار ئىدى. ئۇ تىنىمسىز ئىشلەيتتى. ئىش تۈگەپ قالغاندا ئىشىك ئالدىدىكى كۆتەكتە ئولتۇرۇپ، قوپال قىلىپ تاماكا يۆگەيتتى-دە، جىمجىت ئولتۇرۇپ تاماكا چېكەتتى. ئۇ سالامەتكە بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلمايتتى. قاش كۆتۈرۈپ قارىمايتتى.

بىر كۈنى سالامەت ئەتىگەن قوتانغا كېلىپ بوۋاينى كۆرمىدى. ئادەتتە ئۇ ھەرقاچان سالامەتتىن بۇرۇن چىقىپ ئىشقا كىرىشىپ كېتەتتى. قوتانلارنى ئېرىغدايتتى، جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلەتتى. بۈگۈن بولسا بوۋاينىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. سالامەت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. ئۆيىگە قۇلاق سالدى. ئىشىك يېپىقلىق ئىدى.

سالامەت ئىشىكنىڭ ئاجراپ كەتكەن شاللىرى ئارىلىقىدىن ئۆي ئىچىگە قارىدى. دېرىزىگە تارتىلغان يالتىراقنىڭ غوۋا يورۇقىدا كورەك جوۋىغا يۆگىلىپ ياتقان گەۋدىنى كۆردى. «تېخىچىلا ئۇخلاۋاتقانمۇ نېمە؟ ياكى ئاغرىپ قالدىمىكىن؟—دەپ ئويلىدى سالامەت ئىچىدە،— بوۋاي بۇ ۋاقىتچە ئۇخلىمايتتى، چوقۇم ئاغرىپ قالسا كېرەك.»

— ساۋۇركا! ساۋۇركا! — سالامەت ئۈنلۈك چاقىردى.

بوۋايدىن زۇۋان چىقمىغاندىن كېيىن سالامەت ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئىشىكنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازىدىنمۇ، ئەيتەۋۇر، بوۋاي ئاستا مىدىرلىدى. سالامەتنىڭ قۇلىقىغا كورەك جوۋا ئىچىدىن بوۋاينىڭ ھاسىراپ تېز-تېز تىنىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاغرىپ قالدىلىمۇ؟ — سالامەت يېقىنراق كېلىپ سورىدى.

بوۋاي كۆزىنى تەستە ئاچتى، ئۇنىڭ چۆكۈرۈپ كەتكەن ئاق تۆمىقى ئاستىدىن تەر تەپچىمەكتە ئىدى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيگەن، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەنىدى. سالامەتنىڭ بۇرنىغا گۈپپىدە ئاچچىق قاڭسىق تەر پۇرىقى كەلدى. سالامەت بوۋاينىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلدى ۋە ئۇنىڭغا تاماق ئېتىپ بەرگۈسى كەلدى.

— ئۇنلىرى قەيەردە؟ — سورىدى ئۇ بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ.

بوۋاي كۆزى بىلەن بۇلۇڭدىكى كونا ساندۇقنى ئىشارەت قىلدى. سالامەت ساندۇقنى ئېچىپ خالتىنىڭ تېگىدىلا قالغان قوناق ئۇنىدىن باشقا نەرسە تاپالمىدى. ساندۇقتا قېتىپ كەتكەن زاغرىدىن بىر-ئىككىسى تۇراتتى. سالامەت گەپ قىلماستىنلا ئۆيدىن چىقىپ ئۆز ئۆيىگە كەلدى، ئۆيدە يېرىم خالتا بۇغداي ئۇنى بار ئىدى. ئۇ خالتىدىن بىر چوڭ چىنىگە لىق ئۇن ئېلىپ، بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدى-دە، خېمىر يۇغۇردى. گۆشسىز بولسىمۇ ئاش كۆكى سېلىپ ئۈگرە ئاش ئېتىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

كېچىدىن بۇيان بىر يۇتۇم سۇ ئىچمەي كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كەتكەن بوۋاي سۇيۇق ئاشتىن

چوڭ بىر چىنىنى ئىچىۋەتتى. ئاچچىق بىر تەرلەپ ئېتىكلىشىپ قالغاندەك بولدى.

— رەھمەت قىزىم، — دېدى ئۇ سالامەتكە قاراپ، — خۇدايىم ئۈمۈرلىرىنى بەرسۇن، ئاشلىرى خوپىما ئېتىدى، مۇرادلىرىغا يەتسلە قىزىم...

شۇ ئىشتىن كېيىن ئىككەيلەن خۇددى ئاتا - بالىدەك ئېچىكىشىپ قالدى.

## 5

بەكرى تاڭغا يېقىن ئويغۇنۇپ كەتتى، دېرىزە ئەينىكىدىن چۈشكەن غوۋا يورۇقلۇق ئۆي ئىچىنى سۇس يورۇتماقتا ئىدى. بەكرى تالاغا قۇلاق سالدى. لېكىن قۇلىقىغا يېنىدىكى ئايالى جامالخاننىڭ خورەكدىن باشقا ھېچنەرسە ئاڭلانمىدى. كاڭنىڭ دېرىزە تەرپىدە خۇددى گۈمبەزدەك كۆپۈپ ياتقان جامالخان ئۆينى بېشىغا كىيىپ خورەك تارتىۋاتاتتى. ئۇ ھەر بىر خورەك تارتقاندا ئۇنىڭ ياپىلاق بۇرنى باشمالتاق پاتقىدەك كېرىلەتتى، قىلىن، يوغان كالپۇكلۇك ئاغزىدىن خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىدىن چىققان يەلدەك كۈچلۈك ئۇشقىرتقان، كۈشۈلدىگان غەلىتە ئاۋاز كېلەتتى. ئۇ يوتقاننى پۇتىنىڭ ئارىسىغا يۆگەپ بېسىۋالغانىدى. يوغان، گۆشلۈك ساغرىسى لەگۈڭدەك لىغىرلاپ تۇراتتى. پۇتىدىن ئېچىغان، قاڭسىق تەر پۇرىقى كېلەتتى. بەكرىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلى ئاينىدى، ئۆرۈلۈپ تام تەرەپكە قاراپ ياتتى.

بەكرى مانا شۇ ئايال بىلەن سەككىز يىلدىن بۇيان بىر ئۆيدە ياشاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ قانچە يىرگەنگەنسېرى جامالخان ئۇنى بالا بىلەن كۆمۈۋەردى ۋە ئۇغقانسېرى ئىرىسى كېڭىيىپ قارا بارنىڭ كىمىسىدەك تەن قويۇپ سەمرىۋەردى.

بەكرىنىڭ ئەسلىدە ئۇنى ئېلىش خىيالى يوق ئىدى، تۇرمۇش ئۇنىڭغا مەجبۇر قىلدى. ھەربىلىكتە ئۈچ يىل تۇرۇپ قايتىپ كەلگەن بەكرى شۇ چاغلاردا شورتۇپىنىڭ مەن - مەن دېگەن يىگىتلىرىنىڭ بىرسى ئىدى. خېلى قىزلار ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن كۆز سېلىپ يۈرگەنىدى. بەكرى دەسلەپ «مەن ھەربىيدىن كەلدىم، چوقۇم بىرەر خىزمەت بېرىدۇ» دەپ ئويلىدى ۋە ئاما بىلەن بىر نەچچە ئاي يۈرۈپ باقتى. لېكىن ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا كەلمىدى. چۈنكى بۇ مەھەللىنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى دادۇينىڭ باشلىقى بولغان توختى قوتازنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. ئۇز ئۇغقانلىرىدىن بۆلەك چەتتىن بىر ئادەمنىمۇ رەھبەرلىككە يېقىن يولاتمايتتى. شۇڭا ھەربىيدە شۇنچە تەربىيە كۆرگىنىگە قارىماستىن بەكرىگە ھەتتا ئەترەتنىڭ نومۇر خاتىرىلەيدىغان مەنسىپىنىمۇ بېرىشمىدى. بەكرى ھەممە يەرگە قاتراپ باقتى، كېنىشكىسىنى كۆتۈرۈپ زۇكۇنلاشتى، لېكىن ئاقمىدى.

بەكرى قورساق كۆپىگىدە بىر مەزگىل ئىچكۇلۇككە بېرىلىپ كەتتى. ئون تىيىن قولىغا كىرگەن كۈنى قاۋاقخانىغا يۈگۈرەيتتى. مەس بولۇۋېلىپ قىزلارنىڭ ئىشىكىنى ئۇراتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئازغىشىپ توختى قوتازنىڭ بىر ئەردىن چىقىپ تۇل ئولتۇرۇپ قالغان قىزى جامالخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالدى. مەسلىك ئىپلەرنى قىلدۇرمايدۇ؟ ئۇنىڭ كەيپىتىن غوۋالاشقان كۆزىگە جامالخاننىڭ سەت - چىرايلىقلىقى بىلىنمىدى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ ئويلىمىدى، بەكرى شۇ ئۆيدە تاڭنى ئاتقۇزدى. ئەتىسى بۇ ئىش پۈتۈن مەھەللىگە پۇر كەتتى. بەكرى قانچە پۇشايمان يېسىمۇ ئورنىغا كەلمىدى. جامالخان ئۇنىڭغا يار يىلىمدەك چاپلاشتى. ئاخىرى پۈتۈن ئەلنىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۇنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

جامالخان ئۇزى سەت بولغىنى بىلەن بەكرىگە ئامەت ئېلىپ كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بەكرى ئەترەتكە باش دۈيجاڭ، دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەيئىتى بولۇپ قالدى. مەھەللىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىگە ئۈچ ئېغىزلىق كاتتا ئۆيمۇ سېلىۋالدى. ئۆي ئىچى ئېسىل جابدۇقلارغا تولدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە يېنىدا چالا بوغۇزلانغان كالىدەك خارتىلداپ ياتقان خوتۇنىنىڭ خاسىيىتى، ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ سايىسى، بەكرى ئۇنىڭدىن قانچە يىرگەنسىمۇ ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇڭا شۇنچە يىل كۆزنى يۇمۇپ چىداپ

ئۆتۈپ كەلدى.

ئەمما ئەترەتكە سالامەت قاچان كەلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ بەكرىنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. مانا تەلەي دېگەن، ئىزى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قالپىقى بار. ئۇنى قانداق قىلساڭمۇ سورىغىلى يوق. بۇ خىيال بەكرىنىڭ نەپسىنى ئاقىلدىنتۇۋەتتى. سالامەتنىڭ زىلۋا قامىتى، ئالمىدەك پارقىراپ تۇرغان مەڭزى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى بولمىدى. خىيالدا بۇ «شەھەرلىك نازىنىن»نىڭ ئىپەكتەك يۇمشاق، ئەۋرىشىم تېنىنى ئۆز قۇچىقىدا ھېس قىلسا، ۋۇجۇدى سېرىق مايدەك ئېرىپ، ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلەتتى. شۇڭا ئۇ ھېلىقى كېچىدە ئۇنىڭغا ئاچ بۆرىدەك ئاشلانغانىدى.

بەكرىنىڭ ئېسىگە ھازىر يەنە سالامەت كەلدى-دە يۈرىكى ئويناقلاپ كەتتى، كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئۇنىڭ ھازىر قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگىسى كەلدى. «سېنى باش ئەگدۈرۈپ قولغا كىرگۈزەلمىسەم بەكرى دېگەن ئىسمىمنى يۇتكىۋېتەرمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — قېنى قانچىلىك چىدايسەنكىن، مەن بىر كۆرۈپ باقاي...»

جامالخاننىڭ بارغانسېرى ئەدەۋاتقان خورىكى ئۇنىڭ تاتلىق خىياللىرىنىڭ بىلىگە تەپتى. بەكرىنىڭ غەزىپى كەلدى:

— ھوي، چوشقىمۇ سېنىڭدىن تۈزۈكرەك ئۇخلايدۇ، — دېدى ئۇ ئاچچىقى بىلەن ئۇنى ئۇقۇشلاپ، — قوپە تاڭ ئاتتى.

جامالخان ئېغىر پۇشۇلداپ يېنىغا ئۆرۈلدى.

— نېمە بولدىڭىز، — دېدى ئۇ ئەسنەپ تۇرۇپ، — تېخى ئەتىگەنغۇ؟

— نېمە ئەتىگەن، تالاغا قاراپ باقمامسەن!

جامالخان ئىنجىقلاپ ئورۇۋېتىپ غۇدۇرىدى. بىردەم كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى. ئاندىن كۆينىكىنى قايرىپ، بولغان خېمىردەك قات-قات ساڭگىلىغان بىقىنىنى، قورسىقىنى كارتىلدىتىپ ئۇزاق قاشلىدى.

— يامغۇر يېغىۋاتامدۇ نېمە، يامغۇردا نەگە بارىسىز، بىردەم يېتىڭە.

— تولا كاپىشماي چاي قاينىت، — بەكرى ئېشىنى كۆتۈرۈپ ئالابدى.

جامالخان ئېرىنىڭ تۇرۇلگەن قاپقىنى كۆرۈپ ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇردى.

تالادا سىم-سىم يامغۇر يېغىۋاتاتتى، بەكرى چايدىن كېيىن تاشقارقى ئىشكتە بىردەم ھاۋاغا قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ خىيالىغا يەنىلا سالامەت كەلدى ۋە بىر خىل تەشنالىق ئۇنى سىرتقا تارتىشقا باشلىدى «بۈگۈن ھېچكىممۇ تالا-تۈزگە چىقمايدۇ، ئۇنى بىر كۆرۈپ كەلمەيمەنمۇ؟ بەلكىم تەرسالىقىمۇ يانغاندۇ؟» ئۇ شۇنداق ئويلىدى-دە يامغۇرغىمۇ قارىماستىن ئۆيدىن چىقتى. ئەمما قېرىنشقاندەك سالامەت ئۆيدە يوق بولۇپ چىقتى. بەكرى چوشقا قوتىنىغا قاراپ كەتتى، يامغۇردا يول پاتقاقلىشىپ كەتكەنىدى. بەكرى لايغا ئوشۇقىغىچە پېتىپ قوتانغا كەلدى. سىرتتا ھېچكىم كۆرەنمەيتتى. چوشقىلار يامغۇردىن ئۈركۈشۈپ لاپاسنىڭ تېگىگە تىقىلىشىۋالغانىدى. بەكرى قوتاننى بىر ئايلىنىپ ئۆتۈپ ساۋۇر بوۋاينىڭ ئوچۇق تۇرغان ئۆيىگە كەلدى.

— ساۋۇر! — دەپ ۋارقىرىدى بەكرى بوسۇغىغا كېلىپ، — ھەي ساۋۇر!

ئۆي ئىچىدىن سالامەت ئەندىككەن ھالدا ئالدىغا چىقتى.

— ساۋۇركامنى ئەتىگەندە مەھەممەت دۇيجاڭ چاقىرىپ كەتكەن، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ. بەكرى سالامەتنىڭ يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، ئۇ سالامەتنىڭ سەل ئورۇقلاپ سۇزۇلگەن چىرايىغا، بۇلاقتەك كۆزلىرىگە ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلدى. ئۇ ئىشكنى قاپساپ تۇرۇپ سورىدى:

— خەقنىڭ ئۆيىدە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟

— يامغۇردىن دالدا قىلىپ تۇرغان... — سالامەت يەرگە قارىغىنىچە ئىشككە يېقىنلاشتى.

— نەگە بارىسىز؟ — بەكرى ئىشىكنى تورىغىنىچە سورىدى.

— چوشقىغا ھەلەپ ئىتىمەن.

— قانداق، چوشقا بېقىش تەسمىكەن؟

— بىزدەكلەرگە ھەممىسى ئوخشاش.

— ئۆزىڭىزنى بىكارلا قىيناۋاتىسىز، — بەكرى

سالامەتكە يېقىنلاشتى، — ئەگەر ماقۇل دېسىڭىز ئەمگەكمۇ قىلمايسىز.

— مەن ئۆتۈنۈۋالاي دېيىجاڭ، — سالامەت سىرتقا چىقىۋالماقچى بولۇپ تاپىسىغا يېقىنلاشتى. شۇ چاغدا بەكرى سالامەتنى بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتتى - دە سۆرىگىنىچە كاڭغا ئېلىپ كەلدى ۋە بوۋاينىڭ يىرتىق كىگىزىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈپ باستى.

— ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان قانجۇق، — دېدى بەكرى سالامەتنى ئاستىغا پۇرلاپ بېسىۋېتىپ، — سەن نېمەڭگە يوغانچىلىق قىلىسەن، قېنى مەن بىر كۆرەي.

بۇ تەسادىپىي ھۇجۇمدىن ھودۇققان سالامەت تىپىچەكلىدى، يۇلقۇندى، ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى، بەكرى بىر قولىدا ئۇنىڭ ئاغزىنى توسۇپ، يەنە بىر قولىدا سالامەتنىڭ كىيىملىرىنى تارتىشتۇراتتى، ئۇنىڭ كۈچلۈك قوپال قوللىرى ئاستىدا سالامەت بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ بارماقتا ئىدى.

دەل شۇ چاغدا سىرتتىن يۆتەلگەن ئاۋاز كەلدى. بەكرى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى تالاغا ئاتتى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا شۈمشىيىپ يامغۇرغا چىلىشىپ تۇرغان «ساۋۇر كالا»نى كۆرۈپ غەزەب بىلەن ھومايدى.

— ئۆلمەيدىغان قېرى! — دېدى بەكرى ئۇنىڭغا يەۋەتكىدەك ھۆرپىيىپ ۋە ئالدى - كەينىگە قارىماستىن پاتقاقلىق يەرنى شالاپشىتىپ دەسسىگىنىچە مەھەللە تەرەپكە قاراپ كەتتى.

6

يامغۇر كەچ كىرگەندە توختاپ تاغ تەرەپتىن ئىزغىرىن شامال ئۇرۇشقا باشلىدى. مەھەللە ئۆلۈكتەك جىمجىتلىققا چۆمگەن. پەقەت ئۇ يەر، بۇ يەردە روجەكلەردىن نۇرسىز چىراق يورۇقى پىلدىرلاپ كۆرۈنەتتى.

سالامەت قاراڭغۇ ئۆيدە تەنھا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى ئۆلۈكتەك قېتىپ قاراڭغۇلۇققا تىكىلگەنىدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى يىغلىدى. ھەممە ياشلىرىنى تۆكۈپ بولدى. ئەمدى كۆزلىرىدىن چىققىدەك ياشمۇ قالمىدى. كاللىسىغا پەقەت بىرلا نەرسە — ئۆلۈۋېلىش كېلىشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا ھاياتنىڭ تارتىشىدىغان نەرى قالدى. ئۇ يارىدىن ئايرىلدى، ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرى ئاز كەلگەندەك بەكرى — بۇ ھاياسىز مەلئۇن ئۆزىنىڭ ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۇنىڭ ئار - نومۇسىنى ئاياق ئاستى قىلماقچى. ھېلىمۇ ياخشى ساۋۇر بوۋاي كېلىپ قېلىپ، بەكرى مەقسىدىگە يېتەلمىدى. لېكىن ئۇ ئۈچىنى ئالماي قويارمۇ؟

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىگىزنىڭ تېگىنى ئاختۇردى. قولىغا كىر يايىدىغان يىپ تانا چىقتى. بۇنى ئەسلىدە ماخمۇت بازاردىن سېتىپ ئەكەلگەن، ھەر قېتىم سالامەت كىر يۇغاندا ماخمۇت ھويلىغا چىگىپ بېرەتتى. سالامەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ لەۋلىرى ئۈمچەيدى، مانا مۇشۇ تانا ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئۇ ئازراقلا قىينىلىش بەدىلىگە بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن ئەمدى قۇتۇلىدۇ. ئۇ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىۋەتتى، ئەلەم، خورلۇق پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەتمەكتە ئىدى. ئۇ، تانىنى تورۇسنىڭ يوغان لىمىغا ئۆتكۈزدى. ئۈچىنى چىڭ قىلىپ چەگدى، ئۇ ئەمدى ئاخىرقى قېتىم يورۇق دۇنياغا قارىۋالغۇسى، نەچچە زاماندىن تارتىشقان بۇ ئەلەم بىلەن خوشلىشىپ ئالغۇسى كەلدى. شۇ كۆرۈمسىز ئۆيدىكى ھەممە نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىك، يېقىملىق، بەختلىك، شېرىن ھاياتنىڭ يالدامىسى ئىدى. مانا ئەمدى ئۇلار ئىگىسىز قالدى. بەلكىم ئەتىگىچە ئۇنى كىشىلەر ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىشەر. سالامەت بىلەن تەڭ بۇ نەرسىلەرمۇ ئىزسىز يوقىلار. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت قورسىقىنىڭ بىر يېرىدە ھامىلە مىدىرلاپ كەتتى، ئۇ بېيىقىنىنى گۈرسىلدىتىپ تېپىشقا باشلىدى. سالامەت ئەندىكتى. نەپەسمۇ ئالماستىن تىڭشىدى، بۇ ئىش يەنە بىر - ئىككى تەكرارلاندى - دە جىمىپ قالدى. سالامەت قورسىقىنى تۇتقىنىچە بوشۇشۇپ كاڭغا ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ نېمىشقا بۇ جاننى ئىسىدىن چىقاردى؟ ئۇ ئۆزى بىلەن ئۇنىمۇ ئۇجۇقتۇرامدۇ؟ ئۇ دۇنيادا ماخمۇتقا نېمە دەپ جاۋاپ بېرىدۇ؟ شۇ تارتىشىدىنىڭ قىساسىغا

قالامدۇ؟ ئارىسىدە ماخمۇتنىڭ بىردىن بىر يالدامىسى. ئۇ ياشىشى كىچىرەك، بەلكىم ئۇنىڭ تەقدىرى ئاتا-ئانىسىدەك بولماس.

ئىشىك ئاستا چېكىلدى.

— سالامەتخان! سالامەتخان! — سىرتتىن بوشقىنا ئاۋاز ئاڭلاندى. سالامەت تونۇدى بۇ ساۋۇر بوۋاينىڭ ئاۋازى ئىدى. سالامەت نېمە قىلىشنى بىلمەي بىردەم تۇردى.

— سالامەتخان، ئىشىكنى ئاچسىلا قىزىم، مەن ساۋۇراخۇن،... — بوۋاينىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى.

سالامەت ئىشىكنى قانداق ئاچقانلىقىنى كېيىن زادىلا ئېسىگە ئالالمىدى، بوۋاي كىرىپلا كۆزى تورۇسنىكى ساڭگىلاپ تۇرغان ئاغامچىغا چۈشۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— بۇ نېمە ئىش قىزىم، ساراڭ بولدىلىمۇ، — ئۇ يۈگۈرەپ بارغانچە ئاغامچىنى تارتىپ يېشىپ بولۇڭغا چۆشۈرۈۋەتتى، — ئۆزلىرىگە هاي بەرسىلە قىزىم، قورساقتىكى نارەسىدىنىڭ قىساسىغا قالمىسىلا.

سالامەتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، يەلكىلىرى تىترىدى، ئۆزىنى ساۋۇر بوۋايغا تاشلىدى-دە، نالە بىلەن ئېچىلىپ يىغلىۋەتتى.

— سەۋرى قىلسىلا قىزىم، — ساۋۇر بوۋاي ئۇنىڭ بېشىنى تارشىدەك يېرىك قوللىرىدا سىلىدى، — سىلى تېخى ياش، ئون گۈللىرىنىڭ بىرسى ئېچىلمىدى، جاپانى، خورلۇقنى دەپ جاندىن كېچىدىغان ئىش بولسا مەن كەچسەم بولاتتى. ئون يىل بولاي دېدى، كۈنۈم ئاھانەت، جاپا بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. مومىسىمدىن ئايرىلدىم، بىر تال قىزىم بار ئىدى، ئۇمۇ ئۆلۈپ كەتتى. تىكەندەك يالغۇز قالدىم. لېكىن ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دەيدىكەن. ھازىرغىچە ئۆلمەي يۈرىمەن، يورۇق كۈننى بىر كۆرسەم دەيمەن. جېنىمنى خۇدا ئۆزى ئالسۇن... ئاينىڭمۇ ئون بەشى قاراڭغۇ بولسا، ئون بەشى يورۇق بولىدۇ، دەيدۇ. چىدىسىلا قىزىم، جاھان بۇنداق كېتىۋەرمەس...

7

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. قىش ئۆتۈپ باھار كەلدى، سالامەتنىڭ قورسىقىمۇ بوغۇناپ ئېغىرلاشتى، ئۇ كىشىلەرگە كۆرۈنمەسلىككە تىرىشاتتى، ئىنقىلاب ئەۋجىگە چىقىپ بەكرى باشقا ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەچكە سالامەتنى ئۇنتۇپمۇ قالدى. سالامەت بۇنىڭدىن خۇشال ئىدى. لېكىن ئۇ بالدۇرلا خۇشال بولغانىكەن. مەھەللىدىكى ئاياللار ئىچىدە سالامەتنىڭ ھامىلدارلىقى توغرۇلۇق ھەر قىسما گەپلەر بولۇشتى، كىمدۇر بىرسى بەكرى دۈيجاڭنىڭ پات-پات چوڭ باغ تەرەپكە قاتىرايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى چىقىرىپ قالدى. بۇ گەپ بولۇنغان يەردە جامالخان يوق ئىدى. لېكىن ئۇ گەپ نەچچە كۈن ئۆتمەيلا جامالخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ غەزەپتىن چىرايى كۆكەردى. كۆزلىرى چەكچەيدى ۋە شۇ ھامان سالامەتنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

سالامەت بۇ چاغدا ئۆيىدە كەلگۈسىدىكى بالىسى ئۈچۈن ئىشتان پايپاق تىكىپ ئولتۇراتتى، ئۇ دەسلەپ قىزىل بىر رەختنى كەسكەنىدى، لېكىن تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە بالا ئوغۇل بولۇپ قالسا قىزىل رەخت ماسلاشماس دېگەن ئوي كەلدى. ئۇ تولاراق قورسىقىدىكىنى ئوغۇل دەپ پەرەز قىلاتتى ۋە شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. «قىز بالىنىڭ تەقدىرى مەندەك بولسا تۇرەلمىگىنىمۇ ياخشى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — قىز بولۇپ قالسا ئىككى ئاجىزنىڭ كۈنى نېمە بولماقچى...»

شۇڭا ئۇ ئوغۇلغا ئاتاپ قارا كاجىدىن باشقىدىن ئىشتان پايپاقلىق كەستى.

ئىشىك ئالدىدىكى قوپال ۋارقىرىغان ئاۋازدىن سالامەت چۆچۈپ كەتتى. ئاڭغىچە ئىشىكنى تەپكەن پېتى ئۆيگە جامالخان باستۇرۇپ كىردى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن يۈزسىز جالاپ، — جامالخان قولىنى بېلىگە تىرەپ تۇرۇپ تىل سالدى، — بەكرىنى كۆزتۇۋاتامسەن، ئۇنى نېمە قىلماقچىدىڭ ھە، مەندىن بۇزۇپ تېگەي دېگەنمىدىڭ؟

جامالخان ئېتىلىپ كەلگىنىچە داڭ قېتىپ قالغان سالامەتنىڭ چېچىغا ئېسىلدى. سۆرىگىنىچە كاڭدىن يەرگە چۈشۈرۈپ تېپىشكە باشلىدى، سالامەت ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي

قورسىقىنى ئۇتقىنىچە بار ئاۋازى بىلەن يىغلاشقا باشلىدى.

— ھوي شەرمەندە بۇزۇق، — جامالخان ئۇنى دۇمبالىغاچ سۆزلىمەكتە، — ماۋۇ قورسىقىڭدىكى كىمنىڭ بالىسى؟ ئېيت دەيمەن!

شۇ ئارىلىقتا ئۆيگە ھاسىرىغىنىچە ساۋۇر بوۋاي كىرىپ كەلدى ۋە جامالخاننىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— جامالخان، ئۇنداق قىلمىسىلا، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ، — بۇ ئېغىر ئاياق تۇرسا.

— بۈگۈن مەن بۇنى ئۇرغۇدۇرىمەن، كىمنىڭ بالىسى ئىكەن كۆرمىگىچە قويمايمەن.

— ئۆزلىرىگە ھاي بەرسىلە، — ساۋۇر بوۋاي ئۇنىڭ قولىنى ئاجرىتىشقا تىرىشاتتى، — نېمە گەپ بولسىمۇ چىرايلىق قىلىشسىلا، دۇيجاڭ ئاڭلىسىمۇ سەت ئەمەسمۇ؟

ئاڭغىچە بۇ قىيا-چىيانى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. سالا-سۆلۈ بىلەن مىڭ تەستە جامالخاننى ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. بىرقانچە ئايالالار سالامەتنى يۆلەشتۇرۇپ كاڭغا ياتقۇزدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇلۇكتەك تاتارغان ئىدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئاران ھوشىغا كەلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن تەڭلا قورسىقى ئاچچىق مۇجۇپ ئاغرىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ يېنىدا ساۋۇر بوۋاي قالغانىدى. ئۇ بۇ ئاغرىقنىڭ تولغاق ئىكەنلىكىنى گۇمان قىلدى ۋە كېچىدە قوشنا مەھەللىدىكى تونۇش بىر مومايىنى باشلاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنى توغرا چىقتى. ئاڭغا يېقىن ئاي كۈندىن بۇرۇن كۆزى يورىدى...

سالامەت تۇرمۇشنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى ئىچىدىن ئۆزىگە بىر ئۈمۈر يەتكىدەك خۇشاللىق تاپتى. ئۇ ئوغۇل تۇغقانىدى. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ۋە ماخمۇتنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى مۇجەسسەملەپ «مۇرات» دەپ ئىسىم قويدى.

سالامەت شۇ ئۆيدە سايمۇ-ساق ئون ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى. ئەتىيازنىڭ جۇدۇنلۇق كۈنلىرىنى، يازنىڭ پاشىلىق تىنجىق كېچىلىرىنى، زىمىستان قىشنىڭ مىسكىن كۆڭۈلسىز ئۇزۇن ئاڭلىرىنى يىغا، ھەسرەت بىلەن ئۆزاتتى. ئۇ شورتۇپە يېزىسىغا كەلگەندە تېخى يىگىرمىگە كىرمىگەنىدى. مانا ھازىر ئوتتۇزدىن ھالقىدى، ئۇ بۇ يەرگە يالغۇز كەلگەنىدى، ھازىر بولسا ئىككى جان بولدى، ئوغلى مۇرات مانا ئون ئىككىگە قەدەم قويدى، لېكىن ھازىرغىچە دادىسىنى بىلمەيدۇ. سالامەتنىڭ پۈتۈن بايلىقمۇ، خۇشاللىقمۇ، سىرداش ھەمراسىمۇ مانا شۇ ئوغلى، سالامەت ئوغلىنىڭ چىرايى تۇرقىدىن ماخمۇتنىڭ ئىزنالىرىنى ئاقتۇراتتى. ماخمۇتنىڭ رەسىمنى ئېلىپ ئوغلىغا سېلىشتۇرۇپ باقاتتى، لېكىن نېمىشقىدۇر مۇراتنىڭ بىرەر يېرىمۇ ماخمۇتقا ئوخشىمىدى، چىرايى، قاش-كۆزى ئەينەن ئاپىسى ئىدى. مىجەز-خۇلقىمۇ بارغانچە سالامەتنى دوراپ ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى. ئارتۇق گەپ قىلمايتتى، مۈشتەك تۇرۇپ چوڭ ئادەملەردەك خۇرسىنىپ خىيال قىلاتتى. «نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ماخمۇتنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ماخمۇتنىڭ قېنى بار، — دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى سالامەت، — تىرىكلا بولسا ئۇنى قاتارغا قاتىمەن، چوڭ قىلىمەن...»

دېرىزە ئالدىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان مۇرات ئەندىككەن ھالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئانىسىغا خەۋەر قىلدى:

— ئاپا، ئاپا! ھېلىقى ئادەم كېلىۋاتىدۇ.

سالامەت كاڭنىڭ بۇلۇڭىدا يوتقانغا يۆگىلىپ ياتاتتى. چىرايى تاتىرىپ، كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاستا مىدىرىدى.

— كىم ئۇ؟ — دېدى ئىگىرىغان بوش ئاۋازدا.

— ھېلىقىچۇ؟ — مۇرات ئىسمىنى ئېسىگە ئالالمىدى، — ھېلىقى... دۇيجاڭ.

ئاڭغىچە سىرتتا ئاياغ تاۋۇشى ئاڭلاندى، بەكرى دۇيجاڭ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ توختاپ كالتە-كالتە يۆتەلدى ۋە مايىسىراپ كەتكەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. سالامەت ئۇنى كۆرۈپ پۈتۈن ئەزايى جۇغۇلداپ گېلىغا نېمىدۇر قاپلاشقاندەك بولدى. ئۇ ئاستا مىدىرلاپ ئۆرە بولدى.

— سالامەتخان، — دېدى دۇيجاڭ كاڭغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ؟

سالامەت گەپ سۆز قىلمىدى.

— سالامەتخان، سىزگە بىر خۇشخەۋەر، سىز شەھەرگە قايتىدىغان بوپسىز.

سالامەت چۆچۈپ ئەندىكتى، تاتارغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ھولۇقتى.

— ئەتىگەن ناھىيىلىك پارتكومدىن تېلېفون كەلدى، سىزنى دەرھال ناھىيىلىك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىغا كەلسۇن، دەپ تاپشۇردى. شۇنىڭغا قارىغاندا مەسىلىڭىزمۇ ھەل بولغان ئوخشايدۇ، — بەكرى دۈيجاڭ بەر ئاستىدىن سالامەتكە كۆز يۈگۈرتتى. ئاندىن دۇدۇقلىغان ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ يەرگە كېلىپ جىق جاپا تارتتىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىڭىزدا سەت قىلىق قىلىپ قويدۇم، ئەمدى ئۇ ئىشلارغا سالاۋەت دەۋنەرسىز.

بەكرى دۈيجاڭ شۇنداق دېدى ـ دە، ئاستا چىقىپ كەتتى.

سالامەت قاققان قوزۇقتەك مىدىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ بەكرى دۈيجاڭنىڭ خەۋىرىدىن تېخىچىلا ئېسىگە كېلەلمەيۋاتاتتى. «ئىشىم راستىنلا ھەل بولغان بولسا، بۇ كۆلپەتلىك تۇرمۇشىمىز ئاخىرلاشقان بولسا ھە، بۇ خەۋەر راستىمدۇ، ياكى مېنى ئالداۋاتامدۇ؟...» ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىترەيتتى. گېلىنى نېمىدۇر ئېچىشتۇراتتى. ئۇ، ئالدىدا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئوغلىنىڭ بېشىنى قۇچاقلىغىنىچە يىغلىۋەتتى، ئۇنىڭ بۇ يىغىسىدا ئەلەم، ھەسرەت، خۇشاللىق، ھاياجان بار ئىدى.

كەچقۇرۇن ئۆيگە ساۋۇر بوۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇ ھاياجانلانغان، كۆزلىرىدە خۇشاللىق جىلۋىلىنەتتى.

— خۇشخەۋەر ئاڭلايمەن قىزىم، راستمۇ؟ — دېدى ئۇ كاڭنىڭ لېۋىگە ئولتۇرۇپ، ئاندىن مورىتنى يېنىغا چاقىرىپ يانچۇقىدىن يېمىشلەرنى ئېلىپ تۇتقۇزدى، — مە ئوغلۇم، يە، — بوۋاي مورىتنىڭ بېشىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى، — خۇدايىم بەختىڭنى ئېچىپتۇ بالام، بۇ قىيامەتتىنمۇ قۇتۇلىدىغان بوپسىلەر، بەلكىم ماخمۇتجانىڭمۇ بۇ كەمگىچە ئىشى بىر ياقلىق بولۇپ چىقىپ قالدىمۇ تېخى...

سالامەتنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى.

— ھاياتمۇ ـ ئەمەسمۇ، كىم بىلىدۇ؟ — دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

— ھايات، جەزمەن ھايات قىزىم، كۆڭلۈم ئۆيۈپ تۇرىدۇ، — ساۋۇر بوۋاي ئۇز سۆزىنى ئۆزى ئەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتتى، — كۆڭۈللىرىنى توق تۇتسىلا، ئىشقىلىپ ياخشى كۈنلەر كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. يائاللا، ھەجەپ كۈنلەرنى كۆردۇق ھە؟... — بوۋاي بىردەم جىم بولۇپ بېشىنى كۆتەردى، — شەھەرگە قاچان ماڭىلا قىزىم؟

— ئەتىلا ماڭايمىكىن.

— ئوبدان بوپتۇ، ئەتە مېنى شەھەردىن ئوغۇت ئەكىلىشكە يەيلىدى، بىللە كېتەيلى.

ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە بوگۈنكى خۇشاللىقنى ئورتاقلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

## زېمىن ئۇرغا چۆمگەندە

1

ماخمۇت بىلەن سالامەتنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر خېلى كەچ ئۈزاشتى. ئۇلار ماخمۇتتىن تۈرمە ھاياتى توغرۇلۇق زىر ـ زەۋرىگىچە سۈرۈشتۈرۈشتى. ماخمۇتمۇ تۈرمە كامىرىدا ۋە چەت جاڭگاللىدا ئۆتكۈزگەن مەھبۇسلۇق ھاياتى توغرۇلۇق قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. سالامەتنىڭ كۆزى ماخمۇتتا ئىدى. ئۇ، ئىككى چېكىسى كۆمۈچتەك ئاقارغان، ساقاللىق، ئورۇق چىرايىدىن بىر زامانلاردىكى شوخلۇق، جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان سۇمباتلىق چىرايىنىڭ بەلگىلىرىنى ئىزلەيتتى، ئۇ، مېھمانلارنىڭ تېزرەك كېتىشىنى، ماخمۇتنى ئوبدانراق، تويغۇچە كۆرۈۋېلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

مېھمانلار ئاخىرى ئۈزاشتى. سالامەت ئۇلارنى ھويلىغىچە ئۈزىتىپ چىقتى. ئۇ ئاندىن دەرۋازىنى ئىچىدىن تاقىدى. سالامەتنىڭ ئېمىشقىدۇر يۈرىكى دۈپۈلدەپ سىلىپ كەتتى، خۇشاللىقتىنمۇ ياكى ئەندىشىدىنمۇ ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. باياتىن ئۇ مېھمانلارنىڭ

تېزرەك كېتىشنى خالىغانىدى، ئەمدى مانا ماخمۇت بىلەن يالغۇز قالغاندا بولسا ئۇ ئىمىشقىدۇر ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدى.

ئاپئاق بۇلۇتلار قوينىدا تولۇن ئاي ئۈزمەكتە. زېمىننى كۈمۈشتەك نۇر بىلەن كۆممەكتە. سالامەتنىڭ ئېسىگە ئون ئۈچ يىل ئاۋالقى تولۇن ئايلىق كېچە — ھازىر خىرە-شىرە ئېسىدە قالغان ئاشۇ توي كېچىسى كېلىپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى، كۆزىگە ياش كەلدى، ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۇھ تارتتى. ئاندىن ئەتراپقا قۇلاق سالدى. جىمجىت كېچە، ھازىر ئەمدى كوچىلاردىكى رادىئو كانىيىدىن كېلىدىغان ۋەھىملىك، سۈرلۈك ئاۋازلارمۇ يوق، داقا-دۇمباقلارنىڭ ئەنسىز جاراڭلاشلىرى، گۈلدۈرلەشلىرى، كىشىلەرنىڭ قىقاس-چوقانلىرىمۇ يوق، خۇددى بورانلىق يامغۇردىن كېيىنكى كۈندەك يېقىملىق. ئۇزاق ۋاقىت ھاردۇق يەتكەن كىشى بىردىنلا ئۇخلىيالمىغاندەك بۈگۈنكى ۋىسال كېچىدىن ئۇزۇن يىللىق خار-زارلىقتىن كېيىن ئېرىشكەن خۇشاللىقتىن سالامەتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەيتتى. يىغلىغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاستا ئۆيگە كىردى. ماخمۇت دالان ئۆيدىكى يالغۇز كارۋاتتا ئۇخلاپ قالغان مۇراتنىڭ بېشىدا ئويچان قاراپ تۇراتتى. سالامەت ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مۇرات جۆيلۈپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، — دېدى ماخمۇت ئۇنىڭ يوتقىنىنى يېپىپ تۇرۇپ، ئاندىن سالامەتنى ئۆزىگە تارتتى، ئۇنىڭ ئورۇق يەلكىلىرىنى سىلىدى، — بۇنى چوڭ قىلغىچە قانچە جاپالارنى تارتقانسەن ھە؟ قارا، چوڭ ئادەمدەك ياتقىنىنى.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، — سالامەت ئېرىنىڭ مەيدىسىگە يۈزىنى ياققىنىچە ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— بىلىمەن سالامەت، سەن مېنىڭ دەستىمدىن تارتمىغان ئازابىڭ قالمىدى. تۈرمىدىمۇ كېچە-كۈندۈز سېنى ئويلىدۇم، سېنىڭ ياشلىقىڭنى خاراپ قىلدىم سالامەت... — ماخمۇتنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— ئىمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — سالامەت ئېرىنىڭ كەڭ كۆكرىكىنى سىلاپ تۇرۇپ كۈلۈمسىرىدى، — بىز يەنە جەم بولدۇققۇ، قاراڭ ئوغلىمىزمۇ چوپ-چوڭلا يىگىت بولۇپ قالدى.

— ئوغلۇمنىڭ ئوماق تاتلىق چاغلىرىنى كۆرەلمىدىم، — دېدى ماخمۇت ئوغلىغا قاراپ، — بىلەمسەن سالامەت، مەن باللارنىڭ يېڭى تىلى چىققان ۋاقىتلىرىغا بەك ئامراق ئىدىم، گەپلەرنى چالا-بۇلا قىلسا — تايتاڭلاپ ماڭسا قانداق تاتلىق ھە... — ماخمۇت ھاياجان بىلەن سالامەتنىڭ كۆزىگە تىكىلدى، — ئىككىنچىسىنى تەڭ چوڭ قىلىمىز، كۆپرەك مەن باقىمەن، بولامدۇ؟ سەن تۇغۇپلا بەرسەڭ بولدى.

سالامەتنىڭ ۋۇجۇدى قاغجىراق يەر سۇغا قانغاندەك سۆيۈنۈپ كەتتى. كۆز چاناقلىرىدا يالتىراپ ياش پەيدا بولدى.

— ئىمىشقا يىغلايسەن؟ — ماخمۇت ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىغا باستى. چاچلىرىنى پۇرىدى، — بىز تېخى قېرىپ كەتمىدۇققۇ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئەمدى يىغلىساڭمۇ، پەرياد چەكسەڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ھېلىمۇ ساق-سالامەت قۇتۇلدۇق، مېيىپ بولمىدۇق. شۇنىڭغىمۇ شۈكرى، ئەمدىكى ئۆمرىمىزنى خۇشال-خۇرام ئويناپ-كۈلۈپ ئۆتكۈزىمىز.

بۇ تەسەللىدىن سالامەتنىڭ كۆڭلى باھار مايسىسىدەك يورۇپ كەتتى. ئۇ، ماخمۇتنىڭ كۈندە قارىيىپ يىرىكلەشكەن بويىنىغا گىرە سالدى.

## 2

پەرىدەنىڭ تۇرمۇشتىن تەلىيى كەلمىدى، ئۇ ماخمۇتتىن ئايرىلىپ ئۇزۇنغا قالمايلا ئىنقىلاب باشلاندى. ماگىزىندا قوزۇقتەك تۇرۇپ زېرىككەن پەرىدەنى بۇ ھەرىكەتنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇ پوكەينى تاشلاپ خۇددى باغلاقتىن بوشانغان موزايدەك ئەركىن قىيغىتىشقا باشلىدى. ئۆمۈر-تەقدىرىنى ئىنقىلابقا بېغىشلىدى، كىشىلەر ئەمدى پەرىدەنى چوڭ پىپەن يىغىنلىرىدا نۇتۇق سۆزلىگەن، نامايىشلاردا ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ شوئار توۋلىغان ھالدا كۆرەتتى. كېيىنچە ئۇ بىر تەشكىلاتنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولۇپ، رادىئودىن چاڭلىدىغان ئاۋازى تىنماس بولدى.

دەسلەپتە ئۇ سولچىللارنى قوللاشقا كەلگەن ئەكبەر ئىسملك بر ھەربي ئوفتسىر بلەن تونۇشتى. ئۇنىڭ ھەربىيلەرگە خاس كىلشكەن قامتى، بر كۆرۈشتىلا پەرىدەنى رام قىلىۋالدى. ئەكبەرمۇ ئۆزىنى بۇ زىلۋا قىزدىن نارتىپ كەتمىدى، ئۇلار ئۆزئۆزىغا قالمايلا مۇھەببەتلىشىپ بىر ـ بىرگە يۈرەك سىرلىرىنى ئۆكۈشتى. شەھەردە ئەلەم كۆرىشى بولۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەرىدە ئۆز يانىقىدا ئەكبەرنى قوندۇرۇپ قالدى. ئەمما ئىززاقىقا بارماي بۇ ئىش باشقىلار ئەرىپىدىن سېزىلىپ قىلىپ، قىسىم رەھبەرلىكى ئەكبەرنى ئۇيۇقسىزلا قايتۇرۇپ كەتتى. ئەكبەر شۇ كەتكەنچە ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى، پەرىدە يىغلىدى، ئۆكۈندى، لېكىن ئەكبەرنى تاپالمىدى، ئىنقىلاب پەرىدەنىڭ كۆڭلىدىن ئەكبەرنى تېزلا ئۇنتۇلدۇردى. ئۇ يەنە يەڭ تۈرۈپ ئىنقىلابقا كىرىپ كەتتى، كېيىن ئىشچىلار ئەشۋىقات ئەترىتى كەلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ پەرىدەگە مەنىلىك كۆز تاشلايدىغىنى چىقتى. كۆمۈر كانىدىن كەلگەن ئەرشىدىن دىگەن يىگىت پەرىدەگە بۆلەكچە يېقىنچىلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئاشكارىلا پەرىدەنى كىنولارغا تەكلىپ قىلاتتى، ئۆزئۆزى ئۇتمەي ئۇ توي قىلىشنى تەكلىپ قويدى. پەرىدەمۇ ئارتۇقچە ئويلاپ ئولتۇرمىدى. ئۇلار بىر كەچقۇرۇنلۇقى بىر نەچچە ئادەملەر بىلەن ئاددىيلا قىلىپ «ئىنقىلابىي» توي قىلدى، ئەمما توي بولۇپ بىر ئايدىن كېيىن ئۆيىگە يۈزلىرىنى سەپكۈن باسقان بەستىلىك بىر ئايال كىرىپ كەلدى، ئۇ پەرىدەنى تىللاپ چاچلىرىنى يۇلدى، ئەرشىدىننىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ تەشكىلىنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ رەسۋا قىلدى، پەرىدە بۇ ئايالنىڭ ئەرشىدىننىڭ نىكاھىدىكى ئايالى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ بىر كېچە ـ كۈندۈز قويماي يىغلىدى. ھېلىقى ئايال بوش كەلمىدى، ئۇ ئەرشىدىننى ئالدىغا سېلىپ ئۆزى بىلەن بىللە كۆمۈر كانىغا ئېلىپ كەتتى، شۇنداق قىلىپ پەرىدە بۇ يىگىتتىنمۇ قۇرۇق قالدى.

بۇ ئىشلارنىڭ بولغىنىغا يەتتە ـ سەككىز يىللار بولدى، ئەمما پەرىدە شۇنىڭدىن كېيىن ئۆل ـ تولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم ئەينەككە قارىسا كۆڭلى بىر قېتىم يېرىم بولاتتى. ئۇنىڭ ياشلىقى، چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە كۆز يۇيۇپۇرماقلىرىدەك سولىشىپ، قۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

پەرىدە ئۆز تەقدىرىدىكى بۇ ئوڭۇشسىزلىقلارنىڭ ھەممىسىنى سالامەتتىن كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ سالامەتتىن ئۆچ ئېلىشنىڭ چارە ـ تۈسۈللىرىنى ئىزلەشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ماگىزىنىغا شورتۇپىدىن كەلگەن ھاماچىسى كىرىپ قالدى. ئۇلار ماگىزىندا پاراڭلىشىپ تۇراتتى. شۇ چاغدا كوچىدىن سالامەت ئۆتۈپ قالدى. ئۇ ئايال پەرىدەگە شورتۇپىدە سالامەتنىڭ ئۈستىدە بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بەردى.

شۇ ئىشتىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ پەرىدە بىر ئولتۇرۇشتا ماخمۇتنى ئۇچراشتۇردى. ئولتۇرۇشقا سالامەت كەلمىگەنىدى. پەرىدە ماخمۇتتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇردى. شۇ ئارىلىقتا ماخمۇت سىرتقا ماڭدى. بىر مىنۇتتىن كېيىن پەرىدەمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن تالاغا چىقتى. ئۆينىڭ كەينى نەشپۈتلۈك باغ ئىدى. پەرىدە باغنىڭ ئىشىكى ئالدىدا كۈتۈپ تۇردى. ھايال ئۆتمەي باغدىن ماخمۇتنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى، ئۇنىڭ ئىشىككە كېلىشىگە پەرىدە ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى.

— ئاپام، — دەپ تۇۋلىۋەتتى ئۇ چۆچۈگەن بولۇپ، — كىمسىز؟

— مەن، كەچۈرۈڭ، — ماخمۇت ئالدىدىلا پەيدا بولغان بۇ ئايالنى قاراڭغۇدا پەرق قىلالماستىن كېچىرىم سورىدى.

— ھە، ماخمۇتمۇسىز؟ ھەجەپ قورقاتتىڭىزا...

ئاڭغىچە ماخمۇتمۇ ئۇنى تونۇپ ئولگۈردى ۋە ۋۇجۇدى بىر قىسما بولدى.

— ھە، سىزمىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ رۇپىلا قىلىپ، ئۇ ئولتۇرمىدىن چىققاندىن كېيىن پەرىدە توغرۇلۇق بەزى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھەم ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن ئۈزۈلۈپ كېتىپ توغرا قىلغانلىقىغا خۇشال بولغانىدى.

پەرىدە بولسا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە كۆڭۈل ئېيتتى.

— تۈرمىدن كەلگنڭزنى ئاڭلغانىدۇق، ھال سوراپ بارغۇمۇ بارئدى، باشقلارنڭ خاتا ئويلاپ قېلشدن ئېھتيات قلپ بارالمدم.

— رەھمەت، باشقلارمۇ نېمە دەيتتى؟ ئۇنكەن ئشلار دېگەن ئۆز يولى بلەن كەتكەن ئۇرسا.

— سزچلك چۈشەنسڭۇ مەيلى، مەنڭۇ گەپكە يېقن ئادەم، — پەرىدە ئۇلۇغ-كچك تنپ قويدى، — ھە راست سالامەتنى ئەكەلمەپسزغۇ؟

— مجەزى يوق، ئاغرىقچان بولۇپ قاپتۇ، ئۇنىمۇ ئۇنسۇر قلپ يېزىدا كورمگەننى كورستپتۇ.

پەرىدە مېيىقدا كۈلۈپ قويدى.

— لېكن سالامەت سز تارتقان كۈننڭ بىرسنى كورمدىڭۇ دەيمەن، — ئۇ ئېھتيات بلەن ماخمۇتقا كوز تاشلىۋالدى، — ئايال كشنڭ ساداقتى شۇنداق چاغلاردا سىنلىدىغان گەپ ئكەن، تۇۋا دېسە بولىدىكەن. مەن تېخى، سزنى قانچە قەدرلەپ بىشغا ئېلىپ كېتەر دېۋىدم، چاغلق ئكەن...

— غەلىتىلا گەپلەرنى قلسزغۇ؟ — ماخمۇت سەگەكلەشتى.

— ۋاي بۇ گەپلەرنى قويايلى، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئشلار، — پەرىدە مۇغەمبەرلك بلەن كۈلدى، — ئەرلەر دېگەن كەڭ قورساق كېلدۇغۇ، يەنە مەن ئائىلنى بۇزغۇچى دېگەن بالاغا قېلپ يۈرمەي.

— پەرىدە! — ماخمۇتنڭ ئاۋازى تترەپ كەتتى، — ئەگەر سز ماڭا ھەقىقي ياخشى نيىتڭز بولسا ھازىر ھەممنى ئېيتىڭ، خاتىرجەم بولۇڭ مەن ئۆزۈمنى ئۇتالايمەن.

— ۋىيەي، گەپ قىلمغان بولسامۇ بوپتىكەن، — پەرىدە ئلاجسز كەيپياتقا چۈمدى، ئچىدە بولسا خۇشاللىقى قېنى-قېنغا پاتمايۋاتاتتى. ئۇ ئەتراپىغا بىر قاراپ قويدى-دە قايسى كۈنى ھامماچىسىدىن ئاڭلىغانلىرىغا يەنە بىر مۇنچىنى قوشۇپ ماخمۇتقا سۆزلەپ بەردى، ئۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ماخمۇتنىڭ رەڭگىنىڭ قانداق ئۆزگىرىپ دەھشەتلىك تۈسكە كىرگەنلىكىنى ئېنىق بايقىيالمىدى.

3

ماخمۇت ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇنى كۈتۈپ تېخى ئۇخلىمىغان سالامەت ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىچە ھالنى — تاتارغان چىرايىنى، غەزەپتىن چوڭ-چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ھودۇقتى، يۈرىكى قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ ماخمۇتنى ھېچقاچان مۇنداق ھالدا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— ماخمۇت، نېمە بولدىڭىز؟ — دېيەلىدى ئۇ تىترىگەن ھالدا.

— قېنى ئېيت، — دېدى ماخمۇت ئۇنىڭغا قەھرلىك ئەمما ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن، — يېزىدا نېمە ئىش قىلغانلىرىڭنى ئۆز ئاغزىڭدىن ئاڭلاپ باقاي.

سالامەتنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم ماخمۇت.

— چۈشەندىڭ، نېمىشقا چۈشەنمەيتتىڭ؟ شەرمەندىلىكنى ئەمدى ئېغىزغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتامسەن شۇنداقمۇ؟

— ئەزىزىم... ماخمۇت!...، — سالامەت ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ قالدى، — بۇ تۆھمەت! تۆھمەت، ماخمۇت!...

— خۇپسەنلىك قىلما، تېنىۋالماقچىمۇ سەن؟! ھەي ئىپلاس، ساڭا باغلىغان ئەقىدەم! سېنى شۇنداق قىلار دەپ ئويلىغانمۇ مەن؟! ئېيتقىنا، سېنى شۇ تاپتا نېمە قىلىۋېتەي؟

— ئۆلتۈرۈۋېتىڭ، — سالامەت ئەلەملىك يىغا ئارىلاش ئۈنلۈك ۋارقىرىدى، — ئەمما مېنى قارىلىماڭ ماخمۇت!

ماخمۇت سالامەتكە نەپرەت بىلەن ھومايدى.

— ئۆزۈڭنىڭ قىلغىنىڭ ئۆزۈڭگە ئايان، بۇ ئاھانەتنى

كۆتۈرەلمەيمەن، ئەتىدىن باشلاپ كۆزۈمدىن يوقال!

ماخمۇت شۇنداق دېدى ـ دە قالغان ئەلمىنى ئىشىكتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

سالامەت ئۆز باغرىدا ياپراقتەك تىترەۋاتقان ئوغلىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۆزاق يىغلىدى، سۈزۈك ئاسماندا پەيدا بولغان قۇيۇندەك بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەدىن ئۇنىڭ ئەسەبلىرى بۇزۇلغانىدى. مۇرات ئاپىسىنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. ئاپىسى بىلەن قوشۇلۇپ ئەڭ يىغلىدى. سالامەت ئوغلىنىڭ مىسكىن بىچارە ھالىتىگە قاراپ ئۆزىنى ئۇتالمىدى.

— جىنىم بالام، غىرىپ تەلەيسىز بالام، نىمىشقىمۇ تۇغۇلغانسەن قوزام، مۈشتەك تۇرۇپ تارتمىغان جاپايىڭ قالمىدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز بالام، بىز كىمگە يامانلىق قىلدۇق؟

ئەلەم خورلۇق ئازابىدا باغرى قان بولغان سالامەت نالە قىلىپ يىغلايتتى. كۆز ياشلىرى سەل بولۇپ قۇيۇلماقتا ئىدى.

— ئاپا، يىغلىما، — مۇرات ئۇنىڭ ياشلىرىنى ئېرتىپ ئۆمچەيدى.

سالامەتكە ھەممە ئىش ئايان بولدى. كىمدۇ بىرسى ماخمۇتقا ئۇ توغرۇلۇق شورتۇپىدە بولغان پىتنە ـ ئىغۋانى يەتكۈزگەن بولسا كېرەك. ئۇ تېخى ئەمدىلا بۇرۇختۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ ھاياتىن ئەركىن نەپەس ئالغان، بەختنىڭ شېرىن لەززىتىنى تېتىغانىدى. مانا، بەختسىزلىك يەنە ئۇنىڭ ئۇرمۇشىغا قاراپ پەردىسىنى يېيىپ كەلدى، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەمدىلا ئۇتاشقان ئاجىزغىنە ئۈمىد شامىنى ئۆچۈردى. ئەمدىكى ھاياتىن نېمە مەنا قالدى، راستىنى ئېيتقاندا سالامەت ئۈچۈن بۇ تىل ـ ھاقارەتنى كۆتەرگىدەك ماغدۇرمۇ قالمىغانىدى.

ئۇ كۆپ ئويلىدى، يىغلىدى، قاخشىدى، ئاخىرى بۇ ھويلىدىن كېتىش قارارىغا كەلدى.

## خاتىمە

مۇژدەك سوغاق ئۆي، سۈرلۈك جىمجىتلىق.

ماخمۇت ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. كۆز ئالدىغا سالامەتنىڭ ئاخشامقى ئەلمۇرگەن، نالە قىلغان قىياپىتى كەلدى، ماخمۇتنىڭ قەلبىنىڭ بىر يېرى كۆيۈپ ئېچىشتى. جوزىدا بىر ۋاراق قەغەزگە يېزىلغان خەت تۇراتتى. ماخمۇت خەتكە كۆز يۈگۈرتتى:

«بىز كەتتۇق، پىشانىمىزغا يېزىلغان كۈننى كۆرەرمىز، مەن سىزنىڭ يەنە ئازابلىنىشىڭىزنى خالىمايمەن، سىز ئاخشام مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسىڭىز بولاتتى، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە ئازابلىرىدىن بىراقلا قۇتۇلاتتىم، خەير، بىر كۈنلىرى ھەممىنى چۈشىنىپ قالارسىز. سالامەت»

قەغەزنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرى ھۆل ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى يېزىلغان يەر يېيىلىپ كەتكەنىدى، كۆز يېشى بولسا كېرەك.

مانا، بۇ ھاياتمۇ تۈگىدى، ماخمۇت شۇنچە يىل ئىنتىزار بولۇپ تەلپۈنگەن ئائىلە گۇمران بولدى، يىلتىزىدىن قۇرۇدى.

ماخمۇت ئاماكا ئوراپ چەكتى. كاللىسى گاراڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ئىشىك ئاستا چېكىلدى. ئارقىدىن بىرسىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى كەلدى. ماخمۇت شۇ تاپتا ھېچكىم بىلەنمۇ كۆرۈشكىسى يوق، ئەكسىچە خالىي، تىنچلىقنى خالايتتى. ئىشىك يەنە چېكىلدى. ماخمۇت ئامالسىز قوپۇپ ئىشىكنى ئاچتى، سەل تېڭىرقاپ قالدى. بوسۇغىدا بېشىغا بادام دوپپا كەيگەن چا ساقال بوۋاي كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— سالامەتخاننىڭ ئۆيى مۇشۇ بولامدىكىن؟ — دەپ سورىدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ. ماخمۇت ئۇنىڭغا سوغاققىنە نەزەر تاشلىدى:

— ھەئە.

بوۋاي يېنىك تىن ئالدى.

— خۇداغا شۈكرى، ئىزدەپ تاپتىم، — بوۋاي يەردىكى

ئېغىر سومكىنى كۆتۈرۈپ بوسۇغىنى ئاتلىدى.

بوۋاي سومكىسىنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇپ جوزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى ۋە ئاندىن قويۇپ تىنچلىق سوراشتى. ماخمۇت ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ تۇراتتى.

— سالامەتخان خىزمەتتىن يانمىغان چېغى، — بوۋاي بىخرامان سوئال سورايتتى، — مۇراتجانچۇ؟ مەكتەپتە ئوقۇۋاتامدۇ؟ كۆزلىرى دېسەم-دېمىسەم ماخمۇتجانغۇ دەيمەن، رەسىملىرىنى كۆرگەن، سىلىمۇ تىنچ-ئامان يېنىپ كەپلا، بۇمۇ خۇدانىڭ شەپقىتى. بالا-چاقىنىڭ تەلىيى.

ماخمۇت بۇ ناتونۇش بوۋاينىڭ سۆزلىرىگە ئەجەپلەندى، گەپلىرىدىن يېزىدا بىللە تۇرغانلىقىنى پەملىدى، نېمە بولسىمۇ سوراپ بىلگىسى كەلدى.

— كۆزلىرى...

— ھە، مەن شورتۆپە دېگەن يېزىدىن بولىمەن. ئېتىم ساۋۇر، ئىلگىرى «ساۋۇر تونسۇر» دەيتتى، ھازىر بۇ قالپاقتىنمۇ قۇتۇلدۇق. سالامەتخان بىلەن ئون نەچچە يىل بىللە بولدۇق، كۆرمىگەننى كۆردۇق، ئۆلمىگەن جانغا كۆرۈندىغان كۈن بار ئىكەن،... نېمە، سالامەتخان گېپىمنى قىلىپ بەرمىگەن ئوخشايدۇ-دە؟ بىز ئاتا-بالىدەك ئۆتۈشكەندۇق. تونسۇر، تونسۇرنىڭ قايىشى دەپ مېنىڭ قىزىم ئورنىدا بولدى.

«ئەسلىدە سەن يوق ساقال شۇ ئۆيۈڭغا شېرىك بولساڭ كېرەك، توختاپتۇر...» ماخمۇتنىڭ كۆڭلىدىن شۇ گۇمان لىپ قىلىپ كەچتى-دە، ئۇنىڭ چىشلىرى كىرىشتى.

— سالامەتنى ئۇ يەردە قىينچىلىق ئەمەس، راھەت كۆردى دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ — ماخمۇت تىترىگىنىچە بوۋايدىن سورىدى.

بوۋاي ئەجەپلەندى، چىرايى جىددىيلىشىپ سەگەكلىك بىلەن ماخمۇتقا سەپسالدى.

— نېمە دەۋاتىلا؟

— مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم.

ساۋۇر بوۋاينىڭ كۆزلىرى چەكچەيدى.

— سىلىگە كىم شۇنداق دەيدۇ؟ قايسى تۆھمەتچى شۇ ئىغۋانى تارقىتىپ يۈرۈيدۇ؟ — بوۋاي غەزەپ بىلەن چاچراپ تۇردى. ئاچچىق ئەلەمدىن ئۇنىڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتكەنىدى، — سىلىمۇ شۇ گەپكە ئىشىنەمدىلا؟ سالامەتخاننىڭ كۆرگەن كۈنىنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر مەن بىلىمەن. ھېلىمۇ جېنى تۆمۈردەك ئىكەن، ھەممە زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىپ چىدىدى، نومۇسىنى ساقلىدى. سىلى ئۇنداق دېسىلە ناھەق بولىدۇ ئۇكام. سىلە ئۇنىڭ ئىچىدە كۆيسىلە ئۇ تېشىدا كۆيىدۇ. بىر ئاجىز ئايال كىشى ئون نەچچە يىل شۇ ئازابلارغا چىداپ ئۆتمەك ئاسان ئەمەس... بۇ گەپچە سىلەر...

بوۋاينىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇ بوغۇلغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

— سالامەتخان نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

بوۋاينىڭ سۆزلىرى ماخمۇتنى گاڭگىرىتىپ قويدى، ئىككىلەندۈردى. ئۇ بوۋاينىڭ ئالدىنى توستى.

— ساۋۇركا، راستىنى بىر سۆزلەپ بەرسىلە.

ساۋۇر بوۋاي ماخمۇتنىڭ بىئارام تۇرقىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى ۋە جايىغا ئولتۇردى-دە، بىز يۇقىرىدا ھېكايە قىلغان جەريانلارنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ بەردى. بوۋاي سۆزلەۋاتقاندا ماخمۇتنىڭ چىرايى بىر ئاتىرىپ بىر قىزىراتتى. كۆز چاناقلىرىدا ھېلىدىن-ھېلى لىغىرلاپ ياش پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا سالامەتنىڭ مىسكىن، سۇنۇق ھالىتى، مۇراتنىڭ بويىنىنى قىسىپ تۇرغان تەلمۈرۈشلىرى گەۋدىلىنىپ ۋۇجۇدى پۇشايمان بىلەن تىترىدى. گېلىغا قاپلاشقان ئاچچىق ياشلىرىنى تەستە يۇتتى. بوۋاينىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى...

1987-يىل. ئاپرېل، ئۈرۈمچى.




(داستان)

ئىمىن ئەخمىدى



شائىر ئىمىن ئەخمىدى 1944 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1951 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1968 - يىلغىچە بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىدا ئوقۇغان. 1968 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتمەھكىمىسى ۋە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومدا مەسئۇل خىزمەتلەردە بولغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

ئىمىن ئەخمىدى 1958 - يىلدىن ئېتىبارەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن، ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا كۆپلىگەن شېئىر - داستانلىرى بېسىلغان. «بەخت ناخشىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «مۇلجەر تاغ بورانلىرى» ناملىق تارىخىي دراممىسى (ئابلەت قەييۇم بىلەن بىرلىشىپ يازغان) نەشر قىلىنغان. بۇ دراما مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ «ئىتىپاق» مۇكاپاتىغا. «كۆچار كورپىسى» ناملىق شېئىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھالاشتا ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

1

ياش - گۆدەك ئىدىممەن، قانداق تۇغۇلدۇم،

قانداقراق ياشايمەن بىلمەيتتىم تېخى.

لېكىن چوڭلار دەيتتى: قورقماي ياشاۋەر،

سېنىڭ ئۆمرۈڭ ئۈچۈن تەبىئەت سېخى.

راست سېخى ئىكەن ئۇ، سۈپسۈزۈك سۇلار —

بۇلاقلار ئاقاركەن ئۇنىڭ قوينىدىن.

زۇمرەتتەك كۆك ئاسمان، مامۇقتەك بۇلۇت،

ئاق باشلىق چوققىلار، قەدىمكى ئورمان،

پايانسىز قۇملۇقلار، كۆرۈمسىز يېزا،

چىغىر يول، تىك داۋان...

قىز ۋە يىگىتلەر

سۆيەركەن ئۇنى چىڭ تۇتۇپ بوينىدىن...

قوي - قوزىلارنى كۆردۈم، سەكرىشىپ،

ئۇرانە قۇياشنىڭ مېھرىگە چۆككەن.

ئۇچراتتىم مەرتلەرنى، ئەرك دەپ چېلىشىپ،

قىزىل قانلىرىنى زېمىنغا تۆككەن.

ئېرىگەن گۆھەردەك ئوتلۇق كۆزى بار،

كىيىكلەر، بۇغىلار، جەرەن، ماراللار.

قىزىغان يۈرەكنى گويا نازىنىن،

قولدەك ئەركىلىتىپ ئۆتكەن شامالار.

گاھى كۆز ئالدىمدا تۈگىمەس ئېدىر،

گاھى دولقۇنلىغان چېكى يوق ئوكيان.

گاھى كېچە - كۈندۈز تىنچىماس دەريا،

گاھى رەت ـ رەت ئېتىز نېمەتكە تولغان.
چۇرۇقلاپ ئۇچۇشقان شاخلار ئارا قۇش،
بۇلبۇلنى سايراتقان باغدىكى ئەتىرە.
ساقىنىڭ قولىدا مەيگە ئاشىق جام،
پىراقنى ئويغاتقان ئۇندا ھەر قەتىرە.
ماڭا ئۇيۇلاتتى تەبىئەت تىلسىم،
بىر ئۇلۇغۋارلىقنى سېزەتتى يۈرەك.
دەر ئىدىم تەبىئەت مېھرىبان ئىكەن،
مېنى تۇغقان ئەزىز ئانامدىنمۇ بەك.
ئۇ يەرگە ئىنساننى بىرىپلا قالماي،
نېمە كېرەك بولسا شۇنى بېرىپتۇ.
ئۇ گۈللەپ ـ ياشناپتۇ ئەسىرلەر سىرى،
ئىنسانلار قېرىپتۇ، ئۆلۈپ كېتىپتۇ.
ئۇ كېيگەن ـ ئىچكەنگە ئاچچىقلىمىسا،
ئىنسان ئۇچۇن قۇربان قىلسا ئۆزىنى.
ئاش دېسە ئاش چىقسا، نان دېگەندە نان،
بىر رەت ھەم يېرمىسا دېگەن سۆزىنى.
دېمەك، ئىنسان ئۇندا دەرەخلەر كەبى،
يىلتىز تارتىپ مەڭگۈ ياشىسا كېرەك.
ئۆزۈمچە ئويلايتتىم: ئىنسان ئۆمرىگە،
ئۆز ئانا ئورنىدا ئىكەن تەبىئەت.

2

يوقسۇ، بۇ مۆلچەرىم چىقىپتۇ خاتا،
ئاڭسىز تەبىئەتنىڭ ئاڭسىز قىلىقى
گاھ ئاقىل ئىنساننى قىلاركەن بىھوش.
گەر ئۇندا سۆزلەشكە يوق بولسىمۇ تىل،
تۇمشۇقتا تۈيدۇرماي ئۇرىدىكەن مۇش...
ئەمدى ئاق ـ قارىنى تونۇغان چېغىم،
كۆپ كۆردۈم قارغىشلىق قىلغانلىرىنى:
گاھ بوران، گاھ يامغۇر، گاھى قار، مۆلدۈر،
چاڭ ـ توزان، يەل ـ يېشىن، شۇرغانلاردىن
بىزار بولدۇم، چۈنكى ئۇلاردىن ھەرئان
كەلگىنى مالامەت، كىمدۇر بىرەرى
دېگەندەك، ئىنساننى جازالا، ئۆلتۈر...

بۇ ئەركە يەرزەنتلەر قىلچە ھېيىقماي،
بەزىدە جۈپ ـ جۈپ بوپ، بەزىدە يەككە.
قىيغىتىپ ئۆتكەندە گۈلگۈن دالادىن،
ۋەھىمە سالاتتى سەبى يۈرەككە.
مىسالى: بورانلار بۇغداي، قوناقنىڭ،
شەپقەتسىزلىك بىلەن ئۈزدى بېشىنى.
ئۈزۈلدى روزىغار، ئۆرۈلدى تاملار،
ھەتتا جىم قويمىدى ساينىڭ تېشىنى.
گىياھلارنىڭ كۆركى — گۈللەر غۇنچىسى،
تېخى لەۋ ئاچمايلا توزىدى يەرگە.
يىل بويى تەر تۆككەن مېۋىلار بىكار
بولدى، بەختسىزلىك چاپلاشتى ئەرگە.
بىلمەن، بىر چاغلار بوۋام ئۆستۈرگەن،
باغلارنى سۈپۈرۈپ ئەيلىدى خازان.
دادام بىنا قىلغان گۈلىستانلاردىن
كۆز ئېچىپ ـ يۇمغىچە قويمىدى غازاڭ.
كۆك ئۆزرە ئۆرلىگەن ھەرنە قەسىرلەر
ھەش ـ پەش دېگۈچىلا يەر بىلەن يەكسان.
كەلكۈن بولۇپ ئاققان لاۋا ئالدىدا،
ياۋايى ھايۋاندەك پىتىرىدى ئىنسان.
قاچانكى، ئاشقىنلار شەھەر ـ يېزىنى
توسۇن ئاتلار كەبى ئۆتكەندە چەيلەپ.
چېقىلغان ئەڭداشسىز چاغلاپ ئۆزىنى،
بېشىمىز ئۈستىگە كەلسە جىدەللەپ.
ئېتىز ـ قىرلاردىكى ئالتۇن باشاقلار
تۆكۈلگەن مەھەللە يەرنىڭ يۈزىگە.
ئۇيۇقتا ئوناشقان يېشىل پەردىلەر
ياتقۇزۇقلۇق چۈشسە كىشى كۆزىگە.
ئالەم يارالغۇچىنىڭ قەھر ئەلچىسى،
ئادەم ئەۋلادىنى ئەيلىسە قامال.
كۆپەيسە كۆڭۈلگە دەردۇ بالالار،
دۇنيا ـ ئەگىبىردىنمۇ تاپمىساق ئامال...

ئاھ، دەيتتىم، يا ئۇنى نوھنىڭ كېمىسى،
يوقالسۇن دېمەستىن ساقلىغانمىكىن؟
پاكى نوھ ئادەمنى ئاسراپ يېنىدا،
ئاپەتلەر ئەھلىنى قىلمىغاچ پەسەنت؛
ئۈچ ئىبلىش كويىدا تا ھازىرغىچە،

ئىنساننىڭ رايىغا باقمىغانمىكىن؟

3

چىدالماي ئەلەمگە ئاستا يول ئېلىپ،
چۆل ـ جەزىرىلەرگە كۆزۈم تىكەتتىم.
ھەر خىل ئەلۋىلىكىنىڭ سىرىنى پەشمەك
بولۇپ، كۆرمىگەن خىيال دىلغا پۈكەتتىم.
چۈنكى، كۆز ئالدىمدا پۈلغۈن باراقسان،
پەجمۇدە بولمىغان بىرەر تال شىبخى.
ئۇنىڭغا بورانلار گويا مۇزىكا،
ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەر گوياكى مارجان،
ئۇنىڭغا تامچىلار غايىپتىن مۇنچا،
ئۇنىڭغا ئاپئاق قار ھۆرلەر قانىتى.

ئوت ئەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇم ـ توپا،
ئوت ئەرەپتىن ئېلىپ كەلگەندەك سالام.
گاھ ئۇنىڭ ئۈستىگە ياپىدۇ لىباس،
ئايىغى ئاستىغا گاھى پاياندار.
مەغرۇر قامىتىگە بەزىدە پەردەز،
بەزى شۇندا توختاپ ئالىدۇ ئارام.

ئۇنىڭ ئەتراپىدا سۇدىن ئەسەر يوق،
يىراق يا يېقىندىن ئۆتمەيدۇ دەريا،
شۇندىمۇ كۆڭلى توق ئۇنىڭ ھاياتىن،
گۈللىرى ئوتقاشتەك ئۆرغان يەنىلا،
ياكى قوشنا ئەمەس ئۇڭا بىرەر ئۆي،
ئۇ ئۇچۇن ھېچكىممۇ چاپمايدۇ كەتمەن.
ھېچكىم بىلتىزىغا تۆكمەيدۇ ئوغۇت،
ئوت پەسىل بىر كۈندەك، غوللىرى تىمەن،
قۇيۇنلار يۇلاي دەپ، كۈچەپ باقسىمۇ،
ئۆپراقنى قۇچاقلاپ ياتقىنى ياتقان.
پۈت ـ قولى بىر لەرزان ئۇسسۇلدا دائىم،
يا ئەمەس يالغۇزلۇق غېمىگە پاتقان.
«ئۇ چۆللەر كۆكسىدە ئۆزىچە بىر شاھ،
قۇم دۆۋىسى گويا ئالتۇن تەخت ئۇڭا»(1).

كىچىسى كىنىزەك كۆكتىكى يۇلتۇز،
كۈندۈزى ئوت ـ چۆپلەر ھەمراھ يېنىدا.
بۇ قانداق مۆجىزە، ئىنسان مۇھەببەت
قويغان زىرائەتلەر بېشىدا ماتەم.
ئەكسىچە تەبىئىي ئوغۇلۇپ ـ ئۆسكەن
باغۋەنسىز جانلىقلار مۇندا خاتىرجەم.
ياكى بىز ئاۋۋالدا قىلغانمۇ گۇناھ،
نېمىدە رەنجىتكەن زېمىن كۆڭلىنى؟
ئەگەر «ياق» دېيىلسە، تەبىئەت مۇندا،
نېچۈن قاقشىتىدۇ قىزى ـ ئوغلىنى؟

4

ھازىردەك ئېسىمدە، بوۋامنى بىر چاغ،
شۇ خىل سوئاللارغا كۆمۈپ تاشلايتتىم.
«قويساڭچا!» دېگەندە تېرىيتتىم چاتاق،
بۇرنۇمنى ئېقىتىپ، كۆزۈم ياشلايتتىم.
بىر كۈنى بورانلىق كەچتە ئۇ مۇڭلۇق،
دەرۋازىدىن كىردى، كۆزلىرىدە ياش.
ئۆگەنگەن ئادەتنى قىلاي دېسەممۇ،
قىين كەلدى بۇدەم بىر نەرسە سوراش.
كۈن تاغنىڭ كەينىگە ئۆتتى، يوقالدى،
سامادىن سىرغىدى ئاخىرقى نۇرى،
ئەتراپنى قاراڭغۇ ئىلكىگە ئالدى،
زېمىن بولدى گويا تىرىكلەر گورى.
بوۋامدىن زۇۋان يوق، ئولتۇرۇشى شۇ،
بەزىدە پۇشۇلداپ تىنىدۇ ئېغىر.
بىلمەيتتىم، شۇ تاپتا ئۇنىڭ دىلىنى
قايسى بىر مۈشكۈللۈك قىلغىنىنى يېغىر.
تاماقمۇ يېمىدى، سۇمۇ ئىچمىدى،
قالغان چوڭلاردىنمۇ چىقمايتتى سادا.
ھەممىنىڭ يۈزىدىن ھەسرەت ئەگىيتتى،
بېشى ئېگىلگەنچە، تىزى ئالدىغا.
تالادا دەھشەتلىك قۇترايتتى بوران،
چېلەكلەپ تۆككەندەك ياغاتتى يامغۇر.

(1) بۇ ئىككى مىسرا گېرمانىيە شائىرى گېيتىنىڭ «پادىچى بالا ئۆزىچە پادشاھ، تەختى ئۇنىڭ ئۇنلۇق قىيا تاش...» دېگەن شېئىرىغا تەقلىت قىلىنغان. ـــ ئاپتور

دەر ئىدىم پىشكەللىك بولدىمۇ بىزگە،
ۋە ياكى چاپلاشتى نىمە جىن ئالغۇر؟
قانچە ۋاقىت ئۆتتى، ئەسلىيەلمەيمەن،
ئويغانغان چىغىمدا چىقىپتۇ قۇياش.
باغقا كىرىپ كۆردۈم، تۆكۈلگەن نەشپۈت،
چىچىلغان ياڭاقلار دۆۋىلىگەندەك تاش.
بەدنىيەت بولمىساق تۇرمۇش غىمىدە،
بۇ بىزگە قاياقتىن كەلگەن قىيداش؟
بىر يىللىق ئەجرىمىز بىكارغا كەتسە،
يوقكەنغۇ ئىگەمدە ئاجىزنى ئاياش!
بۇلارنىڭ ئەكتىگە يەتمەيتتى ئەقلىم،
بىلسە كېرەك دەيتتىم مەن بوۋام ئېھتىمال.
چۈنكى ئۇ ئىچكەن تۇز، مەن ئىچكەن سۈدىن،
ئۇ ئۆتكەن كۆۋرۈكلەر، مەن ماڭغان يولدىن،
كۆپ ئىدى ھەسسىلەپ،
جاپا ئىلكىدە،
ئېلىپتەك قامىتى بولغانىدى دال.

5

بوۋام ئىزاھ بەردى گۇمانلىرىمغا،
دېدى ئۇ: «سەن يەرنىڭ تۇز ۋە تۇگەي دەپ.
بالىسى بارلىقنى ئاڭلىغانمۇ يوق؟
سەن چۆلدە ئۇچراتقان غېرىپ گىياھلار،
يەر ئۈچۈن نىمىشقا مۇنچىلىك ئۇلۇغ؟
بىز تېرىغان بوغداي، قوناق، كېۋەزلەر،
نىچۈن تەبىئەتتىن كۆرمەيدۇ خۇۋلۇق؟
تا، تاڭدىن - كەچكىچە ئېقىتساقمۇ تەر،
ھەتتا يالۋۇرساقمۇ، قىلساقمۇ قۇللۇق؟
قۇلاق سېلىپ ئاڭلىسا، تەبىئەت ئۈچۈن،
تۇز پەرزەنت بولىدۇ ئوت - چۆپ ۋە يۇلغۇن.
شۇڭا ئىگە - چاقسىز يۇرسىمۇ ئۇلار،
چىرايىدا غۇرۇر، ئۆتمەيدۇ سولغۇن.
ئۇلار يا قاناتلىق ئۇچار قۇش ئەمەس،
يازدا بار، قىشتا يوق، تۇراقسىز مىھمان.
ئۇلار يا يولۋاسۇ - يىلپىزلار ئەمەس،
بىر بۇردا گۆشنى دەپ ھەر يان چېپىشقان.
ئۇلار ئىسسىق، سوغۇقتا يەر ئۈچۈن ئىجىل،
يازدا يېشىل كۆنلۈك، قىشتا يېپىنچا،
ھەرنە بالىلارغا بىر ياقىدىن باش
چىقىرىپ، شان - شەرەپ تاپىدۇ جانغا.

ئەندىلا دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاق،
ئانىغا چاپلىشىپ ياتقانغا ئوخشاش،
بۇ ئوت - چۆپ گىياھنىڭ سۆيگىنى زېمىن.
ئۇ ھەرگىز چوڭ بولۇپ بۇغداي، قوناقتەك،
خامان ۋە ساندۇققا قويمايدۇ قەدەم.
ئانا يەر ئۆتنگغا بۆشۈك دەسلىپى،
ئانا يەر سەگەنچۈك ئۇڭا ھەرمەھەل.
دەردىگە ئانا يەرغەمخانە مەڭگۈ،
ئۆلگەندە ئۇز ئورنى قەبرە تېنىگە،
شۇڭا مىليون يىل ئۆرىدۇ ياپياش.

ئۇلار يەرنىڭ ئوغلى، قىزى ھەرۋاقىت،
ياشناپ ئۇرۇشغا تەبىئەت كېيىل.
ئۇنىڭ كۈچ - مەنبەسى مەدەنكارى يەر،
ئۇغۇلغان، كۆمۈلگەن جايى ھەم ئاشۇ،
يەر ئۇنىڭ ھامىيسى، مۇقەددەس سېپىل.
ئۇلار بىز تېرىغان - ئۆستۈرگەن چەكلىك،
زىرائەتلەر كەبى ۋاقىتسىز ئەمەس.
ئۇلار قىش پەسلىمۇ يەرگە بىقارار،
بۇغداي، قوناقنى يە كېۋەزنى دوراپ،
پەقەت ياز ئۈچۈنلا قىلمايدۇ ھەۋەس.

شۇڭا يۇلالمايدۇ ئۇلارنى بوران،
سۇندۇرالمايدۇ ھەم ئۇلارنى مۇلدۇر.
ئۇلار قار ئاستىدا قورقۇنچاق ئەمەس،
ئۇلار كۆك مۇزلاردا كەتمەيدۇ ئۈششۈپ.
مۇھەببەت - يەكدىللىق ئۇلارغا مەدەت،
چىدام ۋە ماتانەت ئۇلارغا ھەمراھ.
ئالا كۆكۈللۈكمۇ يىراق ئۇلاردىن،
ھەر نە تالان - تاراج ئۇلارغا ئاجىز.
سۆيگۈنىڭ قۇدرىتى، ئاشىقلىق كۈچى
بىلەن قىسمەتلەرنى يۈكتۈرىدۇ تىز.

ئالەم ياراتقۇچى ئۇلارغا شۇ ۋەج
ئۇپەيلى ئاتىغان چىرىمەس يىلتىز.
مۇھەببەت ـ ئاشنالىق سەھىپىسىدە
بىز ئۇلارغا زىنھار يېتىشەلمەيمىز...»

6

كۈمۈش ساقاللىنى سىيپىدى بوۋام،
داۋاملاشتۇردى ئۇھ تارتىپ سۆزىنى:
«دېمىسەم دېيىشكە قىستايدۇ كۆڭۈل،
دېسەم چۈشەنمەستىن بولسەن ھەيران.
بەلكى رىۋايەتتىن ئالارسەن جاۋاب،
بىزنىڭ بوۋايلار ۋە ئۆتكەن ئەجدادلار
نېمىشقا مەن يەكلىغ بولۇشقان ۋەيران.

بىلىۋال، ئادەم يەر مەھسۇلى ئەمەس،
ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ماكانى جەننەت.
لېكىن ئورنى غايىب، ئالەم ئىگىسى
مۇجەسسەم ئەيلىگەن ئۇڭا گۈزەللىك،
زەمزەم سۇ، گۈل ـ گىياھ، مۇشكى ـ ئەنبەرلەر،
شاھانە قۇشلىرى، ھۆرى ـ غىلمانلار،
غەم ـ قايغۇ بۇ جايغا بولمىغان تەقسىم،
ئىدى ئۇندا شادلىق بىردىن بىرزىننەت.
ئۇندىكى جاندارلار ئۆسكەن ئەبەدىلىك،
مېۋىلەر يەر ئىدى كۆزنىڭ يېغىنى.
ھەرنە پەرىشتەلەر ئالەم سەتھىدە
كۆرمىگەن ھاياتنىڭ مۇنداق بىغىنى.

دەل ئاشۇ ماكاندا ئادەم ۋە ھاۋا(1)
يارالدى ۋە لېكىن ئالەم ئىگىسى
بەرمىدى كۆز ياكى ئەقىل ـ پاراسەت.
ئۇ كۆزنى، ئەقىلنى گۇناھ مەنبەسى
بىلىپ، ئەجدادلارنىڭ ئىرىشىپ ئۇڭا
ئىبخىمۇ باياشات، گۈزەللىك تېپىپ،
گۈللەپ كېتىشكە ئەيلىدى ھەسەت.

ئادەم ئۇنجى قېتىم كۆتۈردى ئىسيان،
ئەقىل ۋە پاراسەت دەرىخىدىكى
چەكلەنگەن مېۋىگە ئەككۆزۈپ ئېغىز.
بارچە نادانلىقنى، قاراڭغۇلۇقنى،
كەتسە ـ كەلمەس قىلىپ چۆرىدى يىراق.
كۆز ئېچىپ پاللىدە، پاراسەت تاپتى،
ئېتىقاد، ئادالەت، يېڭىلىق، سۆيگۈ...
قوزغىدى يۈرەكتە ئالىي ئىشتىياق.

بۇ ئىشتىن ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى
سىلكىندى، تىترىدى، تولدى غەزەپكە،
دېدى ئۇ: ئادەمگە ئەقىل نەھاجەت،
نېمىشقا ھاۋامۇ كىرمەيدۇ گەپكە؟

بۇ كاتتا ئالەمنى كۆرسىزە ئۇلار،
مېنىڭ بىرلىكىمگە بەرمەمدۇ بەرھەم.
ئەقىل ئۇلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك جاپا،
پاراسەت ئۇلارغا ئۆمۈرلۈك پۇشمان،
ئەمدى مەن ئۇلارنى يىلتىزسىز قىلىپ،
ماڭدۇراي يېشىغا چۈشكەن كۆلپەتلەر
ئەۋلاد ـ ئەۋلادىغا يەتكۈدەك بولسۇن،
ئۆمۈرى قىسقا بولسۇن، خۇشاللىقى كەم...

«مىكائىل كۆردىدە بۇ ھالنى دەرھال،
ئادەم ۋە ھاۋانىڭ ئۇتتى قولىدىن.
شەرقىي دەرۋازىغا ئاپىرىپ قويۇپ،
ئۇچقاندەكلا قايتتى كەلگەن يولىدىن.
ئىككىلەن قايرىلىپ قاراپ كەينىگە،
ئۆزى تۇرغان ئۆيگە تىكىلدى بىردەم.
يالقۇنلۇق خەنجەرلەر قىلاتتى يالت ـ يۇلت،
ئوت قورال ئىلىشقان چىرايى سۈرلۈك
سىپاھلار كۆرۈندى ئىشىكتە قورقىدەك.
ئادەم، ھاۋا سۈرتتى كۆزدىن يېشىنى،
ئالدىدا بىر زېمىن. بولدى نامايان.

(1) ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانا:

ئەمدى ئۇلار ئاللا بۇيرۇقى بىلەن،
تاللاشقا يۈزلەندى يېگى بىر ماكان.
ئۇلار قول ئۈتۈشۈپ سەرگەردان كەبى،
ئەدناندىن خۇشلاشتى، ئاھۇ- نادامەت،
غەمگە لىق بىر يولغا بولۇشتى راۋان.»(1)

7

ئالەم ياراتقۇچى ھەيدەپ ئۇلارنى،
بۇ پانى زېمىنغا پالىغان ئەبەد.
بىزگە مىراس بولۇپ قالغان شۇ سەۋەب،
ئۇ دۇنيا- بۇ دۇنيا توگمەس ھەسرەت.
مېنىڭ بىلگىنىم شۇ، ئىنسان ئەسىرلەر،
بىر- بىر ئۈتكۈزەرمىش نەچچە خىل گۇناھ.
ۋاقتى يەتكىندە يىغلىپ بىراق،
كىلەرمىش راۋرۇس جازا ئۇنىڭغا.
ئادەمنىڭ يىلتىزى قىرقىلغاچ شۇ خىل،
تەقدىر بىزنى قومدەك ئۇچۇرغان بۇندا.
شاد ئۈتكىنىمىز ئاز، ئاتئۇانلار كۆپ،
بولۇپ دەل مېنىڭدەك سەرسان- سوقۇندا.
كوردۇڭ پەشلىرىمىز ئاشمايدۇ تىزدىن،
ھەممە رىسقىمىزغا سالىدۇ چاڭگال.
قاڭقىپ ياشىغاچقا ئۇرماي بىر يەردە،
كۆزىمىز قاراڭغۇ، دىلىمىز جاڭگال.
گۇناھلىق ئادەمنىڭ پەرزەنتى بولغاچ،
قول سالغان ھەر ئىشنىڭ ئاخىرى چاتاق.
توققۇزدىن ئوتتۇزنى قىلماق بولىمىز،
بىر باشقا چىقمايدۇ بىر ئىشىمىز ساق.

ئادەم ۋە ھاۋاغا نىمە كەم دەيسەن؟
كۆزى كور بولسىمۇ جەننەتتە بولسا.
بىزگىمۇ كەلمەيتتى مۇنچىلىك ئەلەم،
نىمە پەرق ئىنسانغا ئۇلسە، تۇغۇلسا؟
ئۇلۇغ ئىدۇق ئەسلى، جەننەتتىن چىقىپ،
ئۇ ئۇلۇغلۇقتىن ئايرىلدۇق تامام.
ئادەم ۋە ھاۋامۇ كۆزنى ئاچتۇق دەپ،
چۇچۇرنى ئاخىر ساناپتىكەن خام.
ئەندىچۇ، زېمىنغا ئۇز بالا ئەمەس،
تەبىئەت ئۈچۈن ھەم راستلا ئۇگەيمىز.
شۇڭا ھاياتىمىز ئەندىشىگە لىق،
ياۋا ئوت- چۆپلەردىن بالدۇر ئۇگەيمىز.
ھېلىغۇ كۆپلىگەن ئەسىرلەر ئۆتتى،
يەنە ئۆتەر تېخى نەچچە مىڭ ئەسىر.
بىلتىز ئارتىمەن بۇ زېمىنغا قايتا،
دېگەنلەر ئارماندا كېتىشتى بىر- بىر.

سەن بولساڭ تېخى ياش، ئەگەر زېمىننىڭ
ئۆز ئوغلى بولساڭىزە كۆزۈم يۇمۇلۇپ،
ھەر ئىككى دۇنيالىق بولاتتىم رازى.
بىلمەيمەن، چوڭ بولساڭ چۆلدىكى يۇلغۇن،
كەبى ياشامسەن، يا سىرلىق زېمىننىڭ،
ئۆتامدۇ تىلسىملىق تەنە- ئازارى؟...»

8

كۆزنى كور، دىلنى ئەقىلسىز قىلىپ،
يارىتىپ، يېنىڭدا جەننەت دېسىمۇ.
ئەجدادلار بۇ گەپكە قىلماپتۇ پىسەنت.
بۇرتۇگنى گاس قىلىپ، بۇ گۈل خۇش پۇراق،
دېسە قانچىلىك نەپ، پۇراپ بىلمىسەڭ؟

جەننەت، ئۇ رىۋايەت، گەر راست بولسا ھەم،
كورمەس كىشىلەرگە قانچىلىك پايدا؟
بۇ گەپ يا نادانلار ئۈچۈن تەسەللى،
يا راستلا جەننەت يوق بولغان جاھاندا.
شۇڭا ئىككىسىنىڭ پاراسەت تېپىپ،
يالغان جەننەتتىن چىققىنى ئۇلۇغ.
ئۇلار مەۋھۇم جەننەت خائىنى بولسا،
راست جەننەت قۇرۇشقا پىداكار بولسا،
پۈت تىرەر زېمىنغا دەسسەپ ئۈنجى رەت.
ھەرنە جاپالارنى يەلكىگە ئارتىپ،
جىننى كەلگۈسىگە قىلسا تەسەددۇق،

(1) بۇ بىر ئابزاس شېئىر داڭلىق ئەنگلىيە شائىرى يوھان. ملتوننىڭ «قولدىن كەتكەن جەننەت» ناملىق داستانىدىن ئېلىنغان.

ئەبنەتنىڭ ئەگەر تىلى سۆزلىسە،
دەر ئىدى، بۈنىڭدىن كاتتا ھېچ ئىش يوق!

كۆزۈم كور ھالەتتە ئۆستۈم بىر زامان،
جەننەت مۈشۈ دېسە بېشىم لىڭشىتىپ.
مېڭەمنى قوچىدى جاھىل مۈرتىلار،
يالغان جەننەتلەردىن دەستۈر تىڭشىتىپ.
مېنىڭمۈ بىر زامان ماركس قولىدىن،
پاراسەت مېۋىسى يېگەنلىرىم بار.
راست جەننەتنى مۈشۈ زېمىندا قۇرۇپ،
ئادەم! دېگەن سۆزگە لايىق دەس تۇرۇپ،
قارا بورانلارنى قىرىپ ـ غۇلىتىپ،
بىر يىلتىز تارتايچۇ دېگەنلىرىم بار.

شۇ چاغدا مەنمۇ تۆھمەت ئوتىدىن،
قىلىچ پۇلاڭشىتقان سادىق نەۋكەرلەر،
يەجۇجى ـ مەجۇجى كەبى قورقىنىپ،
يىغلىتىپ ھەيدىگەنىدى يىراققا.
ۋە لېكىن ئۇلارنىڭ نادان قىلمىشى،
شۇندىن باشلاپ مېنى گىرىپتار قىلغان،
جەننەت قۇراي دېگەن ئىشقى ـ پىراققا...

9

بوۋامدىن قالغان ئۆي، باغۇ ـ ۋارانلار،
مەندە قوزغىمىدى خىيالىي ھەۋەس.
لېكىن ئۇ قالدۇرغان ھېلىقى ئارمان،
ھېلىقى رىۋايەت قىيناپ دىلىمنى،
ئارام تاپقۇزمىدى مېنى بىر نەپەس.

بوۋامنىڭ بوۋىسى ۋە ياكى ئۆزى،
ئەقىل پاراسەتنىڭ مېۋىلىرىدىن،
مەيلى يېگەن بولسۇن، مەيلى يېمىگەن.
لېكىن ئۆزى كۆز ئاچقان ئانا تۇپراقتا،
گۇناھقا بوغۇلۇپ، تېنەپ ـ تەمتىرەپ،
قامقاقتەك ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۇچۇپ،
يىلتىزسىز كېتىشنى ھەرگىز دېمىگەن.

كىندىك قان قەيەردە تۆكۈلگەن بولسا،
شۇ يەرنىڭ باغرىدا يىلتىز بولىدۇ.
يىلتىزنىڭ بىر ئۇچى يۈرەك قېتىدا،
بىر ئۇچى سەن ئۆسكەن زېمىن قېتىدا.
ھە، دوستۇم سەن ئەگەر شۇنداق چۈشەنسەڭ،
بۇ غورۇر گوياكى مەۋج ئۇرغان دەريا،
بۇ غورۇر گوياكى دېڭىز بولىدۇ.

ھەيرانلىق ھېس قىلما، ئادەملەر ئۈچۈن،
يۇرت يىلتىز ئەمەس، ئۇ ماڭار بېتىنىم.
شۇڭا ئۇ گاھ تاغدا، گاھى ئېتىزدا،
گاھ ئوتلار ئىچىدە، گاھى تۈرمىدە،
گاھى جەڭ ئىچىدە، گاھ تاماشىدا،
گاھى يار قوينىدا، ئىشقى ـ مۇھەببەت،
سورۇنلىرى ئارا بولالمايدۇ جىم.

شۇ سەۋەبتىنمىكىن ھېچ بىلەلمىدىم،
مېنىڭ يىلتىزىمچۇ دېگەن بىر خىيال،
كۆڭلۈم سەيناسىنى قىلىۋالدى رام:
گەرچە مەن يىلتىزلىق دەرەخلەر كەبى،
قوزغالماي ئورنۇمدىن ئۆتمىگەندىمۇ.
ۋەتەن قوينى مېنىڭ يىلتىزىم ئورنى.
جەننەت قۇرماق مېنىڭ نىشانىم ھامان،
سۆيۈش ھەرگىز بۇندىن بولمايدۇ ئارتۇق،
دېگەن ئەقىدە بىلەن تاپمىدىم ئارام.
تىرىشتىم، تاغ ئاشتىم، داۋانلار ئاشتىم،
يېڭىچە ياشاشقا ئاتىمىدىم جان.
قېنى زادى يىلتىز تارتالامسەن يوق،
دەپ ماڭا مەدەتكار بولدى بىر جانان.
ئەر ئۆكتۈم، چارچىدىم، قانلىرىم ئاقتى،
سۆيگۈ مادارى بىلەن دالالار كەزدىم.
ئىجاد قاينىمىدا يەنچىپ دولقۇنلار،
چوققىلار ئۆرلىدىم، تاشلارنى ئەزدىم.

قاچانكى خۇسۇسىي نەپسىمنى ئويلاپ،
كۆمۈچۈمگە ئازراق تارتسامىلا چوغنى.
يېپى يوق لەگلەكتەك قاڭقىپ ھاۋاغا،

نا ئەھلى ئاتىلىپ دەسسەرگە يەر يوق،
تۇزۇم ئاتار بولدۇم تۇزۇمگە ئوقنى.
قاچانكى چۆللەرگە كۆكسۇمنى يىقىپ،
زېمىن تىنىقىنى ئاڭلىغان چېغىم.
ئاجايىپ سەلتەنەت، ئالىيجانابلىق
بىلەن تولۇپ تاشتى ئالتۇن ياشلىقىم.

شۇندىمۇ سەن ماڭا يۇلغۇن كەبى تۇز،
ياۋا ئوت - چۆپلەردەك قەدىردان ماڭا،
يىلتىزلىڭ مېنىڭدە، چەكمىگەن ھەسرەت،
دېگەن بىر ئاۋازنى ئىشىتىپ ياقىمىدىم.
لېكىن مەن سۆيۈنگەن، تۇز ئانام دېگەن،
زېمىنغا مەن چوقۇم تارتىمەن يىلتىز.
مەن ئۈچۈن بۇ ھامان كورۇشۇش دېمەك،
دېدىم، قەلبىمنى ھەرگىز ياتقا ياقمىدىم.

10

ئېھتىمال بىر كۈنى بىرەرى كېلىپ،
مەن تۇغۇلغان خىلۋەت يېزا قوينىدىن،
يىلتىزىمنى ئىزدەپ بولۇر ئاۋارە.
ھەتتا بىرى مېنىڭ تىرىكلىكىمدە،
دەسسەپ تۇرغان بىر ئىلىك جايىمنى كولاپ،
نەچچە كۈن، نەچچە كۈن چۆمۈلەر تەرگە.

ياكى مەن چامدىغان يوللارنى كېزىپ،
جىلغىلار ئىچىدىن، ھەتتا ئېقىندىن،
ھەتتا دېڭىزلاردىن ئاقتۇرار يىلتىز.
يىلتىزغۇ قىين گەپ، تاپالماس ھەتتا،
مەندىن قېپقالغان بىرەرگىنە ئىز.
يەنىلا جەننەتتىن ھەيدەلگەن ئادەم،
ھاۋادەك يىلتىزسىز ياشايتۇ دېيەر.
بەلكى كېيىن قالغان پەرزەنتلىرىمنىڭ،
بۇ سۆزدىن بىغۇبار دىلى ئۆكۈنەر.

شۇ چاغدا مەن ئۈچۈن زېمىن سۆز قىلىپ،
ئۇنىڭ ئوق يىلتىزى قوينۇمدا دېسە،
ئۇنىڭ شاخ، يىلتىزى بوينۇمدا دېسە،
ئالەم ياراتقۇچى تەنتەجۇيلىنىپ،
ئەجەب قىپتىمەن دەپ پۇشايمان يېسە،
شۇ ئەمەسمۇ مېنىڭ ئۆمۈر شادلىقىم،
شۇ ئەمەسمۇ مەندە ئۆمۈرلۈك ئارمان.
ئاھ زېمىن، يىلتىزسىز قويمىغان زېمىن،
مەن ساڭا، سەن ماڭا ئەجەب قەدىردان...

11

قورقۇش ھېس قىلمىدىم بوران ۋە يامغۇر،
ھۆل - يېغىن قار، مۆلدۈر پەقەت ئىنساننىڭ
ئۆزىگە ۋە ئۇنىڭ قولى تەككەنگە
پىشكەللىك بېرىدۇ دېگەن تەبىردىن.
چۈنكى ئادەم دەسلەپ ھەيدەلگەندىلا،
ئەقىل - پاراسەتنىڭ مېۋىسىدىن يەپ،
يېڭى مەزمۇن تاپقاندى تەقدىردىن.

ئەقىللىق بولغىنى ئىنسانغا گۇناھ
دېسە بۇ ئەخمەقلىق، كورلۇقنىڭ ئۆزى.
تىلسىملار ئىچىدىن مۇھەببەت تاپقان،
توسقۇنلار ئىچىدىن ئانا يەر تاپقان،
ئەخمەقلەر قولىدىن بىر غايە تاپقان،
گادايلىق ئىچىدىن بېيىشنى تاپقان،
ئېزىلىش ئىچىدىن ھۆرلۈكنى تاپقان،
زېمىننىڭ قوينىدىن يىلتىزلار تاپقان،
ھەقىقي ئىنساننىڭ ھەقىقي كۆزى...

شۇڭا پاراسەتلەر، چېلىش ئۆمىدى،
پارلاق كەلگۈسىدىن بېرىدۇ دېرەك.
كور بولساڭ بەختلىكسەن دېگەن جەننەتلەر،
كۆز ئاچقان باتۇرلار ئۈچۈن بى كېرەك.

كۆز ئېچىلغىنى دىل ئېچىلغانغا تەڭ،
تەبىئەت چاقچىقى ئەزەلدىن سىناق.
ئۆگەي بىز يەرگە دەپ تىز پۈكۈش بىلەن،
رىسقىمىز مۇشۇ دەپ باش تۈكۈش بىلەن،
ياشىغاندىن كۆرە، يالغان جەننەتكە،
مىڭا ئىلنى تېپىپ كەتكەن ياخشىراق...

مەيلى بوران سوقسۇن، چاقسۇن چاقماقلار،
قار ـ يامغۇر تۆكۈلسۇن، چاچرىسۇن مۆلدۈر.
ئۇنىڭ قارشىدا قورقماسلار غالىب،
قورقاقلار ئۈچۈنمۇ تېپىلمايدۇ گۆر...

12

قەبرىلەر گاھىسى شامالدا توزۇپ،
يەر بىلەن پەرقى يوق بولغان قەبرىلەر.
ۋە ياكى خاتىرە تاشلار ئورنىتىپ،
نام ـ شەرىپىنى پۈتكەن قەبرىلەر.
ئېنىقكى تارىخنىڭ شانلىق بېتىگە،
ئەجدادلارنىڭ نامى چۈشمەيدۇ تولۇق.
بەزى نام قالدۇرماي كەتكەن،كىشىلەر،
نامىنى قالدۇرغانلاردىن كۆپ ئۇلۇغ.
بەزى كىشىلەرگە تىكلەنگەن مۇنار،
لېكىن كۆپلىرىگە ئەگمىگەن يەرلىك،
مازاردا ياتقانغا ئەزكىرلەر بار.
سەپ تارتىپ چۆل ئىچىدە غازات قىلغانلار،
يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە يېتىپ قالغانلار،
مالىمان ئىچىدە شېھىت بولغانلار،
تۇپراققا راستىنلا يىلتىز تارتقانلار،
تارىخنىڭ قوينىدىن ئالمىغان ئورۇن،
بەلكى باھا ئالغان بەكمۇ خەتەرلىك.

تۆھپىسى ئۇلارنىڭ چاقماقلار ئارا،
يول ئاچقان ھۆرلۈككە يېتىش ئۈچۈن كەڭ.
لېكىن ئىنتام ئۈچۈن كەلگەندە نۆۋەت،
بولالمىغان ئوردا مالىيىغا تەڭ.
غالىبلار تارىخى يالغان بىلەن لىق،
يېڭىلگەن مەزلۇمغا تارىخ بولمىغان.
غالىبلار ئۆمرىدىن ئىزنالار ئۇرغۇن،
ئاددىي ئۆتكەنلەرنى تىلغا ئالمىغان.

مەن دەيمەن، ئاشۇلار ئۈچۈن ئەڭ ئادىل،
ھۆكۈمدار پەقەتلا ئەزىز دىيارىم.
مەن كەتكەن چاغدا ھەم ئۇشبۇ ئالەمدىن،
ياخشى ـ يامانلىقىم، تۆھپەم، گۇناھىم؛ ر—

ئۆلسەم تىرىكلىكىم ياكى تىرىك چاغ،
ئۆلگەنلەر قاتارى جانسىز يۈرگىنىم،
ئىز قالدۇرغىنىم يا ئىزسىز يۈرگىنىم،
يىلتىزىم بارلىقى ياكى يوقلۇقى،
جەننەتكە ماڭغىنىم ۋە ياكى ئەمەس،
بۇ ھەقتە ھېكايە قىلىدۇ تارىم!

13

مەن ئۆلگەنلەرنىڭ قايسى ئەۋلادى،
زېمىن قەلبىدىن ئورۇن ئالدى دەپ،
تارىخ ۋارىقىنى ئۆرىدىم ئۇزاق،
ھامان يىلتىزىغا ئىسپاتلار ئىزدەپ،
يەرنىڭ چىرايىغا باقتىم ئاۋايلاپ.

كۆپ سەلتەنەتلىك مۇنارلار كۆردۈم،
ئۇچراتتىم ھەيكەللەر ئاسمانغۇ پەلەك.
ئاجايىپ سارايلار كۆزۈمگە چۈشتى،
بىرنى كۈمۈش، بىرنى ئالتۇن دېگۈدەك.
ئۇلارنىڭ قامىتى، ھەشەمىتىدىن،
ھاياجان ئىلكىدە ئويىنىدى يۈرەك.
سورىسام كىتابلار بېتى سۆزلىدى،
بۇ ئىككەن بەك كونا تارىختىن دېرەك.
سىنچىلاپ قارىدىم ۋاراقلىرىغا.
ئۇنىڭغا ئىجىر ـ مىجىر خەتلەر پۈتۈلگەن.
بەزىسى تۈۋىدە ئادەم سۆڭىكى،
بەزىسى تۈۋىگە قانلار تۆكۈلگەن.
يىلتىزسىز ھېچ نەرسە ئۆرە تۇرمايدۇ،
ئويلىدىم بۇ يىلتىز بارلىقتىن ئىسپات.
يىلتىزى بولمىسا كېسىلگەن قىلدەك،
بولمامدۇ ھەر مەزمۇت تاغلارمۇ بەربات.

بىلمىدىم شامالدىن ياكى ئۆزىنىڭ،
كۈچىدىن، ياندىكى تىكەنلىك گۈللەر،
باش ئىغاڭلىتىشتى ماڭا شۇ سائەت.
ئەقىل دەرۋازامدىن بۆسۈپ كىردى نۇر،
بىلدىم بۇ مەن ئۈچۈن «ياق» تىن بىشارەت.

ئاھ، بۇ شاھانىلەر ماكانىكەنمۇ،
ياساشتا يىگىتلەر قەددى پۈكۈلگەن،
يەر باغرىغا يىلتىز تارتالمىغاچقا،
يەر ئۈززە ئاشكارا، تۈلۈغ بولاي دەپ.
زورمۇ ـ زور تۈزنگە قويغان خاتىرە،
بايقىسام ئۇلاردىن زېمىن تۈكۈنگەن.
ئېھتىمال بۇ خىلدا ياشىغان ئىنسان،
يەر ئۈچۈن راستىنلا ئۈگەي بولغاندۇر،
چۈنكى كۆرۈنمىدى يۈزىدىن سۆيگۈ.
زېمىن ئۇنى گويا سىرتقا ئىتتىرگەن،
تاشلىغاچ تۈزنگە ھەر ئان كۈلەگگۈ...

14

مەن شاھلار تەختىنى ئالتۇن، كۈمۈشتىن،
بولدۇ دەپ ئاڭلاپ تەئەججۈپلەنگەن.
ئۈزى ئولتۇردۇ، ئۈزى سىغدۇ،
دېسە بىر كۆرۈشنى ئارزۇ ئەيلىگەن.
ۋە لېكىن ئۆمرۈمدە ھېچكىممۇ ماڭا،
تۇپىدىن ياسالغان تەختلەر توغرىلىق،
ھېكايە ئېيتمىغان ـ سۆزلەپ بەرمىگەن.
بىراق مەن ھەرقانداق كىشىدىن بۇرۇن،
يۇلغۇننىڭ تەختى بار ئىكەنلىكىنى،
بۇ تەختنىڭ تۇپىدىن، قۇملاردىن بىنا،
ئالتۇنغا بەرگۈسىزلىكى ھەققىدە،
جاكا قىلغاندىم مىسرالار بىلەن.

مانا كۆز ئالدىمدا ھەيۋەت ئېگىز دۆڭ،
نەچچە هاردۇق ئېلىپ چىقتىم ئۈستىگە.
دېدىكى دوستلۇرۇم تۈلۈغ بىر ئادەم،
قەبرىسى زىننەتتۇر ئۇنىڭ كۆكسىگە.
قارىدىم ئەتراپى باراقسان، ئېگىز،
سۆۋادان تىرەكلەر بولۇپتۇ نەققاش.
يېنىدا سۆپ ـ سۆزۈك نۇرۇز بۇلاقنىڭ،
سۈيى سىرغىپ ئاقار، تۆكۈلگەندەك ياش.
يىراقتا چوققىلار، ئاقباش چوققىلار،
تازىم ھالىتىدا ئېگىلگەن پەسكە.
ئۇنىڭ باغرىدىكى سالقىن شامالالار،
ئەۋەتىدۇ ئەترە ھىدى نەپەسكە.
ئۇ گۈلدىن بۇ گۈلگە قونۇپ ئىنىمسىز،
ئۇچىدۇ چۆرەمدە سانسىز كېپىنەك.
ئىنسانغا ئاشۇ خىل ھەسەل بەرگەنمۇ،
دەيمەن بۇندا بىر چاغ ئىنچماس يۈرەك.
ئەنە ئاددىيغىنا ھۇجرا ئىچىدە،
ئەقلىنى لال قىلغان قەبرىنىڭ ئىزى.
ئويلايمەن: مۇندىكى گۈل ـ گۈلىستانلىق،
ئەمەسمۇ بۇ بۈيۈك زاتنىڭ يىلتىزى!
ئانا يۇرت، بۇ دۆڭلۈك، سېخى تەبىئەت،
ئۈزىنى ئۇنىڭغا تەخت دەپ بېرىپتۇ.
ياتقان چاغدىمۇ سەن تەختتە ياتقىن دەپ،
ۋادىلار ئۇنىڭغا قۇچاق كېرىپتۇ.
تۇپراقنى تەخت بىلىش پەرزەنتلەر ئىشى،
ئالتۇندىن تەخت ياساپ ئۇنىكەن ئەلگە يات.
تۇپراقنى تەخت بىلگەن تۇپراق ئىچىدە،
شاھلارنى بۇ تۇپراق دېمەس مەندە يات.
شۇندىن سۆلۈك كۆڭلۈمگە چۈشتى بىر سوئال،
يىلتىز تارتىپ ئۇنۇش قايسى يول بىلەن؟
شوئار بىلەنمۇ، ساپ تەر بىلەنمۇ،
ئىككى پۇت بىلەنمۇ، ياكى قول بىلەن؟...

15

بىر زامان يالقۇنتاغ ئېتەكلىرىدە،
ئىككى دانە مۇنار ئۇچراتقىنىم بار.
چۆچەك ھېكايىلەر ئاڭلىغاچقا كۆپ،
ئۈزۈندىن قىلاتتىم كۆرمەك ئىختىيار.
بىرى شۇنچە نەپىس، شۇنچىلىك ھەيۋەت،
يېنىدىكى مەسچىت، بىزنىكى گويا.
ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا گىدەيگەن پېتى،
مەغرۇر بېشى گويا يەتكەن ساماغا.
يەنە بىر مۇنارغا چۈشمىدى كۆزۈم،
كارىزلار كۆڭلىدىن ئىزدىدىم جاۋاب.
ئۇ دېدى: «بۇ مۇنار خەلقنىڭ قەلبىدە،
بولدۇ خەلق قەلبىنى قىلساڭلا تاۋاپ.
چۈنكى ئۇ خەلقنى دەپ، ئانا يەرنى دەپ،
قان، ھەتتا جېنىنى ئاياپ ئۇرمىغان.

ئۇ ئۆز شۆھرىتىدىن تىكلىگەن مۇنار،
لېكىن ئۇنى زېمىن ئۆزرە قۇرمىغان.
بىز بەلكىم شۇ مۇنار ئىگىسى يەرگە،
ئۇزاتقان يىلتىزىدىن ئېقىپ كېلىمىز.
شۇ سەۋەبتىنمۇ تاڭ، ۋۇجۇدىمىزنى،
زېمىن ئاستى بويلاپ يېقىپ كېلىمىز...»
شۇندىمۇ مەن يەنە بىر ـ بىر يول مېڭىپ،
ئۇنىڭ يىلتىزىنى ئىزدىدىم بۇندا.
قارىسام كۆرۈمسىز، يەر سەتھىدىن پەس،
قەبرىنىڭ قالدۇقى ئۇچرىدى ماڭا.
ئۈستىدە گۈمبەز يوق، ياكى تۇغ ـ تەلەم،
براق يەر چىدىماي قاپتۇ بۇ يۈككە.
ئۇ زېمىن كۆكسىنى بېسىپ چۈشۈپتۇ،
بىر غورۇرلۇق بىرىپ تىرىك ئۇلۇككە.
ئۇنى ئارىسىغا ئاپتۇ قەبرىلەر،
يېنىدىكى يانتاق بولۇپتۇ ھەمراھ.
يانتاق يەرگە ئەسلى ئۆز بالا بولغاچ،
ئۆسۈپتۇ قەبرىگە بەلگە ئورنىدا.
ۋاڭلارنىڭ مۇنارى كۆز ياش گۇۋاھى،
ئالمايدۇ يەر ئۇنى پەقەت قوينىغا.
لېكىن شائىر قەبرى، دىيارىم ئوغلى،
گىرە سېلىۋاپتۇ زېمىن بوينىغا.
راست ئىشقۇ، يالقۇنتاغ يالقۇنلىرىنى،
ئۇمۇر يەلپۈگۈچلەر ئەمەس ئۇچۇرگەن.
ئۇ ئوتلۇق ئىشقىنى ئۇيغۇر ئوغلىنىڭ
سۆيانى ۋە قەلبى ئارا كۆچۈرگەن.
ئۇ باغلار، ئۈزۈملەر، كارىز سۇلىرى،
شائىر يىلتىزىدىن دېرەك مىكىن تاڭ؟
ھەقىقەت ئالمىشىپ كەتسە بولمايدۇ،
شائىر دېگەن شائىر، ۋاڭلار دېگەن ۋاڭ!

16

تاش ئابىدىلەرمۇ ئېسىمگە چۈشتى،
باتۇرلۇق مەرتلىكنىڭ مىسالى سۆيەت.
ئۇنىڭدىكى شۆھرەت، شەرەپ قىسسىسى،
ئاي بىلەن كۈنىمۇ قىلار خىجالەت.
بۇلارمۇ ئوخشاشلا تىكلەنگەن پېتى،
ئىنسانلار كۆزىگە چېلىققان ئەمەس.
مىڭ بىر جاپا بىلەن ئىزدەپ تاپقاندا،
يېتىشقان خاتىرجەم يەر يۈزىدىن پەس...
ئۇلار باغچىلاردا، گۈلىستانلاردا،
مەھەللىلەر ئارا بولمىغان ئۆرە.
يەر قۇچاقلاپ يېتىش ئۇلۇغ ئەمەسمۇ،
نامىنى كۆزۈ كۆز قىلغاندىن كۆرە.
ئۇلارنىڭ بۆشۈكى ئارغىماق ئۈستى،
ئۇلارنىڭ سىماسى ئىدى ئالتۇنقان.
ئۇلارنىڭ يىلتىزى جەڭ مەيدانلىرى،
ئۇلارنىڭ ھاياتى ئەلگە ئەرمىغان.
سۇ يوق يەردە يىلتىز بولمايدۇ دەيدۇ،
ئۇلار يىلتىز تارتقان ماكان دەل قۇملۇق.
زېمىندا جەننەتۇل مەئۋا قۇرمەن.
دېسە شۇنىڭغا نېسىپ بارچە ئۇلۇغلۇق!

17

دەل بۇندىن يىگىرمە بىر يىل مۇقەددەم،
لۇتپۇن قەبرىسىنى قىلدىم زىيارەت.
تاپالمىدىم تولا ئاۋارە بولدۇم،
كونچە ئېيتقاندا چەكتىم رىيازەت.
ئۇ ئىچكەن دولاننىڭ سۈيىدىن ئىچتىم،
گويا مۇھەببەتتىن سۇمۇردۇم شاراب.
ئۇ كەچكەن دولاننىڭ سۈيىنى كەچتىم،
دولقۇن ئىچرە گويا بار ئىدى كاراپ.
لۇتپۇن كۆڭۈل بەرگەن قىزلارغا ئوخشاش،
قىزلار يەر تېگىدىن قويىدۇ قاراپ.
شۇ دەمدە بىر تاتلىق سۆيگۈ لەززىتى،
يىگىتلىك قەلبىمگە كېتىدۇ تاراپ.
ئاخىرى ئۇ يۈرگەن يوللار يۈزىدىن،
ھېلىقى قىزلارنىڭ شەھلا كۆزىدىن،
قىرى بوۋايلارنىڭ «زۆھرە جانىم» دەپ،
تۆۋلىغان چاغدىكى ئوتلۇق سۆزىدىن،
لۇتپۇن يىلتىزىنى كۆردۈم ئۆز پېتى.
مەن ئاھانەت قىلغان ھېلىقى بوران،
دىلىمنى غەش قىلغان بىتىنىم دەريا،
شەھەرگە، يايلاققا، ئېتىز ئىچىگە،
تەۋەررۈك ئىدى دەپ ئېلىپ بېرىپتۇ.

ئۇنىڭ ئۇپراق بولغان شبهەت تپننى.
كملەر ئۇ، بر زامان كۆلچەك سۆيگە،
قانماستن قايناملار ئزدگەن مەرتكە،
هيىقماي چاپلغان بر تالاي ئللەت؟
هبلى بۇ كۆزلەردە خجل بولغاندۇر،
ئۇنى ئەسلگەندە ئۆز يۇرت، ئۆز مللەت.
ئۇنى يوق قلمەن قرقيمەن دېسە،
يلتزنى ئوڭاي تاپالامدىغان؟
بر ئوچۇم دەلتلەر كۆزنىڭ نۇرنى،
ئېتەكلرى بلەن ياپالامدىغان؟

18

قاچانكى بر كۆزلەر ئەجداد يلتزن،
قۇرۇتۇپ تاشلماق بولدى جاللاتلار.
يىقىن توغقانلارمۇ لڭشتى باشنى،
بۇ هالدن زەهەرلك كۆلۈشتى ياتلار.
ئاي ئۆتتى، يل ئۆتتى، پاراسەت بلەن،
ساراڭلق ئۆزئارا چۆشتى بەيگگە.
گاهدا پاراسەت ئەقلدىن ئازدى،
ساراڭلق ئۇلارنى سالدى كەينگە.
ساراڭغۇ ئەزەلدىن ئەسەبىي كەلگەن.
هيچقانچە ييرى يوق هەيران قالغدەك.
ۋە لېكن پاراسەت ساراڭ بولغاندا،
زەرداپ يۇتىدىكەن ئاقل پاك يۈرەك!

ئۇلار ئۆزى ئۈچۈن ئۆتكەللەر ئاچقان،
ئۆنجى كارۋانلارنى قاراقچى بلىپ،
چۆشەنمەي ئۆزىنىڭ شۆلىلر توپەيلى،
جاهان سەهنسدە كۆتۈرگنن قەد،
يلتزنى كولاپ، قەبرسنى چەيلەپ،
«زەهەرلك شۇمبۇيا» ئۇنمسۇن ئۈچۈن،
سول ياقتىن ساراڭچە چامددى ئالغا.
ئاقۋەت بر كۆنى هوشنى يغىپ،
تارىخقا قارسا بىرمۇ باتۇر يوق،
(هەممسنى ئۆزى كېرەكسز قلغان)
ئالدىغا قارسا يوللرى ئۈيۈق،
(يول باشلار ساراڭلار كۆزدىن يوقالغان)
توغۇلدى راۋرۇس روهى گادايلق،
زامانىۋى دۆتلۈك بلەن جاهانغا.
ياق! دېسەڭ يۈسۈپنىڭ قەبرسى قېنى،
يلتزىغا پالتا ئۇرغان زادى كىم؟
ئككى سايرامى (1)نىڭ ئاخىرەتلكى
ئوتتا كۆيدۈرۈلدى كملەر قولىدىن؟
مەن باباۋشەن ئچرە قويغاندا قەدەم
بر زاتنىڭ چىرايى ئىدى كۆزگە نۇر. (2)
زادى كم ئۇنىڭغا هومايدى مۇنچە،
كم ئۇنى يەنچدى دېدى: ئېرى ئۇر!
دۆلەتنىڭ دۆلەتچە روهى تۇۋرۇكى
بولدۇ، مللەتنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ بەك.
ئۆتۈپ يىگىرمە يىل پەرزدۇر ماڭا
ئۇلار توغرسدا مسرالار تۈزمەك.
ۋە لېكن يغلايمەن شۇ چاغدا كۆلۈپ،
كېيىن كۆز ياشلغان ئككى يۈزلەرگە.
ياقامنى تۈتىمەن، هەيرانمەن ئەمدى،
ئۇلار ئەل يلتزى، باتۇرى ئىدى
دەپ شبىر توقۇغان «قارا كۆزلەر»گە...

19

باهار كەلدى، نەۋباهار كەلدى.
كۆڭۈلگە باشقىچە ئىپتخار كەلدى.
نەبەت چاقچقى، ئادەم قسسسسدىن
مەدەتلەر تاپماي، پاناهلق تلەپ،
ئۆمۈلەپ ياشماق ماڭا هار كەلدى.

ئادەم ئۆز ۋاقتدا يالغان جەننەتتىن،
چقىپ راست جەننەتكە ئاتىغانغۇ جان!
ملىيون يللارنى ئۆتكۈزۈپتمز،
ئەۋلادلقمزنى بر بلندۇرسەك،

(1) تارىخچى موللا مۇسا سايرامى. شائىر ئىسم شبهەت كۆزدە تۇتۇلغان.

(2) جۇچيۇبەيىنىڭ قەبرسى ۋە هەيكلى كۆزدە تۇتۇلغان.

قالغان ئۆمرىمىزدە يەنە نە ئارمان!

باھار كەلدى، نەۋباھار كەلدى،
جىرىمدەك تىكلىپ يىلتىز تارتىشىنىڭ،
يەلكىگە زاماندىن يۈكلەر ئارتىشىنىڭ،
كەلدى يەڭ شىمايلاپ ئىشلەشىنىڭ چىغى.
ئوتتۇك بولسا قىنى سىنىشايلى دەپ،
چاقىرماقتا بىزنى دەۋر ئۇچقىى!

گۈر - گۈر سوقىۋاتقان مەيىن شامالللار،
ماڭا قايىل بولغان گۈزەل تەبىئەت،
ماختىشىمدىن خۇشال بولغان يۈلغۇنلار،
شەرەتلەيدۇ مىنى يىنىغا چىللاپ.
باباۋانلار ئارا كۆمۈلگەن بايلىق،
ئىشەنچىم، ئەقدەم كەلگۈسى جەننەت،
چىقماقچى جەڭ ئىچرە باتۇرنى خىللاپ.

مەن كۆردۈم ئارىمنىڭ جەنۇب - شىمالى؛
جەننەت بوسۇغىسى دېسە لاپ ئەمەس.
لېكىن ھەقىقىي بىر جەننەت ياسىماق،
رىۋايەتنى زېمىن ئۈستىدە كۆرۈش،
بولماسلىقى كېرەك بىر قۇرۇق ھەۋەس.
قورقۇمسىز كىشىگە بەخت ھامان ئامراق،
قورقاقتىن ھەرمەھەل قاچقىنى قاچقان.
پۈتۈن ئىنسان پەقەت بوۋاملا ئەمەس،
بوۋام باقى بولۇپ ئۆتكەن تەبىئەت،
كۆرمىڭ بوۋايلارنىڭ جاسارىتىنى،
كۆرۈپ ئۇلار ئۈچۈن قۇچقىن ئاچقان.

ھىلىھەم يېزىلار چىرايىدا توي،
تەبىئەت چاقچىقى بەزىدە ئاچچىق
بولسىمۇ مۆكچىيىپ كەتمىدى زامان.
قەيسەرلىك تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب،
يىگىتنى قولىدىن بەرمەيدۇ ھامان.
بەگگەنلەر ئۆتىدۇ، دەۋرىم كۆلىدۇ،
ئۇلارنىڭ چۆللەردە، سايدا، تاغلاردا،
مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئىزى قالىدۇ.
بىر - بىرلەپ كېتىدۇ جەڭچى مەيداندىن،
ۋە لېكىن ئۇلارنىڭ يىلتىزلىرىنى،
كۆرەرگە زېمىننىڭ كۆزى قالىدۇ.
بەزى يۈرەكلەرنىڭ خاتىلار تېگىدە،
يا قېنى ۋە ياكى ئىزى قالىدۇ.
بەزى يۈرەكلەرنىڭ ئىختىرالاردا،
كىتابتا، تارىختا، مىسرالىرىدا،
دىلنى سۆيۈندۈرەر سۆزى قالىدۇ.

ئادەم يىلتىزنى تۇتۇپ بىلمەك تەس،
ئۆلۈكلەر يىلتىزى تىرىكلەرگە يار،
ئاپىقلى بولىدۇ تىرىك قەلبىدىن.
ھازىر تىرىكلەرنىڭ يىلتىزنى ھەم،
تارىخ ئاپار بىر كۈن سۆيگەن خەلقىدىن.
بىراق، مەيلى قەلبىنىڭ ياكى زېمىننىڭ،
ئىچىدە يۇلغۇندەك ئۆز بالا بولغان.
ئاشىق ياشىغانلار ئالالايدۇ جاي.
لېكىن توۋا دەيمەن، ئۆزىنىلا دەپ،
ئەل ھۆلىنى كولاپ ئۆتكەن كىشىلەر
يەنە شۇ زېمىنغا كۆمۈلىدىكەن،
نومۇستىن ئەيمەنمەي، خىجىللىق تارتماي...

20

دۇرۇس، مۇنارلار يىلتىز دېيىلسە،
زورمۇ - زور ياسىغان ئەمەس خەلقىمىز.
زورمۇ - زور ياسالغان شاھ مۇنارلىرى،
غورۇرىمىز ئەمەس ياكى پەخرىمىز.
بەزىلەر مۇنار ۋە ھەيكەل تىكلەيدۇ،
ئۆز پەزىلىتىدىن تىرىك يۈرەككە.
بەزىلەرگە خەلق ئۆزى قويىدۇ مۇنار،
ۋە ئۇنى ئورايدۇ غۇنچە - پورەككە.
سوگخۇاجياڭ بويىدا تۇغۇلغان بىر ئەر،
يىلتىزىن خەينەنداۋ قويىندا كۆردۈم.
خۇگخۇ كۆلىدىكى چىلىشچانلارنىڭ،
ئىزىنى تەيخاڭشەن يولىدا كۆردۈم.
ئۇ شانلىق سەپەرنىڭ باھادىرلىرى،
قالدۇرغان ئىزلارنى تاغلاردا كۆردۈم.
كۆرەش سەركەردىسى، ئارىسلانلارنىڭ،
تەرىپىن باباۋشەن. باغلاردا كۆردۈم.

(ئاخىرى 196 - بەتتە)

# تەسۋىرلەش سەنئىتى ۋە بەدىئىي گۈزەللىك

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

مەن خالىدە ئىسرائىلنىڭ «چولپان» مەجمۇئەسىنىڭ ئىككىنچى سانىغا بېسىلغان «ئېىخ، هايات» ناملىق هېكايىسىنى ئوقۇپ، بۇ هېكايىنىڭ ماهىرلىق بىلەن سىزىلغان بىر پارچە نەپىس رەسىمگە، تەسىرلىك يېزىلغان لىرىك شېئىرغا، لەرزان ئېيتىلغان هايات ناخشىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى هېس قىلدىم. بۇ هېكايىنىڭ كىتابخانلارغا بەدىئىي زوق بېغىشلىيالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب بىلەن هېكايە ئاپتورىنىڭ بەدىئىي ماهارىتىنى ئىپادىلەيدىغان مۇهىم ئالاهىدىلىك زادى نېمە؟

ئاپتور ئۆزى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغان تۇرمۇشنى، ئادەملەرنى، شارائىتنى يازغۇچىغا خاس ئۆتكۈر كۆز بىلەن ئىنچىكە هەم چوڭقۇر كۆزىتىپ، تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتتىكى گۈزەللىكلەرنى ئېنىق كۆرەلىگەن. ئاپتورنى قاتتىق تەسىرلەندۈرگەن بۇ خىل گۈزەللىكلەر ئۇنىڭ تەسۋىرلەش ماهارىتى ئارقىلىق كىتابخانلارغا لىرىك تۇيغۇ بېغىشلايدىغان بەدىئىي گۈزەللىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. هېكايىدىكى مۇهىت، هالەت، پورترېت، هەرىكەت، دىئالوگ، تەپسىلات قاتارلىقلارنىڭ ئىنچىكە هەم چوڭقۇر تەسۋىرلەنگەنلىكى ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماهارىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

گۈزەللىك يەردىنمۇ، ئاسماندىنمۇ، تاغدىنمۇ، باغدىنمۇ، تاشقى دۇنيادىنمۇ، ئىچكى دۇنيادىنمۇ تېپىلىدۇ. بىراق ئۇنى ئېنىق پەرق ئېتەلەيدىغان كۆز هەممىلا ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ. گۈزەللىكنى بايقاش كىشىلەردىن، بولۇپمۇ يازغۇچىلاردىن سەممىي، ئەستايىدىل بولۇشنى، گۈزەللىك هېسسىياتىغا باي بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلەر، جۈملىدىن كىتابخانلار تەبىئىي گۈزەللىكتىنمۇ، بەدىئىي گۈزەللىكتىنمۇ زوقلىنىدۇ. بۇ خىل زوق ئۇلارغا گۈزەللىك هېسسىياتى، گۈزەللىك قارىشى بەخش ئېتىدۇ. شۇڭلاشقا سەنئەتكارلارنىڭ هاياتى گۈزەللىككە تەلپۈنۈش، گۈزەللىك ئىزدەش ۋە گۈزەللىك يارىتىش بىلەن ئۆتىدۇ.

گۈزەللىككە ئىنتىلگەن، گۈزەللىكنى هارماي ئىزدىگەن ئادەم ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ. گۈزەللىكنى چوڭقۇر كۆزەتكەن، ئېنىق كۆرگەن يازغۇچى ئۇنىڭ كۆركەم بەدىئىي سۈرىتىنى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ چىقالايدۇ. «ئېىخ، هايات» ناملىق هېكايىنىڭ ئاپتورى ئوت ئارشاڭدىكى تۇرمۇشتىن بەدىئىي گۈزەللىك يارىتىشتا، ئاساسلىقى، ئۆزىنىڭ شەيئى هەم هادىسىلەرنى چوڭقۇر، ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە تەسۋىرلەش ئىقتىدارىغا تايانغان.

مەلۇمكى، هېكايىدىكى تىپىك شارائىتمۇ، تىپىك پېرسوناژلارمۇ، ئاساسەن تەسۋىر ۋاسىتىسى ئارقىلىق يارىتىلىدۇ. شۇڭلاشقا تەسۋىرلەش سەنئىتى يازغۇچىنىڭ بەدىئىي ماهارىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ مۇهىم بەلگە هېسابلىنىدۇ. ئىقتىدارلىق يازغۇچىلار ئۆزلىرى تەسۋىرلىمەكچى بولۇۋاتقان هەر قانداق ئادەمگە ياكى ئۆزلىرى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولۇۋاتقان هەر قانداق مەنزىرىگە بىر نەزەر تاشلاپلا، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكنى نامايەن قىلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق بەلگىلىرىنى ئالاهىدە سەزگۈرلۈك بىلەن بايقىۋالالايدۇ ۋە ئۇلارنى ئىنتايىن جانلىق، ئوبرازلىق هەم نەپىس سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق روشەن ئىپادىلىيەلەيدۇ. يازغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتتىن تېپىلغان گۈزەللىكلەرنى ئەينەن ياكى ئىنچىكە تەسۋىرلەپ چىقىشلا ئەمەس. ماھارەتلىك يازغۇچى تەسۋىرلەش ۋاسىتىسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىكى گۈزەللىكنى، ئۆز غايىسىدىكى دۇنيانىڭ گۈزەللىكنى



نامايەن قىلىدۇ. بۇ خىل گۈزەللىكنى ئۆزى ياراتقان ئوبرازلار سىستېمىسىغا، بولۇپمۇ پېرسوناژلار ئوبرازىغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. بەدىئىي گۈزەللىك تەبىئىي گۈزەللىك بىلەن يازغۇچىنىڭ مەنىۋى گۈزەللىكىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىپ كېتىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يازغۇچى ھەم گۈزەللىكنى سۈرەتلىگۈچى ھەم گۈزەللىك ياراتقۇچىدۇر. ئۇنىڭ قەلىمى تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ سۈرىتىنى بەدىئىي گۈزەللىكنىڭ بوياقلىرى بىلەن تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ كۆركەم، تېخىمۇ يۈكسەك قىلىپ سىزىپ چىقالايدۇ. پەقەت مۇشۇنداق تەسۋىرلەش سەنئىتىلا ھەقىقىي بەدىئىي ماھارەت ياكى يازغۇچىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ.

«ئىبىخ، ھايات» ناملىق ھېكايىدە يارىتىلغان ئوبرازلار شۇ قەدەر ئىنچىكە ھەم چوڭقۇر تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەم كىشىلىك تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكلەرگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى ئالقۇنجاپ تۇرىدۇ. ئاپتور بىزنى دەسلەپ گۈلچەھرە، قاسىم دوختۇر قاتارلىق ئەسەر قەھرىمانلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ۋەقە يۈز بەرگەن جاي — ئوت ئارشىڭنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە ئۇ يەردە ياشاۋاتقان، داۋالىنىۋاتقان پېرسوناژلارنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇشى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن بىر خىل جانلىق ھەم گۈزەل بەدىئىي مۇھىتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالىمىز. ئاپتورنىڭ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان شەيئىلەر بىلەن ھادىسىلەرنى ئەتراپلىق ئىنچىكە، چوڭقۇر كۆزەتكەنلىكىدىن ھەممە ئۇلارنى تەسۋىرلەشتە يۈزە، تەقلىدى، قېلىپلىشىپ قالغان ياكى ئادەتتە ئاڭلىنىپ كەتكەن سۆز ـ جۈملىلەرنى قوللانمىغانلىقىدىن، ئىجادىيەتكە پۇختا تەييارلىق بىلەن كىرىشكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۆزىگە خاس ئىجادىي يولدا ماڭغانلىقىدىن ئىختىيارسىز قايىل بولىمىز.

ئاپتور ئۆز ھېكايىسىنى مۇنداق جۈملىلەر بىلەن باشلايدۇ: «بۇ يەرنىڭ تاغلىرى پاكار، ئىچ ـ ئىچىدىن يېنىپ تۇرغاندەك قىزىل، خۇددى ئاشۇ نامەلۇم ئىچكى ھارارەت تۈپەيلىدىن چوغقا ئايلىنىپ، ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىقنى قۇرۇتىۋەتكەندەك تاقىر، پەقەت قومساڭغۇ يانباغىر، چوڭقۇرلۇقلاردا سۇس رەڭلىك سۆك ـ سۆك، ئاق تىكەن، ئەۋلەك، سېسىق ئوتلار، قومدەك چېچەكلەيدىغان، بىليارت ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك كىچىك. ئەمما بەكمۇ قىزىل گۈل ئاچىدىغان ئاللىقانداق ئوت ـ چۆپلەر يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. ئاشۇ تاغلارنىڭ مەركىزىدىكى قىزىل، قارا، كۆلرەڭ، سۆسۈن، سېرىق رەڭلەردە تاۋلىنىپ تۇرىدىغان زور ئىككى چوققا ئوتتەك ئىسسىق. چوققىلار ئۈستىدىن گۈڭگۈرت پۇرايدىغان قىزىق ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ...» بۇ تەسۋىر خۇددى ئۇستا رەسسام تەرىپىدىن ئەڭ ئۇششاق كۆرۈنۈشلىرىگىچە ئېنىق قىلىپ سىزىلغان كۆركەم رەسىمگىلا ئوخشايدۇ. قاقاس تاغلىقنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى روشەن ئىپادىلەنگەن بۇ بىر پارچە بەدىئىي كارتىنىنى ئاپتور قەلبىدىكى گۈزەللىك ھېسسىياتىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس دەپ كىممۇ ئېيتالىسۇن؟!

گۈزەللىك ئادەتتە، سەت، يېقىمسىز، قوپال نەرسىلەرنىڭ ئارىسىغىمۇ يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ئۆزى تەسۋىرلىمەكچى بولغان ئوبيېكتىنى ئىنچىكە، چوڭقۇر كۆزەتمىگەن، ئەتراپلىق تەتقىق قىلمىغان، بولۇپمۇ گۈزەللىك ھېسسىياتىغا باي بولمىغان ئاپتورلار بۇ خىل گۈزەللىكنى ئوڭايلىقچە كۆرەلمەيدۇ ياكى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. «ئىبىخ، ھايات» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى پاكار، تاقىر، گىياسىز، قاقاس تاغلىقتىن گۈزەللىك تاپقان ھەممە بۇ خىل گۈزەللىكنى ھېكايىدىكى مۇھىت، ھالەت، كەيپىيات ۋە خاراكتېرلارنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغان. تۆۋەندىكى پارچە بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپات بىلەن تەمىنلەيدۇ:

«بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئاجايىپ. كۈن قىزىرىپ چىققاندىن تارتىپ غەربتىكى چوققىلار كەينىگە ئۆتۈپ غايىپ بولغىچە توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دەسلەپ پارچە ـ پارچە بۇلۇتلار قۇياش بىلەن ئويناشقاندەك، گاھ ئۇنىڭ يۈزىنى توسۇۋالسا، گاھ ئېچىۋېتىدۇ. بىر پارچە بۇلۇت قۇياش يۈزىگە تىكىلىپ تۇرغان ھامان توروكلاپ يامغۇر تۆكۈلىدۇ... بۇلۇتلار ئېغىرلىشىپ، ئاسمان كۆتۈرەلمەيۋاتقاندەك، پەقەت چوققىلار تىرەپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران كۆتۈرۈلىدۇ... تەرەپ ـ تەرەپتە تۈۋرۈكتەك ئېگىز قۇيۇنلارنى ھاسىل قىلىپ، قەغەز پارچىلىرى ۋە قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرنى ئاسماننىڭ قەرىگە ئاتىدۇ... پارلاق قۇياش ئاخىرى يەنە چوققىلار ئۈستىدە كۈلىدۇ.

پاكىز چايقالغاندەك، داغسىز ئاسمان ئاجايىپ ئېگىز، ئاجايىپ پاك كۆرۈنىدۇ. ئاسماننى باسقان بۇلۇت كىشىلەرنىڭ قەلبىنىمۇ بېسىپ تۇرغاندەك بىلىنىدۇ...»

مەن بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆزۈمنى گويا تاغلىق رايوننىڭ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھاۋا رايى مۇھىتى ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك سەزدىم. قۇلىقىمغا بوران شەپىسى كەلگەندەك، دىمىقىمغا يامغۇر ھىدى ئۇرۇلغاندەك، كۆزۈمگە جۇدۇن-چاپقۇن ۋە ھۆل-يېغىن ئىچىگە يوشۇرۇنغان تەبىئىي گۈزەللىك كۆرۈنگەندەك بولدى. ئوبرازلىق تىل ۋاستىسىدىن، بولۇپمۇ ئىستىلىستىك ۋاسىتىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن سىزىپ بېرىلگەن بۇ كۆركەم بەدىئىي كارتىنا كىتابخانغا چىنلىق تۇيغۇسى ۋە كۈچلۈك بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. شۇنداقلا ھېكايىنىڭ تۇرمۇش پۇرىقىنى كۈچەيتىپ، ئىستىلىستىك قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ.

يازغۇچىنىڭ پىكرىدىكى يىگىلىق بىلەن ئالاھىدىلىك، ئاساسەن، پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ھېكايىدىكى ئوبرازلار سىستېمىسىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدىغان پېرسوناژلارنى يارىتىشتا يازغۇچىنىڭ تەسۋىرلەش سەنئىتى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا ماھارەتلىك يازغۇچىلار پېرسوناژلار تەسۋىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە ئاساسىي كۈچىنى پېرسوناژلار تەسۋىرىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ.

«ئىبىخ، ھايات» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئونغا يېقىن پېرسوناژنى تەسۋىرلەپ، خاراكتېرى، سەرگۈزەشتىلىرى بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىغا يوشۇرۇنغان گۈزەللىكلەرنى ماھىرلىق بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن ئىنسانىي خىسلەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا، قۇدرىتىگە ۋە غالىبلىقىغا قىزغىن مەدھىيە ئوقۇغان.

ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ بەزىلىرى قوپال، غەيۋەتچى، ھەسەتخور بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان بىر خىل ئورتاقلىق مەۋجۇت. ئۇلار بەزىدە گۈلچېھرە بىلەن قاسىمنىڭ كەينىدىن سۆز-چۆچەك تارقىتىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا ھەسەتخورلۇقمۇ قىلىدۇ، لېكىن گۈلچېھرە بىلەن قاسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان مۇھەببەتنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئۇلارنى قىلچە خاپا قىلمايدۇ، بەلكى شادلىققا چۆمۈلدۈرىدۇ. ھېكايىدا گەرچە گۈلچېھرە بىلەن قاسىمنىڭ ئوت ئارىشاڭدىن ئايرىلىشى نىياز دەللوش بىلەن ئالتۇن چىشلىق ئايالغا كۆڭۈلسىزلىك، دەرد-ئەلەم ئېلىپ كەلگەنلىكى تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېسسىياتچان كىتابخان بۇ ئىككى پېرسوناژنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىكنىمۇ ئېنىق ھېس قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇلار گۈلچېھرە بىلەن قاسىم ئوبرازىدا ئەكس ئەتكەن گۈزەللىككە تەلپۈنگۈچىلەردۇر. ئۆزى تەلپۈنگەن گۈزەللىككە ئېرىشەلمىگەن بۇ پېرسوناژلارمۇ كىتابخانلارنى تەسىرلەندۈرىدۇ. قىسقىسى، «ئىبىخ، ھايات» ناملىق ھېكايىدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا جېنىمۇ، ھېسسىياتىمۇ، شادلىقىمۇ، قايغۇسىمۇ، ئارتۇقچىلىقىمۇ، يېتەرسىزلىكىمۇ بولغان، كونكرېت ھەم تەبىئىي ئادەملەر سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

مەلۇمكى، ھېكايىدىكى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، ئاساسەن، پورترېت تەسۋىرى، ئىچكى كەچۈرمە تەسۋىرى، ھەرىكەت تەسۋىرى، دىئالوگدىكى جانلىقلىق قاتارلىق بەدىئىي ۋاسىتىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. شۇڭلاشقا ھەرقانداق ئاپتورنىڭ بەدىئىي ئىقتىدارى مۇشۇ ۋاسىتىلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا ماھىر بولۇش-بولماسلىقتا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما بىزنىڭ بەزى ئاپتورلىرىمىز بەدىئىي ماھارەت بىلەن پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھازىرغىچە دېگەندەك ئايدىڭلاشتۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇلار، ئادەتتە، بەدىئىي ماھارەت يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەش ۋاسىتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا يېتەرلىك كۈچ سەرپ قىلمايدۇ.

«ئىبىخ، ھايات» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى بۇ جەھەتتە ئۆزىگە خاس يېڭى ھەم ئىجادىي يولدا مېڭىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. بىز ئۇنىڭ ئوت ئارىشاڭغا داۋالىنىش ئۈچۈن كەلگەن شەھەرلىك پاتەمخان مومايىنىڭ پورترېتىنى قانداق تەسۋىرلىگەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى: «... گاھ ئۇدۇلۇمدىكى شەھەرلىك مومايىنىڭ قورۇلۇپ كۆپكۆك تومۇرلىرى

چىقىپ قالغان بويىنغا، بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن ئوچاقلىق بەلكىلىرىگە، توققۇز ئوغۇل شوراپ قۇرتۇۋەتكەن قۇرسىقىدا ئازغىنە نەرسە بىلەن ئېسىپ قويۇلغان خالتىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان كۆكسىگە قارايمەن.»

بۇ بىر جۈملە تەسۋىردە گەرچە ئانىنىڭ قاش-كۆزى، ئېغىز-بۇرنى، قول-پۇتى، ئېگىز ياكى پاكارلىقى سۈرەتلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنىڭ قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. بۇ تەسۋىر بىزگە پېرسوناژلارنىڭ پورترېتىنى ئۇلارنىڭ بېشىدىن تارتىپ تاپىنىغىچە تەسۋىرلەيدىغان ئاپتورلارمۇ بېرەلمەيدىغان ئېنىقلىقنى بېرىدۇ. چۈنكى بۇ تەسۋىردە پېرسوناژنىڭ كۆزىگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئەڭ تىپىك ۋە ئۆزگىچە بەلگىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئاپتور ھېكايىدىكى تۇراخۇن بوۋاينىڭ پورترېتىنى ئۇنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق مۇھەببەت-نەپرىتى روشەن بۇ ئوبرازنىڭ خاراكتېرىنى ئېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن. تۇراخۇن بوۋاي ئۇرانە سۆيەتلىك خېزىرلارغا ئوخشىتىلمىغان، پەقەت ئۇنىڭ مۆشۈكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان ساغۇچ يېشىل كۆزلىرى بىلەن ئاپئاق ساقال-بۇرۇت بېسىۋالغان ئاغزىلا تىلغا ئېلىنغان. ئەمما ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە مۇشۇ قىياپىتى بىلەن چوڭقۇر ئىز قالدۇرىدۇ، ھەتتا بىزگە ئۇنىڭ «مۆشۈكنىڭكىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان ساغۇچ يېشىل كۆزلىرى»مۇ ئىنتايىن يېقىملىق سېزىلىدۇ. چۈنكى ئاپتور ئۆزىنىڭ پېرسوناژلىرىنى تەسۋىرلەش ماھارىتىگە تايىنىپ، گۈزەللىكنى بۇ ئوبرازنىڭ چىراي-شەكلىدىن ئەمەس، بەلكى روھىي دۇنياسىدىن. ئەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىدىن، ئەمگەككە، يۇرتقا ۋە خەلققە بولغان قىزغىن مۇھەببىتىدىن، ئۆزىگە خاس ئېسىل پەزىلىتىدىن تاپقان.

گۈلچېھرە بىلەن قاسىم دوختۇرنىڭ قەشقەرگە بېرىپ توي قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەچچە ۋاقىتتىن بېرى گۈلچېھرەنىڭ كۆيۈك ئوتىدا پۇچىلىنىپ، ھېسسىياتىنى يوشۇرۇشنىمۇ بىلمەي، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن خۇددى ئىگىسىگە سادىق كۈچۈكتەكلا ئەگىشىپ يۈرگەن نىياز دەلدۈشنى خاپا قىلىدۇ. ئاپتور نىياز دەلدۈشنىڭ ئەينى چاغدىكى ئازابلىق روھىي ھالىتىنى ئۇنىڭ پورترېتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «خاپىلىق ئۇنىڭ گۆشلۈك يۈزىدە، قېلىن كالپۇكلىرىدا، قىسىق كۆزلىرىدە شۇنچىلىك ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتىكى، پاڭگىدە يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.» ئاپتور بۇ يەردە ئوت ئارشاڭغا داۋالىنىشقا كەلگەن كىشىلەرنىڭ سۈيىنى توشۇپ يۈرىدىغان، ساقىيالىشىغا ھېچكىمنىڭ كۆزى يەتمىگەن گۈلچېھرەگە ئۇنتۇلماس ياخشىلىقلارنى قىلغان، ھېسسىياتىنى زادىلا يوشۇرۇشنى بىلمەيدىغان، ساددا ھەم ئاق كۆڭۈل نىياز دەلدۈشنىڭ قەلبىدىكى ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان چىراي شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ بىر جۈملە تەسۋىردە پېرسوناژنىڭ تاشقى دۇنياسى بىلەن ئىچكى دۇنياسى، تەبىئىي قىياپىتى بىلەن مەنىۋى ھالىتى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن.

ئاپتور ھېكايىنىڭ باش قەھرىمانى گۈلچېھرەنىڭ تاشقى گۈزەللىكىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «... كۆز ئالدىمدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر نازۇك قامەت پەيدا بولدى. ئېگىز، زىلۋا بىر چوكان. لىغىلداپ تۇرىدىغان ئاچ يېشىل ئىچ كۆڭلىكىنىڭ ئويمىسىدىن قاردەك ئاپئاق بويىنى، مەرمەردىن ئويۇپ ياسالغاندەك خۇشپىچىم بىلەكلىرى، بوۋاقلارنىڭكىدەك زىناقلىق بارماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بوش ئۆرۈلگەن چېچى يۇمۇلاق يەلكىسىدە قارا بۇلۇتتەك يېيىلغان. كۈندە قارايغان ساغلام پاچاقلىرى، مەيىن شامالدەك مېڭىشلىرى...» ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئىستىلىستىك ۋاستە — ئوخشىتىشتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان ئاپتور مۇشۇنداق ئىنچىكە پورترېت تەسۋىرى ئارقىلىق بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ گۈزەل بىر ئايالنىڭ سۈرىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

ئاپتور يۇقىرىدىكى تەسۋىرنىڭ كەينىدىنلا گۈلچېھرەنىڭ ئەينى چاغدىكى مۇرەككەپ روھىي ھالىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئۇنىڭ پورترېتىنى ئېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈپ، مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئۇزۇن كىرپىكلەر شەھلا كۆزلىرىدىكى ئەگسىز ھەسرەتنى يېرىم توسقان. پەقەت ئېقىپ چۈشكەندەك تۈز، چىرايلىق بۇرۇن ئاستىدىكى لەۋلەردە — بىر پارچە ئوتتەك، ئېچىلىپ تۇرغان گۈلدەك قىپ-قىزىل لەۋلەردىلا بىر خىل مەيۈسلۈك، ئىز تىراپ ئەكس ئېتەتتى. تۇرۇپلا بۇ مەيۈسلۈك سېزىلەر-سېزىلمەس مۇلايىم تەبەسسۇمغا ئۆزگىرىپ، مەڭزىلىرىگە

ئانار سۈيىدەك قىزىللىق يۈگۈرەتتى. چوڭقۇر ۋە روشەن زىنناقلار پارقىراپ كۆرۈنەتتى. شۇنداق ئولتۇرۇپلا، تويۇقسىز ئەندىككەندەك بولاتتى-دە، چىرايى مۇردىدەك ئاقىرىپ، تۇزاققىچە ھېسسىياتسىز قېتىپ قالاتتى. لەۋلىرى، بارماقلىرى تىترەيتتى. ناھايىتى ئۇزاقتىن كېيىنلا ئاستا-ئاستا ئېسىگە كېلەتتى.»

پېرسوناژنىڭ پورترېتىمۇ، روھىي ھالىتىمۇ، ھەرىكىتىمۇ تەسۋىرلەنگەن بۇ قۇرلاردىن گۈلچەھرەنىڭ رۇھىي دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئاپتور ئۆز قەھرىمانىنىڭ تاشقى دۇنياسىنى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئالامەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بەدىئىي ئەينەككە ئايلاندۇرالىغان.

يامغۇر يېغىۋاتقان گۈگۈم مەزگىلىدە گۈلچەھرە قاسىم دوختۇرغا ئۆزىنىڭ ئۇنى نىمە ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتىدۇ، لېكىن كۆڭلىدىكى جاۋابنى ئېرىشەلمەيدۇ. ئاپتور ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «قاراڭغۇدا ئۇنىڭ ئەگداشسىز گۈزەل قامىتى موماي لاردەك كۆرۈنەتتى. بەلكىسىدە بىرەر چوقىنى يۇدۇۋالغاندەك مۈكچەيگەندى.» ئۆزى كۈتكەن بەختكە ئېرىشەلمەي قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان بىر دەردمەن ئايالنىڭ ھەسرەتلىك روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ بەرگەن بۇ تەسۋىر كىتابخانلارنىڭ گۈلچەھرەگە بولغان ھېسداشلىقىنى قوزغايدۇ.

ھېكايىدىكى قاسىم دوختۇر ئوبرازىنىڭ قانداق تەسۋىرلەنگەنلىكىمۇ ئاپتورنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ماھارىتىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. ئاپتور قەلبىمۇ، چىراي-شەكلىمۇ شۇنچە گۈزەل بىر ئايالنىڭ ئاجايىپ يالقۇنلۇق مۇھەببىتىگە سوغ مۇئامىلىدە بولىۋاتقان بۇ دوختۇرنى بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقارمايدۇ. ئۇنىڭ پورترېتىمۇ، پسىخىكىسىمۇ، دىئالوگىمۇ تەسۋىرلەنمەيدۇ. قاسىم دوختۇرنىڭ چۈشىنىكسىز، ۋەھىمىلىك ھەرىكەتلىرى ھېكايىدا يارىتىلغان پېرسوناژلارنىمۇ، ھەتتا ھېكايىنى ئوقۇۋاتقان كىتابخانلارنىمۇ تىت-تىت قىلىدۇ، ئەجەبلەندۈرىدۇ. ئايالى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن قاسىمنىڭ پەرىزاتتەك بىر ئايالنىڭ تاغ ھاۋاسىدەك پاك، بۇلاق سۈيىدەك ساپ مۇھەببىتى ئالدىدا «يا كۆيمەي، يا ئۆچمەي ئۇنەپ تۇرغان چوغدەك» تۇرۇۋېلىشى، «بىر پارچە كۆمۈرچە كېتەك، تاشتەك تىلسىز، ھەرىكەتسىز» ئولتۇرۇۋېلىشى بېشىدىن ئۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇقلارنى ئۆتكۈزگەن تۇراخۇن بوۋاينىمۇ، كۆزلىرىدىن قايناق تامچىلار تۆكۈلىۋاتقان گۈلچەھرەنىڭ چىن قەلبىدىن تېشىپ چىقىۋاتقان سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ قالغان «مەن»نىمۇ غەزەپلەندۈرىدۇ. ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ھېچكىممۇ قاسىم دوختۇرنى يامان كۆرۈپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بەنىلا ئىنتايىن پەزىلەتلىك بىر ئىنسان سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. ئاپتور گەرچە ئۇنىڭ زادى نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇن ئازاب چېكىپ يۈرگەنلىكىنى تەسۋىرلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىز ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ تەسۋىرى بىلەن قاسىمنىڭ ھەرىكەت تەسۋىرىدىن بۇ پېرسوناژنىڭ روھىي دۇنياسىدىمۇ خېلى مۇرەككەپ توقۇنۇشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ئۇنى قارىسىغىلا ئەيىبلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى قىياس قىلالايمىز.

ئاپتور ئوت ئارشاڭغا داۋالانغىلى كەلگەن ئاياللار بىلەن تۇراخۇن بوۋاينىڭ دىئالوگ تەسۋىرىگىمۇ ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن. تۇراخۇن بوۋاينىڭ گۈلچەھرە توغرىسىدا پاتەمخان موماي ۋە باشقا ئاياللار بىلەن قىلىشقان گەپلىرى ئىنتايىن جانلىق ھەم ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. تۇراخۇن بوۋاينىڭ ئاغزىدىن زادىلا چۈشمەيدىغان ئوت ئارشاڭ توغرىسىدىكى گۈزەل رىۋايەتمۇ ئىنتايىن ئىخچام ھەم جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، كىتابخانغا كۈچلۈك بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ.

ئاپتور گەرچە ھېكايىدا يارىتىلغان تۇراخۇن بوۋاي، پاتەمخان موماي، ئالتۇن چىشلىق ئايال ۋە باشقا بىرقانچىلىغان پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگ تەسۋىرىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن گۈلچەھرەنىڭ يامغۇرلۇق گۈگۈم مەزگىلىدە قاسىم دوختۇرغا ئېيتقان گەپلىرىنى دېگەندەك تەبىئىي، جانلىق ھەم ئىشەنەرلىك چىقىرالماي قالغان، بۇ پېرسوناژنىڭ تىلى ئاپتور تەرىپىدىن ئارتۇقچە ياسىلىپ كەتكەن.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تىل قۇراللىرىدىن پايدىلىنىپ، شەيئى ھەم ھادىسىلەرنى ئىنچىكە ھەم چوڭقۇر تەسۋىرلەشنى ئۆگىنىۋېلىش ھەرقانداق يازغۇچىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپىنىڭ



# كېچىككەن سۆيگۈسۇ

(ھېكايە)

ئامانگۈل مامۇت



ئامانگۈل مامۇت 1966 ـ يىلى ئاقسۇ شەھىرىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر ئاقسۇ شەھەرلىك سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدە ئىشلىمەكتە.

ئامانگۈلنىڭ ئىجادىيىتى 1984 ـ يىلى «ئاقسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ياشلىقىمدا» ناملىق شېئىرى بىلەن باشلانغان. كېيىن ھېكايىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ھازىرغىچە ھەر قايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا «توي سوۋغىسى»، «قەبرە ئالدىدا» قاتارلىق بىر مۇنچە ھېكايە ۋە نەسىرلىرى ئېلان قىلىنغان.

— نادىرە سىزنىڭ خېتىڭىز . . .

ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن كېلىنىمنىڭ ئاۋازى خىيالىمنى بۇزۇۋەتتى. مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم، ئۇ قولىدىكى قېلىن بىر پارچە خەتنى ماڭا سۇندى. مەن خەتنى قولۇمغا ئېلىپ كۆزلىرىمنى پۇچۇرلىغا يۈگۈرتىشىم بىلەن يۈرىكىم ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەندەك دۈپۈلدەپ ئاغزىمدىن «ھېكمەت» دېگەن پەرىيادلىق ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

بۇ ئەسلىدە ئۇنىڭ خېتى ئىكەن ـ دە.

شۇ چاغدا كۆز ئالدىمدا ھېكمەتنىڭ مېنى بىكەتكە ئۇزىتىپ چىققان چاغدىكى ئۈمىدلىك كۆزلىرى نامايەن بولدى.

ئىلگىرى مەن مۇشۇ كۆزلەر ئۈچۈن قانچە ـ قانچە كېچىلەرنى يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك ياش تۆككەندىم ـ ھە؟ ئاھ . . . خۇدا! ئۇنى ئىمىشقا كېچىكىپ يولۇقتۇرغانسەن، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ئازابىنى تارتسۇن دەپمۇ، ئۇنداقتا مېنىڭ ياشلىقىم خاراب بولمامدۇ؟ ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ . . .

مەن خەتنى ئوقۇغىنىمچە ئۇزۇن ـ ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ قالدىم.

— نېمە بولدىڭىز نادىرە، بىر پارچە خەتنى كۆرۈپ شۇ قەدەر ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىز، قانداق خەتكەن ئۇ، سىزنى شۇنداق ئازابلىغان؟

مەن ئىستىك بېشىمنى كۆتۈردۈم، يېنىمدا كېلىنىم تۇراتتى، ئۇنىڭدا كېلىنىمنىڭ بارلىقى ئەمدىلىكتە ئېسىمگە كەلدى.

— ئىلتىماس قىلىمەن، سىز «سەن» دېمەي، «سىز» دەپ يېزىپ قويۇڭ؟ ئۆزىڭىزنى بۇنداق بىئارام قىلماڭ، — دېدى كېلىنىم مېھرىبانلىق بىلەن. مەن ئۇنىڭ سوئالىغا ھازىرچە جاۋاب بېرەلمەيتتىم، شۇڭا ئۇنىڭغا:

— سىزدىن ئۆتۈنەي، مېنى بىردەم يالغۇز قالدۇرسىڭىز . . . ، — دېدىم. كېلىنىم قېنىق دەملەنگەن بىر پىيالە چاينى ئالدىمغا قويۇپ ئاستا چىقىپ كەتتى. ئۇ نېمىلەرنى ئويلىدىكىن تاڭ ماڭا بەلگىسىز ئىدى. يۈرىكىمنى ئۇقتۇم. ئۇ تەقدىر تەرىپىدىن مۇجىۋىتىلگەن بەختسىز قىزلارنىڭ يۈرىكىدەك ئاجىز، ئەمما تەپتى كۈچلۈك سۆيگۈ ئوتى بىلەن ياناتتى.

«بولدى بەس نادىرە، ئۇنى ئۇنۇتقىن . . . ، — دېدىم، ئۆز - ئۆزۈمگە، — بىراق سۆيگۈ دېگەن زەرگەر ياسايدىغان بىزەك، كۆڭۈل دېگەن كۆيۈپلا ئۆچىدىغان تىزەك بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ كېتىشىم مۇمكىن؟ ياق! . . . ياق . . . ئەمدى ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن ئەمەس!»

مەن خەتنى ئاچتىم، قوللىرىم ئوت تۇتۇپ ئۆرغاندەك بىلىندى.

1

«سالام قەدىرلىك نادىرە! ياخشىمۇ سىز، ئەتىل كۆڭلىڭىز مەنىلىك ئۇنتۇۋاتامدۇ؟ . . . مەن ئۇززۇندىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن قەلب سىرلىرىمنى بۈگۈن سىزگە ئېيتىش ئۈچۈن مۇنۇ خېتىمنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن. خېتىمنىڭ بېشىدىلا سىزنى (قەدىرلىك) دەپ ئاتىغىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرەرسىز.

گەرچە ئىككىمىز بىرگە بولغان ۋاقىت ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ بىز بىر - بىرىمىزنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى خىيالىي كۆزلىرىمىز بىلەن كۆرۈپ بولغاندۇق.

- نادىرە، مېنى ئەپۇ قىلىڭ، خېتىم يەنە ناقىقا - تۇقىقۇ جۈملىلەر بىلەن باشلىنىپ كەتتى، بۇنداق يازسام خېتىمدە ئىپادىلىمەكچى بولغان ئاساسىي مەزمۇندىن چەتنەپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

مەن بىلىم ئېلىش ئىستىكى بىلەن گۈزەل يۇرتۇمنى تاشلاپ تىنچ تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن ۋاز كېچىپ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىزنى ئۇچراتتىم. مەن سىزنىڭ خىيالچان قارا كۆزىڭىزدە ئۆز ئەكسىمنى كۆردۈم، بۇ كۆزلەر ماڭا ھاياتلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنىلىرىنى ئۇقتۇردى، ئاھ! . . . نەقەدەر ئەھمىيەتلىك مىنۇتلار ئىدى - ھە ئۇ؟! . . .

مەن ئۆمرۈمدە ئۇززۇمنى ئۇنجى قېتىم بەختلىك ھېس قىلغان چاغلىرىم سىنتەبىر ئايلىرىنىڭ ھېلىقى شەنبە كۈنى سىزنى قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇنداۋقىنا ئولتۇرۇپ، نىمىلەرنىدۇ شۇرلاپ نوتا يادلاۋاتقان تۇرقىڭىزنى كۆرۈش بولدى، يېنىمدىكى يىگىتلەر سىزنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل چېھرىڭىزگە قاراپ ئۆزلىرىنى يوقىتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. سىز بىزگە (يالت) قىلىپ قارىدىڭىز. شۇ چاغدا يېنىمدىكى دوستۇم ۋەلى سىزنى كۆرسىتىپ:

— بۇنداق قىزلار ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ، چۈنكى ئەلمىساقتىن تارتىپ گۈزەللەردىن تالانتلىقلار ئاز چىققان، تۇرغۇن گۈزەللەرنىڭ بىلىمسىز، پەس ئارزۇ- ھەۋەسلەردىن خالىي بولالمايدىغان ئەرزىمەس ئىكەنلىكىنى ئۇچراتقاندىم، بىراق بۇ نادىرە يازغان بەزى لىرىك شېئىرلارنى خېلى داڭلىق شائىرلارمۇ يازالمايدۇ. مەن ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كامالەتلە يەتكەن گۈزەل، — دېدى.

ئادەملەرگە، بولۇپمۇ قىزلارغا تەلەپنى يۇقىرى قويىدىغان ياش ئوقۇتقۇچى ۋەلىنىڭ سىزگە شۇ قەدەر يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىگە ھەيران بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن سىزگە، سىزنىڭ كەسپىي شۇ قەدەر قىزغىن سۆيۈش روھىڭىزغا بىردىنلا قىزىقىپ قالدىم. كۆزلىرىڭىز ماڭا يات ئەمەس ئىدى. مەن تاكى شۇ كۈنگىچە خىيالىي دۇنيايىمدا ياشاپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئەمدى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بۇ گۈزەل شەھلا كۆزدىن ئۆز بەختىمنى كۆرۈشكە باشلىدىم.

ئاھ . . . ! مەن مۇشۇ يىگىرمە تۆت يىللىق ئۆمرۈمدە مۇشۇ كۆزلەرنى ئىزدىگەن، مۇشۇنداق قەلب ئىگىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن ئەمەسمىدىم؟ . . . مۇشۇنداق ئىلىم دېڭىزىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بىر پەرىزاتنى ئەقدىر ئىلاھىنىڭ شۇنچىلىك سېخىيلىق بىلەن ماڭا يولۇقتۇرغىنى ئۈچۈن ئەقدىرگە رەھمەت ئېيتماي تۇرالمايتتىم.

مەن ئۆمرۈمدە نۇرغۇن گۈزەل قىزلار بىلەن تونۇشقان، سىرداشقان بولساممۇ، ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ پەقەت ئائىلە ئۈچۈنلا ياشايدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ پۇلى كۆپ، كېلىشكەن يىگىت ئىزدەپ يېشى ئوتتۇزغا بېرىپ قالغانلىقىنى

ئۇچراتقانىدىم. بىراق ئۇنداقلارنىڭ ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالمايدىغانلىقىنى سېزەتتىم، ئۇنداق قىزلار مېنىڭ نەزەرىمدە ھامان ئەرزىمەس قىزلار ئىدى. مەن كەلگۈسى ئۈچۈن ياشايدىغان، ئىلىمگە بېرىلگەن سىزدەك بىر قىزنىڭ ماڭا نېسىپ بولۇشىنى كۈتكەن ۋە ئۈمىد قىلغانىدىم. شۇڭا سىزنى ئۇچراتقان كۈنۈمدىن بېرى ھاياتلىق ئۆزىنىڭ نەۋزەللىكىنى، ياشلىق ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى، كەلگۈسى ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ماڭا نامايەن قىلغاندەك بولدى. مەن خۇشاللىق ۋە ئازاب ئىچىدە تېگىرقاپ قالدىم، كۆزلىرىم دائىم كۆرۈپ ئادەتلىنىپ كەتكەن كىتابلار ۋە رەسىم سىزىش تاختىلىرىدىن ۋاقىتلىق زېرىكىشكە باشلىدى. ھەر دائىم ئىككىمىزنىڭ كەلگۈسى ھاياتىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم، كەلگۈسى بىز ئۈچۈن تولىمۇ گۈزەل ئىدى. شاد ـ خۇراملىققا چۆمگەن ئانا ۋەتىنىمىزدە مەن مەشھۇر رەسساملەرنى سىزىپ، قەھرىمان ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇنارىنى تىكلەيمەن، ئەۋلادلار ئۇنى ياد ئېتىپ، مۇھەببەت بىلەن ئەسلىشىدۇ. سىز بولسىڭىز يۈرەككە ئارام بەخش ئەتكۈچى نادىر شېئىرلىرىڭىزنى خەلقىمگە سوۋغا قىلىپ ئىنتىزار يۈرەكلەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرىسىز . . .

نادىرە سىزنى ئويلىسام چىن مۇھەببەت دۇنياسىدىكى يىمىرىلمەس بىر سىما كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ، بۇ سىما چىن مۇھەببەتنىڭ بۇلىقى، چىن ۋاپادارلىقنىڭ نامايەندىسى بولىدۇ . . .

سۆيۈملۈك نادىرە، يوشۇرمايمەن مەن شۇ كۈندىن كېيىن سىزنى يەنە كۆرۈشنى، ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. گەرچە بىزنىڭ ياتاق بىنايىمىز سىلەرنىڭكىدىن خېلى يىراقتا بولسىمۇ، مەن كۈندە بىر قانچە قېتىم شۇ بىنا ئەتراپىدا ئۆتەتتىم، بىراق سىزنى كۆرەلمەيتتىم. كېيىنكى ئۈچ ئاي ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما شۇ جەرياندا بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم.

كېيىنت ـ ژۇرناللاردىن سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنى كۆرگىنىمدە بىزگە بولغان مۇھەببىتىم ئېشىپ كۆچىيىشكە باشلىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىنىپتىكىلەر ماي بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرماقچى بوپتۇ، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا سىنىپ باشلىقىمىز ماڭا:

— ھېكمەت، ئەتىكى كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكىدە سەن بولمىساڭ بولمايدۇ، يېقىن دوستلىرىڭ بولغىنىدا تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇما، — دېدى.

بىلەمسىز نادىرە، مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىم سىز ئىدىڭىز، مەن پەقەت سىزنىلا تەكلىپ قىلىشنى خالايتتىم. شۇڭا مەن ئەتىسى ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى سىزنىڭ ياتاق بىنايىڭىزنىڭ ئالدىغا باردىم. ھاۋارەڭ سىرلانغان، ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىدىن سىزنى كۆردۈم. قىپقىزىل كۆڭلەكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان زېبۇ ـ زىننەتسىز، ئاق مەرمەردەك نازۇك بويۇنغا چېچىلىپ ياتقان تۇم قارا چاچلارنى كۆردۈم. نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتقانىكەنسىز. يېشىل تاشلىق خاتىرە ئۈستىدە قەلەم ئۇچلىرىڭىز ئەركىن چاپاتتى، مەن پەقەت ئەينەك رامكىلارغا ئېلىپ قويۇلىدىغان بۇ پەرىزاتنىڭ قەلەم تۇتۇپ خەت يېزىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەلمىدىم، بىراق ھەر قانچە قىلسامۇ بۇ بەربىر سىز ئىدىڭىز. نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلمىدىم. بىراق مېنىڭ كۈندىلىك خاتىرەمنىڭ شۇ كۈندىكى بەتلىرى سىزگە بولغان ئوتتەك ساپ مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي سىز دېرىزىدىن غايىب بولدىڭىز، مەن شۇ ھاۋارەڭ سىرلانغان دېرىزىگە قانچە ئۇزۇن باققانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئارقامدىن كەلگەن كۈچلۈك قولنىڭ دولامغا ئۇرۇپ:

— ھېكمەت، ئويۇن باشلىنىپ كەتتى . . . يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ سېنى ئىزدەپ مەكتەپ ئىچىنى بىر كېزىپ چىقىپتىمەن، — دېگەن سۆزلىرىدىن كېيىنلا ئۆزۈمنىڭ ئېچىچە قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى سەزدىم.

زالغا كىرگىنىمدە ھەممەيلەن يىغىلىپ بولغانىكەن. قىممەتلىك نادىرە! يوشۇرمايمەن شۇ بىر

كۆزۈن مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئويۇن باشلىناي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك ئېچىلىپ غۇنچە بوي، ئۇچىسىغا ئاق نېپىز، زەرلىك كۆڭلەك كىيگەن بىر پەرى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىدىن زالدىكى ياشلارلا ئەمەس بەلكى ياشانغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىختىيارسىز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. بۇ پەرى سىز ئىدىڭىز. شۇ چاغدا ئارقىڭىزدىن يەنە بىر ئاق كۆڭلەكلىك سىزنىڭ ياتاقدىشىڭىز ماھىرەمۇ كىرىپ كەلدى. زالدىكىلەر بۇ بىر جۈپ قىزلارغا قاراپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشتى. بىلمىدىم ئۇ قىزمۇ نېمىشقا سىزگە ئوخشاش كىيىنىۋالدىكىن؟ . . . شۇ مىنۇتتا سىز زالدىكىلەرگە چىرايلىق بىر ھۆرمەت قايتۇرۇپ، ئادەملەر ئارىسىدىن ماڭا ئوتلۇق نەزەر بىلەن باقتىڭىز، شۇ چاغدا مۇھەببەت، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ ئىرادىلىك قاراشلار ئالدىدا مېنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرىم تەسلىم بولدى. پۈتۈن بەدىنىم تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان شېرىن بىر ھۇشسىزلاندۇرغۇچى لەززەتكە چۆمدى. شۇ مىنۇتتا ئېرشات بىزگە بۇ كېچىلىككە قاتناشقانلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ نۆۋەت سىزگە كەلگەندە:

— بۇ قىزنىڭ ئىسمى نادىرە، تۆزى شائىرە. . . —

دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سىز ۋىللىدە قىزاردىڭىز.

ئاھ . . . نادىرە! سىزنىڭ شۇ تۇرقىڭىزنى تولۇق ئىپادىلەشكە بەكمۇ ئاجىزلىق قىلىۋاتىمەن. سىزنىڭ شۇ تۇرقىڭىز بىپايان ئاپئاق دالىدىكى قىزىل گۈل، قىزىل چوغلۇق ئىدى. بىراق مەن سىزگە تۈزۈككىنە قارىيالمىدىم. بىر ئازدىن كېيىن كۆپچىلىك مېنى گىتار بىلەن ناخشا ئېيتىشقا تەكلىپ قىلدى.

مەن ناخشا ئېيتالىغۇدەك ئەمەس ئىدىم، شۇڭا نەلەرگىدۇر قېچىپ كەتكىم كېلەتتى، مەن ناھايىتى خىجىل بولۇپ سىزگە قارىدىم، سىز ماڭا جاۋابەن: «ئېيتىڭ . . .» دېگەندەك ئوتلۇق كۆزلىرىڭىز بىلەن باقتىڭىز. مەن شۇ كۆزلەرنىڭ سېھرى كۈچى بىلەن ئاۋازىمنى بولۇشىغا چىقىرىپ «سۆيگۈ ناخشىسى»نى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئېيتتىم. كېيىن تانسا باشلاندى. كۆزلىرىم باشقۇرۇشۇمغا كۆنمەي پات - پات سىز تەرەپكە كېتەتتى، شۇ چاغدا سىزنى بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ يىگىت تانسىغا تەكلىپ قىلدى، بۇلارنىڭ بىرى ۋەلى مۇئەللىم، يەنە بىرى ئېرشات ئىدى. سىز خۇددى بۇنداق بولۇشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغاندەك لالىدەك لەۋلىرىڭىزنى سەل پۈرۈپ ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىزدە، ۋەلى مۇئەللىم بىلەن تانسىغا چۈشتىڭىز.

راست سىز تولىمۇ گۈزەل ئىدىڭىز، زالدىكى ئېرشاتتەك بەزى يىگىتلەر سىزگە ئاچ، شەھۋانە كۆزلىرى بىلەن قارىشاتتى. بەزى يىگىتلەرنىڭ سىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىڭىز، گۈزەللىكىڭىز ۋە سىز بىلەن تانسا ئويناشقا پېتىنالمايۋاتقانلىقى ھەققىدىكى سۆزلىرى ئىختىيارسىز قۇلىقىمغا كىرىپ قالاتتى. بەزى قىزلار سىزگە ھەسەت قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ھەسەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆرۈنۈشتە سىزگە دوستەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسلىكىنى سېزىپ تۇراتتىم. شۇ چاغدا سىز تانسا ئويناۋېتىپ ماڭا مىننەتدارلىق كۆزلىرىڭىز بىلەن باقتىڭىز.

«تانسىدىن مىننەتدارمۇ؟ ناخشىدىنمۇ؟» دېگەن سوئال كاللامغا كېلىپ قالدى، مەن ھەر قانچە قىلىپمۇ شۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدىم. كېيىن مەن سىز بىلەن تانسا ئويناش قارارىغا كەلدىم. نادىرە، بىلەمسىز، مېنىڭ ھېچقانداق قىزلارنىڭ ئالدىدا ئېگىلمەس قەددىم سىزنىڭ ئالدىڭىزدا، سىز پەرىشتەمنىڭ ئالدىدا يادەك ئېگىلدى. سىزنىڭ ھېلىقى ئوتلۇق قارىشىڭىز ماڭا يەنە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. مەن غەيرەتكە كەلدىم - دە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلدىم. تانسا ئويناۋېتىپ ئالقانلىرىم ئارىسىدىكى قاردەك ئاپئاق، مايسىدەك نازۇك بارماقلىرىڭىزنىڭ سەل - پەل تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم، ماڭا تۇرۇلۇۋاتقان ساپ تېنىقىڭىز

كوزلىرىمدە ياش، ۋۇجۇدۇمدا ئىشقى ئوتى ۋە سېغىنىش پەيدا قىلدى، ھەر بىر پىرقىرىغىنىڭىزدا قونىدۇز چاچلىرىڭىز مېنىڭ ئاتەش يېنىپ تۇرغان يۈزلىرىمنى سىيپىلايتتى، مۇشۇ مىنۇتلاردا مەن ئۆمرۈمدە تۇزۇمنى بۇنچىلىك بەختكە چۈمگەن ھالدا كورگەن ئەمەسمەن. بۇ بەخت بىر ئۆمۈر يالغۇز ئۆتسەم يېتىشكىدەك بەخت ئىدى، مەن كوزىڭىزگە تۇدۇل قارىيالمايتتىم، گۈزەل لاتاپەتلىك قىزلار نازۇك تەبىئەتلىك كېلىدۇ، مۇھەببەت تولىمۇ نازۇك نەرسە، بارماقلىرىڭىز تىترىگەچكە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى، مەن بۇلارنى سېزىپ: «نادىرەگە نېمە بولغاندۇ؟ . . . تۇمۇ ياكى بىرىگە . . . » دەپ ئويلىدىم. شۇ چاغدا مۇھەببەت ئىلاھى يېنىمغا كېلىپ: «ھېكمەت، قەلب سىرىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتقىن . . . قاچانغىچە ئۆزۈڭنى قىيناپ يۈرىسەن؟ . . .» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلدى. مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى ئاڭلاش ئۈچۈنلا:

— ئىسمىڭىز نادىرەمۇ؟ — دېيەلىدىم.

— ھەئە، نادىرە، — دېدىڭىز پەس ئەمما يېقىملىق ئاۋازدا، ئاخىرى تانسا ئاياقلاشتى، مەن سىزنى ياتىقىڭىزغىچە ئاپىرىپ قويۇشۇمنى ئىلتىماس قىلدىم. سىزمۇ خۇددى شۇنداق بولۇشنى كۈتكەندەك رازىلىقىڭىزنى بىلدۈردىڭىز. بىز ئۈن ـ تىنسىز ئاستا بىرگە ماڭدۇق. گەرچە بىز پاراڭلاشمىساقمۇ ھەر ئىككىمىز كوڭلىمىزدە بىر ـ بىرىمىزنى خىيال قىلىپ كېتىپ باراتتۇق. مەن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇشقا ئەسلا پېتىنالمايتتىم. سىز بىر چاغدا:

— ھېكمەت، رەسىمگە قىزىقىدىكەنسىز شۇنداقمۇ؟ سىزغان رەسىملىرىڭىزدە چوڭقۇر بەدىئىي تەپەككۇر، لىرىك ھېسسىيات بار ئىكەن، — دېدىڭىز. ئاۋازىڭىز تولىمۇ يېقىملىق چىقاتتى، مەن سۆزلىرىڭىزدىن ھەيران بولۇپ:

— سىز، مەن سىزغان رەسىملەرنى كۆرۈپتىكەنسىز ـ دە، — دېدىم. سىز سوزۈمگە جاۋاب بەرمەي، يىراق ـ يىراقلارغا قارىدىڭىز، ئاندىن قاپقارا بوستاندەك كىرپىكلىرىڭىزنىڭ ھىمايىسىدىكى بۇلاقتەك كوزلىرىڭىز بىلەن ماڭا باقتىڭىز. بۇ، ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇچى گۈزەل كوزلەردىن (خېلى بۇرۇنلا كۆرگەنمەن) دېگەن جاۋابنى كوردۇم. بىراق نادىرە سىزنىڭ شۇ چاغدىكى كوزلىرىڭىز ئىرادىلىك، ئەمما غەمكىن ئىدى. سىز شۇ كېچە ماڭا تولىمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلدىڭىز. يولدا كېتىۋېتىپ تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئالىملار، يازغۇچىلار، رەسساملار، شائىرلار ھەققىدە سۆزلىدىڭىز، مەن سىزنىڭ ئەقىل ـ پاراستىڭىزگە قايىل بولدۇم. سىز بىردىنلا قەدىمىڭىزنى توختاتتىڭىز، دېمەك بىز ياتىقىڭىز ئالدىغا كېلىپ قالغانىدۇق. مەن بولسام بۇ شېرىن سۆھبەتنىڭ ئاخىرلاشماسلىقىنى، كېچىچە يېنىڭىزدا تۇرۇپ سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى، ئىللىق شامالدا لەرزان يەلپۈنگەن قاپقارا قۇندۇز چاچلىرىڭىزنى كۆرۈشنى خالايتتىم. بىراق سىز غەمكىنلىكنى يوشۇرۇپ مەجبۇرى كۈلۈمسىرەۋاتقان قايغۇ ئىچىدىكى كوزىڭىز بىلەن ماڭا قاراپ:

— خۇش، ياخشى چۈش كورۈڭ! — دېدىڭىز.

مەن ئىلاجىسىزلىقتىن بېشىمنى لىڭشىتقىنىمچە سىز كۆزدىن غايىب بولغانغا قەدەر ئارقىڭىزدىن قاراپ تۇردۇم. بىز كۆرۈشۈش ۋاقتىنىمۇ بەلگىلىمەي خوشلاشتۇق، شۇ بىر كېچە مەندىن ئۇيقۇ قاچقانىدى، شۇ كېچە پۈتۈنلەي سىز توغرىلىق خىيال قىلدىم. سىز مېنىڭ غايەمدىكى قىز بولۇپ چىقتىڭىز شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ياشىشىم ئۈچۈن شەك ـ شۈبھىسىز ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئۆمرىنى رەسىمگە بېغىشلىغان مەجنۇننىڭ قەلبىدە نادىرە ئىسىملىك بىر لەيلى ياشاپ قالدى.

. بىز شۇنىڭدىن كېيىن تاكى كانىكۇلغىچە پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈشتۇق. مەن سىزنى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپ، سىز شېئىرىڭىزنى ئوتلۇق دېكلاماتسىيە قىلغىنىڭىزغا ئوخشاش، مەنمۇ سىزنىڭ شۇ چىرايلىق ئىسمىڭىزنى كۆڭلۈمدە مىڭ مەرتىۋە تەكرارلايتتىم.

ئاھ! . . . قىممەتلىك نادىرە، بۇ دۇنيادا مەن ھەقىقىي ياخشى كۆرۈشكە، سۆيۈشكە ئەرزىيدىغان سىزدىن باشقا ئىككىنچى بىر قىزنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ؟ . . .

نادىرە . . . مېنىڭ نادىرەم . . . ! مەن مۇھەببەتتىن ئايرىلالمايمەن، كىشىلەر ئاشىقلاردىن ئالىم چىقمايدۇ دېيىشىدۇ، مېنىڭچە بۇ يالغان، ئەگەر سىز مېنى شۇنداق قارىسىڭىز، پولشالىق ئۇلۇغ ئالىم كيۇرى خانىم مەن ئۇچۇن ئادىل سۆزلەيدۇ ئەلۋەتتە.

نادىرە، قىزىق پاراڭلار ئوتتۇرىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلۇغ ئالىملارمۇ تازا كامالەتكە يەتكەن چاغلىرىدا قىزلارغا كۆيۈپ قالدىمۇ؟ . . . ئۇلۇغ يازغۇچىلاردىن تولستوي، شېكسپىر، گيۇگو، گيوتىلارمۇ ئۆز ھاياتىدا شەخسىي مۇھەببەت ئۇچۇن ئۇرغۇن ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلدىمۇ؟ ئىنسان بار ئىكەن مۇھەببەت بولىدۇ، ئىنسان ئۇچۇن مۇھەببەت يۈكسەك قەدىر - قىممەتكە ئىگە.

سىزنى ئۇزاتقىلى بىر ئاي بولدى، مانا خەتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سىز بىلەن خوشلاشقان ئازابلىق مىنۇتلار كۆز ئالدىمدا ئېنىق گەۋدىلەندى، گەرچە سىز مېنىڭ سىزنى ئۇزىتىپ چىقىشىمنى رەت قىلغان بولسىڭىزمۇ، مەن سىزنى غايىبانە ئۇزاتتىم. مەن سىزنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇراتتىم.

سىز ئاپتوموبىلغا چىقتىڭىز، ئاپتوموبىل ئورنىدىن قوزغىلىشى بىلەن سىزنى ئۇزىتىپ چىققان تالاي كۆزلەر ئارىسىدىن يەنە بىر جۈپ كۆزنى ئىزدەيتتىڭىز. ئاخىرى تاپالمىغاندىن كېيىن كۆز ياشلىرىڭىزنى ئۇلاردىن يوشۇرۇپ بىپايان دالىغا قارىۋالدىڭىز، .مەن چىدىيالمىدىم. سىزنى ئۇزىتىپ تۇرغان يۈرىكىم ئايرىلىشنىڭ چىدىغۇسىز ۋە دەھشەتلىك ئازابى بىلەن مۇجۇلماقتا ئىدى. مەن ئىچىمدە: ‹خوش مېنىڭ پەرىيىم، سەن قەلبىمنىمۇ بىللە ئېلىپ كەتتىڭ . . . سېنى ئاللاغا ئاپىشۇردۇم. . .› دەپ ئاستا شىۋىرلىدىم.

سۆيۈملۈك نادىرە، سىز بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەر، سىزنى يىراقتىن كۆرۈپ گۈزەل رۇخسارىڭىزنى تاماشا قىلغان شۇ قىممەتلىك مەكتەپ ھاياتى نەقەدەر شېرىن - ھە! . . . ئۇنىڭ خىيالىي مەنزىرىلىرى نېمە دېگەن گۈزەل ۋە قەدىرلىك، بۈگۈنكىدەك ئايرىلىش ئازابىدىن تولغىنىپ ياتىدىغان تاڭ ئاتماس كېچىلەر قانداق قورقۇنچلۇق - ھە! مەن مۇشۇنداق ئازابلىق كېچىلەردە يۇلتۇزلارغا تەلمۈرۈپ سىز ئۇچۇن يازغان:

تەنھا يۇلتۇزسەن قەلبىم كۆكىدە،
سۆيگۈڭگە باغلانغان ئەسىرمەن غەمكىن.
ئوڭۇمدا - چۈشۈمدە گويا پەرىدەك،
ئالدىمدا نامايەن بولسەن تەمكىن . . .

دېگەن شېئىرىمنى ئىچىمدە ئاستا ياندۇرۇپ ئوقۇغىنىمدا كۆڭلۈم بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولىدۇ.

نادىرە، مەن سىزدىن ئايرىلغان مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە سىزنىڭ بەش پارچە رەسىمىڭىزنى سىزىپ چىقتىم. ئالدىنقى كۈنى شاڭخەي گۈزەل - سەنئەت ئىنستىتۇتىدىن كەلگەن ئاتاقلىق رەسسام جاڭ رۇڭ مېنىڭ سىزغان رەسىملىرىم ئىچىدە سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى تاللاپ، چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىدىغان مەشھۇر ماي بوياق رەسىملەر تىزىملىكىگە كىرگۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا مەن قوشۇلمىدىم. بۇ رەسىملەر ماڭا ھەمراھ ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى نازۇك تۇيغۇلار مېنىڭ قان - تومۇرلىرىمغىچە سىڭىپ كەتكەنىدى. مەن بۇ گۈزەل شەھلا كۆزلەردىكى غەمكىنلىكنىڭ سىرىنى بىلىشنى خالايتتىم. بۇ كۆزلەرگە ھەر بىر قارىسام ئازابلىنىمەن.

يەنە بىر ئىش مېنى بىئارام قىلىپ چوڭقۇر ئويغا سالدى. سىزمۇ نېمىشقا باشقا قىزلاردەك قولتۇقلىشىپ دوستلار بىلەن مەكتەپتىن ئويۇشتۇرغان كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتناشماي يالغۇز يۈرىسىز؟ نېمىشقا كۈن - كۈنلەپ خىيال بىلەنلا ياشايسىز؟ يالغۇزلۇق سىزنى ئازابلىمامدۇ؟ خىيال بىلەنلا ياشاشنىڭ سىرى نېمە؟ نېمىشقا كۆپ ۋاقىتلاردا مەن بىلەن ئۇچراشماسلىقنى ئۈمىد قىلىسىز؟ ھەرىكىتىڭىز

ئه‌ته‌ي شۇنداق بولسمۇ مۇهه‌ببه‌ت ئۇچۇن يارىتىلغان كۆزلىرىڭىز بۇنى ماڭا ئاشكارىلاپ قويدى. نادىره، مه‌ن غه‌مكىن بۇ قارا كۆزله‌ردىن يۈرىكىڭىزده ئۇرغۇن سىرلار يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى سېزىپ قالساممۇ، ته‌به‌سسۇم بىله‌ن كۈلۈمسىره‌شكه تىرىشقان لاللىده‌ك له‌ۋله‌ردىن هه‌ممىنى بىلىشكه تىرىشساممۇ ئۇرغۇن سوئاللىرىمغا ئېغىر خۇرسىنىش، هه‌سره‌تلىك كۈلكه بىله‌ن جاۋاب قايتۇردىڭىز. مه‌ن مۇشۇ ئۈزۈنغا سوزۇلغان سېغىنىشلىق ئه‌تىل كۈنله‌رده، ‹نادىره جه‌نۇبنىڭ هايات به‌خش باغلىرىدا نېمه ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ غه‌مكىن قارا كۆزلىرىنى بىر ئۇقتىغا تىكىپ، خىيالغا غه‌رق بولغان شۇ په‌رىشته‌م بىله‌ن يه‌نه دىدار كۆرۈشه‌له‌رمه‌نمۇ› ده‌پ ئويلايمه‌ن. بۇ خىياللار مىنى كۈنۈ ـ تۈن ئازابلىماقتا . . . يات ئارىدا قايتا يۈز كۆرۈشكىنىمىزده ئېچىچه بىر ـ بىرىمىزگه دېمىگه‌ن گه‌پلىرىمىزنى دېيىشه‌رمىز. بۇ دۇنيادا په‌قه‌ت ئىككىمىزلا بىر ـ بىرىمىز ئۈچۈن يارالغان. ئه‌گه‌ر سىز مېنىڭ مۇشۇ يالقۇنجاپ تۇرغان پاك، سه‌بىي مۇهه‌ببىتىمنى يه‌رده قويمىسىڭىز، بىز بىرلىكته ۋه‌تىنىمىزنىڭ گۈزه‌ل كه‌لگۈسى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قول تۇتۇشۇپ ئىشلىسه‌ك، ئۆزۈمنى چه‌كسىز به‌ختلىك هېس قىلاتتىم.

كېچىله‌رده يارنى ئويلاپ،
ئۇيقىدىن بىزارىمه‌ن.
سالىمىمنى يه‌تكۈزه‌مسه‌ن،
ئه‌ي سابا يارىمغا سه‌ن . . .

خه‌ير ـ خۇش، جاۋابىڭىزنى ئىنتىزارلىق بىله‌ن كۈتۈپ، هېكمه‌ت.»

مه‌ن خه‌تنى ناهايىتى ئه‌سلىكته ئوقۇپ تۈگه‌تتىم . . . كۆز ياشلىرىم بىله‌ن يۇيۇلغان به‌تله‌رنى قايتا كۆرۈشمۇ قىيىن ئىدى. هېكمه‌تنىڭ خېتىگه جاۋاب يېزىشىم تولىمۇ قىيىن تۇيۇلماقتا، سه‌ۋه‌بى ئۇنىڭ خېتىگه جاۋاب يېزىش ئۈچۈن هاياتنىڭ ئاچچىق خاتىرىلىرىنى يه‌نه بىر مه‌رته‌ۋه ئه‌سله‌شكه توغرا كېلىدۇ. قانداق قىلاي؟ ئۇنىسىز ده‌رد يۈرىكىمنى قامالاپ مىنى نه‌په‌س ئالغىلى قويمايۋاتىدۇ. مه‌ن يىغلىدىم، تولغاندىم، خۇددى يېتىم قىز كه‌لگۈسىدىكى به‌ختسىز ته‌قدىرى ئۈچۈن ئازابلانغانده‌ك، بۇ ياشلار كۆزلىرىمدىن ئه‌مه‌س يۈرىكىمدىن تۆكۈله‌تتى.

مه‌ن قه‌له‌منى قولۇمغا ئېلىپ هېكمه‌تنىڭ خېتىگه جاۋاب يېزىش ئۈچۈن ياشلىق ده‌ۋرىمنىڭ ئۆتۈپ كه‌تكه‌ن كۆڭۈلسىز خاتىرىلىرىنى يه‌نه بىر قېتىم ئه‌سله‌شكه تىرىشتىم.

. 2

«سالام قىممه‌تلىك هېكمه‌ت! ياخشىمۇ سىز؟ مه‌ن سىزگه نېمه ده‌پ يازاي؟ مه‌ن سىزنىڭ يالقۇنلۇق مۇهه‌ببه‌ت بىله‌ن يېزىلغان سۆيگۈ خېتىڭىزگه بېشىمنى تۆۋه‌ن سالغان هالدا: «سىز ئه‌مدى كېچىككه‌نسىز، تولىمۇ كېچىكتىڭىز، كه‌لگۈسىگه ئىشه‌نمه‌سلىك مىنى مۇشۇنداق جازالىدى، ده‌يمۇ؟ . . .
ياق، ياق هېكمه‌ت!

هه‌ممىنى يازغاندىكىن ته‌پسىلىي يازاي، خه‌تتىكى سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىشىم كېره‌ك. چۈنكى سىز هه‌ممىنى بىلىشنى خالايسىز. هه‌ممىنى يېزىش ماڭا تولىمۇ ئېغىر بولسىمۇ چىن يۈرىكىمدىن سۆيگه‌ن ئادىمىمنىڭ ئۈمىدىنى يه‌رده قويالمايمه‌ن.

هېكمه‌ت، مه‌ن مۇهه‌ببه‌تنىڭ نېمىلىكىنى بىلمه‌يتتىم. مه‌ن ئۇنى چۆچه‌كله‌ردىن، ئوقۇغان كىتابلاردىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بىر به‌ختسىز قىز ئىدىم. مېنىڭ هاياتىمدىكى ئه‌ڭ زور خۇشاللىقىم سىزگه، سىز بىله‌ن ئۇچراشقان مه‌كتىپىمىزنىڭ شۇ گۈلزارلىق باغلىرىغا باغلانغانىدى. شۇ مىنۇتلاردا كىشىنى هاياجانغا سالغان بارلىق يالقۇنلۇق سېزىمىلار مېنىڭ يۈرىكىمگه مۇجه‌سسه‌م بولغانده‌ك، شۇ تاپتا مېنىڭ قه‌لبىمده شادىيانىلىق بىله‌ن قايغۇ ـ هه‌سره‌ت، ۋىسال شادلىقى بىله‌ن هىجران ئازابى بىر ـ بىرىگه قوشۇلۇپ كه‌تكه‌ن بولسىمۇ، سىزگه بولغان ئۇنجى سۆيگۈم يه‌نىلا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىله‌شكه باشلىدى.

مەن يۈرىكىمگە تۇنجى مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاشتۇرغان، قەلبىمنىڭ مەڭگۈلۈك سىرىغا ئايلانغان شۇ قىممەتلىك مەكتەپ ھاياتىنى داۋاملىق ئەسلەپ تۇرىمەن. ئۈمىدسىزلىككە ئۇچرىسام، چارچىسام، ئىرادەم بوشىشىپ قالغان چاغلىرىمدا، مەن شۇ كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان بەختلىك مىنۇتلارنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆزۈمنى ئۈمىدۋار، كۈچلۈك ھېسابلايمەن، كۆزلىرىمنى كەلگۈسىنى كۆرۈشكە ئۆگىتىمەن.

قىممەتلىك ھېكمەت، مېنىڭ كىچىك چاغلىرىم بۆشۈك تەۋرىتىش بىلەن ئۆتكەنىدى. مەنمۇ قوشنىمىزنىڭ بەختلىك بالىلىرىدەك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. كىچىككىنە قەلبىمدە مۇشۇ تۆت تامنىڭ ئىچىدىن چىقماي بۆشۈك تەۋرىتىشكە قارىتا بىر خىل قارشىلىق پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - ئانامغىمۇ تۇيدۇرماي قوشنىمىزنىڭ قىزى بىلەن مەكتەپكە قېچىپ كەتتىم. شۇ چاغدىكى دادامنىڭ بىر جۈملە سۆزى ھازىرقىدەك قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايدۇ. كەچقۇرۇن مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم دادام ماڭا:

— قىز بالا دېگەن ھامان قازان بېشىنىڭ ئادىمى. ئەتىدىن باشلاپ يەنە مەكتەپكە بارىدىغان بولساڭ كۆرىدىغىنىڭنى كۆرىسەن، — دېدى. مېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشۇم ئۈچۈن دادام بىرىنچى بولۇپ قارشى چىقتى. تەلىيىمگە دوستۇم ئىلنۇرنىڭ ئاتا - ئانىسى بىزنىڭ ئائىلىگە خىزمەت ئىشلەپ مېنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. مەن ئوقۇش ھاياتىمنى قەدىرلىدىم. ياخشى ئوقۇپ ئۇستازلىرىمنى قايىل قىلدىم، بىراق تەرسا دادامنىڭ «قىز بالا ھامان قازان بېشىنىڭ ئادىمى . . .» دېگەن سۆزى مېنى ئازابلايتتى. لېكىن بۇ سۆز مېنى غەيرەتكە كەلتۈردى. مەن تىرىشتىم، تىرماشتىم، مەن شۇ چاغدا يازغان «ياشلىق»، «گۈلگە قاراپ» ناملىق شېئىرىم، «ئوقۇتقۇچىمنى ئەسلەپ» ناملىق نەسرىم مەكتەپتىكى ئۇستازلىرىم ۋە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ھېكمەت! شۇ بالىلىق غەمسىز دەۋرىمىز ئەجەب ياخشى چاغلار ئىدى - ھە؟! سىزمۇ ئەشۇ غەمسىز ياشىغان مەڭگۈ كەلمەسكە كەتكەن بالىلىق چاغلىرىڭىزنى خۇددى ماڭا ئوخشاشلا پات - پات ئەسلەپ تۇرامسىز؟ . . . مەن شۇ گۈزەل بالىلىق چاغلىرىمدا ئىلىمنىڭ سىر - ھېكمىتى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ گۈزەللىكىنى ناھايىتى لەززەتلىك بىر تۇيغۇ بىلەن ھېس قىلاتتىم. مەن رەسىمگە قىزىقاتتىم. مېنىڭ نەزىرىمدە پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى گۈزەل بىر رەسىم ئىدى، ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن مېڭە، كۆرۈش ئۈچۈن ئۆتكۈر كۆز كېرەك ئىدى. مەن تەبىئەتنىڭ ھېچكىم ھېس قىلمىغان ئەڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ھېس قىلىشقا، شېئىرىم ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشاتتىم. مەكتەپنىڭ كەڭرى، ئازادە مەيدانلىرىغا چىقىپ پوشكىن ۋە بايرۇن شېئىرلىرىنى يادقا ئالاتتىم. بىراق كېيىنكى كۈنلەردە ماڭا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى لۇتپۇللا مۇتەللىپ شېئىرلىرى بولدى.

قىممەتلىك ھېكمەت، مەن بالىلىق چاغلىرىمنى يېزىۋېتىپ «سىزنىڭ بالىلىق چاغلىرىڭىز نەلەردە ئۆتكەن بولغىيدى، بىز نېمىشقا شۇ چاغدىلا ئۇچراشمىدۇق؟ نېمىشقا شۇ چاغدىلا دوست بولۇپ كەلگۈسى ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشالمىدۇق؟» دەپ سورىغۇم كېلىدۇ. مەن مۇشۇلارنى ئويلىسام ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكۈنىمەن.

مەن قىز بولساممۇ شۇ چاغدىكى شوخلۇقۇم، كەپسىزلىكىم بىلەنمۇ دەرسلەردە ھەممە ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا ماڭاتتىم. ھەر ھەپتىدە ئون نەچچە كۇپلېت شېئىر يادلاشنى ئۆزۈمگە ۋەزىپە قىلغانىدىم. دادام ھەر دائىم مېنىڭ شېئىر يادلاۋاتقىنىمنى كۆرۈپ:

— بۇ ھېچ نېمىگە ئەسقاتمايدۇ، بۇ بالىلار جان بېقىشنىڭ يولىنى بىلمەيدۇ، بىزدىن كېيىن قالسا قانداقمۇ قىلار، ھەر يەكشەنبىنى قولدى بەرمەي ئوقەت قىلسا بولاتتى، — دەپ زارلىناتتى. دادامنىڭ نەزىرىدە ھەر قانداق نەرسە مال - دۇنيا، پۇلنىڭ ئالدىدا ئۆتەلمەيتتى.

مەن باللىق چاغلىرىمنى دوستۇم ئىلنۇر بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدۈم. ئىككىمىز كۆپ ھاللاردا كەلگۈسى توغرىلىق پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتۇق. بىزنىڭ بىرىنچى ئارزۇيىمىز ئالىي مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇش ئىدى. بىز شۇ يىلى تولۇقسىزنى پۈتتۈرۈپ تولۇق ئوتتۇرىغا كۆچتۇق. ئىلنۇر بولسا تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەنىدى. بىر كۈنى رەسىم سىزىپ ئولتۇرغىنىمدا ئىلنۇر يېنىمغا كېلىپ:

— قويغىنا، بىر دەم پاراڭلىشايلى، — دېدى.

— نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدىم، قەغەز، بوياق، قەلەملەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ ئالدى بىلەن كۆزلىرىمگە چۈشۈۋالغان چاچلىرىمنى ئارقىغا قايرىۋېتىپ:

— ماڭا بىرسى مۇھەببەت خېتى يېزىپتۇ، — دېگىنىچە ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى.

— كىم يېزىپتۇ؟ سەن نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭ؟ — سورىدىم مەن.

ئۇ بىردىنلا تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى، قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى توسۇپ تۇرۇپ:

— ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلدۇم، — دېدى ھاياجانلىق ئاۋاز بىلەن.

— نېمىشقا؟ — دېدىم ھەيرانلىق بىلەن.

— ئۇنىڭ ئىسمى شۆھرەت، ئۇ يىگىتنىڭ ماڭا ئۈچىنچى قېتىم تەلەپ قويۇشى، مەنمۇ ئۇنى ياقتۇراتتىم. ھە راست ساڭىمۇ بىر قانچىسى تەلەپ قويدىمۇ؟ ئۆزۈڭ نېمە دېدىڭ؟ .. . . — دەپ ئويۇقسىزلا سوراپ قالدى ئۇ.

توغرا يىگىتلەردىن بىر قانچىسى ماڭا تەلەپمۇ قويغان، مەن ئۇلارنىڭ خېتىنى كۆرمەستىنلا ئەركىن مۇئامىلىمگە بېرىپتىمەن، بىر كۈنى شۇ خەتنىڭ ئىگىلىرىدىن بىرى ماڭا:

— نادىرە، مەن سىېنى مەكتىپىمىزدىكى قىزلارنىڭ سەرخىلى، ئادەملەر قەلبىنى پسىخولوگىيە ئالىملىرىدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىراق سەن تېخىچىلا بالا ئىكەنسەن، كېيىن چۈشىنىپ قالارسەن، دېگەنىدى. مەن ئىلنۇرغا شۇلارنى سۆزلەپ بەردىم.

— راست ئەمەسمۇ؟ سەن ئوغۇللارغا نىسبەتەن بەكلا قاتتىق قول، — دېدى مېنى ئەيىبلىگەندەك قىلىپ، دېمىسىمۇ مەن ئوغۇللارغا نىسبەتەن رەھىمسىز، سوغۇق ئىدىم. مەن مۇھەببەتنى بىلمەيتتىم، مېنىڭ نەزەرىمدە مۇھەببەت ئىلنۇر بىلەن شۆھرەتتەك كەچلىرى قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ سەيلىلەرگە چىقىش، تانسىلارغا بىرگە بېرىش، بىر - بىرىنىڭ تاشقى گۈزەللىكىگە زوقلىنىش . . . ۋاھاكازالار . . . بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتىم.

بىلەمسىز قەدىرلىك ھېكمەت، سىزنىڭ ئوتلۇق قارا كۆزىڭىز ماڭا سۆيگۈنى ئۆگەتتى. ئەسلى ھەققىي مۇھەببەت ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. ئىلنۇر بىلەن شۆھرەتنىڭكىدەك ئەمەس ئىكەن، ئۇلارنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى بۈيۈك كىشىلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا خېلى ئارقىدا تۇراتتى.

قىممەتلىك ھېكمەت، ئىنسان مۇھەببەتنى ھەققىي چۈشەنگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدىكەن.

مەن شۇ كۈنلەردە سىزنى بىر ئۆمۈر سۆيەلمەيدىغانلىقىمنى بىلگەن مىنۇتلىرىمدا قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى بىلەمسىز؛ شۇ دەقىقىلەردە ھەر بىر ئۇچراشقىنىمىزدا يۈرىكىم چەكسىز ئازاب ئىچىدە تىپىرلايتتى. كۆز ئالدىمدىكى بارلىق نەرسە سىزگە، سىزنىڭ شۇ جەسۇر قامىتىڭىزگە ئۆزگىرەتتى.

مەن ھەر بىر ئۇچراشقىنىمىزدا يۈرىكىڭىزنى، چوڭقۇر مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىپ باققان قارا كۆزلىرىڭىز ئالدىدا جاۋابسىز يەرگە قارايتتىم.

قىممەتلىك ھېكمەت، سىزگە مۇنۇ خېتىمنى يېزىۋاتقان چاغلىرىمدا ئۆمۈرلۈك بەختسىزلىكىمنىڭ باشلىنىشى بولغان ئۆتكەنبىر ئايلىرى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. مەن شۇ يىلى ئۆتكەنبىردە تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىنىڭ دەسلەپكى ئەدەبىيات لېكسىيىسىنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى يېنىك ھەم تولىمۇ خۇشال ھېس قىلغان كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە. پەزىلەت مۇئەللىم يېنىمغا كېلىپ:

— نادىرە، تولىمۇ خۇشال كۆرۈنىسەنغۇ؟ مەكتەپتىن ئايرىلىش، ئۇستازلىرىڭنى، ساۋاقداشلىرىڭنى تاشلاپ كېتىش سېنى ئازابلىمامدۇ؟— دېدى. مەن

قاتتىق ھەيران بولۇپ:

— ئىملەرنى دەۋاتىسىز .پەزىلەت مۇئەللىم، مەن ئالىي مەكتەپكە بارىدىغانغا يەنە بىر يىل بارغۇ؟— دېدىم.

— خۇپسەنلىك قىلما نادىرە، ئوقۇشۇڭ كارامەت ياخشى ئىدى، ئىچىنارلىقى .شۇ... — دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھېچنەرسىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالدىم. مەن شۇنچە تۇتۇنۇپ سورىساممۇ ئۇ يەنە.

— ئالدىرىما، كېيىن بىلىسەن، — دەپ ماڭا ھېچنەرسىنى ئېيتمىدى. مەن شۇ كۈنى ئالدىراپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، ئىشىك ئالدىدا بىر كىچىك ماشىنا تۇراتتى.ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. راست، ئۆيگە مېھمانلار كەلگەنىكەن. ئۆيدىكىلەر ئۇلارنى كۈتۈش ئۈچۈن قويمۇسويۇپتۇ. مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم. قوي سويۇش بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈن خېلى چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى، شۇڭا بۈگۈنكى مېھمانلارنىڭ ھەقىقەتەن ئابرويلۇق مېھمانلار ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. كېيىن ھەممىنى ئۇقتۇم. دادام مېنى مەكتەپتىن ئايرىۋېلىپ، مەدەنىيەت يۇرتىغا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشقا چۈشۈش كۈنىنى بېكىتىپ بوپتۇ. ئۆيدىكىلەر بۇ ئامەتتىن چەكسىز خۇشال بولغان بولسىمۇ، مەن شۇ كىچە مەكتەپتىن ئايرىلىشقا زادىلا كۆزۈم قىيماي ئېزتىراب ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدۇم. مەن شۇ چاغدىلا پەزىلەت مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ھېكمەت، شۇنداق قىلىپ دادامنىڭ يېقىن ئاغىنىسى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى سابىر ئاكام مېنى مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. مەن شۇندىن ئېتىبارەن كۈنۈمنى كىتابلار بىلەن سىرداش بولۇپ ئۆتكۈزىدىغان بولدۇم. مەن ئۇزۇن ئۆتمەي ھىندىستان يازغۇچىسى گورشىن ناندانىڭ «بىر قىزغا مىڭ كۆز» ناملىق ئەسىرىنى كۆزلىرىم ياشلانغان ھالدا ئوقۇپ تۈگەتتىم. پاك سۆيگۈ، ھەق ئادالەت يولىدا ياشىغان ۋىجدانلىق سىگان قىزنىڭ بەختسىز تەقدىرى ئۈچۈن شۇنچىلىك كۆپ ياش تۆكۈپ ئازابلاندىم. ئۆيدىكىلەر سابىر ئاكام بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇپ، داستىخان چېچىپ ئۆتكۈزۈپ بوپتۇ. تەقدىر نېمىشقا بارلىق ئېغىرچىلىقلارنى ماڭا ھەدىيە قىلىدىكىن؟ قانداق قىلاي؟... مەن گەرچە ھەممىنىمىگە چىدىغان بولساممۇ، پەقەت بىرلا نەرسىگە زادىلا چىدىيالمىدىم، ئۇ بولسىمۇ يېقىندا تۇرمۇشقا چىقىش ئىدى. ئانام مېنىڭ ئىنىمسىز تۆكۈلۈۋاتقان ئاچچىق ياشلىرىمغا قاراپ ماڭا ئىچىنى ئاغرىتىپ دادامغا:

— دادىسى، بىچارە نادىرەگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن، تويىنى بىر يىلدىن كېيىن قىلساقمۇ بولاتتىغۇ؟... — دېگىنىدە، دادام ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— نېمە دەۋاتىسىلە، بىر يىلدىن كېيىن دەمسىلە؟ ياق، بىر ئاي كېچىكتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ. ئۇن يەتتىگە كىرگەن ئادەم كىچىكمۇ؟ . . . قىز بالا ئەردە ياخشى بولمىسا، يەردە دەپتىكەن. سابىر گۆھەرجانىڭ ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. يېڭىۋالساق چوڭلار ئالدىدا يۈزۈم چۈشۈپ كەتمەمدۇ! ئۇنى گېپىڭگە كىرگۈز، — دېگىنىنى ئاڭلىدىم.

ئانامغا ئىچىم ئاغرىدى. ئانا بولغان ئادەم گۇناھكارمۇ؟ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، شۇڭا ئانامغا:

— مەن قوشۇلاي، مەن سىزنىڭ كۆز ياشلىرىڭىزنى كۆرمەي، — دېدىم ئانامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— جېنىم قىزىم، دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ؟ قىز بالىنى ياتلىق قىلىش بىز ئاتا - ئانىلار ئۈچۈن پەرز دېگىنە بالام، — دېدى ئانام مەندىن رازى بولغان ھالدا بېشىمنى سىلاپ.

ئاھ، ھېكمەت! دادام ئۆز قىزىنىڭ كەلگۈسىدە بەختسىز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمىدى، ئۆزىنىڭ باشقىلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قېلىشىدىن قورقتى، شۇڭا كۆز ياشلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئاتا-ئانامنىڭ بۇ ئارزۇسىغا كۆنۈشكە مەجبۇر بولدۇم-دە، ئازاب پىيالىسىدىكى ھەسرەتلىك مەينى مەجبۇرى ئىچىۋەتتىم.

. . . مانا ئۈچ يىلدىن بېرى كىرىم بىلەن ياشاۋاتىمەن. مەن ئۇنى مۇھەببەتسىز ھايات بىلەن ئازابلىدىم. مەن ھېر دائىم گۇزەللىكىمنى ئۇنىڭدىن

يوشۇرۇشقا تىرىشاتتىم. مەندىكى گۈزەللىكلەر كىرىمگە مەنسۇپ ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ زوق بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرسەم باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتەتتىم، خاپا بولاتتىم. سىز ئۇنى چۈشەنمەيسىز، ئۇ ئاجايىپلا بىر يىگىت. ئۇ بىز تويى قىلغان دەسلەپكى يىللاردا ئەتىدىن كەچكىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلەلمەيتتىم. ئۇ مېنىڭ تاپقان پۇلغا كىتاب سېتىۋالغانلىقىمنى، بوش ۋاقتىم بولسىلا ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولماي شېئىر يېزىش، كىتاب ئوقۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ھېچ نەرسە دېمەيتتى. مەندىن خاپا بولسىمۇ ماڭا بىر نەرسە دېيىشكە پېتىنالمىسا كېرەك، مەن ئۇنىڭ ھەر دائىم ۋاقىت ئىسراپ قىلىپ بىكار يۈرگىنىنى، ئۆزۈمنىڭ بولسا ئۆگىنىشكە ۋاقىت يېتىشتۈرەلمەيۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ ئاچچىقىم كېلەتتى. بىر كۈنى مەن ئۇنىڭغا:

— كىرىم، سىزمۇ كىتاب كۆرۈڭ، كىتاب ئادەمنى دۇنيادا قانداق ياشاشنى نېمە ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگىتىدۇ، — دېدىم. ئۇ كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى لىڭشىتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ كىتابقا قىزىقىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمگە تامامەن ھۆرمەت قىلاتتى، مېنى ياخشى كۆرەتتى. بىر كۈنى ئۇ ماڭا بىردىنلا:

— نادىرە، سىز ماڭا ياشاشنى ئۆگەتتىڭىز، ھايات ئەسلىدە گۈزەل ئىكەن. مەن ئەمدى بۇرۇنقىدەك جىمغۇر ياشىمايمەن. ئىلگىرى سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىزنىلا كۆرگەن بولسام، ھازىر كۈندە سىزنىڭ نۇرغۇن قىزلارغا سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىرادىلىك ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ بىردىنلا ئويغاندىم. مەن سىزدىن پەخىرلىنىمەن، — دېدى ھاياجان بىلەن. ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق ھاياجانلىنىپ باقمىغانىدى. مەن ھەيران بولدۇم. ئىختىيارسىز كۈلگۈم كەلدى. دېمىسىمۇ كىرىم مېنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ياردەم قىلالمايتتى، لېكىن بۇنىڭغا پۇتلىكاشاڭمۇ بولمايتتى. ئۇ مېنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. بىراق مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيتتىم، كۆڭلۈل بېرەلمەيتتىم، دېمەك ئۇنىڭ مۇھەببىتى پاجىئەلىك ئىدى، پەقەت ئۇنىڭغا ئازراق ئىچىم ئاغرىيتتى.

مەن ئۇرمۇشلۇق بولۇپ ئۈچ يىلدىن كېيىن گۈزەل ـ سەنئەت ئىنستىتۇتىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا باردىم. مەن مەكتەپتە ئۇنجى دەرسنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدىكى خۇشاللىقىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. مەن شۇ كۈنلەردە مەكتەپ بىناسىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ: «مەن نېمە دېگەن بەختلىك؟ ئاللىقاچان ئىستىقبالىمنى يوقاتتىم دەپ ئويلىغان بىر ھېمايىسىز قىز بۈگۈن سەنئەت ئەربابلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇماقتىمەن. مەن ئەمدى، ئىلمىنىڭ تەگداشسىز كۈچ ـ قۇدرىتىنى، قەدىر ـ قىممىتىنى پۈتۈن دۇنيادىكى نادان ئاتىلارغىلا ئەمەس، بارلىق ئىلىمسىز ئاجىزلارغا جاكالايمەن» دەپ ئاۋازىمنىڭ بېرىچە ۋارقىرىغىم كەلدى.

مەن سىنتەبىرنىڭ بىر كەچلىكىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇلمايمەن. گۈللۈكتە يالغۇز ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتاتتىم، بىردىنلا نېرىدىن مۇڭلۇق ناخشا، يۈرەكنى تىترەتكۈچى گىتار ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. مەن يېقىملىق ناخشا ئاۋازىدىن بىر يىگىتنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقان سۆيگۈ ساداسىنى ئاڭلىدىم. ھېلىقى، ماھىر تەربىلىگەن رەسسام شۇمىدۇ؟ . . . قايسى بىر كۈنى ئۇ ماڭا زوقلىنىپ:

— ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى . . . چالغان گىتارىنى، يېقىملىق ناخشىلىرىنى دېسەڭچۇ؟ . . . — دېگەنىدى.

ئۆمرۈمدە نۇرغۇن ناخشىلارنى ئاڭلىغان بولسامۇ، ماڭا ھېچقانداق بىر ناخشا بۇنچىلىك تەسىر قىلمىغانىدى. بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ يۈرىكىم توختاپ قالغاندەك بولدى. ناخشا ئۈنلۈك باشلىنىپ بارا ـ بارا مۇڭ بىلەن پەسىيىپ قالاتتى، غەمكىن دىللارغا ئارام بېرەتتى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاستا ياتاققا ماڭدىم. شۇ چاغدا يېشىل شالاڭ دەرەخزارلىقتا قولىدىكى

گىتار تارىلىرىنى مۇڭلۇق پەدىگە چالغىنىچە چوڭقۇر خىياللارغا پاتقان، بۇدۇر چاچلىق، قارا قاشلىرى ئاق يۈزىگە خويمۇ ياراشقان بىر يىگىت كۆزۈمگە چېلىقتى بۇ، سىز ئىدىڭىز.

شۇ كۈنى ياتاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى سىرتقا چىقىپ كەتتى. شەنبە بولغىنىغا قارىماي ياتاقتىن سىرتقا چىقمىدىم، ئورۇنسىز خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كىتابنى قولۇمغا ئالدىم. بىراق ئوقۇيالمىدىم. قۇرلار ئارىسىدىن مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ جىمجىت كۆل سۈيىدەك تىنىق قەلبىمنى داۋالغۇتۇپ باراتتى. مەكتەپكە كەلگەندىن بېرى تۇنجى قېتىم مەندىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. مەن سىز توغرىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىدىم. ئۆزۈمگە نۇرغۇن سوئاللارنى قويدۇم، خىيالىي چۈشلەر بوشلۇقىغا بۆلەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن سىز مېنىڭ خىيالىمنىڭ مەزمۇنى بولۇپ قالدىڭىز، بىراق مۇشۇ ئويلىغانلىرىمنى، مۇشۇ گۈزەل خىيالىي چۈشلەرنى ھېچكىمگە دېمەسلىك، ئادەتتىن تاشقىرى قىزغانچۇقلۇق ۋە جۈرئەتسىزلىك بىلەن يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قېتىغا يوشۇرۇش قارارىغا كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھەپتە ئۆتۈپ بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن مەكتەپ گۈللۈكىدە ئولتۇرۇپ، كىتاب ئوقۇۋاتاتتىم، يول تەرەپتىن سىز، ۋەلى مۇئەللىم يەنە بىر يىگىت ئۈچىڭلار كېلىۋېتىپسىلەر، بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالدى. شۇ مىنۇتتا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان ئىللىق بىر سېزىم ئۆز ئىلكىگە ئالدى. سىلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سىلەرنىڭ شۇبھىسىزكى، مەن توغرىلىق سۆزلىشىۋاتقىنىڭلارنى سېزىپ قالدىم. شۇ كۈنى بىزنىڭ ياتاقتىكى قىزلار يىگىتلەر توغرىلىق پاراڭلىشىۋېپ سىز توغرىلىق كۆپرەك سۆز قىلدى. سىز بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان، مەكتەپتىكى قىزلارنىڭ «گۈلى» دەپ نام ئالغان ماھىرەمۇ:

— ھېكمەت ئاجايىپ يىگىت. ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك پاراڭلاشسىڭىز شۇنچىلىك خالايتتىمكى . . . ئۇنىڭ ئاۋازىدا بىر خىل جەلپ قىلارلىق سېھرى كۈچ بار، — دەۋەتتى. يوشۇرمايمەن ھېكمەت، سىز شۇ ئەقىل - پاراسىتىڭىز، قاملاشقان قامىتىڭىز بىلەن مەكتەپتىكى قىزلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ قالغانىدىڭىز. ئۇلارنىڭ سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا قانچىكى كۆپ بولۇشى، سىزگە شۇ قەدەر زوقلىنىشى ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان سەممىي مۇھەببىتىنىڭ بىشارىتى ئىدى. مەن بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن گۈللەرنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم، خىيال بىلەن گۈل ئارىلاپ يىراقلاپ كېتىپ قاپتىمەن، قويۇق ئورمانلىق ئىچىدە يىراقتىن ئۇشتۇمتۇت سىز كۆرۈندىڭىز. مەن شۇ سائەتتە سىز توغرىلىق بارلىق گۈزەل ھېسلىرىمنى — پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالغان ياشلىقنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرىنى بېسىۋېلىپ سىز تەرەپكە ماڭدىم. سىز پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن رەسىم سىزىۋاتقانىكەنسىز. شۇ مىنۇتتا سۆيگۈ ئىلاھى سەل كېچىكتۈرسىمۇ، غايەمدىكى رەسسامنى يولۇقتۇرغىنى ئۈچۈن ئۆزۈمنى خۇشال ھېس قىلاتتىم. يىراقتىن سىزنىڭ رەسىم سىزىشىڭىزنى كۆزىتىپ تۇردۇم. سىز گۈزەل بىر قىزنىڭ، ياق كىنو چولپىنى بولۇشى مۇمكىن، — رەسىمىنى سىزىۋېتىپسىز. رەسىمدىكى پەرىزاتنىڭ خىيالچان قارا كۆزلىرى بىر خىل ئوتلۇق ئىدى. سىز يۈرىكىڭىزدىكى بارلىق گۈزەل چۈشەنچىلەرنى مۇشۇ رەسىمنىڭ ھەر بىر تال سىزىقلىرىغا بەكمۇ ماھىرلىق بىلەن سىڭدۈرگەندەك قىلاتتىڭىز. مەن تېخىمۇ يېقىنلاپ ھەيران قالدىم، بۇ رەسىمدىكى مەنىغۇ؟ راستىنلا مەن ئىكەنمەن! مەن تېخىمۇ يېقىن بېرىشقا پېتىنالماي يىراقتىن رەسىمگە قادىلىپ تۇرۇپلا قالدىم ۋە ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ گۈزەل ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. سىز سىزىش ئۈچۈن قانداق قىلىپ مېنىڭ رەسىمىمنى تاللىۋالغانسىز. كۆرگەزمىگە قويۇش ئۈچۈنمۇ؟ . . . ياكى مۇنداقلا قىزىقىپ سىزدىڭىزمۇ؟ بىراق سىز رەسىمدىكى مېنىڭ كۆزلىرىمگە سۆيگۈ ئىزدەپ، چوڭقۇر مېھرىڭىز بىلەن گويا

شېرىن ۋىسالىغا تەلمۈرگەن پەرھادتەك تەلمۈرگەنىدىڭىز. مەن تولىمۇ ھەيران بولدۇم، ھەيرانلىق ئىچىدە ئاستا ئۆيۈش چىقارماي ئارقامغا قايتتىم. كېتىۋېتىپ قارىسام بىر چەتتە ماھىرەمۇ رەسىم سىزىۋېتىپتۇ. ئۇ نېمىنى سىزىۋاتىدىكىن؟ . . . ئۇ بىردە سىزگە تىكىلىپ قارىسا، بىردە رەسىم تاختىلىرىغا بىر نەرسىنى سىزاتتى. . . دېمەك ئۇ سىزنى سىزىۋاتقانىكەن. ئۇ سىزنى ناھايىتى ئوخشىتىپ سىزىپتۇ، مەشىق ئۈچۈن سىزغان بولسا كېرەك دەپمۇ ئويلىدىم. سىز شۇ سائەتلەردە ماھىرەگە مودېل بولۇپ ئولتۇرغىنىڭىزنى بىلمەيتتىڭىز. بىر چاغدا ماھىرە بىردىنلا ئازابلىق تولغىنىپ سىزنىڭ رەسىمىڭىزنى پۇرلىۋەتتى ـ دە، يىنىدىكى تېرەكنى قۇچاقلاپ ئۈنسىز ئاچچىق يىغلىدى . . . ئۇ سىزنىڭ مېنىڭ رەسىمىمنى سىزىۋاتقىنىڭىزنى بىلىپ قالغانىدى، كېيىن ئۇ، يىغىدىن توختاپ ئۆزى پۇرلىۋەتكەن رەسىمىڭىزنى چىرايلىق تۈزلىدى، باغرىغا باستى . . .

ئاھ، مەن نېمىنى كۆردۈم؟ بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئەمەسمۇ؟ ئۇ ئەسلىدە سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىكەن ئەمەسمۇ؟ . . . مەن بۇ مەنزىرىنى نېمىشقا كۆرۈپ قالغاندىمەن؟ مۇشۇ مەنزىرىنى كۆرمەسلىك، كۆرۈپ قالماسلىق ئۈچۈن قارغۇ بولۇپ قالسام بوپتىكەن . . .

مەن ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن بېرى ماھىرەنىڭ سىزگە زوق بىلەن قارىشىنى، تەربىيىڭىزنى كۆپ قىلغىنىنى، ئۇنىڭ سىزگە بولغان سەمىمىي ساۋاقداشلىق مۇھەببىتىدىن بولسا كېرەك دەپ خاتا مۆلچەرلەپتىمەن. دۇنيادا ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان ئاجايىپ مۇھەببەتلەر، ئاجايىپ ياخشى كۆرۈشلەر بولىدىكەن . . .

مەن راستىنلا ھەيران بولۇۋاتىمەن، چۈنكى مەن مەكتەپكە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماھىرەگە جاسارەت مۇئەللىمنىڭ ئاشىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. جاسارەت مۇئەللىم بۇ ھەقتە ماھىرەگە بىر قېتىم ئېغىز ئاچقانىدى. جاسارەت مۇئەللىم ماھىرەنىڭ ئوتىدا كۆيمەكتە. ماھىرە بولسا سىزنىڭ. بۇ نېمە دېگەن مۇرەككەپ قىسمەت ـ ھە؟ . . . بۇ بەئەينى بىر رومانىڭ ۋەقەلىكى . . .

مەن ھەيرانلىقىمنى زورغا بېسىپ ماھىرەگە تەسەللىي بېرىشنى ئويلىدىم، بىراق ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللىي بېرەرمەن؟ . . . قەلب شۇ قەدەر تەرسا نەرسىكى ئاخىر . . . بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزلارنىڭ ئازابلانغان يۈرىكىگە قانداقمۇ تەسەللىي بەرگىلى بولسۇن. ياخشى كۆرۈشنى تەسەللىي بىلەن پەسەيتكىلى بولمايدىغۇ. ئۇنىڭ بىردىن ـ بىر چارىسى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئادەمنى ۋىسالىغا يەتكۈزۈش.

مۇشۇ يىل قىشلىق كانىكۇلنىڭ ھارپا كۈنى ھېلىمۇ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. شۇ كۈنى كەچتە بىر نەچچە فاكولتېت ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپنىڭ چوڭ زالىغا جەم بولدۇق. مەن بىر ئاز كېچىكىپ كىردىم. ئارقىدىنلا ماھىرە كىردى. خۇددى دېيىشىپ قويغىنىمىزدەك ئۇمۇ مېنىڭكىگە تاماھەن ئوخشايدىغان قىپقىزىل يۇڭ



كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، ھەتتا ئاياغلىرىمىزغىچە تامامەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. زالدىكىلەر ئىككىمىزگە قاراپ ھەيران قېلىشتى. مەنمۇ ماھىرەنىڭ خۇددى ماڭا ئوخشاش كىيىنىپ كىرگىنىگە ھەيران بولدۇم. شۇ مىنۇتتا مېنىڭ كۆزلىرىم سىزنىڭ ئىنتىزارلىق قارا كۆزلىرىڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سىز كۆزلىرىڭىزنى مەندىن ئۈزمەيتتىڭىز. ئەكسىچە ماھىرەگە پەرۋاسىز قىياپەتتە پەقەت بىرلا قېتىم قارىدىڭىز. شۇ كۈنى ئۇ تولىمۇ غەمكىن ئىدى. سىز پەقەت مەن بىلەنلا تانسا ئويناندىڭىز، مېنىڭ كۆزلىرىم ماھىرەدە ئىدى. ئۇ سىزنىڭ مەن بىلەنلا بولۇپ كەتكىنىڭىزنى كۆرۈپ ئازابلىنىۋاتاتتى. بىراق جاسارەت مۇئەللىم ئۇنى يات - يات تانسىغا تەكلىپ قىلاتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تېخىمۇ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالاتتىم. ئاخىرقى قېتىم ۋالىستا ماھىرە سىزنى تانسىغا تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ سىز تەرەپكە ماڭدى. سىز بۇنىڭدىن خەۋەرسىز مېنى تەكلىپ قىلدىڭىز. شۇ مىنۇتتا ماھىرە كۆزلىرىگە لىق تولغان ياشلىرىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇپ زالدىن چىقىپ كەتتى. مېنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچىم ئاغرىدى - دە، سىزگە:

— ماھىرە بىلەنمۇ تانسا ئوينىسىڭىز بولاتتى. ئۇ ياخشى قىز، — دېدىم. سىز مېنىڭ تومتاقلا قىلغان سۆزلىرىمنى چۈشەنمەلمەي ماڭا ھەيرانلىق كۆزلىرىڭىز بىلەن قاراپ:

— نېمىشقا بۇنداق دەيسىز؟ سىز بىلەن تانسا ئوينىشىمنى خالىمامسىز؟ . . . ئۇنداقتا ھېچكىم بىلەن ئوينىماي، سىزنى يىراقتىن كۆرۈپ ئولتۇراي. مەندىن بىزار بولدىڭىزمۇ؟ — دېدىڭىز، ئاۋازىڭىز ئازاب ئارىلاش تەمكىن چىقاتتى.

— ياق، ياق سىزدىن بىزار ئەمەسمەن، — دېدىم تەسلىكتە. مەن سۆزلىرىڭىزدىن ماھىرەنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى سېزىپ، تېخىمۇ ئازابلاندىم، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ئەيىبلىمەيمەن. مەن زالغا سىزنى دەپلا، سىزنىڭ گىتارىڭىزنى ئاخىرقى قېتىم ئاڭلاش، سىز بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈنلا كىرگەنىدىم.

ئولتۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىز زالدىن بىرگە چىقتۇق. ئاپئاق قار قاپلىغان يولدا ئاستا مېڭىپ كېشىلىك ھايات ۋە كەلگۈسى توغرىلىق سۆزلەشتۇق. سۆز ئارىسىدا سىزنىڭ ماڭا راستىنلا ھەقىقىي ئاشىق ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم. گەرچە لەۋلىرىڭىز ئەنەي يوشۇرۇشقا تىرىشقىنى بىلەن يۈرىكىڭىز ئاشكارىلاپ قويدى.

سىز ھاياتقا بەكمۇ ئۈمىدۋار قارايتتىڭىز. سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىغىنىمدا ئۆزۈمنى چەكسىز ئىستىقباللىق ھېسابلايتتىم. ھايات تولىمۇ گۈزەل، ئەتراپتىكى بارلىق نەرسە مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى. ھاياتلىقتىن ئۈمىد ئۈزگەن بىچارە ئادەم سىزنىڭ چەكسىز ئۈمىد بىلەن تولغان سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلىسا، ياشاشقا، خۇشاللىق ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشاشقا بەل باغلايدۇ.

مېنى كەچۈرۈڭ قىممەتلىكىم، سۆزۈمدىن چەتنەپ كېتىپتىمەن. راست شۇ كېچە تەبىئەت تولىمۇ گۈزەل ئىدى، مۇبادا مەن يازغۇچى بولغىنىمدا ئاي نۇرىدا كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان ئاق قارلارنى، ئاق شايىدىن كۆڭلەك كىيىپ، تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن تەبىئەتنى سىزگە تولۇق تەسۋىرلەپ بەرگەن بولاتتىم. شۇ كېچە بىزنىڭ دىلىمىز سۆيگۈ لەززىتى بىلەن تولغانىدى، شۇ چاغدا بىردىنلا سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرى سېرگى يېسىنىنىڭ:

شائىر بولۇپ دۇنياغا كەلدىم،
شائىر كەبى سۆيەمەن سېنى . . .

دېگەن شېئىرىنى ئۆز ھېسسىياتىم بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىچىمدە شېئىرلاپ ئېيتتىم. بىز شۇ كېچە تارىختا ئۆتكەن شائىرلار، ئۇلۇغلار ھەققىدە پاراڭلاشتۇق. بىز شۇ كېچىدىلا ئۆزىمىزنى پەقەت بىر - بىرىمىز ئۈچۈنلا يارالغاندەك ھېس قىلىشقانىدۇق.

بىز قارلىق يولدا بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئايلاندۇق، بىزنىڭ ياتاق بىنايىمىز تەرەپكە قايرىلىشىمىزغا ئىككىمىزنىڭ ئارقىسىدىن كۆرۈنەر - كۆرۈنمەس كېلىۋاتقان ماھىرەنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئىختىيارسىز

ئېچىشىپ كەتتى. سىز بۇنى كۆرمىدىڭىز. سىز ھەممىنى ئۇنتۇغانىدىڭىز . . . مەن شۇ چاغدا ماھىرەنىڭ ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان گويا مەۋھۇم سايىدەك سىماسىنى كۆرۈپ ئىچىمدە: «خۇدا! ھېكمەت بىلەن ئىككىسىنى بەختلىك قىلغىن . . .» دەپ ئاللادىن سىلەرگە بەخت تىلىدىم.

ھېكمەت، مېنىڭ قىممەتلىكىم! خەتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزۈمنى سىز بىلەن شۇ گۈزەل قارلىق يولدا بىرگە كېتىپ بارغاندەك سېزىۋاتىمەن. ئەپسۇسكى بىز ئۇزۇن ئۆتمەي خوشلاشتۇق، مەن سىزنى ياشقا تولغان كۆزلىرىم بىلەن ئۇزاتتىم. بۇ ياش بەخت ۋە خۇشاللىق يېشى ئىدى. مەن شۇ كۈنى شادلاندىم، كۈلدۈم، يىغلىدىم...

قىممەتلىك ھېكمەت، مەن سىزگە ئاشىق ئەمەسمەن، بىراق بۇ دۇنيادا پەقەت سىزگىلا ئاشىق بولۇشۇم، سىزنى ھەقىقىي سۆيۈشۈم كېرەكلىكىنى سېزىۋاتىمەن. ئەپسۇسكى سىزگە ئاشىق بولۇشتىن، سىزنى ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغىچە سۆيۈشتىن ئەبەدىي مەھرۇم ئىكەنلىكىمنى ئويلىغىنىمدا، بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمنى ئۆزۈمنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىمگە بېغىشلاش، كەلگۈسۈمنى شۇنىڭدىن ئىزدىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىۋاتىمەن.

بىراق ھېكمەت مېنىڭ خۇشاللىقىم ئۇزۇنغا بارمىدى، پەقەت سىز بىلەن بىرگە بولغان بىر قانچە سائەتلا بولدى. ئەتىسى بىچارە كىرىمنى ئويلاپ يۈرىكىم ھەسرەتلىك مۇجۇلۇشقا باشلىدى، چۈنكى مەن بىر ئەرنىڭ ئايالىغۇ؟ بىز ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى سۆيۈش، ياخشى كۆرۈش ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇمغۇ؟

قىممەتلىكىم ھېكمەت!

مەن ھازىر بىزنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىشىمىزنىڭ راستىنلا رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى، بۇنىڭدىن كېيىن يالغۇزلۇق ۋە سېغىنىشنىڭ پىراقىدا كۆيىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا كۆز ياشلىرىم يەنە تۆكۈلۈشكە، يۈرىكىم ئۆزۈنسىز ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى، جانسىز قوللىرىمدىن قەلەم چۈشۈپ كەتتى. مەن كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈۋېتىپ شۇنى ئېنىق چۈشەندىمكى، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى مۇھەببەت ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ قويندا زار - زار قاخشاپ كەلمەكتە. ئادەملەر دائىم ئادەمگەرچىلىك، مۇھەببەت، گۈزەللىك بىلەن پاكلىقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى ۋە شائىرلار قەلەم تەۋرىتىشتى، مەدداھلار قىسسە سۆزلەشتى. لېكىن قايسى بىرى مۇھەببەت ئۈچۈن بىزگە ئوخشاش ئىسسىق يېشىنى تۆكۈپ باقتى؟ . . . قايسى بىرى پاكلىقنى بىزگە ئوخشاش ھۆرمەتلەپ باقتى؟

مەن ئۆمرۈمدە ۋاقىتسىز تۇرمۇشقا چىققىنىم ئۈچۈن تۇنجى قېتىم پۇشايمان قىلدىم. مەن مۇشۇنداق ئىزتىراپ ئىچىدە ياشاۋاتقان مىنۇتلىرىمدا دوستۇم ئېلنۇرنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىسى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئېسىڭىزدىمۇ ھېكمەت! سىز بىزنىڭ ياتاقتا ئېلنۇرنىڭ بىر پارچە خېتىنى كۆرۈپ، ئۇنى مەندىن سورىغانىدىڭىز. ئۇ ۋاقىتتا سىز شۇنچە ئۆتۈنۈپ سورىغان بولسىڭىزمۇ، دوستۇم ئېلنۇر توغرىلىق سۆزلەپ بېرىش ماڭا تولىمۇ ئېغىر ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىدىكى سولغۇنلۇق يوقىلىپتۇ، دائىم غەمكىن، ياش پىلدىرلاپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىدە ئەمدى كۈلۈمسىرەش پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئەمدى ۋاپاسىز يولدىشى شۆھرەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىپلاس نەرسىلەردىن، ناچار ئىللەتتىن، ئۇنىڭ رەھىمسىز ۋەھشىلىكىدىن يىرگىنىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ بۇ جەسۇرلۇقى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمغىمۇ كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئېلنۇر توغرىلىق ئەمدى سۆزلەپ بەرسەممۇ كېچىكمەيدىغاندەك قىلىمەن. ئېلنۇر بىلەن ئىككىمىز كىچىك چاغلىرىمىزدىن تارتىپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئۇزۇن يىللىق سىرداش دوستلاردىن ئىدۇق. مەن ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. بىز ياخشى ئۆتۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. كېچىكتۈرۈپ ئوقۇشقا كۆزۈم قىيمىدى. خەتنى ئېچىپ، مۇنۇ قۇرلارنى كۆرۈپ تىكىرقاپ تۇرۇپلا قالدىم.

«نادىرە! بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنىڭ بۇنداق

ساختا دوستلۇق بولۇپ قبلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىكەنمەن. مەربىيەدىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ ساڭا چەكسىز نەپرەت ئوقۇدۇم. مەن شۆھرەتنى ياخشى كۆرمەن. ئىككىمىزنى ئايرىۋەتمەكچى بولغان ھەر قانداق ئادەمگە يۈز ـ خاتىرە قىلمايمەن. خۇش، مېنى ئىزدىمە. ساڭا نەپرەتلىنىمەن. ئىلنۇر).

بۇ قانداق خەت؟ ئۇنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ مەسلىھەت كۆرسەتكىنىم گۇناھمۇ؟ شۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىلنۇرنىڭ تويى بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ بىر قانچە يىل ئىلگىرىلا چاقچاق ئارىلاش ئوينىتاق قارا كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ:

— مەن توي قىلغاندا سەن مېنىڭ قىز قولدىشىم بولسەن جۇمۇ! — دەپ يۈزۈمنى يىنىككىنە چىمداپ قويغىنى ئېسىمگە كەلدى.

قەدىرلىك ھېكمەت، مۇھەببەت شۇنچىلىك شەخسىيەتچىل نەرسىمىدۇر؟ بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزلارنىڭ ھەممىسلا ئاتا ـ ئانىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى، دوستلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يىگىتىگە تەقدىم قىلىۋېتەمدىغاندۇ؟ مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس! دوستلۇق دېگەن دوستلۇق. مۇھەببەت دېگەن مۇھەببەت. ھەر ئىككىسى ئۆز يولى بىلەن بولۇۋېرىدۇ. ئىنسان مۇشۇ ئىككى نەرسىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىنسان قەلبىمۇ مۇشۇ ئىككى نەرسىدىن مەنىۋى ھوزۇر ئېلىپ باھاردەك ئىللىتىدۇ — ئەلۋەتتە.

ھېكمەت، مەن ئىملەرنى يېزىپ كەتتىم؟ سىز مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ: «نادىرە مېنى ئۈمىدسىز قالدۇرۇۋاتىسىز، سوئاللىرىمغا تولۇق جاۋاب بەرمىدىڭىز» دەپ خاپا بولۇۋاتىدىغانسىز.

ئەپۇ قىلىڭ ئەزىزىم. ئىلنۇر توغرىلىق سۆزلەپ بولمىغىچە كۆڭلۈم تىنمايدىغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، قىش ئۆتۈپ باھار كەلدى. مەن مۇشۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان گۈزەل باھار ئايلىرىنى كىتابلار بىلەن سىردىشىپ ئۆتكۈزدۈم. ئۆتكەن يىل قىشلىق تەتىلدە يۇرتقا قايتىپ كېلىپلا مەكتەپتە باشلاپ قويغان «ياشلىق ئىلەكلىرى» ناملىق داستانىمنى تاماملاش ئۈچۈن ئولتۇردۇم. فېۋرال ئايلىرى ھەش ـ پەش دېگۈچە كىرىپ قالدى. ئەمدى باھارمۇ يېتىپ كېلىدىغۇ، دەپ ئويلىغىنىمدا، كېچىدىن ياغقان ئاخىرقى قار بىلەن تەبىئەت ئۆزگىچىلا گۈزەللىشىپ قالغانىدى. مەن تاڭ سەھەردە تېخى دەسسەلمىگەن، نارسىدە بالىنىڭ لېۋىدەك پاك، گۈزەل يېڭى ياغقان قار مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ چوڭ يولغا چىقىپ قايتىمەن. شۇ چاغدا يول ياقىسىدىكى دەرەخلىقنىڭ چېتىدە بىر قىزنىڭ تېرەككە مەھكەم چاپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن ئۇزە تۇرۇشقا ماغدۇرى قالمىغان، ھازىرلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك بىر ئەلپازى بار ئىدى. بۇ گەۋدە ماڭا تونۇشتەكلا قىلاتتى. مەن ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يېنىغا باردىم.

ئاھ . . . بۇ ئىلنۇرغۇ؟ . . . مۇشۇنداق قار ـ



شۈبرغانلىق ئەتىگەندە ئۇنىڭغا نىمە بولغاندۇ؟ . . . ئۇ خۇددى قېقىپ قويغان قورۇقتەكلا تۇراتتى. ئۇچىسىغا ئالما ئۇرۇقى پەلتو كىيگەن، بېشىدىكى بالداق شارپىسى بەرگە چۇشۇپ كەتكەن. ئورۇقلاپ كەتكەن نازۇك بارماقلىرى سوغۇق، مۇزدەك ئىرەككە يار ـ يىلىمدەك چاپلاشقاندى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىچىنىشلىق تۇرقىنى كۆرۈپ ئازاب بىلەن:

— ئىلنۇر! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم. ئۇنىڭدىن ھېچ بىر سادا چىقمىغاندىن كېيىن، قول ياغلىقىم بىلەن ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ، قوللىرىنى ئىرەكتىن ئاجرىتىپ يېنىك ئىرغىتتىم. ئۇ تەسلىكتە كۆزلىرىنى ئاچتى.

— ئىلنۇر نىمە بولدۇڭ؟

ئۇ كۆزلىرىمگە قارىدى. كۆزلىرىمدىكى پىلدىرلاپ تۇرغان ياشنى كۆرۈپ:

— جىنىم نادىرە! . . . مەن . . . ئوگەشـ ـتىم . . . ، — دېدى. ئۇ شۇ سۆزلەرنى تەسلىكتە ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئېيتىپ كۆزلىرىنى يەنە يۇمۇۋالدى. ئۇنى قولتۇقلاپ ياتاقىغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايى بارا ـ بارا ئۆز ئەكسىگە كەلدى. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئىلنۇر، بېشىڭغا بىرەر دەرد كەلگەن بولسا ماڭا ئېيتقىن، — دېدىم. ئۇ ھېچنەرسە دېمەستىن لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى. كۆزلىرىدىن توختىماي ياش تۆكۈلەتتى. ئۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئىچىدىكى دەردلىرىنى بىراقلا تۆكۈۋەتمەكچى بولغاندەك ئاچچىق يىغلايتتى.

— يىغلىمىغىن، قانداق دەردىڭ بولسا ئېيتقىن، مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن، — دېدىم يەنە. ئۇ مۇنچاقتەك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ بەختسىز سەرگۈزەشتىسىنى ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئىلنۇر شۆھرەت بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ناھايىتى ياخشى ئۆتكەنىكەن. كېيىن ئىلنۇر ئىككى قات بوپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان شۆھرەت كۆپ ھاللاردا تەڭ كېچىگىچە ئۆيىگە قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇۋاپتۇ. ھەتتا بەزى كېچىلىرى ھاراق ئىچىپ غەرق مەس بولۇپ ئىلنۇرغا قوپال سۆزلەيـ ـدىغان، ئۇنى كەمسىتىدىغان بولۇپ قاپتۇ. كۆز كېلىشى بىلەن تولارنىڭ: «سېنى سۆيمەيمەن، سەنسىز ياشىيالمايمەن» دەپ باشلانغان مۇھەببەتلىك ئىزھارنامىسىنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ئىلنۇرغا قاتتىق ھار كەپتۇ. بىر كۈنى ئىلنۇر ئۇنىڭدىن:

— شۆھرەت نىمە بولدىڭىز؟ . . . خېلى كۈنلەردىن بېرى چىرايىڭىز پەرىشان كۆرۈنىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بېشىمغا دەرد كەلدى . . . ھەي، — دەپتۇ شۆھرەت، سىرىق بۇدرە چاچلىق بېشىنى چاڭگاللاپ ھەسرەت بىلەن.

— ماڭا ئېيتىڭچۇ شۆھرەت، ئۇ زادى نىمە دەرد؟

— مەن ئەمدى پۈتۈنلەي ئۆزگەشتىم ئىلنۇر، بىراق مېنى سەنلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسەن.

— ماڭا ئېيتىڭ . . . دەپ تەقەززالىق بىلەن سوراپتۇ ئىلنۇر، شۆھرەتنىڭ ياش پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ.

— ياق ئىلنۇر، بۇ مۇمكىن ئەمەس! . . . مەن بۇلارنى ساڭا ئېيتىشقا ئۇيىلىمەن، مەن ئالدىڭدا جىنايەتكار!

ئىلنۇر شۆھرەتنى ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرگەچكە ئۇنىڭ بۇ ھەسرەتلىك نالىسىغا چىداپ تۇرالماپتۇ:

— مەن ھايات تۇرۇپ سىزنىڭ ئۆزگىشىپ كەتكىنىڭىزنى كۆرۈش ماڭا ئېغىر ئەمەسمۇ؟ مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن شۆھرەت.

— ياق . . . ياق مەن ئالدىڭدا جىنايەتكار، مەن ئۆزگەشتىم.

— بولدى ئېيتىڭچۇ ئىلگىرى سىز ئۈچۈن ھەممىنى قۇربان قىلغانمەن. ھېلىھەم شۇنداق قۇربانلارنى بېرىشكە رازىمەن.

— مەن . . . مەن ئېيتاي . . . بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي ئىلگىرى مەسلىكىمدە زەينۇرەگە چېقىلىپ قويۇپتىمەن، ئۇ ھازىر ئىككى قات ئىكەن، مېنى ئالمىساڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىمەن، دەيدۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئىلنۇر:

— ھە . . . سىز . . . سىز نېمە دەۋاتىسىز شۆھرەت؟ — دەپ ئەسەبىلەرچە ۋارقىراپ كېتىپتۇ. شۆھرەت ئىلنۇرنىڭ پۇتلىرىنى قۇچاقلاپ:

— ماڭا ئىشەنگىن . . . ئەگەر سەن ماقۇل كۆرسەڭ بىز ۋاقىتىنچە ئاجرىشىپ تۇرساق، مەن زەينۇرە بىلەن مۇنداقلا توي قىلىپ تۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ بولغاندىن كېيىن، تۇنى چىرايلىقچە تۈز يولغا سېلىپ قويۇپ ئاندىن ئىككىمىز يېنىشىۋالمايمىزمۇ؟... ھازىرچە ئۆي-ۋاقتا تەگمەي تۇرىمىز... مەنمۇ سەنسىز ياشىيالمايمەن، — دەپتۇ.

— ئاھ! شۆھرەت! . . .

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ھوشىدىن كېتىپتۇ.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ ئىلنۇر بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان ئاققان ھالدا شۆھرەت بىلەن ۋاقىتلىق ئاجرىشىپ تۇرۇش تەلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. مانا بۇ يىل قىش ئۇلار ئاجراشقىلى توپتوغرا بىر يىلدىن ئېشىپتۇ، بىراق شۆھرەت تۇنىڭغا قارىماپتۇ. ئاق كۆڭۈل ساددا دوستۇم ئىلنۇر ئېھتىمال يالغانغا تونجى قېتىم شۇنداق ئىشەنگەن بولسا كېرەك.

ئىلنۇر شۇلارنى سۆزلەپ بولۇپ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇش سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلاپ مەنمۇ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم.

ھېكمەت، دوستۇم ئىلنۇر توغرىلىق سۆزلەيدىغىنىم تۈگىدى. مەن سىزنى ئۇنداق يىگىتلەرگە سېلىشتۇرمايمەن. سىز مېنىڭ ھەقىقىي بەختىم ئىدىڭىز. سىز مېنى ساپ مۇھەببەت دۇنياسىغا باشلاپ كىردىڭىز. يۈرىكىم تۇ گۈلزارلىقتا ياشاردى، بىراق كېيىن ئازابلىق ئەسلىملا قالدى.

قىممەتلىك ھېكمەت! بۇ ئاددىي بىر پارچە خەت مېنىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى يىغلىپ قالغان سۆيگۈ مۇھەببىتىمنى ۋە ھازىرقى چەكسىز ئازابلىرىمنى قانداقمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلىسۇن؟...

بۇ خەتكە ئاتا - ئانا تەرىپىدىن ئېغىر بەختسىزلىككە ئۇچرىغان بىر قىزنىڭ تۈزۈن يىللىق ئارزۇ - ئۇمىدلىرى بىلەن قەلب يارىسى كۆمۈلگەن. كىچىككەن سۆيگۈ ئۇنى بىھوش قىلىپ قاتتىق ئازابلىغان مۇشۇ زېمىندا ئۇنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىتنىڭ بەختىنى كۆزلىشتىن ئارتۇق ئارزۇ - ئۇمىدلىرى يوق. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئېقىپ تۈگىدى. چىرايىغا بەخت كۈلكىسى نېسىپ بولمىدى. شۇڭا تۇ يالغۇز ياشايدۇ. شۇڭا تۇ غەمكىن خىيال سۈرىدۇ.

قىممەتلىكىم ھېكمەت، بۇ يىل يازدىكى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ۋە ئۆزۈڭىزدىن بىرى سىزگە ئاستىرىتتىن كۆيۈپ يۈرگەن ساۋاقدىشىڭىز ماھىرە ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇنىڭ شۇ لاتاپەتلىك چېھرىسىنى كىممۇ ئۇنتۇسۇن؟ ماھىرە تۈزۈندىن بېرى مەكتەپتە قېلىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى، تۇنىڭ ئۈستىگە جاسارەت مۇئەللىمنىڭ تۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىلەتتى. خىزمەت تەقسىماتى ۋاقتىدا مەكتەپ رەھبەرلىكى ماھىرەنى جاسارەت مۇئەللىمنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن مەكتەپكە ئېلىپ قالغاندى. كېيىن تۇ سىزنىمۇ مەكتەپكە ئېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، يۈگۈرگەن پېتى مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرىپ:

— مەن مەكتەپتە قالمايمەن. ھەرگىز قالمايمەن. ئەڭ يىراق يېزىلارغا بارىمەن. — دەپ قاتتىق تەلەپ قىلىپ، ئاخىرى جاسارەت مۇئەللىمنىڭ يېلىنىشىغا پەرۋا قىلماي شىنجاڭغا قايتىپ مەلۇم بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم بوپتۇ. سىز بىلەمسىز. تۇ ئېيتىشقا گۈزەل. ئاۋات شەھەرنى تاشلاپ تۇمرىدە كۆرۈپ باقمىغان چەت يېزىغا كەتتى؟ . . .

رەنجىمەڭ ھېكمەت، بۇنىڭغا ئەسلىدە سىز سەۋەبچى بولدىڭىز. تۇنىڭ سىزنى يوشۇرۇن ياخشى كۆرگەنلىكى، سىزنىڭ ئۇنىڭغا زەررىچە كۆڭۈل بۆلمەي مەندەك بىر ئاددىي ئايال ئۈچۈن تۇرغۇن ۋاقىتلىرىڭىزنى سەرپ قىلغىنىڭىز تۇنىڭ غۇرۇرىغا تەككەندۇ. تۇ قانچىلىك ئازابلانغاندۇ - ھە؟ . . . شۇڭا تۇ ياقا يۇرتقا كەتكەن. مەن تۇنىڭ بۇ خاراكتېرىنى شۇ

قەدەر ياخشى كۆرىمەن. بىراق ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مېنى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدۇ. مەن شۇ كۈنى سىز بىلەن خوشلىشىپ ياتاققا كىردىم. ماھىرە تام تەرەپكە قاراپ، سىزنىڭ ھېلىقى رەسىمىڭىزنى يۈزىگە يېقىپ ئۆكسۈپ يىغلاۋېتىپتۇ. باشقا قىزلار تېخى قايتىپ كەلمىگەنىكەن. ئۇ مېنىڭ ئاياغ تىۋىشىمنى ئاڭلاپ، يوتقانغا پۈركىنىپ رەسىمنى يوشۇردى. مېنىڭ ئۇنىڭغا يەنە تەسەللى بەرگىم كەلدى، بىراق نېمە دەپ تەسەللى بېرىمەن؟ ئۇنىڭ يۈرىكى مېنىڭ تەسەللى سۆزۈمدىن ئارام تاپاتتىمۇ؟... ‹ئاھ . . . بىچارە ماھىرە!› دېدىم ئىچىمدە ئاستا شىۋىرلاپ. ئۇنىڭ خىيالىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن تىۋىش چىقارماي ئورنۇمغا كېلىپ ياتتىم. شۇ كېچە مەن ماھىرە ئۈچۈن كۆپ ياش تۆكتۈم. ئۇ كېچىچە ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىمىدى.

ئەتىسى ياتاقتىكى قىزلار بىر ـ بىرى بىلەن خوشلاشتى. مېنىڭ ماھىرە بىلەن خوشلاشقۇم، ئۇنىڭ قولىنى سىققىم بار ئىدى. ئۇمۇ مېڭىش ئالدىدا خۇددى كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك ئالدىمغا كېلىپ ئازابلىق كۈلۈمسىرەپ:

— خوش نادىرە! — دېگىنىچە غولىچىنى كەڭ ئېچىپ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى ـ دە، بىر ھازادىن كېيىن. — سىز نېمە دېگەن بەختلىك ـ ھە نادىرە. سىز راستىنلا بەختلىكسىز، — دېدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي گېلىغا بىر نەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك جىمىپ كەتتى... مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ مونچاقتەك ئېقىۋاتقان ياشلىرىمنى زادىلا توختىتالمىدىم. ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتۈپ:

— مەن ئىشىنىمەن سىز پات ئارىدا مەندىن ئارتۇق بەختكە، كۈتكىنىڭىزدەك بەختكە ئېرىشىسىز، — دېدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ‹ياق... ياق مېنى ئۇنداق ئالدىماڭ...› دېگەندەك جاۋابلارنى كۆردۈم. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

ئاھ، ھېكمەت! بۇ نېمە دېگەن ئالىيجاناب، بەختسىز قىز ـ ھە؟ . . . مېنىڭچە سىز ئۇنى بەختلىك قىلالايسىزغۇ؟

قىممەتلىكىم ھېكمەت، كېچىككەن سۆيگۈ قەلبىمنىڭ ھەممە يېرىدىن ھەتتا قان تومۇرلىرىمغىچە ئورۇن ئالدى. مېنى كەلگۈسىنىڭ گۈزەل ئىنكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندۈردى. مېنى ئۈمىدۋار، لېكىن تولۇغ كىچىك تىنىدىغان قىلىپ قويدى. شۇندىقتىمۇ مەن ئۆز ئىجادىيىتىمنىڭ مېۋىسى بىلەن ئۆزۈمنى ئۈمىدۋار ھېسابلايمەن. مەن يەنىلا بەختلىكمەن. ھايات يەنىلا مەزمۇنغا باي ئەلۋەتتە. بىلەمسىز ھېكمەت، بىز بىر-بىرىمىزدىن يوشۇرىدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىدى. تەبىئىيكى بىز ئۆزىمىزنىڭ يېقىنلىقنى بىر ـ بىرىمىزدىن يوشۇرالىتتۇق. سىز بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىڭىزدا ئازابلانماڭ. مەن سىزنىڭ ئازابلىنىشىڭىزنى خالىمايمەن.

مەندە ھازىر ئاق كۆڭۈل ئىنائەتمەن بولدىشىم كېرىمگە ۋاپا قىلىشتىن ئارتۇق ئوي يوق. ھېكمەت، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن ياشاشنى ئۆگەنگەندە ئاندىن ئۇ قەدىرلىك بولالايدۇ. گەرچە مەن بىر نەچچە يىللاردىن بېرى كېرىمنىڭ ئالدىدا ھېسسىياتسىز تىرىك مۇردا بولساممۇ. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئۇ مەندىن ئايرىلسا پۈتۈنلەي خاراب بولىدۇ. مېنىڭچە سىزمۇ ماھىرە ئۈچۈن. ئۇنىڭ بەختى ئۈچۈن ئازراق ئەجىر قىلىڭ. بۇ مېنىڭ سىزدىن كۈتكەن ئاخىرقى ئۈمىدىم.

ھېكمەت! خەتنى يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى بارلىق مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىپ تۇرغان كۈچلۈك ئوتكۈر نۇر، ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ كېرىدىغان ئوتلۇق قاراشلىرىڭىز. جەسۇر قامىتىڭىز كۆز ئالدىمدا خۇددى يۈزىڭىزدىن بىر ئاي بۇرۇنقىدەك نامايەن بولدى.

كەچۈرۈڭ ئەزىزىم. خېتىمنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان ئوخشايمەن. بىر پەس سىزنى ئەسلەپ ئارام ئېلىۋالاي . . . مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدىم. سۈپسۈزۈك ئاسمان. سۇ يۈزىگە چۈشۈپ تۇرغان ئاي شولىسى كېچىنىڭ جىمجىتلى-

ـقىدا تولىمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىدا پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار ماڭا قاراپ كۆزلىرىنى قىسىشىپ:

«كەلگىن بىزنىڭ ئارىمىزغا قوشۇلۇۋال! . . . بىز سېنى غەمدىن خالاس قىلىپ، ئارزۇ - ئارمانلىرىڭغا يەتكۈزىمىز» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

قولۇمدا مەن ھېلىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن سىزنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈچى سۆيگۈ خېتىڭىز تۇراتتى. ئەمدى سىزگە نېمىمۇ دەي . . .؟ تولىمۇ كېچىكىپ، ئېرىشەلمىگەن سۆيگۈ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ياش تۆكەيمۇ؟ مېنىڭ ھازىرقى ھالىم گويا بىر مىليونىنىڭ تۈزۈن يىللاردىن بېرى ئەجىر قىلىپ يىغقان ئالتۇنلىرىنى ئەرزىمەس نەرسىگە تېگىشىۋېتىپ، ئۆزى بىر ئۆمۈر ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ياشىغىنىغا تولىمۇ ئوخشايتتى. ياكى كېرىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ سىز بىلەن بىر ئۆمۈر بەختلىك ياشايمۇ؟ . . . ئۆز بەختىم ئۈچۈن كېرىمگە ۋاپاسىزلىق قىلىشىم كېرەكمۇ؟ تو ھالدا بارلىق ئادەملەر ئۆز بەختى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىسا، بەختلىكلەردىن بەختسىزلەر كۆپىيىپ كەتمەمدۇ؟ . . .

مەن خىياللىرىمدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، نېرىقى ئۆيگە قارىدىم. كېرىم كارىۋات ئۈستىدە كىيىملىرى بىلە نىلا توختاپ قالغانىدى. تۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى.

بۈگۈن كېچە كۆزلىرىمدىن ياش قۇرىمىدى.

ھېكمەت، مېنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكۈم! مەن ئەمدى ئاخىرقى سۆزۈمنى ئېيتىۋالاي. سىرتتا توخۇ چىللاۋاتىدۇ. سۈبھى كۆتۈرۈلگىچە خەتنى تاماملىشىم كېرەك. مەن كەلگۈسىدىكى بەختىڭىز سىزگە چوقۇم نېسىپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىز پەقەت ماھىرەنى بەختلىك قىلسىڭىزلا. بۇ مېنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدىم.

بەختسىز نادىرە»

1978 - يىل فېۋرال

---

(بېشى 171- بەتتە)

خوتەندە تۇغۇلغان باتۇر بىلالنىڭ(1)،
ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچكەن،
دولان دەرياسىدا چۆمۈلۈپ ئۈزگەن،
«يىللارغا جاۋاب» دەپ قوشاقلار تۈزگەن،
كاراپ يىلتىزىنى ئاقسۇدا كۆردۈم.
لېكىن مەن تۇلارنىڭ باسقان ئىزىنى،
تەڭرىتاغ باغرىنىڭ جەنۇب - شىمالى،
خۇاڭخې - چاڭجياڭنىڭ ئېتەكلىرىدە،
مىليارد ئىنسانىنىڭ يۈرەكلىرىدە،
تەبىئەتنىڭ شوخ كۈلۈشلىرىدە،
ئانا تۇپراقىمنىڭ شۆھرەتلىرىدە،
ھاۋادا، سۇلاردا، كۆكلەردە كۆردۈم.

21

تەۋەرۈك ئىنسانلار ئەتراپىمدا كۆپ،
تۇلارنىڭ يىلتىزى ئۆمرۈمگە تۇرنەك.
تويلىسام بۇۋاممۇ تەۋەرۈك ئىدى،
ۋە لېكىن تونىڭغا بولمىدى نېسىپ،
يىلتىز تارتىشىمنى. ئىزلار قالدۇرۇپ،
رازى بولدىڭمۇ دەپ سوراشنى كۆرمەك.

بۇ پايانسىز دالا، قەلبىم مەشۇقى.
يۇرجەك - بۇرجەكلىرى روھى ماجالىم.
بوۋام رىۋايىتى بىلىكىمگە كۈچ،
يىلتىزلىق ياشىماق ئەھدىم - قارارىم.
ھېلىھەم تاڭ سەھەر چولپان بىلەن تەڭ،
يىراق - يىراقلارغا كۆزۈم تىكىمەن.
يۈكسەك غايە بىلەن ياشايمەن ھەر كۈن،
يۈلغۇندەك بولۇشنى دىلغا پۈكىمەن.
بىر كۈنى مېنىڭدىن كېيىن قالغانلار،
ئېيتىشۇر قەلبىمنى دالالاردا دەپ.
بۇ چەكلىك ئۆمرۈمدىن بولاتتىم رازى،
مېنى ئەسلىمىسە ئەۋلادىم خەپلەپ...

1987 - يىل يانۋار، ئۈرۈمچى

---

(1) شائىر بىلال ئەزىزى كۆزدە تۇتۇلغان — ئاپتور



# „كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم"

(هېكايە)

تېيىپجان هادى

يامۇلنى تېشىپ چىقتىم،
كۆزۈمنى ئېچىپ چىقتىم.
ئايماقلارنى جەملەشكە،
تاغلارغا قېچىپ چىقتىم.

(سادىر پالۋان قوشاقلىرىدىن)

1

— هوي، ئۇنۇڭ ئۈچسۇن! — دەپ ۋارقىرىدى ئورنىدا يېنىنچە ياتقان زىندان باشلىقى زالىڭتا مانجۇ تىلىدا قەھرى بىلەن.

ئەسەت ئايلىرىنىڭ ئاخىرى. پېشىن ۋاقتى. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ھەددىدىن تاشقىرى ئىسسىۋاتقان كۈن، بۇگۈنمۇ ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ جاھاننى كۆيدۈرمەكتە ئىدى. زالىڭتا چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن قېنىپ چېكىۋالغان ئەپيۇننىڭ كەيپىنى سۈرمەك بولۇپ، كۈننىڭ تەپتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتەي قۇراشتۇرۇلغان ئۆيدىكى كاڭشاڭ ئۈستىدە سوزۇنچاق تەكىيگە بېشىنى قويۇپ، پۇتلىرىنى تۈزگۈپ يېنىنچە ياتاتتى. تىنجىق ھاۋا نەپسىنى بوغۇپ، تەنلىرىدىن چىقىۋاتقان تەرنىڭ بىئارام قىلىشىنىڭ ئۈستىگە، زىندان تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىنىڭ ئاۋازى ئۇنى تېخىمۇ ئەسەبىلەشتۈرۈپ ئارام بەرمەيتتى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ، بىپەرۋالىق بىلەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئارام ئالماقچى بولدى. بىراق شۇ زاماتلا زىندان جىمجىتلىقى ۋە تىنجىق ھاۋانى يېرىپ:

يامۇلغا چۈشۈپ قالدىم،
چۈچۈن بىلەن پىتلارغا.

دېگەن يوغان، بوم، ياڭراق ئاۋاز زالىڭتانىڭ قۇلاقلىرىغا مىق قاققاندەك سانچىلدى. ئۇ يەنە قارغىش ياغدۇردى:

— ئەخمەق چەنتۇ، — دېدى يەنە يېنىچە تۇرۇلۇپ غەزەپ بىلەن، — ئۆلۈۋېتىپمۇ ناخشا ئېيتىدۇ، كۆلۈۋېتىپمۇ. ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتمەيدىغان ھاياسىز مەخلۇق! . . .

ئۇ خۇشياقماسلىق بىلەن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ناخشا ئاۋازى يەنە ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ تۇرۇلۇشقا باشلىدى:

ۋاڭزى پۇلنى دەيدۇ،
ئۆلگۈرمەيدۇ ئىتلارغا.

.....................

زالىڭتانىڭ ئەمدى جۇدۇنى تۇرلىدى. زىندان قورۇسىغا قارىتىپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى پېشايۋاندا ياغاچ كارىۋات ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇرغان گۇندىپايىنى چاقىردى. گۇندىپاي ئۇزۇن تىرناقلىق سول قولىدا ھەر بىرى غېرىچتىن ئاشىدىغان شادا قولۇپ-لارنىڭ تىزىق - تىزىق ئاچقۇچلىرىنى پۇلاڭلاتـ-قىنىچە، كۆزلىرىنى يىرىپ ئېچىپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى ۋە باش ئېگىپ ئەمر كۈتتى.

— ئاڭلىمايۋاتامسەن ئاۋۇ شۇم ئىبغىزنىڭ كاكىرىشىنى، ماڭ ھازىر بېرىپ يۈتكە. چەتتىكى زىندانلارنىڭ بىرسىگە تاشلا! ئېيت ناخشا ئېيتىشقا رۇخسەت يوق. كاكىراشقا رۇخسەت يوق!

— خوپ ھازىر! — دېدى ۋاڭزى ئىككى قېتىم باش تۇرۇپ، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە ئىككى قولىنى بېقىنىغا ئېلىپ يۈگۈردى. لېكىن ئۇ تۈزىچە يۈگۈرگەندەك قىلىسىمۇ، قارىغان كىشىگە ئۆز ئورنىدىلا سەكرە-ۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مۈشۈك قۇيرۇقىدەك چىگىشلەشكەن يالغۇز ئۆرمە چېچى گاھ-

كۆتۈرۈلۈپ، گاھ چۈشۈپ تۇراتتى.

گۈندىپاي ۋاگزى، كەڭ غوللۇق، ئېگىز گەۋدىلىك، قارا چاچلىرى ئۆسۈپ قۇلاقلىرىنى ياپقانلىقتىن ھەممىرىلگەن. قاشلىرى قىيغاچ قارا كۆزلىرىنى ئېچىنمۇ سۆرلۈك قىلىپ كۆرسەتكەن ئېنىمسىز ناخشىچىنى لاقا - لۇقسى بىلەن ئېلىپ ماڭدى. ئارقا تەرەپتىكى چەت بىر گۈندىخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى - دە، مەھبۇسنى كىرىشكە بۇيرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزىمۇ كىردى. گۈندىخانا سۈپىسىنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن پەشمەت چاپىنى جەينىماز قىلغان بىرسى پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلماقتا ئىدى. كىرگەن مەھبۇس بىردەم ئۆرە تۇردى - دە، نامازخان نامازدىن خالىي بولمىغانلىقى ئۈچۈن چاپان - چارىسىنى سۈپىنىڭ چېتىگە قويۇپ ئاستا ئولتۇردى. ۋاگزى چىقىپ كەتمەي ئىشىك تۈۋىدىلا تامغا يۆلىنىپ نامازخانغا كۆزىنى تىكىپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم مېھمان! — دېگەن مۇلايىم، يېقىملىق ئاۋاز قۇلىقىغا كىرگەن مەھبۇس دەس ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇزۇنگە قاراپ قول ئۇزۇتۇپ كېلىۋاتقان قۇيۇق قارا قاشلىق، قوي كۆزلىرى كۈلۈمسىرىگەن، ئۈستى - بېشى پاكىز، ئۇزۇنگە يارىشىملىق قىسقا ساقال بۇرۇتلۇق قىرىق بەش ياشلاردىكى ئوتتۇرا بوي نامازخانغا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دەپ قول بەردى. ۋاگزى نامازخانغا قاراپ مانجۇ تەلەپپۇزىدا:

— بەگ! بۇنىڭغا ئېيتىڭ، دالويې، دارىنلارنىڭ ئەمرى، ناخشا ئېيتىشقا رۇخسەت يوق! قالايمىقان كاكىراشقا رۇخسەت يوق! — دېدى مەھبۇسنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋە بۇرۇلۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ھا ... ھا ... ھا ...! — كاكىرماسمەن، ناخشا ئېيتماسمەن تېخى، ھوي ... ھاماقەتلەر! زىنداندا مېنى تۇسساڭ، تاغۇتاشلارنى ماكان قىلغان ئىسيانچىلارنىڭ يالقۇنلۇق ئاۋازلىرىنى بوغالامسەن؟ تۈنى تۇسساڭ، يەر ئاستىدىكى خاڭچى مېڭەگنى قوچۇيدۇ، سۇ ئۈستىدىكى دەردمەن سالچى، ئېتىز - باغلاردىكى جاپاكەش دېھقانلار سوزۇپ - سوزۇپ دەردلىك ئاۋازلىرىنى ياڭرىتىدۇ. ناخشا لەنەت - نەپرەتنىڭ ساداسى، دەردمەنلەرنىڭ ھەمراھسى، مېھنەت ئەھلىنىڭ ھاردۇق يەتكۈزمەيدىغان شىپاھچىسى، ئامبال ناخشىنى ھەرگىز تۇسيالمايدۇ، دالويې تەقىپمۇ قىلالمايدۇ. ناخشا سەنلەرنىڭ ئەمرىگە باغلاقلىق ئەمەس، ناخشىچى ئىجازەتسىز كۆكنى ياڭرىتىپ ئېيتىۋېرىدۇ. ناخشا قاناتسىز ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىۋېرىدۇ ...!

مەھبۇسنىڭ مەسخىرىسىدىن جىنى چىققان گۈندىپاي ۋاگزى ئالدىراپ - تېنەپ گۈندىخانىنىڭ ئىشىغا چىقتى ۋە قۇلۇپنى شاراقشىتىپ سالدى.

تاپىسىدا ئۆرە تۇرغان مەھبۇسنىڭ ھەر بىر سۆز ھەرىكىتىنى زوق ۋە مۇھەببەت بىلەن بايقاپ ھوزۇرلىنىۋاتقان نامازخان ئوچۇق چىراي بىلەن:

— قېنى يۇقىرىغا مېھمان، يۇقىرىغا ئۆتسىلە، — دەپ تۆرىگە چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. مېھمان تارتىنىپراق يۇقىرىغا چىقتى. بەدەشقان قۇرۇپ ئازادە ئولتۇردى. نامازخان ماتا لۆڭگىنى ئېلىپ مېھماننىڭ ئالدىغا داستىخان قىلىپ سالدى. ئورۇن - كۆرپىسىنىڭ باش تەرىپىدىن خالتىنى ئالدى. ئۇنىڭدىن كىرگۈزگەن، سىيادان سىپىلىپ ياققان كىچىك توقاچلارنى قويدى - دە، قۇم چۆگۈندە تاۋلىنىپ قالغان قارا چاينى ئىككى ھىجىرغا قۇيۇپ بىرسىنى مېھماننىڭ ئالدىغا، بىرسىنى ئۆزىگە قويۇپ مېھماننى چايغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار ئۈن - تىنسىز چاي ئىچمەكتە ئىدى. نامازخان مېھماننىڭ ئۈنىمىغىنىغا قويماي چاينى ئارقا - ئارقىسىدىن قۇيدى. ئاخىرى بولدى قىلىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى ۋە داستىخاننى يىغىپ بىر - بىرىگە يېقىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشتى.

— ناخشا توغرىسىدا كۆڭلۈمىزنى شاتلاندۇرغۇچى ھەق سۆزلەرنى ئېيتىپ خۇرسەن قىلدىڭىز، كەمىنى قەلبى قوزغۇلۇپ، دىلى قارىيىپ كېتىدىكەن، ئۇ ناخشىدىن، ئۆلگىدەك قورقىدۇ، ئۇزۇنگە ھوزۇر - ھالاۋەت ۋە روھىي قۇۋۋەت ئالالمايدۇ. «بىر ھارغان، بىر ئاچقاندىن گەپ سورىما» دېگەنىكەن ئاتىلار، باباتىن ئىسىم مۇبارەكلىرىنى سورىيالمىدۇق. ئۆزلىرى كىم بولىدىكىن مېھمان؟

مېھماننىڭ بۇ خىلدىكى ئادەملەر بىلەن ئانچە خۇشى بولمىسىمۇ، بۇ كىشىنىڭ گەپلىرى خېلىلا ئورۇنلۇق، ساختىسى يوق، ئۆزىگە قارىتا خالىس نىيەتتە ئىكەنلىكىنى بايقاپ بىرئاز ئېنىكلەشتى، شۇڭا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتىپ:

— سادىر، — دېدى.

— موللا توختى يۈزلۈك سادىرمۇ؟ — دېدى ھەيران بولغان نامازخان سادىرغا باشقىچىلا تىكىلىپ.

— ھەئە، موللا توختى يۈزلۈك سادىر خاكىرۇق!

— ھوي بۇرادەر! ... سادىر سىلىمۇ، مانا قارىسىلا، ئۆزلىرىنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىدا ئىدىم. زىنداندا كۆرۈشۈش نېسىپ بولغانىكەن. توۋا، يارەببىم، توۋا! — دەپ ياقىسىنى تۇتتى نامازخان.

— پىقىرمۇ سورىسام ئەيىب بولماس، ئۆزلىرى كىم بولىدىلىكىن؟ — دېدى سادىر يېڭى ھەمراھى نامازخانغا تىكىلىپ.

— ئىسمىم ئەخمەت بەگ! — دېدى مۇلايىم ئاۋازدا ھەمراھى.

— ئەخمەت بەگ! — دەپ تەكرارلىدى سادىر ھەيران بولغاندەك ۋە بىرئاز تېڭىرقاپ تۇرۇۋېلىپ، — دادىلىرى كىم بولىدىكى؟ — دېدى.

مۇھەممەد ئىمىن — «چورۇق ھېكىم»! — دېدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى تولىمۇ ئىپتىخار ۋە ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىپ.

— چورۇق ھېكىم! — دەپ قاتتىق ۋارقىراپ، چاچراپ ئورنىدىن قوپقان سادىر كەڭ غۇلاچ ئېچىپ ئىككى قولىنى ئەخمەت بەگنىڭ بويىنغا سالدى ۋە ئۆزىگە تارتىپ باغرىغا باستى ئەخمەت بەگمۇ غۇلاچلىرىنى كېرىپ گىرە سالدى. يۈزىنى سادىر-نىڭ مەڭزىگە ياقتى. ئۇلارنىڭ تىزلىرى دىرىلدەپ، كەڭ غوللىرى تىترەيتتى. يۈزلىرىگە تۆكۈلۈۋاتقان ئىسسىق ياشنى سەزگەندىن كېيىن؛ بىر - بىرىنىڭ غولىدىن قوللىرىنى ئاستا ئاجرىتىشتى ...

ئۇلار كۈندىكى ئادەتلىرى بويىچە بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكەت پەرزىنى ئوقۇپ بولۇپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قىسقىچىلا دۇئا قىلىشتى. ئەخمەت بەگ بېشىنى تۆۋەن ئەگدى. كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئىككى ياقىغا سۇس تاشلىنىپ «ياسىن» سۈرىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. كۈن تېخى چىقمىغانىدى. زىندان ئىچى خېلىلا قاراڭغۇ بولۇپ بىرەر نەرسىنى ئانچە پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئېگىز تۈگرىنىڭ ئۈستىدىكى تۆمۈر مىخلانغان ئۆششاق كۆزلۈك تۆڭلۈكنىڭ تېشىدىن چاپلىنىپ سۇماي بىلەن مايلانغان سامان قەغەز زىندانغا يورۇقلۇق ئۆتكۈزمەيتتى. ئەخمەت بەگ قۇرئان سۈرىسىنى باشلاش بىلەن تەڭ، نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى بۇزۇلۇشقا باشلىدى. كۆزلىرىگە لىق ياش كېلىپ يۈرەكلىرىنى تىترەتكەچكە، راۋان ئوقۇيالماي يىغلامسىراپ ئوقۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭ قىرائىتى سادىرغا ئاجايىپ يېقىملىق، سېھىرلىك، مۇڭلۇق بولۇپ ئاڭلاندى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ دىلى ئېرىپ يۈرەكلىرى پارە - پارە بولۇپ كەتتى. تىلاۋەت تۈگىدى. ئەخمەت بەگنىڭ كەينىدىن سادىرمۇ دۇئاغا قول كۆتۈردى. تىلەك ۋە مۇناجاتلاردىن كېيىن يۈزلىرىنى سىپاپ، نەملەشكەن كۆزلىرىنى ئېرتىشقان ھالدا ئورۇنلىرىدىن قوپۇشتى. بىر - بىرى بىلەن سالاملىشىپ خەيرلىك تىلەشتى. ئەخمەت بەگ ئادىتى بويىچە چاي تەييارلىقىغا كىرىشتى.

سادىرنىڭ تىلاۋەتتىن كەلگەن ھېسسىياتى تېخى تارقىمىغانىدى. ئۇ جەينىمازدىن قوپۇشىغىلا ۋۇجۇدىنى شۇنداق بىر غەزەپ ئوتى قاپلىدى، مەشىق ئۈچۈن شوينا بىلەن باغلاپ زىندان لىمىغا ئېسىپ قويغان دۈگىلەك ئىككى بوپىنى قولى بىلەن قاتتىق ئىتتەردى - دە، پۇلاڭلاشقا باشلىغان بوپىغا چاقىقانلىق بىلەن باش ئاتتى. سەكرەپ پەشۋا بىلەن ياندۇردى. ھەريان ئايلىنىپ بوپىنى مۇشت بىلەن كۈچەپ ئۇردى. ئۇ بىر قانچە دۈشمەن بىلەن ئېلىشىۋاتقان ھالەتكە كۆچتى. يېڭى چىقىۋاتقان كۈننىڭ قىزىل نۇرى سامان قەغەز ئۈستىدىن ئۆتۈپ تار زىندان ئىچىنى قاپلىغانلىقى ئۈچۈن گۆندىخانا خۇددى قارا بېغىرەڭ قانغا تولغاندەك ئىدى. ئەخمەت بەگ سادىرغا كۆز ئۈزمەي قارايتتى. ھوزۇرلىناتتى ۋە زوقى كېلىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. سادىر ئاتقان پەشۋاسىدىن كېيىن ئارقىسىغا ئىلدام داجىدى ۋە قەھرى بىلەن ئالدىغا

ئۆمتۈلدى. ئۇ تامغا يالاڭباشتاق ھالدا قاتتىق باش ئۇرۇپ، تۇرۇلگەن ئىككى مۇشتى بىلەن تامنى مۇشتىلىدى. ئاندىن تامنى كۆچەپ ئىككى - ئۈچنى تەپتى، بۇنى كۆرۈپ ئەنسىزلىككە چۈشكەن ئەخمەت بەگ:

— ھاي! بولدى ... سادىر ... ئىنىم! — دەپ ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ كەتتى. كەينىگە داجىغان سادىرنىڭ باش - كۆزىگە دىققەت بىلەن سەپسالدى. سادىرنىڭ قول پۇت ۋە باش كۆزى ئاۋالقىدەكلا ساپساقلا تۇراتتى. ئەخمەت بەگ خاتىرجەم بولۇپ ئاستا ئورنىغا ئولتۇردى. كۆلۈمسىرىگەن سادىر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارشىسىدا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. بۇ سادىرنىڭ تاشقىرىدىكى چاغدىمۇ دائىم قىلىدىغان، تەرك ئەتمەيدىغان ئادەت مەشقى ئىدى. ئۇلار ئەتىگەنلىك چايلىرىنى ئىچىشكە باشلىدى. سۇندۇرۇلغان قاتتىق پارچە ناننى چايلىرىغا چىلاپ قويۇشتى.

— ئىنىم سادىر، بۇ مەشق ئىشىنى داۋام قىلغىلى قانچە ۋاقىت بولدى؟ — دەپ سورىدى ئەخمەت بەگ.

— بالىلىقىمدىن ئادەت، بېگىم! — دەپ جاۋاب بەردى سادىر.

— نېمە ئۈچۈن قازا قىلماي داۋام قىلدۇرىدىلا بۇ ھەرىكەتنى؟

سادىر بىرئاز تۇرۇۋالدى، ئاندىن:

— ئۆزلىرى ياخشى بىلىدىلا، مەن بۇ مانجۇ ئەمەلدارى بىلەن قاتتىق دۈشمەنلەشتىم. قاچانلا بولمىسۇن ئېپىنى تاپقان چاغدا ئۇلار بىلەن قاتتىق تۇتىشىمەن. بىر قانچىسىنى جەھەننەمگە ئۇزىتىمەن. شۇ چاغدا بۇلارنىڭ مېنى دۇمبالىغان تاياق توقماقلىرىغا پىسەنت قىلماسلىقىم ئۈچۈن بۇ مەشقنى داۋام قىلىمەن!

— ئۇلار بىلەن ئۆزلىرى يالغۇزلا تۇتۇشماقچىمۇ؟ — دېدى ئەخمەت بەگ ئاغزىدىكى ناننى يۇتۇۋېتىپ.

— ھەئە، ئۆزۈم يالغۇز تۇتۇشماي كىمنى ھەمراھ قىلماقچىدىم؟ — دېدى سادىر ئەخمەت بەگنىڭ سوزىنى ماقۇل كۆرمىگەندەك.

ئەخمەت بەگ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە لەۋلىرىنى ئاستا قىمىرلىتىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۆزلىرى يالغۇز ئېلىشماقتىن مەقسەتلىرى نېمە، بۇلارنىڭ ئامبال، لويى، چېرىكلىرىنى بىر ئۆزلىرى يوقىتىپ تۈگىتەلەمدىلا؟

— يوقاتقىنىمچە يوقىتىمەن، قانچە تولا ئۆلتۈرسەم شۇنچە ئارمىنىمغا يېتىمەن!

— ھېھ ... — دەپ زاڭلىق ئارىلاش كۈلدى ئەخمەت بەگ، — بۇلارنى يوقىتىش شۇنچىۋالا ئوڭاي كۆرۈنەمدۇ سىلىگە؟

— ئوڭايمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇلار يېگىنە يەۋالغان ئىتتەك مادارسىز، قورقۇنچاق، چۈشكۈن! — دېدى سادىر پىسەنت قىلمىغاندەك.

ئەخمەت بەگ بىردەم جىم بولدى ۋە قاشلىرىنى سۈزۈپ، قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۆزگە ئۆتتى.

— ئاتىلارنىڭ «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» دېگەن مۇبارەك تەلىم سۆزلىرى يادىلىرىدا يوقمۇ؟ يالغۇز ئېلىشىش بىلەن ھېچ قانداق مۇددىئاغا يېتەلمەيدىلا، مەقسەتلىرى نىشانسىز، ئويلىرى چولتا، بىھۇدە قارام ئۆلۈم! — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

سادىرنىڭ غەزىپى خېلىلا كەلدى. ئەخمەت بەگدىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، «ماڭە نېرى!» دەپ سىلكىۋەتكەن بولاتتى، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئەخمەت بەگنى ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلى بارمىدى. شۇڭا ئۇ، ئۇننى ئېغىزمۇ پەسەيتىپ:

— قانداق قىلغان بولسام توغرا قىلغان بولاتتىم، ياكى سىلىدەك بۇلارنىڭ پەرمانىنى ئورۇنلاشقا پەرۋانىدەك ئۇچۇپ يۈرسەم بولاتتىمۇ؟ — دېدى تەنەددى بىلەن.

ئەخمەت بەگ سادىرنىڭ تەنىسىگە پىسەنت قىلمىدى، ئۇ سادىرغا تىكىلىپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان سۆزلىرىنى ئېسىگە سالدى:

— سىلى ئىلگىرىكى سۆھبەتلىرىدە، ئۆز يۇرتلىرىدىكى بىر قېرى يوقسۇل دېھقان ئۆتكەن يىلقى ئالتۇن سەيسىنى بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن زالىم بايى، لوزۇڭلار ئۇنى تاياق - توخماق ئاستىغا ئالغانلىقىغا ئىچلىرى ئاغرىپ، چىدىماي، بايلارنى قامچىلاپ ياتقۇزۇۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىدىن بىرىنى مىنىپ يۇرتتىن چىقىپ كەتكەنلىكلىرىنى ئېيتقان ئىدىلە.

ئالۋاڭ ـ ياساق تۆلىيەلمەيۋاتقان ئاشۇ بوۋايلا ئەمەستۇ؟ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنى خالايدىغانلار ئاشۇ بوۋايلىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن باشقىلارمۇ بارمۇ؟

— بولمامدىغان، نۇرغۇن! بىزنىڭ يۇرتىنلا ئۆيۋاقىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلەر جىق، قالغانلىرىمۇ نىمە قىلارىنى بىلىشەلمەي گاڭگىراپلا يۈرىشىدۇ.

— ھىم، — ئەخمەت بەگ ئالدىدىكى چىنىنىڭ قىرىنى ئوڭ قول بارمىقى بىلەن چېكىشكە باشلىدى ۋە نىمە ئۈچۈندۇر دىمەكچى بولغان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چىقارماي بىر پەس تۇرىۋالدى ـ دە، — «كۆپنىڭ كۆچىنى ئاللانىڭ كۆچى» دەپتىكەن ئاتىلار، — دەپ قويۇپ دۇئاغا قول كۆتەردى.

«كۆپنىڭ كۆچى ئاللانىڭ كۆچى!» دەپ ئۆز ئىچىدە تەكرارلىدى سادىر، ئۇ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى ئويلاشقا، يېشىشكە ۋە باش ئۇچىغا چىقىشقا كىرىشىپ كەتتى ـ دە، ئويىغا چۆمۈپ، نەچچە ۋاقىتتىكىدەك قۇلاق ئۇتۇپ ناخشا ئېيتماس، چاقچاق قىلىپ ئەخمەت بەگنى كۈلدۈرىدىغان قىلىقلارنى قىلماسلا بولدى. پەقەت «كۆپنىڭ كۆچى ئاللانىڭ كۆچى» دىگەن سۆزنى ئىچىدە تەكرارلايتتى.

ئىككىسى زىندان ئىچىگە بۆلەنگەن ھالدا تىپتىنچ ئولتۇرۇپ، چەكسىز خىياللار قايىنىمىغا چۆمۈلۈشكەندى. ئاخىر سادىر ئېغىز ئاچتى:

— بېگىم! — دىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئىككىمىز قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك جىمىپلا كەتتۇقمۇ، مېنىڭ جىمىپ كېتىشىمدىكى مەلۇم سەۋەب بار، سىلى نىمە ئانچە شۈك بولۇپ كېتىدىلا؟

— مېنىڭمۇ جىمىپ كېتىشىمدە مەلۇم بىر سەۋەب بار، ئۇ قايسى دېسىلە، مېنىڭ قىلغان بىر ئېغىز گېپىم بىلەن شۇنچىۋالا جىمىپ كەتتىلە، ئەگەر يەنە گەپ قىلسام، سىلى ماڭا ئەبەدىي گەپ قىلماس بولۇپ كېتەمدىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ گەپ قىلمىدىم.

— ھا، ھا، ھا ...! — بۇ گەپنى ئاڭلاپ سادىر قاتتىق كۈلۈپ كەتتى، — بۇ ۋاقىتقىچە مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىر ھېكمەتلىك سۆزنى ئېغىزلىرىدىن چىقاردىلا، بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا مەن زوۋاندىن قالدىم. چۈنكى بۇ ۋاقىتقىچە ئويلاپ كەلگەن ئويلىرىمنىڭ پايدىسىز بەلكى زىيانلىق، راست چىقمايدىغان ئۆيۇق يول ئىكەنلىكىنى بىلدىم. كۆپنىڭ كۆچى ئاللانىڭ كۆچى! بۇ نىمە دىگەن خاسىيەتلىك سۆز؟ زالىملارنىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى تارتىۋاتقانلار يالغۇز مەنلىما؟! ... مۇنۇ ھاماقەتلىكىمنى كۆرسىلە. مەن سىلىگە قايىل بولدۇم. زوقۇم تاشتى، كۆزۈمنى ئاچتىلا.

قىيغاچ كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ، تەبەسسۇم ئىچىدە سادىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقان ئەخمەت بەگ، سادىر سۆزىدىن توختىشى بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋالدى ـ دە، مۇنداق دىدى:

— ئۆزلىرىنىڭ سەزگۈر ۋە پەملىك ئادەم ئىكەنلىكلىرىگە مېنىڭمۇ زوقۇم كېلىۋاتىدۇ. كۆڭۈللىرىگە ئېغىر كەلمىسۇن. زالىملاردىن ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي قىساسلىرىنىلا ئالسىلا، مەقسەتلىرى ھەل بولامدۇ؟ پۈتۈن يۇرت بۇلارنىڭ زۇلمىدىن، ئالۋاڭ ـ ياساقلىرىدىن خالى بولالامدۇ مېنىڭچە بولالمايدۇ. شەخسىي قىساستىن كۆرە ئەل قىساسىنى ئالايلى. چۈنكى ئۇلۇغ تەڭرىمىز «ئەل قىساسى مىنەلھەق» دىگەن. سىلى ئىلىدا باشلامچى بولۇپ، ئىشقا ئاللىبۇرۇن ئاتلاندىلا، بىز مەقسەتلىرىنى ئۇقۇپ، نۇسرەت قازىنىشلىرىغا دۇئادا بولۇپ كەلگەندۇق. خۇدا ئاتا قىلسا، بۇ زىنداندىن ئەلۋەتتە قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىمىز. پۇقرالارنى ئويغىتايلى، دەردمەنلەرنى ئويغىتايلى؛ ئۆز توپلىرىغا قوشايلى، ئۇلغايتايلى. بۇ چوڭ يول، شەخسىي قىساس ئۆيۇق يول، زالىملار ھەرقانچە ئۇلۇمتۇك، ئاجىز كۆرۈنگەن بىلەن ئۇيۇشقان چوڭ كۈچتە!

سادىر ئەخمەت بەگنىڭ سۆزىنى زوق ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدى. ئاڭلىغانسېرى كۆڭلى يورۇپ، ماڭىدىغان يولىمۇ ئايدىڭلىشىۋاتقاندەك بولدى. تەنلىرى قىزىشىپ، كۆزلىرى چاقناپ يوغان ئېچىلدى. تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، مۇشتۇملىرى تۈگۈلدى، ئۇ بەگ سۆزىدىن توختىشىغلا:

— رەھمەت بىگىم، رەھمەت، سىلە مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتىلا، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى.

زىنداننىڭ ئىشىكىنىڭ قۇلۇپى شاراقلىدى، گوندىپاي ۋاڭزى كىردى. ئۇ ئەخمەت بەگكە قاراپ مانجۇ تىلىدا:

— بەگ، بىرئاي توشتى، مېنىڭ ھەققىمنى بېرىۋېتىڭلار، — دەپ قادالدى.

— سەن بىزگە ئورما ئورۇپ بەرگەن بولغىمىدىڭ؟- دېدى سادىر ۋاڭزىغا ھومىيىپ.

— بولدى. بولدى! گەپ قىلمىسىلا بۇ ئىنسانلارغا، — دېدى ئەخمەت بەگ ۋە يانچۇقىدىن پۇلنى ئېلىپ ساناشقا باشلىدى. ئەخمەت بەگ ئون تەڭگە پۇلنى سادىر ھەم ئۆزى ئۈچۈن ۋاڭزىغا ئۇزاتتى. ۋاڭزى قولىغا چىققان ئون تەڭگە پۇلغا قارىدى. ئۇنىڭ بەتبەشىرە چىرايى ئېچىلغاندەك بولدى -دە، ھېجايغىنچە ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

2

سادىر بىلەن ئەخمەت بەگ گوندىپاي ۋاڭزىنىڭ قىلمىشى ئۈستىدە قىزىق پاراڭلىشىۋاتاتتى، زىندان ئىشىكى ئېچىلىپ ۋاڭزى قولىدا بىر نەرسىلەرنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى ۋە ئەخمەت بەگكە قاراپ:

— بۇ خالتىنى سادىرنىڭ خوتۇنى ئەكەپتۇ، — دېدى -دە، ئىشىكنى قۇلۇپلىدى. ئۇلار ئالدىراشلىق بىلەن خالتىنى ئاچتى. خالتىنىڭ ئىچىدە ئۇششاق توقاچلار، قورۇتقان ئۆرۈك قېقى، يېپىقا نەسۋىيدەك ئۇنتۇكۈزۈلگەن تاتلىق مېغىز، قارا رەختە تىكىلگەن گۈللۈك تاماكا خالتا، ئىچىدە ئۇۋېتىلغان سېرىق تاماكا، چاقماق تېشى بىلەن يەنە ئاق لاتىدىن كېسىپ ئېلىنغان ئوڭ قول ئەندىزىسى بار ئىدى. سادىر دەرھال ئورنىدىن قوپتى، خالتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. چۆگۈندىكى تاۋلىنىپ قالغان چاينى ئىككى ھىجىرغا قۇيۇپ ئالدىلىرىغا تارتىپ، چاي ئىچىشكە باشلىدى. سادىر نەرسىلەردىن ئانچە يېمەي تاماكا خالتىسى بىلەن قول ئەندىزىسىگە تويماي قارايتتى، كۆزلىرىدە خۇشاللىق ۋە مىننەتدارلىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئەخمەت بەگ ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى -دە:

— بۇ خالتىلارنى كىم كىرگۈزگەن دەپ بىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ مېنىڭ چوڭ ئايالىم شەرۋانىخاندىن ئەمەس، مەن سىلىگە ئېيتقانىدىم. ھىمدەم ئاتلىق بىر توقلىم بار، ئۇنىڭ كۆڭلى ماڭا چۈشكەن، مەن ئۇنى شەرۋانىغا دېگەن، ئۇ مۇنداق يۈرۈش ھارام، نىكاھلىنىۋېلىڭ دەپ ئۆزى باش بولۇپ نىكاھلىتىپ ئېلىپ بەرگەن، شۇنىڭدىن كىرگەن خالتا، مۇنۇ قولمۇ شۇنىڭ قولىنىڭ ئەندىزىسى. بۇ قول ئەندىزىسىنى كىرگۈزۈشتىكى سەۋەب نېمىدۇ؟ — دەپ ھەيرانلىقىنى بىلدۈردى سادىر.

ئەخمەت بەگمۇ ھەيران بولدى. قوشۇملىرىنى تۈرۈپ بىرئاز خىيال سۈرۈۋالدى -دە، ئاندىن ئوچۇق چىراي بىلەن:

— ئىنىم سادىر، مېنىڭ پەممىچە ئۇ سىلىگە ھەققەتەن كۆڭلىنى بەرگەن ئايال ئوخشايدۇ. بۇ قول ئەندىزىسى «مەن ئۆلگۈچە سېنىڭ قولۇڭدا، قانچە ئايرىلساقمۇ سەندىن قول ئۈزمەيمەن، خاتىرجەم بول» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. مەن سىڭلىم ھىمدىخان بىلەن ئىككىلارنىڭ ئەبدى بىللە ئۆتۈشلىرىنى ھەقتا ئاللادىن تىلەيمەن، -دېدى.

ئەخمەت بەگ ئالدىراپلا دۇئا قىلدى. خالتىنى ئېلىپ قويۇشقا بۇيرىدى ئۆرە تۇرغان سادىرغا قاراپ:

— ئىنىم سادىر، بۈگۈن سىلىگە كەلگەن خۇشاللىقتىن پىقىرنىڭمۇ كۆڭلى يايرىدى. شۇڭا ئاخشىمى بىرنى ئېيتىپ، خەستە كۆڭلىمىزگە شىپالىق دورىلارنى سەپكەيلا! — دەپ سادىرغا تىكىلدى.

— خوش بىگىم! ئەدەبتىن ئەمىر ئەلا دەپتىكەن. مېنىڭ ئەرزىمەس بۇ قوشاقلىرىم بىلەن كۆڭۈللىرى شادىمان بولسا، ئەلۋەتتە باش ئۈستىگە! — دېدى سادىر. ئۇ بىرئاز خىيال سۈرگەندەك بولدى -دە، ئىككى قولىنى ئىككى ياققا كەڭ يايدى، ئۇسسۇل بىلەن تەڭ ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ قوشاقنى ئۈنلۈك ئېيتىشقا باشلىدى:

ۋاڭزى پۇلنى دەيدۇ،
ۋاڭزىغا نېمە لازىم.
يار خالتا ئەۋەتىپتۇ،
يامۇلدا يېتىپ تازىم.

سادىر «ۋاڭزى» دېگەن ئىسمنى ئاغزىغا ئېلىش بىلەن يۈزىدە شۇنداق بىر تەبئىي بىرگىنىش پەيدا بولدىكى، «ۋاڭزىغا نېمە لازىم؟» دەپ ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ۋاڭزى تۇرغان تەرەپكە بىگىز قىلىپ شىلتىدى. «بار خالىتا ئەۋەتىپتۇ» دېگەن سۆزلەر چىققاندا ھوزۇرلانغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئىككى قولى بىلەن كۆكسىنىڭ ئۈستىنى باستى؛ «يامۇلدا يېتىپ تازىم» دېگەن مىسرانى ئېيتقاندا، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئېگىلىپ سالام قىلىش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە سېغىنىش ئىپادىسى ئەكس ئەتتى.

ئەخمەت بەگ سادىرنىڭ بۇ يىگىت قوشىقىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۇنىڭ ھازىر جاۋاب تالانتىغا قايىل بولدى. ئۇ شۇنچە مۇشەققەت ئىچىدە بولسىمۇ، كۆڭلى باھارھىدىنى سىزىۋاتقان سادىرغا ئېچىنىش ھەم ئامراقلىق بىلەن تويماي قارايتتى. كۆڭلى دولقۇنلىنىپ، يۈزلىرى قىزىرىشىپ جىمىرلايتتى. كۆز ياشلىرى تېمشىغا تەپكەندى. شۇ سەۋەبتىن بەگ: «ئاھ!»، «ئوھ!» دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. سادىردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. سادىر قوشاقنى داۋاملاشتۇردى:

ئانىسىدىن يېتىم قالغان،
ئانىسىدىن يېتىم قالغان.
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان،
ھىمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟
ئاق بوز ئاتقا يەم بەرگەن،
تورۇق ئاتقا چۆپ بەرگەن.
سادىر ئۈچۈن جان تىككەن،
ھىمىدە ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

سادىر ھىمىدىخانغا ئاتىغان قوشاقلارنى كەينى ـ كەينىدىن، توختىماي بىراقلا ئېيتىپ تۈگەتتى ـ دە، ئىككىنچى ئاھاڭغا كۆچتى:

ئاق لەيلىنىڭ بېشىدا،
سىرىق قۇشقاچ سايرايدۇ.
شەرۋانە جۈمە كۈنى،
سۇمبۇلنى تارايدۇ.
تونۇر باشىغا كېلىپ،
توغاچ يۈزلۈك ئاي كۆردۈم.
شەرۋانە بىلەن بىللە،
بىر ئۇبدان ئۆمۈر سۈردۈم.

سادىر قوشاقنى ئېيتىپ بولۇپ، ئەخمەت بەگكە ئېگىلىپ سالام بەردى ـ دە، ئولتۇرۇشقا تەمشەلدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى كىرلىرى كېتىپ خېلىلا يېنىكلىشىپ قالغاندى.

— ئاپىرىن ئىنىم سادىر، ئاپىرىن! — دېدى ئەخمەت بەگ ھېسابسىز خۇش بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— ماڭا نېمە رەھمەت؟ — خۇدايىتائالا رەھمىتىنى سىلىگە بەرسۇن. يۇرتىمىزنىڭ نىجادلىقى ئۈچۈن سىلىگە ئازادلىق بەرسۇن! — دېدى سادىر.

ئەخمەت بەگ ئولتۇرغان ئورنىدا كۆزىنى غۇۋا يۇمۇپ، سادىر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى: «نېمە دېگەن زەبەردەس ئادەم بۇ. كۆرۈۋاتقان كۈنى، تارتىۋاتقان ئازابلىرى بولسىمۇ خۇش چاقچاقلىقچۇ، بۇ خۇشسۆيە تەلەرنىڭ ئۈستىگە ھەقتا ئاللا ئاتا قىلغان مەشھۇر قوشاقچىلىقى بىلەن زوقنى قوزغاپ مەيتۇن قىلىدىغان خۇش ئاۋازى ۋە كىشىنى جەلىپ قىلىدىغان يارىشىملىق ئۇسسۇل ئويناشلىرىچۇ. ھەقتا ئاللاغا مىڭلارچە شۈكرىكى، ئادەملەرنىڭ ئۆمرىنى غاجىلاپ تۈگىتىدىغان بۇ زىنداندا بۇنداق ھەمراھنىڭ بولۇشى مەن ئۈچۈن بەختتۇر. ئۇنىڭ ئىشىغا نۇسرەت ئاتا قىلغاي!»

ئەخمەت بەگ خىيالدىن تېخى خالىس بولماستىنلا شاراقلىتىپ ئىشىك ئېچىلدى. گۇندىپاي ۋاڭزى خۇش چىراي كىردى ـ دە، ئەخمەت بەگكە قاراپ قول سوزۇپ:

— بەگ! سۆيۈنچىگىزنى بېرىڭ، سىز ئازاد، — دەپ توۋلىدى.

ئەخمەت بەگ سادىرغا قاراپ تەبەسسۇم بىلەن ئاستا:

— سادىر ھەقتا ئاللا ماڭا نىجادلىق ئاتا قىلغان ئوخشايدۇ. قارىسلا مۇئۇنىڭ قول چوشۇرمەي سۆيۈنچە سوراپ تۇرغىنىنى، — دېدى.

— مۇبارەك بولسۇن بىگىم! — دېدى سادىر خۇشلىقىدىن ئۇنلۇك ۋارقىراپ ۋە يانچۇقىدىن ئون

تەڭگە پۇلنى ئېلىپ ۋاڭزىغا ئۇزاتتى. ئەخمەت بەگ سادىرنى تۇسماقچى بولدىيۇ، بىراق سادىرنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىپ جىملا تۇردى.

ۋاڭزى پۇلنى قولىغا ئالدى ۋە ئالقىنىدا بىر - ئىككى ئايلاندۇرۇپ، ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلگىنىچە، ئەخمەت بەگنى چاپسان بولۇشقا ئالدىراتتى. ئەخمەت بەگ ئورۇن كۆرپىسىنى تاڭغاچ سادىرغا قاراپ:

— بۇلاردىن قايسىلىرىنى ئۆزلىرىگە قالدۇراي؟ — دېدى.

— قالدۇرغانلىرى بىلەن بەرىبىر ماڭا يۈك بولىدۇ، ئاچىقىپ كەتكەنلىرى تۈزۈك، — دېدى سادىر.

ئەخمەت بەگ ئانچە زورلاپمۇ كەتمىدى. ماڭار ۋاقتىدا:

— ئىنىم سادىر، — دېدى ئاستا ئالدىرىماي، — ئاز كۈن ھەمراھ بولۇشتۇق، ئەمما ئەبەدى ئايرىلماس دوست بولۇشتۇق. خۇدايىتائاللا سىلىگىمۇ نىجادلىق ئاتا قىلار. شۇ چاغدا مەن ئۆزلىرىنى تاپالايمەن.

ئەخمەت بەگ يۈك - تاقىسىنى كۆتۈردى، سادىر ئىرغىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە باغرىغا باسماقچى بولدى، لېكىن ھەر ئېھتىمالغا قارشى ۋاڭزىنىڭ ئالدىدا ئۇنداق قىلىشنى لايىق تاپمىدى. ۋاڭزى تاشقىرىغا ماڭدى، ئەخمەت بەگمۇ يولغا راۋان بولدى. يالغۇز قالغان سادىرنىڭ يۈرىكىگە شۇ زامانلا جۇدالىق ئوتى تۇتاشتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئاستا ئولتۇردى. ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ كۆزىگە ئاپاردى ...

3

ئەخمەت بەگ قىرىق بەش ياشلاردىكى ئادەم بولۇپ، ئۇ ئىلى ئاق ئۆستەڭنى باش بولۇپ چاپتۇرغان چوروق ھېكىمنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئۇ ئىلى مەدرىسىدە تەلىم ئالغان، تۈرلۈك دىنىي ئىلىملارنى ئۆگەنگەن، ئەرەب ۋە پارىس تىللىرىنى خېلىلا ئۆزلەشتۈرگەن ئىدى. مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ دادىسىغا قىلغان ئادالەتسىز مۇئامىلىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە بىرقانچە يىللىق سۈرگۈن سەۋەبى بىلەن ئېغىر جۇدالىققا يولۇققاندى. ئەخمەت بەگ ئاتىسى مەرھۇم ھايات چېغىدا گۇڭ بەگلىك مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ئىشلىرىنى ئىشلىدى. كېيىن ئۇ مىراپبەگ، شاڭبېگى (سودا بېگى) گە ئوخشاش ئىشلارنى ئىشلىدى. ھازىر بولسا جىرغىلاڭ سۇيىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان توققۇز يېزىنىڭ مىڭ بېگىلىك خىزمىتىنى ئىشلەيتتى. ئۇ، ئۇزاق ۋاقىت ھاكىمىيەت دائىرىسىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، مانجۇ تىلى ۋە يېزىقىنىمۇ تولۇق ئۆزلەشتۈرگەن.

ئەخمەت بەگ خىزمەتكە ئارىلاشقاندىن بۇيان دائىم مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغان ئالۋاڭ - ياساق ۋە خۇسۇسىي مەجبۇرىيەتلىرىگە نارازى بولۇپ، زارلىنىۋاتقان خەلق ئەرپىدە تۇرۇپ كەلدى. ئىجرا قىلماسلىققا لايىق بولمىغان ئىشلارنى مەجبۇرىيەت ئاستىدىلا ئىجرا قىلغاندا ئۆز - ئۆزىدىن نومۇس قىلاتتى، ئازابلىناتتى. بۇ مىجەز ئۇنىڭغا مەرھۇم دادىسىدىن سىڭگەنىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئۆۋەت قولغا ئېلىنىشىنىڭ سەۋەبىمۇ بار - يوقىنى تۆلەپ، قۇرۇق، مادارسىز جېنىدىن باشقا ھېچ نېمىسى قالمىغان دېھقانلارغا سېلىنغان ئالۋاڭ - ياساق ۋە ئۈستۈرمە سېلىقلارنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا بىۋاستە ئەرز سۇنۇپ، ئەمەلدارلارنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇپ قالغانلىقىدىن بولغانىدى.

ئۇ زىنداندىن چىقىپ ئەتىسى كۈن بىلەن تەڭ، بازارغا چىقتى. ئازراق قوغۇن - تاۋۇز ئېلىپ، بىر كىشىگە ھەق بېرىپ كۆتۈرتۈپ، دەڭدىكى ئۆز ھۇجرىسىغا ئېلىپ كەلدى. ھاممالدىن ئەتىلىككە ئەتىگەندە كېلىپ، مۇشۇ نەرسىلەرنى زىندانغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە ئالدى.

ئەتىسى ئالدىدا ئەخمەت بەگ، ئۇنىڭ كەينىدە خورجۇندا قوغۇن - تاۋۇزلارنى كۆتۈرگەن ھاممال زىندان يامۇلىغا كىرىپ كەلدى ۋە زالىڭئاغا يولۇقتى. ئەخمەت بەگ يانچۇقىدىن يىگىرمە تەڭگە پۇل ئېلىپ زالىڭئاغا ئۇزاتتى ۋە بۇ نەرسىلەرنى زىنداندا بىللە ياتقان ھەمراھىغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپ سورىدى.

— نېمە ئانچە جىق نەرسە بۇ؟ — دېدى زالىڭئا چىرايىنى ئاچماي.

— جنق ئەمەس، بەش دانە قوغۇن ـ تاۋۇز. كۈن ئىسسىق، ئىلتىپات قىلسىلا ئامبال — دېدى ئۇ.

زالىڭشا كارىۋات ئۈستىدە مۈگدەپ ئولتۇرغان ۋاڭزىنى چاقىردى:

— بەگنىڭ مۇنۇ نەرسىلىرىنى ھېلىقى ئەخمەققە يەتكۈزۈپ بەر، مۇنۇ ئادىمى تۈزى كۆتۈرۈپ ئاپارسۇن! — بۇيرىدى زالىڭشا.

ئەخمەت بەگ بىرئاز يانداپ مېڭىپ ۋاڭزىنىڭ چۈنتىكىگە ئون تەڭگە تىقىشتۇردى. ئەرى ئېچىلغان ۋاڭزى باش ئېگىپ رازىلىق بىلدۈردى ـ دە، ھاممال بىلەن زىندان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

سادىر ئاخشام تۈرلۈك خىيال بىلەن تازىمۇ كەچ ئۇخلىغىنىغا قارىماي، ئىمە ئۈچۈندۇر بۈگۈن ئەزان بىلەن تەڭلا ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى.

كۈن چىقتى. ۋاڭزى ئېلىپ كىرگەن قايناقسۇنى نان بىلەن ئىچتى. ئۇ، تىنىمسىز ئىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تاملارنى مۇشت بىلەن ئۇراتتى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ كۈچ بىلەن تېپەتتى. ئەمما ھېچ پايدىسى چىقمايتتى.

كۈن چاشكىدىن ئېشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، زىندان ئىچىدىكى تىنجىق ئادەمنىڭ دېمىنى سىقاتتى. سادىر ئۆزىنىڭ ئۇسسىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەچچە كۈندىن يەپ بولۇپ ئېشىپ قالغان بىر تاۋۇز ۋە بىر قوغۇننىڭ قايسىسىنى چېقىپ يېيىشنى ئويلاپ ھەر ئىككىسىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ باقتى. تاۋۇز چىڭ، ساق ئىدى. قوغۇننىڭ ساپىقى تەرەپ بىرئاز زىدە بولۇپ، قوغۇننى بالدۇر يېيىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇ، قوغۇننى ئىككى ئالقىنىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى ۋە كۈچەپ يەرگە ئۇردى. قوغۇن تۆت ـ بەش پارچە بولۇپ چېقىلدى. دەل شۇ چاغدا كۆتۈلمىگەندە قوغۇن ئىچىدىن چوڭ بىر خەنجەر قاڭقىپ چىقىپ سادىرنىڭ ئالدىغا چۈشتى.

سادىر خۇددى بىر نەرسىدىن چۆچىگەندەك، كۆزلىرى چەكچەيگەن ھالدا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ئېسىنى يىغدى، ئاندىن ئالدىراشلىق بىلەن خەنجەرنى قولىغا ئالدى.

— رەھمەت بېگىم، رەھمەت! ـ دېدى ئۇنىنى چىقىرىپ، — كۆزۈمنىمۇ ئاچتىلا، مانا ئەمدى يولۇمنىمۇ...



ئۇ ئۇنىڭ ئۈت تېمىغا قارىدى. ئادەم بىلىگىچە خىش بىلەن قوپۇرۇلغان زىندان تېمى ئۇيۇلتاشتەك مۇس ـ تەھكەم ئىدى. ئۇ، خىشلارنى كولاپ چۈشۈرۈشنى ئويلىدى ۋە ئۇنىڭغا ھازىرلا ئۇتۇش قىلماقچى بولدى، تۇرۇپلا يەنە «ۋاڭزى بىرەر ئىش بىلەن كىرىپ قالمىسۇن» دەپ ئېھتىيات قىلدى ۋە ئىشنى كېچىگە قالدۇردى.

مانا مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن كۈنكەن ۋاقىت — ئەل ياتقۇمۇ بولۇپ قالدى. سادىر باش تەرىپىگە تىقىپ قويغان خەنجەرنى ئالدى. خۇددى دۇغاپچىلار مۇزنى چوقىغاندەك، يالغۇز خىشنى چوقۇشقا باشلىدى. ئۇ، ئىشنىڭ تەرەپكە قاراپ ـ قاراپ قوياتتى. تەرلەپ پىشىپ كەتكىنىگە قارىماي، قاتتىق ئىشلەيتتى. ئۇ ئاخىر بىر خىشنى چوقۇپ تۈگەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن قالغان خىشلارنى ئاسقى تەرەپكە بىرقە ۋەتلا قالدۇرۇپ سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، باش تەرەپكە تىقىپ قويدى. ئۇ بىرئاز ۋاقىت ساقلاپ تۇردى.

غەربتىن كۈچلۈك بوران تۇرۇشقا باشلىدى. سادىر تىنىڭ يوچۇقىدىن شەرق ئاسمىنىغا قارىدى، كۆزىگە كۈن قىپقىزىل تۇرچىچىپ چىقۋاتقاندەكلا كۆرۈندى. ئۇ «ئاپلا، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ!» دەپ پۇشايمان قىلىپ تۇرىشىغا، زىندان قورۇسىنىڭ شەرق

تەرىپىدىن كۈچلۈك قىقاس ـ چۇقان ئاڭلاندى. ئۇ يەنە ئىرغىپ ئىشىككە بىرىپ قارىدى، بايقى كۆرۈنگەن كۈن نۇرى بولماي، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنى بولۇپ، چىقىۋاتقان كۈچلۈك بوران بىلەن ئاسمانغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ «نەگە ئوت كەتكەندۇ؟». دەپ بايقىۋىدى، ئاتخانىنىڭ لاپاس ئۈستىدىكى بىدە ـ چۆپلەر كۆيۈۋېتىپتۇ. زىندان خىزمەتچىلىرى ۋاي دادلىشىپ ئوتنى ئۆچۈرۈش بىلەن ھەلەك ئىدى. سادىر كىيىملىرىنى كىيدى ۋە بىلىنى مەھكەم باغلىدى. مالخىنىنى قاتلاپ قوينىغا سالدى. ئىككى قولىنى كەينىگە تايىنىپ تۇرۇپ، توسالغۇ ئورنىدا قويۇپ قويغان يالاڭ قەۋەت خىشنى تەپتى. تامدىن چوڭ كاما ئېچىلدى. سادىر ئاستا سىرتقا چىقتى. ئەتراپنى زەڭ سېلىپ بايقىدى. ئۇدۇل ماخونىڭ چېتىگە باردى ۋە ئورنىدا خىقراپ تىپرلاۋاتقان ئاتلارنى كۆردى ـ دە، ئۇرقىدىن ياخشى ئاتلىقى ئالاھىدە بىلىنىپ تۇرغان ئىككى ئاتنى يېشىپ، چەبدەسلىك بىلەن توروق ئاتقا مىندى ۋە شەھەرنىڭ شەرق دەرۋازىسىغا قاراپ چاپتۇردى. ئۇنىڭ بەختىگە ئاڭمۇ سوزۇلۇپ، دەرۋازىۋەن دەرۋازىنى يېڭىلا ئېچىۋەتكەنىدى. ئاتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ كەلگەن سادىر:

— زىندانغا ئوت كەتتى! — دەپ كۈچەپ ۋارقىرىغىنىچە دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ چوڭ يولدا بىرئاز ئۇدۇل مېڭىپ سول قولغا بۇرۇلۇپ قىلىن قارىغايلىق ئىچىگە كىردى. يولسىز ئوت ـ چۆپ ھەم قۇملۇقلارنى بېسىپ شىمالغا — يانبۇلاقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ئىدىرلىققا چىقتى. داۋانىڭ ئۈستىدىن شەھەرگە قارىدى، ئوت يالقۇنى بىغىرەڭ نۇر بولۇپ ئېگىز كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. سادىر ئوتقا قاراپ:

— يالغۇز زىندانلا ئەمەس، جىياڭجۈن يامۇلى ۋە زۇلۇم ئوچىقى بولغان كورە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسۇن! — دېدى ـ دە، ئاتنى دېۋىتىپ ئىدىر ئاتلاپ شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ كۆرمىگىنىگە ئۇزۇن بولغان كۈننىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرلىرى قازانچى غولىنىڭ ئۈستىدىكى ئاق قاردىن سەللە يۆگىگەن تاغلارنىڭ چوققىلىرىغا تىك بولۇپ چېچىلماقتا ئىدى. سادىرنىڭ كۆڭلى ياشقىچىلا ئېچىلىپ كەتتى ـ دە، ۋارقىراپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

يامۇلدا تولا ياتىپ،

چاچىم بىر قۇچاق بولدى ...

سادىر تۇيۇقسىز ناخشىسىدىن توختىدى ـ دە، يىراقلارغا — مۇڭلىنىپ ياتقان چەكسىز ئىلى سەھرالىرىغا سالقىن نەزەر سالدى. ئۇنىڭ قەلبى ئالاقانداق ھېسسىياتلارنىڭ زىلزىلىسىدىن لەرزىگە كېلەتتى.

يامۇلنى تېشىپ چىقتىم،

كوزۇمنى ئېچىپ چىقتىم.

ئايماقلارنى جەملەشكە،

تاغلارغا قېچىپ چىقتىم.

بۇ ناخشا ئەتىگەنكى سەلكىن بىلەن قاناتلىنىپ ئۇچماقتا، پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا يېيىلماقتا ئىدى.

---

شەپكىمۇ سېتىلىدىغۇ

— سىز چېچىمنى كورۈمسىز ياساپ قويۇپسىز، سىرتقا قانداق چىقارمەن؟

— ھېچقىسى يوق، ماگىزىنىمىزدا شەپكىمۇ سېتىلىدىغۇ.

ئاق كىرىش

— چېچىم قاپقارا تۇرىدىيۇ، لېكىن ساقىلىمغا ئاق كىرىپ كەتتى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

— بۇنىڭ سەۋەبى، سىزنىڭ ئاغزىڭىزنى ئىشلەتكەن ۋاقتىڭىزنىڭ كاللىڭىزنى ئىشلەتكەن ۋاقتىتىن كوپ بولغانلىقىدا.

(تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم)



ياش شائىر ئەخمەدجان ئوسمان (ئوڭدىن ئۈچىنچى) سۈرىيە دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب ئەدەبىياتى پاكولتېتىدا ئوقۇماقتا.

سۈرەتتە: ئەخمەدجان ئوسمان ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە سۈرىيىنىڭ ئەل ھىراك بېزىنىسىدا.



جۇڭگو ئۆسمۈرلەر دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۆتكەن يىل پاكىستاندا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

سۈرەتتە: ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ «ئۈچىنچى ياخشى» ئوقۇغۇچىسى پاتىمە (ئوڭدىن ئىككىنچى) پاكىستان زۇڭتۇڭى زىيائۇل ھەقنىڭ قوبۇلىدا.




چولپان (ئومۇمي 3 ـ سان) 巧力番（维吾尔文·丛刊·总第三期）

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى (ئۈرۈمچى شەھەر تەرەققىيات كوچا №54)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 787×1092 مم 1/16 باسما تاۋىقى: (13)

1987 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1987 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 7—228000 70—6/I.24 تىرازى: 15800 — 1 باھاسى: 1.30 يۈەن